
مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

# تەزكىرەئى ئەزىزان


ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah, Sok. 41
No. 7/4 Tel : 553 49 92
Zeytinburnu - İstanbul



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجات مۇخلىس
شەمسىدىن ئەمەت

مۇھەررىرى: ئابدۇرېشىت ئىسلامى
مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئابىخان



## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ھىجرىيە 1138 (مىلادى 1725) يىلى قەشقەر شەھىرىدە موللا شاھ ئەلەم ئاخۇن ئىسىملىك بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئىپتىدائىي مەلۇماتلارنى دادىسى موللا شاھئەلەم ئاخۇندىن ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئەينى زاماندا قەشقەر مائارىپىدا شۆھرەت قازانغان مەشھۇر مەدرىسەلەرنىڭ بىرى — قەشقەر دۆلەتباغ يېزىسىدىكى «مەدرىسە ھامىدىيە»دە ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە تىل، ھېساب، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە دىنىي بىلىملەرنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئۆز زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن. كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلىگەن ۋە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىلمىي مۇھاكىمە، تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشكەن.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئىي ئەزىزان» (خوجىلار تەزكىرىسى)، «زۇبدەتۇلمەسائىل» (تاللانغان مەسىلىلەر)، «تەزكىرەئىي ئەسھابۇلكەھف» (ئەسھا بۇلكەپ تەزكىرىسى)، «تارىخىي ئىسكەندەر ۋە تاجنامەئى شاھى» (ئىسكەندەر تارىخى ۋە شاھلىق تاجىسى)، «ئادابۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى)، «قىسياپەتۇلبەشەر»

(ئىنسانىنىڭ تىياپەت ـ تۇرقى)، «رىسالەئى كەسپدارىيە» (ھۈنەر-
ۋەن ـ كاسىپلار رىسالىسى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان ۋە
«تەرجىمەئى تارىخىي تەبەرى»، «تەرجىمەئى تارىخىي رەشى-
دى» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەرنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا
تەرجىمە قىلغان.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ئەينى زامانىنىڭ يېتىلگەن تىلشۇناسى بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخ ـ ئەدەبىيات ئىلمىگە زور تۆھپە قوشقان مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 1266 ـ (مىلادى 1849) يىلى 128 يېشىدا قەشقەردىكى بىنو سىياسى توپىلاڭدا پاجىئەلىك ھالدا قازا تاپقان. ئۇنىڭ جەسىتى ئاق مازار (مەشھۇر ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازارى ئالدىدىكى زاراتگاھلىق) غا دەپنە قىلىنغان.

ئالىمنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» ناملىق بۇ ئەسىرى ئەينى زامانىدىكى قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىدىن مىرزا ئوسمان بەگنىڭ ئانىسى رەھىمە ئاغىچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان. ئەسەردە مىلادى 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە خوجىلارنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى؛ خوجا ھىدايەتۇللا (ئاپپاق خوجا) نىڭ جۇڭغار خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ يۈرگۈزگەن زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى، ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرى بىلەن خوجا ئىسھاق ۋەلى ئەۋلادلىرى ۋە جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جەڭگە ـ جېدەل، پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقلار قىسقىسى بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر ئېنىق، تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ۋەقەلىكلەرنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى خېلى كەسكىن تەنقىد قىلىنىپ، ئاپتور تەرىپىدىن تەقرىزلەر بېرىلگەن. تەسەۋۋۇپقا مايىل بولغان بۇ ئەسەردە، شىنجاڭنىڭ

15 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە قەدەر بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشقا كېرەكلىك قىممەتلىك ماتېرىياللار بار. بۇ ئەسەرنىڭ تەقلىد كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

«تەزكىرەئىي ئەزىزان» نى نەشرگە تەييارلاشتا، قولىمىزدىكى ئۈچ خىل نۇسخا (1. ھىجرىيە 1245 — مىلادى 1929 - يىلى موللا ئابدۇسەمەت ئاخۇن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا؛ 2. ھىجرىيە 1200 — مىلادى 1785 - 1786 - يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا؛ 3. ھىجرىيە 1252 — مىلادى 1836 - يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا) سېلىشتۇرۇپ چىقىلدى ۋە قولىيازمىلار ئىچىدە بىر قەدەر تولۇق بولغان موللا ئابدۇسەمەت ئاخۇن كۆچۈرگەن نۇسخا ئاساس قىلىندى.

ئەسەر ئەسلىگە سادىق بولۇش پرىنسىپى، «قەدىمكى ئەسەرلەرگە ترانسكرىپسىيە بېرىش قائىدىسى» بويىچە نەشرگە تەييارلاندى. ئەسەردە ئۇچرىغان ئەرەبچە، پارسچە جۈملە، بۆلەكلەرگە بەت ئاستىدا ئىزاھات ( تەرجىمىسى )، بەزى سۆزلەرگە بولسا ئاخىرىدا سۆزلۈك بېرىلدى.

بىلىمىمىزنىڭ چەكلىكلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ئەمگىكىمىزدە، بەزى نۇقسانلار بولۇشى مۇمكىن، ھۆرمەتلىك كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىنى سەمىمىي قارشى ئالىمىز.

# قۇتبۇلئەقتاب ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلىنىڭ
# سىلسىلەئى مەئىنىۋىلىرى

(ئەگەرى ئۇنىڭ باتىنىنى پاك قىلغاي)

ھەزرەتى مۇھەممەدۇر رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسەلاۋات سەل-
لەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەزرەتى ئەبۇ بەكىر سىددىق
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە يېتىشتى. ھەزرەتى ئەبۇبەكىر سىددىق
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەزرەتى سەلمان فارسى رەزىيەللاھۇ
ئەنھۇغە يەتتى. ھەزرەتى سەلمان فارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ-
دىن ھەزرەتى قاسىم ئەبۇ بەكرى سىددىق ئوغلىغە يەتتى،
ئۇلاردىن ھەزرەتى ئىمام جەئفەرى سادىققە يەتتى. ئۇلاردىن
ھەزرەتى سۇلتان بايەزىد بەستامىغە يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى
شەيخ ئەبۇلھەسەن خەرەقانىغە يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى
ئەبۇلقاسىم كورگانىغە يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى شەيخ ئەلى
فارمەدىغە يەتتى، ئۇلاردىن ھەزرەتى خاجە يۈسۈف ھەمەدانى-
غە يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى خاجە ئابدۇخالىق غىجدىۋانىغە
يەتتى ... (؟) ئۇلاردىن خاجە مەھمۇد ئەنجىر فەغنىبۇىغە
يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى خاجە ئەلى رامەتنىغە يەتتى. ئۇلار-
دىن ھەزرەتى خاجە مۇھەممەد بابا سەمماسىغە يەتتى. ئۇلار-
دىن ھەزرەتى سەيىد ئەمىر كۇلال قەددەسە سىررەھۇغە
يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى خاجە باھائىددىن نەقشەبەند قەددە-

سە سىررەھۇغە يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى مەۋلانا يەئقۇب
چەرخىغە يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى خاجە ئەھرار قەددىسە سىر
رەھۇغە يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى مەۋلانا مۇھەممەد قازى
قەددىسە سىررەھۇغە يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى مەخدۇم ئەئ-
زەم قەددىسە سىررەھۇغە يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى مەۋلانا
لۇتفۇللا چۇستىغە يەتتى. ئۇلاردىن قۇتبۇلئەقتاب، مۇرشىدۇل-
ئەۋلىيا ۋە لىئىستىھقاق يەئنى ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق
ۋەلى (تەگرى يۇنىك باتىنىنى پاك قىلغاي)غە يەتتى. ئۇلار-
دىن ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەم پادىشاھ قەددىسە سىررەھۇغە
يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى مەخدۇمزادە خاجە ئۇبەيدۇللاھ خا-
جەم پادىشاھ قەددىسە سىررەھۇغە يەتتى. ئۇلاردىن ھەزرەتى
خاجە دانىيال خاجەم قەددىسە سىررەھۇغە يەتتى. ئۇلاردىن
ھەزرەتى مۇرشىدىمىز (پىرىمىز) مەۋلانامىز شەھىدى ئەئلا
خاجەئى جەھان مەرھەمى جانى دەرد مەندان غازى ھەزرە-
تى خاجە يەئقۇب خاجەم پادىشاھ قەددىسە سىررەھۇغە يەتتى.

شەجەرەئى جەۋھەرىيە بۇتۇرۇر: ئەۋۋەل ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇلاردىن بىھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇلاردىن بىھەزرەتى ئىمام ھەسەن، ھەزرەتى ئىمام زەينۇل ئابىدىن، ھەزرەتى ئىمام مۇھەممەد باقىر، ھەزرەتى ئىمام جەئفەر سادىق، ھەزرەتى ئىمام مۇسا كازىم، ھەزرەتى ئىمام ئەلى مۇسا رىزا، ھەزرەتى ئىمام مۇھەممەد تەقى، ھەزرەتى ئىمام مۇھەممەد نەقى، ھەزرەتى ئىمام ھەسەن ئەسكەرى، ھەزرەتى سەييىد تالىپ، ھەزرەتى سەييىد ئەبدۇللا، ھەزرەتى مىر ئەبدۇللا، ھەزرەتى سەييىد ئەھمەد، ھەزرەتى شاھ ھەسەن، ھەزرەتى شاھ ھۇسەينى، ھەزرەتى خاجە مىر جالالىددىن، ھەزرەتى خاجە مىر جامالىددىن، ھەزرەتى سەييىد بۇرھانىددىن قىلىچ، ھەزرەتى سەييىد بۇرھانىددىن خال، ھەزرەتى سەييىد جالالىددىن، ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم.

ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمدىن ئون ئۈچ ئوغۇل: ئەۋۋەل خاجە مۇھەممەد ئىمىن خاجەم، ئىككىنچى خاجە دوست خاجەم، ئۈچىنچى باھائىددىن خاجەم، تۆتىنچى ئافتاب بەرراق ۋە يىگانە دەۋران بىلئافاق ھەزرەتى قۇتبۇلئەقتاب ھەزرەتى خاجە ئىسھاق ۋە ئەلەيھىر رەھمە ۋەررىزۋان، بەشىنچى خاجە ئابدۇلخالىق خاجەم، ئالتىنچى سىددىق خاجەم، يەتتىنچى خاجە ھەسەن خاجام، سەككىزىنچى ... خاجەم (؟)، توققۇزىنچى مۇھەممەد ئەلى خاجەم، ئونىنچىلىرى شەيخزادە خاجەم، ئون بىرىنچى مۇھەممەد خاجەم، ئون ئىككىنچى سۇلتان

ئىبراھىم خاجەم، ئون ئۈچىنچى خاجە ئەبدۇللا خاجەم.

ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلىي قەددە سەللاھو سىررەھولئەزىزدىن ئۈچ ئوغۇل: ئەۋۋەل خاجە قۇتبىدىن خاجەم، ئىككىنچى خاجە شەھباز خاجەم. پادىشاھ كىچىككىلەردە ئالەم فانىدىن ئالەم باقىغە رىھلەت ئىلىبدۇرلار. ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەم — مۇلەققەب خاجە شادى خاجەم.

ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەمدىن ئىككى ئوغۇل: ھەزرەتى ئۇبەيدۇللا خاجەم، خاجە ئەبدۇللا خاجەم پادىشاھ ھەزرەتى خاجە ئۇبەيدۇللا خاجەم پادىشاھ كىچىككىلەردە ئالەم فانىدىن ئالەم باقىغە رىھلەت قىلىبدۇرلەر.

ھەزرەتى خاجە ئەبدۇللا خاجەمدىن ئۈچ ئوغۇل: ئەۋۋەل ھەزرەتى خاجە شۇ ئەيىب خاجەم، ئىككىنچى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھ، ئۈچىنچى ھەزرەتى خاجە داۋۇد خاجەم پادىشاھ، خاجە شۇ ئەيىب خاجەمنى ئىلگەرى رافىزە دەۋانەلەر شەھىد قىلغان.

ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھلىقىدىن بەش ئوغۇل: ئەۋۋەل ھەزرەتى خاجە يەئقۇب خاجەم، — مۇلەققەب خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ، ئىككىنچى ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم، ئۈچىنچى ھەزرەتى ئەييۇب خاجەم، تۆتىنچى ھەزرەتى خاجە نىزامىددىن خاجەم — مۇلەققەب ھەزرەتى خامۇش خاجەم پادىشاھ. بەشىنچى ئۇبەيدۇللا خاجەم. ھەزرەتى ئەييۇب خاجەم پادىشاھ كىچىككىلەردە ئالەم فانىدىن ئالەم باقىغە ئىنتىقال قىلىبدۇرلار.

ھەزرەتى يەئقۇب خاجەمدىن ئىككى ئوغۇل، مۇبارەك ئىسىملارى: ئەۋۋەل ھەزرەتى خاجە سىددىق خاجەم پادىشاھ، ئىككىنچى ھەزرەتى خاجە مۇھەممەد خاجەم پادىشاھ.

هەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھدىن تۆت ئوغۇل، ١
مۇبارەك ئىسىملارى: ئەۋۋەل ھەزرەتى خاجە ئەبدۇللا خاجەم پادشاھ، ئىككىنچى ھەزرەتى خاجە مۆئمىن خاجەم پادىشاھ، ئۈچىنچى خاجە بۇرھانىددىن خاجەم پادشاھ، تۆرتىنچى ھەزرەتى خاجە قۇتبىددىن خاجەم پادشاھ.

ھەزرەتى خاجە نىزامىددىن خاجەم پادىشاھنىڭ فەرزەندلەرى يوق ئېردى.

ھەزرەتى خاجە ئەبدۇللا خاجەم پادىشاھدىن تۆرت ئوغۇل: ئەۋۋەل ھەزرەتى خاجە شەمسىددىن خاجەم پادشاھ، ئىككىنچى ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەم پادشاھ، ئۈچىنچى خاجە ئەھمەد خاجەم پادشاھ، تۆرتىنچى خاجە ئابىد خاجەم پادشاھ.

ھەزرەتى خاجە شەمسىددىن خاجەم پادىشاھدىن بىر ئوغۇل. مۇبارەك ئىسىم شەرىفلەرى ھەزرەتى خاجە جالالىددىن خاجەم پادشاھ.

ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادشاھنىڭ ئەزىزە فەرزەندلەرى: ئۇلۇغ ئەزىزىم پادشاھ، كىچىك ئەزىزىم پادشاھ.

ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادشاھنىڭ ئاجىز فەرزەندلەرى ئون تۆرت: ئەۋۋەل ئايىشە بېگىم، فاتىمە بېگىم، رابىئە بېگىم، گۈلسۇم بېگىم، رۇسما بېگىم، شاھزادە بېگىم، خەدىچە بېگىم، خۇشى بېگىم، ئايشە بېگىم، زۇبەيدە بېگىم، زوھرا بېگىم، مۇفىدە بېگىم، قارغە باش بېگىم، سەيىدىما بېگىم.

ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادشاھنىڭ ئەزىزە پەرزەندلەرى: رۇقىيە بېگىم، ئايىسە بېگىم، ئەركە بېگىم.

ھەزرەتى خاجە ئۇبەيدۇللا خاجەم پادشاھلىق ئەھلىيەلىرى خانىم پادشاھ، ئەزىزە فەرزەندلەرى ئەزىزىم پادشاھ.

ھەر مۇرىد مۇخلىس بۇ ئەزىزلەرغە دۇئا تەكبىر قىلسەلار، بۇ ئەزىزلەرنىڭ چوڭ - كىچىك ھەرنە بارلەرىنى ۋە ئەزىزىم ۋە خانىملەرنى دۇئادا ياد قىلماق كېرەك. ئۇلارنىڭ تەربىيەتلەرىدىن ئەلۋەتتە بۇ ئالەم، ئۇ ئالەمدە مۇرادىغا يېتەرلەر. ئىنشا ئەللاھۇ تەئالا بىھۇرمەتى «تاھا» ۋە «ياسىن»

## بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

جەۋاھىر ھەمد ۋە سەنائى بى قىياس ۋە گەۋھەرى ستايىش ۋە سىپاس ھەزرەتى پادىشاھى مۇتلەق ۋە مەئبۇد بەرھەق دەرگاھى ئالىي جەناب ئاسارىنىڭ نىسارىدۇركى ئەنۋائى فەيۇزات ئىلاھى ۋە ئەۋسافى تەجەللىيات نامۇتەنا-ھى نۇرلارى بىرلە ئاشىق ۋە سادىق بىنەۋا ۋە تالىبى مۇ-ھىببى بى سەرۇپالارىنىڭ كۆڭلى ھەرەمخانەسىنى روشەن ۋە مۇنەۋۋەر ئەيلەدى ۋە يۈز مىڭ شۈكر سەنا بەلكى ئەدەد-سىز ھەزرەتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ ئەسھابى ھىدايەت ۋە ئەربابى رىۋايەتىنىڭ زۇلۇمات زەلالەتىدىن ۋە شۇبھاتى جاھالەت بىرۇتبەسىدىن خالاس ئەيلەب، سىنەئى خەزىنەلە-رىنى ئىمان ۋە ئىسلام زىياسى بىرلە موھەللا ۋە موزەييەن «ئەفەمەن شەرەھەللاھۇ سەدرەھۇ لىلئىسلامى فەھۇۋە ئەلا نۇرىم مىر رەببىھى» ① ھۆكمىكى، ئۆلىمائ ۋە فۇزەلا تائىفەلەرىگە دەرەجات ئەلىيە ۋە مۇقامات سىنە ئەتا ئەيلەب، سائىرونىنا-سىدىن بەلكى جەمى مەخلۇقاتىدىن تەرجىھ ۋە مومتاز ئەيلەدى. «ۋە قالەللەزىنە ئۇتۇلئىلمە»② دەرەجات كەرىمەكى ئارىفى ھەق شۇناسى ۋە كاشىفى ئەسرار بى قىياسلارنى ئەزىمەۋ شىشەئىن ۋە رەفىئول قەدر ئەيلەب مەقام ئەلادا جاي بىرىپ

---

① «ئاللا كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كەڭ قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ئۈستىدە بولغان ئادەم (دىلى كور ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟»
قۇرئان كەرىم، سۇرە زۇمەر، 22 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «ئىلمى بار، ئىمانى بار ئادەملەر ئەيتتى.»
قۇرئان كەرىم، سۇرە رۇم، 56 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«ۋەلەقەد كەررەمنا بەنى ئادەمە»① مەنسۇر نامەسىنى باش
لاردا تاج ئىززەت قىلدى. پادىشاھى بەنى ئادەم ئەدەمى
ئەقىللەرنىڭ تىز پەھىملەرى ۋە روبئى مەسكۇن ئالەمىنىڭ
سۈككانلىرىنىڭ مۇنەككەلىرىنىڭ سەبۇكسارى ۋە ھەممەلەرى
ئىنىڭ ئەسرارى جەبەرۇتىنىڭ تەنگ نايى ھەسرەتىدە ئەجىز
ۋە قۇسۇرى تۇفراغىغە يۈز سۈرتۈپ «كەللەتۇل ئەلسەنە
تۇ ئەن تەفسىرى سۈپىتىكە»② ئان ھەزرەت «ئەلقەۋلۇ ئەن
كۇنھى مەئرىفەتىكە»③ ئىلمىكى، ئىنىڭ ئىلمى قەدىمىنىڭ
مەئمۇن سىپتى سەر ھەددىغە ئەقلى كۆللى قەدەم قويماغىدىن
تەنگ بىماجالدۇر. قەدىمىكى ئۇنىڭ قۇدرەت ئەزەلىسىنىڭ
ئىبتىداسىغە دەم ئۇرماغىدىن نەفس ناتىقەئى ئىنسانى زەبانى
كۈنكۈلالى، قۇدرەتىكى ھىكمەت كامىلەسى بىرلە توققۇز فە-
لەكنى رەۋاق زەبەرجەددىن بىرى بىرىگە موتەببەق ۋە سىتۇنسىز مۇ-
ئەللەق گەردىشىگە كىرگۈزمەك ئۇنىڭ قۇدرەت بالىغەسىدۇر.

سانئىتىكى تۆرت ئەناسىر زىددى مۇختەلىفەنى بىر بىرى-
گە مۇۋافىق ئەيلەپ تەركىب سۈرەت ئەسلى ئىنسانىنى ياسا-
ماق ئۇنىڭ قۇدرەت مەشامىلەسىدۇر. «لەقەد خەلەقنەل ئىنسا-
نە فى ئەھسەنى تەقۋىم»④ قايسى بىر سۈنئىسىن بەيان ئەي-
لەيكى قايسى قۇدرەتىن، قايىل ئولغۇم ئەجزىغە ناچار قىل-
غۇم ئىختىسار. «ئەلئەجزو ئەن دەرە كىلئىدراكى»⑤ ۋە

---

① «شەك - شۈبھىسىزكى بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق.»
قۇرئان كەرىم، سۈرە بەنى ئىسرا، 70 - ئايەتنىڭ بە قىسمى.

② «سۆز يەتلىرىنى ئېيتىشقا تىل لال بولۇپ قالىدۇ»

③ «مەئرىپىتىگنى — سىنى تولۇق ئاخىرىغا يەتكۈزۈشتىن»

④ «بىز ئىنسانىنى شەك - شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق»
قۇرئان كەرىم، سۈرەتىن، 4 - ئايەت.

⑤ «تولۇق ئويلاشقا ئاجىزلىق قىلىمەن»

چەندان تۆھفەئى تەھىييات ۋە ساناقسىز سەلەۋات زاكىيات
ھەزرەتى سەييىدى كائىنات ۋە خۇلاسە شەفقىتى
مەۋجۇدات، يەنى ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەل-
لاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنەسسەلەۋاتى ئەفزەلۇھا ۋە مىنەت-
تەھىياتى ئەكمەلوھا رەۋزەئى مۇقەددەسلەرى نىسبازى
ۋە تۇربەتى مۇئەتتەرلەرى نىسارىدۇركى،
ئافتابى نەبۇۋۋەتلەرى لەمئى رەخشان ئىباندىن زۇلمەت زە-
لالەتىنى نۇر ھىدايەت بىرلە مەھۋە ناچىز ئەيلەدى ۋە ماھى
تاب ۋىلايەتلەرى ئەشئەئى پەرتەۋى تەربىيەتلەرى بىرلە بە-
زى خاس ئەھلى باتىتلەرىنى بىۋاستە مۇتابەئەت ۋە ۋەرا-
سەت ئۆز دەرەجەسى ۋە مەقامىدىن خەت ۋە ئاقىرىن بەخش
ئەيلەب، مەھرەم سەرايى زاتى بىچۇنغە مۇشەررەف قىلدى.
ئەنبىيا فىرقەسىغە پىشۋا ۋە ئەسفىيا زۇمرەسىغە مۇقتەدا دې-
مەكنىڭ بىرۇ بارى ئاخىرىنىش دەفتەرلەرىغە سەرنامەئى
تۇغرايى نەبۇۋەت نۇسخەلەرىغە شەرافەتلىك فىھرىستى ۋە
مۆتىبەر نامەغە بىلمەكنىڭ جايى بار. «كونتۇ كەنزەن نەبىيى-
يەن ۋە ئادەمۇ بەينەلمائى ۋەتتىنى»① بۇ مەننىڭ سىد-
قىغە دەلىل شاھىددۇر. «ئەنە سەييىدى ۋەلەدى بەنى ئادەم»②
ئۇنىڭ فەزلى كەمالىغە جادۇر. «لەۋلاكە لەما خەلەقتۇل
ئەفلاك»③ ئۇنىڭ ئىللەتى غايەلىكىگە نەسسى قاتىئ «ۋەما ئەر-
سەلناكە ئىللا رەھمەتەن لىلئالەمىن»④ ۋۇجۇدى شەرىف پۇر

① «مەن ئەزەلدىن پەيغەمبەر ئىدىم، ھالبۇكى، ھەزرىتى ئادەم سۇ بىلەن لاي-
نىڭ ئارىسىدا ئىدى.»
② «مەن ئادەم ئەۋلادىنىڭ خوجىسىدۇرمەن.»
③ «ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەگەر سېنى دېمىسەم پەلەك-
لەتنى ياراتمىغان بولاتتىم.»
④ «ئى مۇھەممەت سېنى بىز پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن پەقەت رەھمەت
قىلىپلا ئەۋەتتۇق.»
قۇرئان كەرىم، سۈرە ئەنبىيا 107 - ئايەت.

ۋۇجۇدي رەھمەتىنىڭ ئەۋمى شۇمۇلىغە مۇنەببەت ۋە ھۆججەتى ساتىدۇ.

## مۇناجات

گۇنەھ ئالىۇدە قۇلىمەن، قىل شافائەت يا رەسۇلەللاھ،
غېرىبى بىناۋا قۇلمەن قىل شافائەت يا رەسۇلەللاھ،
خىجالەتتىن سالىب باش قويىغە غەرق گۇنەھلەرغە،
كەرەم كۆرگۈز قىلىبان رەھىم شەفقەت يا رەسۇلەللاھ.

ۋە سەد ھەزار تۆھپەئى تەھىييات ۋە بەرەكات ئەۋلادى مۇكەررەم ۋە ئەزۋاجى مۇئەززەم نىسارى ۋە ئەسھابى مۇھتەشەم ۋە ئەتباكى مەھرەملەرى ۋەسىلەلەرى بىرلە بولغايكىم ئۇلارنىڭ ھەر بىرلارى سىتارە ئەۋج سەرۋەرى ۋە سەييارە بۇرج مىھتەرىدۇرلەركى، «ئەسھابى كەنىنۇجۇمى، بىئەييىھۇم ئىقتەدەيتۇم ئىھتەدەيتۇم» ① بۇلارنىڭ شەئنلەرىدە ۋارىددۇرلار. بەس سەئادەتمەند ئول كىشىدۇركى، ئۇلارنىڭ رويلەرىنى ئىختىيار قىلىپ ئۆزىنى زەلالەت ۋە خىجالەت ئەقۇبەتىدىن نىجات قىلىپ داخىلى فىرقەئى نىجات بولۇبتۇر. بەدبەخت ۋە شەقاۋەتمەند ئول كىشىدۇركىم، ئەسھابى ئان سەرۋەرگەر مۇخالىفەت ۋەرزىش قىلىپ ئىتىقادى كەج بىرلە تەغەييۇز ۋە تەقسىر قىلىبدۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەت زەسۋالىغىغە گىرىفتار بولۇبدۇرلار. «نە ئۇزۇبىللاھى مىن زالىكە» ②

---

① «مېنىڭ ساھابىلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ قايسىغا ئەگەشسەڭلار، يول تاپقىنىڭلار شۇ»

② «مۇشۇنداق ئەھۋاللاردىن ئاللاتائالانىڭ ساقلىشىنى تىلەيمەن»

ئەمما بەزىدە جاھان ئاقىل فازىللىرىنىڭ
تەبىئى سەلىم بەيىزا نەزەرىدىكە، دەۋران ئالىم فازىللىرىنىڭ
زېھنى مۇستەقىمىلىرىدىكە بۇ فەقىرلەر ئەفقىرى ۋە ھەقىرلەر
ئەھقىرى، يەنى مۇھەممەد سادىق كاشغەرى ئەرز يەتكۈزە-
دۇركى، ھەزرەتى ئەمىرۇل ئۇمەرا، ئالىي ھەسەب ۋە ئالىي
نەسەب ئەزىزۇلقەدر ۋە كىرامىل ۋۇجۇد نىزامىد دەۋلەت ۋە
رىفئەت كاشغەر تەختى مەسنەدىدە ھاكىم مۇتلەقىل ئىنان،
يەنى مىرزا ئوسمان بەگلىك خەللە دەللاھۇ تەئالا سەلتەنەھۇ
دەۋلەت ئافىتابى سەئادەت ۋە ئەۋج سەئادەت ۋە بۇرجى شە-
رافەت، سەلتەنەت سىپەھرىنىڭ خۇرشىدى رەخشەندەسى
ئەمىر نافىزول ھۆكم شەھرى ياركەند ھاكىم مۇتلەقىل ئىنان،
ئالىي نەرەند ئۇلىما دوست ۋە فۇزەلا جۇست ئەتىنى مەرھۇم
مىرزاھىدى بەگنىڭ «نەۋۋە رەللاھۇ مەرقەدەھۇ»نىڭ فەر-
زەندلەرى كاشغەر تەختىدە بەرقارار ئەردىلەر. بۇ ئەمىر
ئەدل ئىنسافدا بەركامال. بۇ ۋىلايەت ئانداغ ئاباد بولدىكىم
زالىم فاسىقلار، بەدكىردارلار ھېچ يەردە ئارام تۇتالماي
ئالەم ئەدەمدە ئەنقا بىرلە ھەم ئاشيان بولدى. ئالىم فازىل-
لار ئىلمى - فەزلىلەرىدىكە تەرەققى بېرىپ شەرىئەتى نەبەۋى
بىرلە، ئىسلام مۇستەفەۋى رەۋاجى بىرلە ئارايىش جاھان
ئەيلەدى. رىئايە ۋە فۇقرالار ئەرز دادلارىنى ئەرزلىرىدىن
يوقارى تاپقاچ بۇ ئەمىرنىڭ بارەلەرىدا دۇئايى خەير قىلدى-
لار. رەئىيەلەر مالىنى جەبرى بىرلە ئالادۇرغان نائىنسافلارغا
گوشمال بېرىپ، ئالىم دانالارنى جاھىل نادانلاردىن تەرجىھ
يەنى فەرق قويۇب، نەچچە قەرىنلەردىن بېرى قالغان نا-
ھەقلەرنى ساھىب ھەقلەرنىڭ قوللارىغە تاپشۇرۇب ھۆكمى
شەرئىدىن تاشقارى زەررە قەدەم يۆتكەمەدى.

ئىشتىمەك كېرەككىم، بۇ ئەمىر ئادىل شۇئارنىڭ ۋالىدە-
ئى مېھرىبانى بار ئىدىكى، ۋەفا گۈلىستان باغىنىڭ سىرابى،
ۋە شەفقەت مەرھەمەت باغىنىڭ سەدىرنەشىنى مەرىيەم سۈفەت،
ئايىشە ھىممەت، زۇلەيخا مەنزىلەت ئەنى رەھىمە ئاغاچەكى
ئەففەتى زەمان ۋە سالىھە دەۋران ئەردىلار.

ئەلقىسسە، بۇلارنىڭ ئاتا ۋە ئەجدادلارى سۇلتانۇل مۇ-
ھەققەقىن ۋە بۇرھانۇل مۇۋەھھىدىن ساھىبى كەرامات ۋەل-
ئىستىھقاق يەنى ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلى ئەلەي-
ھىر - رەھمە ۋەر رىزۋانغە، ئۇلارنىڭ ئەھلى ئەۋلادلەرىغە
ئىنابەت ۋە ئىخلاس قىلىب كەلگەن ئىكەنلەر. ئەمما بۇلار
ئەۋۋەلقى زامان شەباپلىق ھالەتلەرىدە غەۋسىل مۇھەققەقىن
قۇتبۇل ئارىفىن ۋارىسۇل ئەنبىيا ۋەلمەرسەلىن، يەنى ھەزرە-
تى خاجە جاھان خاجەم ئەلەيھى رەھمەۋەر رىزۋان سەيادەت
ئىقلىمىنىڭ شاھى رەئىيەت پەرۋەر، ئەسالەت شەھرىستانىنىڭ
سۇلتان ساھىب كىشۋەرى، فەھىم دانىش بابىدە كامىل بى-
نەزىر ۋە ئەقىل دانىش بارىسىدا خۇرشىد زەمىر ئەئنى ھەز-
رەتى يۇسۇف خاجەم پادشاھ باشلىغ ئەزىزلەر ئۆتۈبدۇرلار.
ئەكسەر ئەۋقات بۇ ئەزىزلەرغە كەلگەن ھالات ئەجىبە ۋە
مۇشكىلات غەرىبەلەرنى ھېكايە قىلىشىپ، سەرگۈزەشتە ئەھ-
ۋاللارىن بايان ئەيلەشىب، ئۇلار ئىلتىفات رەھم شەپقەتلەرى-
دىن ئۇمىدۋار بولۇشۇپ بۇ ئەزىزلەر ئەرۋا شىرىفلەرىغە دۇ-
ئاي خەير ۋە تىلاۋەتى قۇرئان قىلدۇرۇر ئەردىلەر. ھەر بارە
ئېيتۇر ئەردىكى: «كاشكى كىمەرسە ھىممەت قىلغايكى، بۇ
ئەزىزلەرنىڭ ئەھۋال ئەۋسافلارىنى بەيان ئەيلەگەي، ئۇلارغا
كەلگەن ئەزىم ۋاقىئاتلارنى كىتابەت تەزكىرە قىلغاي ئەردى» -دەپ
زىكرى قىلۇر ئەردى. بۇ كەمىنەئى ھېقىرغە ھەم بى ئەندا-

زە ئىلتىپاتلىلەر قىلىپ، نەۋازىشلەر كۆرگۈزۈر ئەردىلەر. مىـ
نىڭ خاتىرىمدە ھەر بارە كېچەر ئەردى: «بىر خىزمەت
قىلغاي ئەردىم، بۇ ئىلتىپاتلارنىڭ مىڭدە بىرىنىڭ تەداركى
بولغاي» دەر ئەردىم. ئەمما مۇيەسسەر بولماس ئەردى. بىـ
يەكبار بۇ بەندە كەمىنەگە ئاغاز ئەيلەب خىتاب قىلىب
ئەيدىلەركى: «بۇ ئىشنىڭ ئەھدەسىدىن سىز چىقساڭىز، بۇ
ۋاقىئاتنى تەزكىرە قىلساڭىز، جاھان سەھىپەسىدە تا قىيامەتـ
كىچە يادىگار قالغاي، بۇ ئەزىزلەرغە كېيىنكىلەر دۇئا قىلـ
غايلار. تەبىبە ھەم بولغايكى، بۇ دۇنيايى فانى بىۋاپە
ئىكەن. ئەۋلادى پەيغەمبەرگە بۇ تەرىقەلىق جەپالار
يەتكۈزگەن ۋە ھەم سىزدىن بىر نىشانە قالغاي، تا ئىنقىتائى
زەمان دۇئادا شىرىك بولغايمىز» دەپ ئىلتىماس ھۆكم ئەيـ
لەدى. بۇ بەندەئى كەمىنە ئۆز ۋۇجۇدۇمغا قاراپ بۇ ئەمرى
ئەزىمنى قىلۇرغە لايىق قابىلىيەت ۋە ئىستىئداد كۆرمەي،
ھۆكۈمنى تىيىخى تەخەللۇف قىلالماي ناچار ئىستىخارە قىلىب
ئىما ۋە ئىشارەتلەر تاپىب ئەرۋاھى ھەزرەتلەردىن ئىستىمداد
ۋە ئىستىئانەت تىلەب قەدەم قويۇلدى. بۇ تەزكىرە ئەزىزان
ئىشرە ھەر سەھۋ خاتايىكى ۋاقىئ بولسا فەھم بىرلە تەربىيەت
كەلامدا يا كىتابەتتە يا نەقلى رىۋايەتدە قەلەمتەراشى ئەفـ
ۋىنى كەرەم ئىلكىگە ئالىپ، سۇرەتى خەتانى مەھۋ تەراشى
ئەيلەب، قەۋلى ساۋابىنى ئىسبات ئەيلەب، بۇ فەقىر كەم ماـ
يەنى دۇئالارىدا ياد ئەيلەسەلەر ئىندەللا زايە كەتمەگەي.

ئەمما بەئد مەخفى قالماغايكىم: ھەزرەتى مەخدۇم ئەئـ
زەم قەددەسە سىررەھۇ ھەر يەردە بەرومەند ۋە سۇختە بۇ
تەرىقە شەرىف ئاھى تارتسا مۇھەببەتى ئىلاھى بىرلە ئەلۋەتـ
تە بىرنەچچە ۋاسىت بىرلە ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم قەدـ

دىسسە سىزرەھۇ سىلسىلەلىرىدىن باراۋان رەھمەتنى بىھىساب، ھەممە يەرلەرنى سىراب قىلىپ خانى نىئمەتنى ھەممىگە تاتۇزغان ئەردىلەر.

ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم قەددىسە سىررەھۇ ئەيتادۇرلاركى: «ھەزرەتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ بۇ زەئىپنىڭ ھەققىدە ئىنايەت ئىلتىفاتى ئانداغ زاھىر بولادۇركى، ھەر روز، ھەر سائەت ئۇزۇمدە تەرەققىي ۋە رۇشدى ئەزىم تاپۇر ئەردىم. ھېچ كىشىدە تاقەت بولماس ئەردىكى مېنىڭ بىرلە بارابەرلىك قىلغاي. ئوشول سائەت مەقھور بولۇر ئەردى. ئەۋۋەل ئىنايەت ئىلتىفات بۇ كىم فەقىرنى پەدەر بۇزرۇكۋارىم دېھقانچىلىقنىڭ كارىغە قويۇپ ئەردى. بىر كېچە ئۇيلارغا ئەلەف بەرمەك ئۈچۈن سامانلىقىغا كىرىپ، ئۇيقۇ غەلىبە قىلىپ ئۇيقۇلابدۇرمەن، سائەتىدىن كېيىن بىدار بولدۇمكى، خاتىرىمگە كەچتىكى، ھۇنۇز كىچىك ياشلىق تۇرۇپ دېھقانچىلىقتا مەشغۇل بولسام ئاخىرى ئامى قالغۇمدۇر، دەپ بىسيار غەمناك بولدۇم. ئارزۇ بولدى، كاشكى مۇسھەق بولغاي مەكتەبكە بارىپ نەماز ئەھكامىنى بىلگۈنچە ئوقۇسام دەپ، بۇ ئەندىشەدە قوپۇپ بىلىمىنى باغلادىم. كۆردۇمكى مۇسھەف تۇرۇپتۇر. خاتىرەمغە كەچتىكىم: ھەمسايەلەرىمنىڭ بەچچەلەرىنىڭ قۇرئانىدۇر. مۇندا فەرامۇش بولۇپ قالىپتۇر، دەپ، قويىنۇمغا سالدىم ۋە ئۇيلارنى ئالىپ بارىپ قوش ھەيدەدىم. ئاندىن ئەيدىمكى: بۇ كەلامۇللانى مەكتەپخانەگە ئالىپ باراي، شايەدكى ئىگەسى چىققايلەر. بارىپ ھەممەلەرگە كۆرسەتتىم، ھەممەلەر ئەيدىلەر: بۇ مەكتەبدە بۇ نەۋئى كەلامۇللا يوق، بەلكى بۇ دىيارلەردە ھەم يوق، دېدى. مەلۇم بولدىكى، ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ ئىنايىتى ئىكەن،

ئاندىن كېيىن قۇرئان ئوقۇماققا مەشغۇل بولدۇم. ئەنسەدەك زەمانىدا ھەممە بەچچەلەردىن سەبەقىم ئۆتتى، كەلامۇللانى فاتىھەدىن ھىفزى قىلدىم. ئاندىن كېيىن ئىلىم سەرف، نەھۋىگە قەدەم قويدۇم. ئانداغ كەيفىيەت ھاسىل بولدىكى، ھەممە پىشقەدەملەر دەرسىنى مۇنازىرە قىلىشتىم. مىر سەئىد ئەلى ئاتلىق بىر بۇزرۇگلەردىن بىسۇرەتى موللا بىر شەيخ مەزار بار ئەردى. جەممى بىرلە ئۇلارنىڭ مۇلازىمەتلەرىدە دەرس ئوقۇدۇق. خىزمەت شايەستە بەجا كەلتۈردۈم ۋە مېنىڭ ھەققىمدە بىسيار ئىنايەتلەر كۆرگۈزدى، دۇئايى خەير قىلدىلەر. ھەر بارە ئېيتۇر ئەردى: ئەنسەدەك فۇرسەتدە ئالەم سېنىڭ بەرىكاتىڭدىن مۇنەۋۋەر بولۇرە نىدىن ھەزرەتى سەييد مېنى پالىزگەرلىككە ئەمىر قىلدىلەر. يول ئۈزرە قاغۇن تېرىدىم، قاغۇن پىشتى. ئىككى قاغۇن ۋە يەنە ئىككى قاغۇن كاسە شەربەتى يول ئۈزرە قويۇشنى ئادەت قىلدىم. ھەر كىشى ئۆتسە ئەيتۇر ئەردىمكى: بۇ ئىككى قاغۇننىڭ كاسەسىنى يېڭ، بۇ ئىككى قاغۇننى ئۆيگە ئالىب بارىڭ. ھەر ھەفتەدە ئەمىر سەئىد ئەلى تالىبىلئىلىملار بىرلە تەشرىف قىلۇر ئەردىلەر. ياخشى قاغۇنلار كەلتۈرۈر ئەردىم. ھەزرەتى سەئىد دۇئالار قىلۇر ئەردىلەر: ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بۇ جەۋان سەئادەتمەندنى ئېنىڭ ئۈچۈن خەلق قىلىبدۇركى پۈشتى كەمىرىدىن زاتى شىرىفلەر ۋۇجۇدغە كېلۇر.

ئەلقىسسە، ئەجز بىچارەلىك بىر ۋەجھ كەمال ئەردى. ناگاھ بىر كېچە جەزبە يەتتى. مېنى بىسەرو سامان قىلدى.

### بەيت

كۆرسەتىب يۈزۈڭنى ئى بىسەرو سامان قىلدىڭ،
ئافىرىنلەرىكى ئەجەب كار نەمايان قىلدىڭ.

ئاندىن كېيىن مەندە ئىز تىراب، تەشۋىش زاھىر بول-
دى. بىتاقەت ۋە بىئارام بولدۇم ۋە كېچەلەردە مەزار مۇ-
تەبەررىكلەرگە بارىب سەرنىياز ئاستانەلەرگە سۈرەر ئەردىم
ۋە گىريە زارى قىلۇر ئەردىم. بۇ دەردگە ھېچ دەرمان تاپ-
ماس ئەردىم. ھەر كىشى كۆرسە جۇنسۇنغە نىسبەت بېرۇر
ئەردى. ھەزرەت سەييىدكە ئەرز قىلدىم: مۇنداغ دەردى
سوز باتىنىمدا زاھىر بولدى، ئىلاجى نەدۇر؟ ئۇلار ئەيدى:
ئىلاجى سەبىردۇر.

## نەزم

سەبر قىل ئەسسەبرۇ مىفتاھۇل پەرەھ،
سەبرى ئىلە مەقسەتكە يەتكۈڭ بى جەرەھ.

ئەمما مېنى دەرد تەلەب ئانداغ بىتاقەت قىلدى-
لەركى، ۋالە ۋە ئاشۇفتە ھەر جانىبغە يۈگۈرۈر ئەردىم. بى-
ناگاھ ئىشىتتىمكى: فەلان جايغە بىر ئەزىز كېلىپتۇر بىر
مۇجەررەد ئىشىتمەك بىرلە مۇلازىمەتلەرىگە يۈگۈردۇم. دەر-
دىمنى ئەرز قىلدىم. ئەيدىلەركى: بۇ دەردنى دەردى تەلەب
دەرلەر. بۇ دەردگە ھەزرەتى مەۋلانا مۇھەممەد قازىكى، ھەز-
رەتى ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللاھ ئەھرارنىڭ خەلىفەئى مەقبۇل-
لەرىدىندۇر، ئۇلار خىزمەتىدە دەۋا قىلغالى بولۇر. ھالا بۇ
ۋاقتىدا كارخانە ئۇلارنىڭ قوللارىدا دۇر. ئەلھال تاشكەند-
كە تەشرىف قىلىبدۇرلەر. بۇ خەبەرنى ئىشىتىب ئول ئەزىز-
نىڭ مۇھەببەتى ۋە كەششلەرى باتىنىمدە پەيدا بولدى. ئان-
دىن كاساندىن ئۇلار خىزمەتلەرىغە يۈزلەندىم. كەندىر دابانىغە

يەتكەن كېچەسى بىر ۋاقىئەدە كۆردۈمكى، بىر ئەزىز جامال رەڭگا رەڭ سۈرەتلەر بىلە هازىر بولىدىلەر. بىر ساز نەغمە ئاراستە مېنىڭ قولۇمغە بېرىدىلەر «چالغىل» دەپ، مەن ياخشى چالدىم. ۋە بۇ توش مۇتالىئەسى بىرلە ۋەقتىكى تاش-كەندگە بارىپ بىر قەلەندەرخانىغە چۈشتۈم، كىتابىلەرىمنى ئاندا قويۇپ، روزە جۈمئە ئەردى، جۈمئە ئۆتەگەلى بار-دىم. نەزارە قىلدىم: بىناگاھ ئول جامالكى ۋاقىئەدە كۆرۈپ ئەردىم، بىر موجەررەدە كۆرمەك بىلە تانىدۇم، پابۇسلەرىغە مۇشەررەف بولدۇم.

## بەيت

كۆتەر باش سۈجۈد ئاستانە ياردىن ئەرشى،
كى هەركىم بولسا ئاشىق دەرگەهى دىلدار ياستانىمىش.

هەزرەتى ئىشان مادەرى مېھرىبان يەڭگىلىغ مەن بى سەرۇ سامانىنى كەنارەگە ئالىپ بىسيار نەۋازىشلەر قىلدىلەر ۋە قولۇمنى تۇتۇپ مەنزىللەرىگە ئېلىتتىلەر. سوردىلەركى: نە ئەرزىدىن كېلىپ ئىدىڭىز؟ ئەيدىمكى: دەرد دىلىمىغە پەيدا بولدى. دەۋاسىنى بىلمەيدۇرمەن. هەزرەتى ئىشان ئەيدى-لەركى: سىزنىڭ دەردىڭ ئىككى جاهانىڭ سەرمايەسىدۇر ۋە يەنە ئەيدىلەر: بىز مەردى مۇلادۇرمىز. بىر جامائەت بىزنىڭ ئالدىمىزدا تەھسىل ئىلىم قىلادۇر. كىبرەككىم سىز هەم ئىلىم دەرس قىلغايسىز. مەن ئەيدىم: ياپىر بۇزۇرۇك-ۋارىم، ماڭا سەرمايە يوقكى دەرس ئوقۇغايمەن؟. هەزرەتى ئىشان ئەيدىلەر: هەرنەكى ئېيتۇرمەن، قوبۇل قىلماغلىق

ئەئىلادۇر. مەن ئەيدىمكى: قوبۇل قىلدىم. ھەزرىتى ئىشان ئەيدىلەركى: ئىشان ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ رىسالەئىنى پەدەر بۇزرۇكۋارىنى ئوقۇغايسىز، مەن رىسالە ئوقۇماقتا مەشغۇل بولدۇم. ئۈچ دەرسكىنى ئوقۇب ئەردىم، فىتۇرئەزىم ئۆزۆمدە مۇ ـ شاھىدە قىلدىم. ھەزرىتى ئىشان مىنىڭ بۇھالىمنى كەشف قىلىپ، چىرلاپ سوربىدىلاركى: «ئۆزىڭىزنى نەچۈك تاپا دۇرسىز؟»

ئەيدىمكى: بىسيار پەرىشان تاپادۇرمەن. رىسالە ئوقۇشنى تەرك قىلغايسىز، دىدىلەر. ئاندىن ئىشان تالىبىلىر-لەرگە ئەيتىبدۇرلاركى: شاھباز بەلەند پەرۋاز كېلىبدۇر. خالايدۇركى، بىزنى شەيخلىق مەسنەدىدە ئولتۇرغۇزغاي. ئېنىڭ تەربىيەتى بىزلەرگە لازىمدۇر. ئەمدى بىزنى مەئسزۇر تۇتقايسىز لەر دەپ تەرك دەرس قىلىپ، ھەزرەتى خاجە ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار مەۋلانا يەئقۇب چەرخىنىڭ مۇلازىمەتلەرى-دىن كەلگەنلەرىدە بىر ھۇجرا بىنا قىلىب ئىدىلەر، ياران خاسلارى بىرلە سۆھبەت تۇتقايلەر. ھەرخىشتىگى قالىب بىلە قىلىب ئىدىلەر، دىۋار ئۈزرە قويۇبدۇر. نىيەت دۇرۇست بىرلە زىكرى تەسبىھ ۋە ھوزۇر بىرلە ئىمارەت قىلىب ئىدىلەر ئول خانەنى ھەزرەتى ئىشان ئۆزلارى جارۇب قىلىب تەھارەت خانەئى ئابى ۋە خاكى ھەم مۇھەييا قىلدۇرۇب قويدىلار، ئەمىر نۇرىددىن كى مىنىڭ تاغام ئەردى. مىنىڭ بىلە ھەمرا كېلىب ئەردى. ئىنى تەبباخلىققە، ئابى تەھارەتكە تەئيىن قىلدىلار. فەقىرنى ئۆزقاشلەرىدا تۇرغۇزۇب ئەربەئىن قىلدىلار. فەقىرنىڭ ھەققىمدە بىسيار ئېھتىمام شەفقەتلەر كۆرگۈزۈپ ۋەقتى ئىفتاردا ئۆز پەھلۇ ـ يانلارىدا ئولتۇرغۇ-زۇب ھېرلوقما ئالۇر ئىدىم. ھازىر بولغىل، غەفلەتدە بولما-

غىل كاردىن قالۇرسەن. ھەر بارە ئەيتۇللەركى: ھەر لوقما
كى ئالۇرسەن بىسمىللاھ دېگىل، چايىناردا ياۋاھىد دېگىل،
يۇتەردا ۋەلھەمدۇلىللاھ دېگىل، دەپ بىسيار نەۋازىشلەر قىلۇر
ئەردىلەر.»

چۇنانچە ھەزرەتى باھا ئىلھەق ۋەدىدىن نەقشىبەندى
قەددىسە سىررەھۇدىن نەقىل دۇركى، ھەزرەتى ئەلاۋىددىن
ھەققىدە ئىپتىدا ھالدا ئانداغ ئىھتىمام بىرلە تۇتار ئەردىكى،
يانلارىدە ئولتۇرغۇزۇپ ھەرگىز ئۆزلەرىدىن يىراق قىلماس
ئەردىلەر. ئېيتۇر ئەردىلەركى: «ئەگەر سەن يىراق بولساڭ
قورقامەنكى، نەفس تەبىئەت سېنى پارە - پارە قىلغايلەر»
بۇ سەبەبدىن ھەزرەتى ئالاۋىدنىڭ ئەندەك زامانىدە فتۇھات
ئەزىم پەيدا بولدى.

ھەزرەتى مەخدۇم ئەززەم قەددىسە سىررەھۇ ئېيتادۇركى:
«ھەق سۇبھانە ۋە تەئەلا مېنى دۆلەت سائادەت ئېرشادىغە
يەتكۈزدى. بۇ ئەمەل كى مەندىن زوھورغە كېلەدۇر. «ھەز-
رەتى خاجە - گانىنىڭ تۆر مۇناسىبلەرىدەمۇ يا ئەمەسمۇ؟
ماڭا رىزالىقلەرى بارمۇ يا يوقمۇ؟» دەپ بۇ تەفەككۇردە ئەي-
دىم. ئىمام ئېيتىسلەركى: ھەزرەتى خاجەگان قەددىسە سىررە-
ھۇنىڭ مازار مۇتەبەررۇكلەرىغە بارماق كېرەك. ھەر نەكى
فەرمان قىلۇرلەر، ئانى قىلماق كېرەك. بۇ خاراغە يۈز
كەلتۈردۈم. مۇرشىد ئالەمىيان ھەزرەتى خاجە قەددەسە اللاھۇنىڭ
مازارلەرىغە يەتتىم. رۇھ پۇتۇھلەرىغە مۇتەۋەججەھ بولدۇم.
مەرقەددىن ئاۋاز ئىشىتتىمكى: تەرىقەئى خاجەگانىنىڭ
زۇبدەسىدۇر، سەن زوھورغا كەلتۈردۈڭ، مۇبارەك بولغاي، دەپ، ئاندىن
ھەرقايسى مازار خاجەگانغە يەتتىم، شۇبۇرەڭ ئاۋاز ئىشىتتىم،
ھەر نەكى ۋاقىئە بولدى. ھەزرەتى ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا-
نىڭ ئىنايىتى بىرلە ھەزرەتى خاجەگانىنىڭ مەددى بىرلە

بولدى، ئۇشبۇ سەبەپتىن ئەردىكى ئىنھەمە ئاسار ۋە بەرە-
كات ۋاقىتاتىكى زوھۇرغا كەلدى، يەنە ھەم زوھۇرغا كىلور،
تا روزى قىيامەتكىچە ئىنشا ئاللاھ ۋە ھەم ئېيتادۇركى، ھەز-
رەتى خاجەگان تەرىقەلەرى — ھەزرەتى سىددىق ئەكبەر
تەرىقەلەرىدۇر، بۇلار ئەيدىكى ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا
بىزلەرنى بۇ تەرىقەنىڭ رىۋاجى ئۈچۈن كەلتۈرۈپتۇرلەر.
ئەلھەمدۇلىللاھ ئىنايەت ئىلاھا بىرلە رىۋاج تەرىقەسەكى،
بار ئىدى، ھاسىل بولدى. ھەزرەتى مەۋلانا مۇھەممەد قازى
ئەربە ئىندىن فارىغ بولۇپ جاي ئەسلىلەرىغە ياندىلەر. ئەمما
مېنى شول يەردە قويدىلەر. مەن بىتاقەت بولۇپ گىريە ۋە
زارى بىرلە ھەزرەتىنىڭ ئارقەلەرىدىن راۋان بولدۇم. تۈشكەن
يەرلەرىگە ھەر ئاخشامدا كىلۇر ئەردىم. ھەركىشى مېنى بۇ
بىقارارلىقتا كۆرسە رەھمەسى كىلۈر ئەردى. ئاندىن خانە
ئىمارەتكە مەشغۇل بولدىلەر. ئول زاماندە بۇ كەمىنەنىڭ
ھالى تەرىقىدە ئەردى. ھالات ئەجىبە ۋە كەيفىيىتى غەرىبە
دەست بېرۇر ئەردى. جەمئى ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالار ئەرۋاھلار
رى، ھەممە مەلائىكە ئاسمان زېمىن ياخشى سۈرەت بىلە
نەزەرىمدە زاھىر بولۇر ئەردى. ۋە لۇتفى نەۋازىشلەر كۆر-
گۈزۈپ، ھەر بىرلەرى ئۆز تەرىقەلەرىنى ئەرز قىلۇر ئەردى.
فەقىر ھېچ قايىسلەرىغە ئىلتىپات تىلماس ئەردىم. بۇنىڭ
ئەكسەرى ئىمتىھان ئىكەن. ئۇلارغە مەلۇم بولدىكى، مەن ئۆز
تەرىقىمدە مۇستەھكەم سابىت قەدەم ئىكەنمەن. ھەممىلەرى
ماڭا مۇرەببى بولدىلەر. ھەر بىرلەرى شەپقەتلەر ۋە ئىنايەت-
لەر كۆرگۈزدىلەر. ئەھۋال ئەجىبە ۋە ھالات غەرىبەلەر يۈز
كەلتۈرۈر ئىدى. شەب روزە بىتاقەت ۋە بىئارام بولۇپ گىر
يە ۋە زارى قىلۇر ئەردىم. گاھى ئاسمان زېمىن نەزەرىمدە

بىر كۆرۈنۈر ئەردى. بىتاقەتلىكتىن لايى ئالۇدە ئاياغىم بىلە
بۇززۇرۇكۋارىمىنىڭ بىسات تەكيەلەرىگە چىقىپ بەغەل قىلۇر
ئەردىم. ھەزرەتى ئىشان ھەممىنى كەنارەلەرىغە ئالىب بىسيار
نەۋازىشلەر قىلۇر ئەردىلەر. ھوشيار بولۇپ مۇلاھىزە قىلسام
مۇنداغ گۆستاخلىق، بىئەدەبلىك مەندىن ۋاقىئە بولۇبىدۇر
دەب ئەدەب تەۋازۇئ بىرلە ئەجز نىياز پىش كەلتۈرۈر ئەر-
دىم. ئەمما ئول زەمانىكى ھەزرەتى ئىشان تاشكەنتكە قەدەم
قويدىلەر. بارىب كاسانىغە يەتتىلەر. پەدەرىم مەرەزى مەۋتىد-
ھە ئىكەن، تەۋەججۇھ بىرلە بىئىختىيار فەقىرنى كەلتۈرگەن
ئىكەنلەر. ئىككى كۈندىن كىيىن ئالەم فانىدىن ئالەم باقىغە
ئىنتىقال قىلدىلەر. «قالۇ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى
راجىئۇن» ① ھەممە ئاكابىرلار ھازىر بولۇپ دەفنە قىلدىلەر،
ئاندىن ھەممە خىشاۋەند جەمئىسى بولۇپ ئاش بەرمەك مۇقامى-
دا بولدىلەر. مەن ئەيدىم: بىھۇدە رەنج چىكەرسىزلەر،
ئەھمەد مۇغۇل جامائەلەرى بىلە كېلىب تاراج قىلىب ئاشنى
يىگەيلەر. بۇ سۆزۈمدىن خەلقلەر مىنى مەسخىرە ئەيلەب،
دىۋانەلىككە ھۆكۈم قىلىب بىسيار سەرزەنىشلەر قىلدىلەر.
ماگا ھال ئول ۋاقتتا ئەردىكى ئون سەككىز مىنىڭ ئالەم
ئىچىرە ئەرشىدىن تافەرشىغىچە، زەررەدىن قەترەغىچە ھىچ
نىمە مەخفى ئەرمەس ئەردى. تاگلاسى ۋاقتى چاشت ئاش
تارتماقغە مەشغۇل بولدى. ئەھمەد مۇغۇل جامائەسى بىرلە
كېلىب مۇسۇلمانلەرنى تاراج قىلىب ئاشلارىنى يېدىلەر. ھەممە
مە خەلق ئۆزلىرىنى قەلئەغە ئالدىلەر. جەمئى مۇغۇللەر
كېلىب ماگا ھەر تەرەپتىن ئوق ئاتتى، كارگەر بولمادى.

① ئۇلار: دېمىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدا، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگا-
ھىغا قايتىمىز دەيدۇ. قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە، 156 - ئايەت.

ئاشقا ئەگكەندەك ئوق پارە - پارە بولدى. مۇغۇللەر بوكار
مۇشاھىدەسىدىن تەئەججۈپ قىلىپ ئەيدىلەركى: «بۇ ساھىر-
دۇر.» ئاخىر بۇ مۇنكىر زالىملەر قولۇمدىن تۇتۇپ سۆرەپ
يارنىڭ ھاڭنىغە ئېتىپ ئاتتىلەر. تۆبەندە رىختە تاش بار
ئىكەن، پۇشتۇم ئاڭا تۇشتى. ئۇستىخانلەرىم رىزە - رىزە بولدى.
ئول ھالەتدە جەمائە رىجالۇللاھ ئول نەۋاھىدە
بىر تۇگۇرمەن بار ئىكەن، مېنى ئول تۇگۇرمەنگە ئېلىتىپ
ئىرغاتتىلەر. چەندان شىكەستە ئۇستىخانلەرىم ئورنىغە
كەلدىلەر. ۋە بۇ جامائە رىجالۇللاھ بىتەرىقى نەسى-
ھەت ۋە تەسەللى خاتىر ھىكايەلەر قىلۇر ئەردى. ئېيتۇر
ئەردى: «ھەزرەتى ئىبراھىم خەلىلۇللا ئەلەيھىسسالامنى مەنجىنە-
نەققە سالىپ ئوتقە تاشلەدى. ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھىسسالا-
منى ئەررە قويدىلەر. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىسسالامنى
نەچچە مەرتىبە ئۆلتۈرۈپ قازانغە سالىپ قۇشۇردىلەر» دەپ
پەيغەمبەر ماتەقەددەم قىسسەلەرىنى بايان قىلۇر ئەردىلەر.
«نە ئۈچۈن ئىزھار ئەسرار قىلدىڭىز؟ ئەسرارى ئىلاھىنى
ئاشكار قىلماق كۇفردۇر.» دەب بۇ جامائە رىجالۇلغەيب
نەزىرىمدىن غايىب بولدى. گۇرسىنەلىك غەلىبە قىلدى. تاكى
كۆزۈم ئارۇسقە تۇشتى. بىر نسان تۇرۇپتۇر. ماجالىم يوقكى
نانىنى ئالغايمەن. مېھنەت - مۇشەققەتلەر بىرلە تامغا يۆلەنىپ
نانىنى ئالىب يىدىم. ئانداغ لەزلەتلىك نانىنى ئەسلا كۆرمەپ
ئىدىم. خىش ئەقرا بالەرىم مېنى ھاڭغە تاشلاغانىنى يىراقتىن
كۆرگەن ئىكەنلەر. خىيال قىلىبدۇركى: «ئۆلگەندۇر» يەنى كەتكەن-
دىن كېيىن كىشى تۇشۇرۇپ ئىستەپ تافالماي شول تۇگۇر-
مەنگە كېلىپتۇر، ئاندا تافتىلەر. ئېيتتىلەركى: ۋائەجەبا
مۇنداغ ھاڭغە تۇشۇپ سالامەت قالغايسەن؟ ئاندىن ئاجايىپ-
راق ئولكى بىز تۇگۇرمەن ئىشىكىگە يەتكەندە جەمئى كەسىر-

نىڭ ئاۋازى كېلىۋۇر ئەردى. ھالاسەندىن بۆلىەك كىشى يوق؟

ئاخىر مېنى «ئۆيگە ئالىب بارساق» دېدىلەر. مەن ئەيدىم: بىر زەمىدىن ئالىب كېلىپ سىزلەر يېراق تۇرۇڭلار. تۇققانلىلەرىم يىراق تۇردىلەر. جامائە رىجالۇللاھ كېلىپ مېنى زەمىنگە ئاھىستەلىك بىرلە سالدىلەر، خىش ئەقرابالەرىم ئۆيگە ئالىب باردىلەر. تانەچچە مۇددەت بۇ تەشۋىشكە مۇپتەلا بولدۇم. ھەر گاھىكى رىجالۇللاھ مېنى كۆرگەلى كەلسە، ماڭا ئارام ئاسايىش بولۇر ئەردى. يەنە ئەزالەرىمە دەرد پەيدا بولۇر ئەردى. ئارام ئالالماس ئەردىم. بۇ نەۋرى ئىشلەر زاھىر بولۇر ئەردى ۋە بەزىلەر ئىنكاردىن يانماس ئەردى ۋە بۇ ھالەتكە ئىمان كەلتۈرمەس ئەردى. چىراكى، خۇدايى تەئەلا بۇلارنىڭ دىللارىغە مۆھۈر باسقان ئەردى. پەردەئى غەپلەتتە دۇرلەركى، ھىدايەتكە يول يوقدۇرلەر. «نە ئۇزۇبىللاھ مىنھا، سۇممۇم بۇكمۇم ئۇميۇن فەھۇم لا يەئقىلۇن»①

بەيت

ۋارىداتى ئارىغان مۇنكىرلارغە بولماس قوبۇل،
موجىزات ئەنبىيا كافىرلەرغە باۋەر ئەمەس.

ئى مۇسۇلمانان ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمنىڭ كەمال ئىسمەت ۋە شەئنى ئالىيلەرىنى بىلمەك كېرەككى، جەمائەرى

① «(كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز ـ نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ»، قۇرئان كەرىم سۈرە بەقەر، 171- ئايەتتىن.

جالۇللاھـدىن ئۇلار خىزمەتلىرىگە كېلىۋر ئەردىلەر. مۇشكىلاتىـ
كى ھەزرەتكە ۋاقىئە بولسا ھەل قىلىۋر ئەردىلەر. دەمادەم
ئۇزۇققەياشلەرنى ۋاقىئەنى چەشمى زاھىرلەرى بىرلە مۇشاھىـ
دە قىلىۋر ئەردىلەر ۋە گاھى ھەزرەتى ئىشان غەلەبات ئەھـ
ۋاللەرىدە ئېيتۇردىلەركى رىندىلەر قايانسىزلەر، بىر مەي پۇـ
رۇشلار شەھرىڭىزلەرغە كېلىبدۇر. ۋەھدەت مەئرىفەت ھەمـ
خانەلەرى ئىشىكىنى ئۇچۇق قويۇپتۇرلەر. كېلىڭلار! بۇ مەيى
مۇھەببەتنى ئىچىپ مەست بولغايسىلەر دەر، ئەردىلەر.

ھەزرەتى سەيىدى ئەرەب ۋە ئەجەم يەنى ھەزرەتى مەخـ
دۇم ئەزەم قەددەسەسىررەھۇ ئېيتادۇركى: «ھەزرەتى پىر
بۇزرۇكۋارىم مەۋلانا مۇھەممەت قازى نەۋۋەرەللاھۇ مەرقەـ
دەھۇ ۋە مۇددەتى خارىش كېسەللىگە مۇپتەلا بولدىلەر. بىر
كۈنى شىددەتى مەرەزدىن بىتاقەت بولۇپ ئېيتتىلەركىم: «جەدـ
ئى مۇرىدان مۇخلىسان ۋە مۇئتەقىدان ھازىر ئىدى ۋە بۇ
جامائەت لاف قاف مۇھەببەتتىن دەم ئۇرادۇرلەر. ھىچ ئاشىق
سادىق مەلۇم ئەمەسكى مېنىڭ بۇ كېسەلىم دىلىغە تەسىر قىـ
لىب خۇدايى تەئالادىن تەلەپ قىلمادىكى، ماڭا سەھەتلىك ئاتا
قىلغاي، ھىچ ئەسهابىدىن ئەسەر مەلۇم بولمىدى. بۇ سۆزنى
ئىشتىمەك بىلە ئەجەب كەيپىتى ھالىتى پەيدا بولدى. ھەي
بى ھىممەتلەر دەب مەرتىبەم كىشىلار سۇفاسىدە ئەردى.
ئۆزەمگە ئەيدىم: دەرھال كېسەللەرى مېنىڭ بەدىنىمدە زاھىر
بولدى. ئۇلارغە سەھەت كامىل ھاسىل بولدى. ھەزرەتى پىر
بۇزرۇكۋارىم دۇئالەرىدە قول كۆتەرىب مۇناجات قىلدىلەركى:
يارەببەلئىباد، ئۈمىد تۇتارمەنكى، دەرگاھىڭدىن تا قىيام قىـ
يامەت بۇ نىسبەت شەرىفنى ئۇلار ئەۋلادىدىن خالى قىلـ
ماغايسەن. بۇ دۇئالار ھەق تەئالا دەرگاھىدا ئىجابەت بولـ

ھى». بۇ نىسبەتى شىرىن ئۇلار ئەۋلادلەرىدىن ھەم نىسبەتى مەنئى ھەرگىز خالى مۇنقەتى بولماسلىققا يەنە بىر بائىس باردۇركى، مەخپى قالماغاي، ھەزرەتى مەخدۇم تەئىززەم ئەلەيھى رەھمەۋەر رىزۋاننىڭ بابالەرىنى ھەزرەتى شەھىد كامالىددىن مەجنۇن دەر ئەردىلەر. ئۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرىدە ئان ھەزرەتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەۋزەئى مۇتەھھەرەلەرىدە مۇقىم ئەردىلەر. بىناگاھ جەزبەئى ھاسىل بولۇبدۇر، تەلەپ دامەنگەر بولدى ۋە بۇ دەردنىڭ دەفئىغە ئەۋلىيالەرنى جۇستىجۇ قىلىپ سەير قىلا - قىلا فەرغانە ۋىلايەتىگە يەتتى. ئاندا تۇشتىلەر. ئۆزكەند شەھرىكى فەرغانەنىڭ پايتەختىدۇر. ئانىڭ كەنارىسىدە سائىتى ئىستىراھەت قىلدىلەر. ئول ۋاقىتتا ئول ۋىلايەت سۇلتانى ئىلىك مازىنىڭ تەسەررۇفلەرىدە ئەردى. ئۇلار ئەۋلىيائى كامىل جۇملەسىدىن ھەزرەتى ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئابۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسلىرىدىن ۋە يەتتە سۇلتانىنىڭ بىرلەرى ئەردى. ئەمما ھەزرەتى سۇلتان ئىلىك مازى ئەلەيھىر رەھمە ھەزرەتى سەيىد كامالىددىن قەددەسە سىررەھۇ بۇ ۋىلايەتكە كەلمەستىن بۇرۇن ئىلھام يېتىپ ئەردىكى، «فالانى تارىختە بىر سەيىد زادە بۇ ۋىلايەتكە كېلۇر. نىشانەسى ئولدۇركى، ھەر گاھى ئۇيقۇلاسە بىر فەرىشتە ئەژدەر سۈرەتىدە بولۇپ، ئاڭا سايەبان بولۇپ تۇرار. مۇھافىزەت قىلۇر. قىزىڭىزنى ئاسماندە ئەقدە قىلىبدۇر ئاڭا» دەپ خەبەر بەرگەن. مۇنتەزىر ئەردىكى، بەس ئول ۋەقتتە خادىملەرىدىن بىرلەرىنى بۇيرۇيدىلەركى: «فالانى يەردە بىر كىمەرسە بۇ سۈرەت، بۇ نىشانەلەر بىلە تەكيە قىلغاندۇر. بېرىپ ئەدەپ تامام بىلە ھازىر تۇرغىل. بىدار بولسەلەر ئەژدەرھا غايىپ بولۇر. ئانى

دىن مۇلازىمەتلەرگە بارىپ مېنىڭ سالامىمنى يەتكۈزگىل ۋە ئەيتقىلكى: بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى سىزلەرنى چىرلايدۇر ۋەقىتكى بۇ كىشى كېلىپ ئەرز سالام يەتكۈزدى. ھەزرەتى سەيىد كامالىددىن ئەيدىلەر: «مەن بىر مەردى قەلەندەردۇرمەن. ئەھلۇللاھ تەلەپلەرىدە دەر بەدەر يۈرۈپمەن. ماڭا سارىمان يوقكى مۇلازىمەتى پادىشاھ قىلغايمەن». خادىم بۇ خەبەرنى پادىشاھىغە ئەيدى. پادىشاھ ئەيدى: «يەنە ئەرز يەتكۈزگىلكى، ئەگەر رۇخسەت بولسە بىز ئۇلار خىزمەتلەرىغە بارساق» بەس ئول كىشى كېلىپ ئەرز قىلدى. ھەزرەتى سەئىد ئىنايەت قىلدىلەركى: مۇلاقاتتىن ئۆزگە چارە يوقدۇر. بىزنىڭ بارماغىمىز ئەلادۇر، دەب راۋان بولدىلەر. ھەزرەتى سۇلتان مۇبارەك ئىستىقبالغە چىقىپ ھەزرەتى سەيىد ئەلەيھى رەھمەنى ئەئزاز ئىكرام بىلە مەنزىللەرىغە تۈشۈردىلەر. سۇلتان ئەرز قىلدىكى: «بىر ئاجىزەم بار، خالارمەنكى، ئابى تاھارەتكە سۇ بېرىپ خىزمەتدە بولغاي» ھەزرەتى سەيىد ئىبا قىلىب ئەيدىلەركى: «مەن بىر غەرەزدىن چىقىپ ئەردىم. ماڭا كەد خۇدا بولماققە رۇخسەت يوق». سۇلتان سەئىي بىرلە ئەيدىلەركى، ھەقىقەت ۋاقىئەدە خەۋەر بىرىپ ئەيدىلەركى: «بۇ ئاجىزەنى ئاسماندا سىزگە ئەقدە قىلىبدۇرلەر». ناچار قوبۇل قىلدىلەر. سۇلتان ئاجىزەسى ھەزرەتى سەيىدكە پادىشاھانە ئەقدە قىلىندىلەر. ھەزرەتى سەيىد بۇ سۇلتانىنىڭ ساھىپ كارامەت ئىكەنلەرى مەلۇم بولۇپ نەچچە مۇدەت ئۇلار مۇلازىمەتلەرىدە بولدىلەر. ئاندىن ھەزرەتى سەيىدكە كەشىش بولۇپ ئەھلى خانالەرى بىرلە مەدىنەغە رۇجۇئ قىلدىلەر. بىرنەچچە مۇددەت ئۆمۈر كۆردىلەر. ئاخىرىلئەمر رىھلەتلەرى مەھەللى بولدى. ھەزرەتى سەيىد بۇرھاندىن قىلىچ ۋالىدەلەري ھامىلەسىدە ئىدي. ھەزرەتي سەيىد

ئەھلىيەلەرىگە ۋەسىيەت قىلدىلەركى: ماڭا مۇندەغ ئىلھام بو-
لۇپدۇركى مەندىن بىر ئوغۇل ۋۇجۇدغە كېلۇر. ئىسمىنى سەي-
يىد بۇرھانىددىن ئاتارلەر. ئول ساھىپ كامال قۇتب بولۇر.
ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن ھەم چاندان ساھىپ كامال ۋۇجۇدغە كې-
لۇر. تا قىيام قىيامەت ئەۋلادىدىن نىسبەتى مەئنى خالى
بولماس.»

ھەزرەتى سەييىدنىڭ ئاخىرەت سەفەرىدىن كېيىن ھەز-
رەتى بۇرھانىددىن قىلىچ ۋۇجۇدغە كەلدىلەر. ئول مەھەلدە
ھەزرەتى سۇلتان ھايات ئەردىلەر. ھەزرەتى سەييىد بۇرھا-
نىددىننى قاشلەرىغە كەلتۇردىلەر. ھەزرەتى سۇلتان نەچچە
مۇددەتتىن كېيىن ئۆز تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزلەرى رىھ-
لەت قىلدىلەر. سەييىد بۇرھانىددىن تەخت سەلتەنەتتە ئول-
تۇرۇپ بىتەرىق ئادالەت سۇلۇك قىلدىلەر. بىناگاھ جەزبەئى
ئىلاھى يەتتى، تاجى تەخت پادىشاھلىققە سۇلتان ئىبراھىم-
دەك پەشبا ئۇردىلەر. شەيخ مۇسلىھىددىن خوجەندى ئول
زاماندا قۇتبەئى زامان ئەردىلەر. ئۇلار مۇلازىمەتلەرىگە كەل-
دىلەر. ئىرادەت كەمەندىنى بويۇنلەرىغە سالدىلەر. ھەزرەتى
سەييىد بۇرھانىددىننىڭ كامال قابىلىيەتىنى كۆرمەك كېرەك-
كىم، ھونوز ئەۋۋەلقى كېچەسى شەيخ ئىنايەت قىلدىلەر، ئەي-
دىلەركى: «مېنىڭ ھۇجراخاسىمغا سەييىد ئۈچۈن يەتتە قات
بىسات سالغىل» دەپ خادىملەرىغە بۇيرۇدىلەر. ھەزرەتى سەي-
يىد تەكيە قىلۇر ۋاقتىدە «بالىن بىسيار ئىسكەن» دەپ ئۈچ
بىستەرنى ئالدۇرۇپ تۆرت بىستەر ئۈزرە تەكيە قىلدىلەر. تۆر-
تىنچى ئاسمانغىچە پۇر ھىجابىنى كۆتەرىپ مۇئايىنە كۆردى-
لەر. ئەسسەباھ ھەزرەتى شەيخنىڭ مۇلازىمەتلەرىگە داخىل
بولدىلەر. شەيخ ئېيتتىلەركى: «ئى فەرزەندى، ئەگەر فەرمانى-

چە بولۇپ بىساتلەرنى جۇدا قىلمىسىڭىز ئەردى يەتتە تەبىقە ئاسمانلەرنى مۇشاھىدە قىلۇر ئەردىڭىز بەس.»

نەچچە مۇددەت ھەزرەتى شەيخنىڭ مۇلازىمەتلەرىدە كەسىپ كەمال قىلدىلەر. شەيخ ھەم دۇئا بىخەير قىلدىلەر. ئىلتىپات ئەيلەدىلەركى: «تا قىيام قىيامەت نىسبەت مەئنىسى سىزلەرنىڭ ئەۋلادلەرىدىن خالى بولماغاي.»

شەيخ ئىنتىقال رەھلەتلەرىدىن كېيىن ئۆز كەنت ۋىلايەتلەرىگە رۇجۇئ قىلىپ خەلقنى ھىدايەت قىلدىلەر. فەقىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىقەسى بىرلە ئۆمۈر ئۆتكۈزدىلەر. ئەمما غەيرەتلەرى ئانچە غالىپ ئەيدىكى، ھەر كىم زەررە بىئەدەپلىك قىلسە يا ئىشتىرازنى كۆڭلىدە كەچۈرسە فىلھال رىشتەئى ھاياتى قۇرۇپ ھالاكەتكە يېتەر ئەردى. بىر ئەزىز كۆڭلىدە كەچۈردىكى: «ئەۋلىيا ئۇللاھ كەرەم سۈپەت بولادۇرغان ھەزرەتى سەييىد بۇ سۈپەتدە بولۇپتۇرلەر. سەبەب نە ئىكىن؟» دەپ مۇلازىمەتلەرىگە كەلدىلەر. ھۇنۇز سوئال قىلماي سوئالدىن ئىلگىرى بۇلارغە غەيبى بىخودلۇق روي بەردى. نەزەرلەرىدە بىر شەمشەر دۇررى ئابدار بەردەنە بىر قىل بىلە تارۇسقا ئاسىغلىق زاھىر بولدى. چىبىنلار ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئۆزلەرىنى شەمشەرگە ئۇرادۇر، ئىككى پارە بولادۇر. ۋەقتكى ئۆزىگە كەلدى. ھەزرەتى سەييىد ئەيدىلەر: «ئى ئەزىز، ئەجەب شەمشەردەمۇ ياكى چىبىندەمۇ؟» بۇ ئەزىز بىسيار خىجىل بولدى. ئۆزرەلەر قويدى. بۇ ۋەجھىدىن سەييىد بۇرھانىددىننى «بۇرھانىددىن قىلىچ» ئاتادىلەر. بۇلار ئەۋلادلەرى ئۈچ ئۇلۇغ شەيخلەرنىڭ مۇبارەك نەفەسلەرىدىن، ئىككىنچىسى نىسبەتى مەئنىۋى، ئۈچىنچى نىسبەتى سۇرۇۋۋىيەلەرى بۇ ئۇلۇغ خاسىيەتلەر بەرەكاتىدىن ھەزرەتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋە-

تەئالا بۇلار نەسللەرىدىن قىيامەتكىچە مەئنى قۇتبىي-
يەت رىشتەسىنى ئۇلاردىن خالى قىلمادىلەر، ئىنشائاللاھۇ تە-
ئالا بۇ ھەزرەتى سەييىد ئەۋلادلەرى تا ھەزرەتى مەخدۇم
ئەئزەم قەددىسە سىررەھۇغىچە قۇتبۇلئەقتاب قىلغاللەم ئۆتۈپ-
دۇرلە . ئۇلارنىڭ كەمال جەزبە تەسەررۇفلەرى ئافاق ئالەمى-
دە مەشھۇر، ئەنۋار ۋىلايەتلەرى تامامى شەھرىستاندە جاھان
ئىچىدە مەئرۇف ۋە مەشھۇردۇرلەر. ئول رىۋاجىكى سىلسىلەئى
خاجەگان تەرىق شەرىفلەرىگە بۇلار رىۋاج بېرىپدۇرلەر. يەنە
ئەۋلىيا ئۇللاھدە بولماپتۇر. چەراكى ھەر مۇتەسەددىسى ۋەقت،
مۇرشىدى ئەسىرىدىن ناھايىتىگە يەتسە تۆرت خەلىفە قويۇپ-
تۇرلەر. ئىرشاد تەرىق قىلىپدۇرلەر. ئەمما ھەزرەتى مەخدۇم
ئەئزەم ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋاندىن يەتمىش ئۈچ خەلىفە-
ئى روزىگار قالىپدۇر. چۇنانچە ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم قەد-
دىسە سىررەھۇ ئۆزلەرىدىن نەقىل قىلادۇرلەركى: «ئەگەر
خەلق بىر - ئىككى مەركەپ سۇۋار رەۋان قىلسە، فەقىر
ئىنايەت ئىلاھى بىرلە يەتمىش فىل سۇۋار رەۋان قىلىبدۇرمەن.
ھەر بىرلەرى بىر شەھرى ۋە بىر ۋىلايەت ئىچىدە رىۋاج
تەرىقەت بېرىپ مۇھەببەتى ئىلاھىنى خۇدانىڭ بەندەلەرى
دىللەرىغە ساچىپ، ئەنۋارى ۋىلايەت ئاسارى مۇھەببەت بىلە
ھىدايەت قىلىبدۇرلەر ۋە تەرىقە نىجاتىنى پىش تۇتۇپدۇرلەر.
ھەرەمەين شەرەفەين — مەككە مەدىنەدىن تاسەر ھەددى خى-
تايغىچە ھەممە ئەنۋارى ۋىلايەتلەرىدىن روشەن بەھرەمەن-
دۇرلەر.»

**بەيت**

جەزبەئى ئىشقىڭ نىگارىستانى جاھان شاد ئەيلەدى،
يۈزلەرىڭ شەۋقى كۆڭۈل مۈلكىنى ئاباد ئەيلەدى.

فەيز ئالىب سەندىن ئالەم ئىچرە ئامۇخاسلەر،
تا قىيامەت زىكرى ئەۋسافىنى خەلق ياد ئەيلەدى.

نەقىلدۇرلەركىم: ۋىلايەت ھىندىستاندە بابۇر ئاتلىغ بىر پادشاھ بار ئەردى. ئۇل زاماندە سۇلتان ئىبراھىم ئاتلىق بىر پادشاھ يىغى بولۇپ لەشكەر بىرلە كەلدى، بابۇر پادشاھ ھەزرەتى خاجەگانغە مۇخلىس ئېتىقادلىق قىلۇر ئەردى. خاجەلەر ئەرۋاھلەرىغە تەۋەججۇھ قىلدى. ھەزرەتى خاجە ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار ئالەمى غەيىبدا زاھىر بولدىلەر. پادشاھ بۇلاردىن مەدەد تىلەدى. بۇ ئەسنادا ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم قەددىسە سىررەھۇ سۇرەتى زاھىرەن نامايان بولدىلەر. خاجە ئەھرار بابۇر پادشاھنى ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمگە تاپشۇردىلەر. «كۇللى مۇھىممات ۋە مەدەد سىزلەردىن بولغاي» دەب غايىپ بولدىلەر. پادشاھ ئۆزىگە كەلدى. ئۇلكۇن جەڭگى ئەزىم بولدى، ھەممىلەر مۇئايىنە كۆردىلەر: ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم جەمئى بىرلە زاھىر بولدىلەر. دۇشمەنلەر لەشكەرىغە بەرھەم ئۇردىلەر. غەنىمەت خەزىنەلەر تامام قولغا تۇشتى. ئۇشۇل كۇن نەچچە خىشت تىللا ۋە بىسيار ئەسباپ ئالات نىياز قىلىبدۇر. دەرۋىش مۇھەممەد قۇزى دەب بىر ئەۋلىيا نامدار كىشى بار ئەردى. ئۇلاردىن سەمەرقەندكە ئىبەردى ۋە ھەم ئىخلاس ۋە ھەم ئىرادەت غايىبانە قىلىب بۇ بەيتلەرنى ئىرسال قىلدى:

نەزم

گەرچە فۇقرالارغە ئەرمەس خىيشمەن،
جان دىل ئىلە مۇقتىدا ئىشانىمەن،

ئەتمە يىراق شەھلىق دەرۋىشىدىن،
شەھمەنۇ كەم بەندەدۇر ۋىشانىمەن.

يەنە بەيت

بەس ھەۋايى ئۆمر زايەئ ئەيلەدىم،
ئەۋلىيالەر نەزدىدە شەرمەندە مەن.
بىر نەزەر قىلغىلكى مۇخلىسلەر سارى،
شاھلىقنى تاشلەدىمۇ خاجەلەرغە بەندەمەن.

ئول كىشى كېلىپ پادىشاھنىڭ ئىرادەت ئىخلاسىنى ئەرز قىلدى. ھەزرەتى ئىشان ھەم قوبۇل قىلىب بايان ئەسرار ئىلاھى ھەقايىق ناھىتە ناھى دۇرج ئەيلەب، بىر رىسالە تەرتىپ بېرىپ، ئىلتىپاتلەر قىلىپدۇر، ھالا بۇ رىسالە «بىيت چاھار رىسالە» ئىچىرە مەزكۇردۇر. خاھى ئەرەب ۋە ئەجەم ئىچىرە ئىران، توران، ھىندۇستاندە. ئەمما بىلمەك كېرەككىم، ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم ئەلەيھىر رەھمەنىڭ تۆرت ھەرەملەرى، ئون ئىككى ئوغلانلەرى بار ئەردى. ھەرەم ئەۋۋەللىرى كاسان سەييىدلەردىن: مىر يۇسۇف سەيىيدىنىڭ قىزىكى، تاغائى ئانھەزرەت ئەيدىلەر. بۇ ھەرەملەردىن تۆرت ئوغۇل: ئەۋۋەل خاجە مۇھەممەد ئىمىن مەئرۇف «خاجە كالان دەھبىدى». ئىككىنجى، خاجە دۇست خاجەم. ئۆچىنجى، خاجە باھاۋىددىن خاجەم. تۆرتىنجى، ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلى ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان خاجەم. بەشىنجى ئابدۇخالىق خاجەم. ئالتىنجى، خاجە سىددىق خاجەم. يەتتىنجى، خاجە ھەسەن خاجەم. سەككىزىنجى،

خاجە ئىلاھى خاجەم. توققۇزىنجى، خاجە مۇھەممەد ئەلى خاجەم. ئونىنجى، شەيخزادە خاجەم. ئون بىرىنجى، خاجە مۇھەممەد خاجەم. ئون ئىككىنجى، خاجە ئىبرائىم خاجەم. ئون ئۈچىنجى، خاجە ئابدۇللا خاجەم.

يەنە بىر ھەرەملەردىن تۆرت ئوغۇل: ئەۋۋەل مۇھەممەد ئىمىن خاجەم. ئىككىنجى، خاجە دوست خاجەم. ئۈچىنجى، خاجە باھاۋىددىن خاجەم. خاجە ئابدىلخالىق خاجەم. يەنە بىر ھەرەملەرى — بۇبى مەلىكەئى كاشانىدىن ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىزدۇرلەر. خاجە مۇھەممەد خاجەم، خاجە ئىبراھىم خاجەم. ئەمما ئول ھەرەملەرىكى بىبىچە كاشغەردىرلەر. ھەزرەتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازىنىڭ نەبىرەلەرىدۇرلەر. قۇتبى كەرامەت فەلەك مەركىزەئى دائىرە ۋىلايەت كاشفۇلئەسرار مەلەك ۋە مەلەكۇت نازىرى ئەنۋارۇل قۇددۇس ۋە جەبەرۇت ۋە مەزھەرى شىرى يەزدانى ئەلى يەنى ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلى قەددىسە سىررەھۇ ئەزىز بۇ ھەرەملەردىن ئەردىلەر ۋە ھەر بارىكى ھەزرەتى بۇبى ھەزرەتى ئىشانغە ھامىلە ئىكەنلەرىدە ئۆيگە كىرسەلەر، ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان تەۋازۇ بىرلە ئۆرە قوپۇپ تۇرار ئەردىلەر. ئېيتۇر ئەيدىلەركى: «يا بۇۋى، بۇ تەۋازۇ سىزنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ ھامىلەئىمىزدىكى پەرزەند ئۈچۈندۇركى، ھەزرەتى خاجەگان سىلسىلەلەرىنى تەبرەتىپ تەرىق خاجەگانغە رىۋاج ئەزىم بېرۇر. تامامى ئالەم ئۇنىڭ ئافتابى ۋىلايەتىدىن روشەن ۋە مۇنەۋۋەر بولۇر. ئىسلام رىۋاج ئالۇر. كۇفر بەرھەم يەر. بۇنىڭ ئەۋلادىدىن ساھىب كەماللەر پەيدا بولۇر.»

ئاخىر ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلى ئەلەيھىر

ۋەھىمە تەۋەللۇت تاپتىلەر. ئۇلار تەربىيەتىدە بىسىيار ئەئزاز
ئىكراملەر بىلە مۇبالىغە كۆرسەتتىلەر ۋە بىبى چەگە ھەم
ئېيتۇر ئەردىلەركى: «بۇ فەرزەندىنىڭ ھەققىدە بىسىيار
ھازىرلىق قىلغىلىكى غافىل بولماغىل. پاكىزەلىك بىلە پەرۋەرىش
قىلغىل، تاكى تەقسىر قىلىب خاتاغا كەتمىگەيسەن» دەپ
ئەمر قىلۇر ئەردىلەر.

نەقىلدۇركى: ئۇل ھەمدەمى ۋىسال ۋە مەھرەمى ئەس-
رار ۋە ئاشىقى ئالەم يەنى موللا مۇھەممەد قاسىم دىنىكى
ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمنىڭ مەھرەم خاسلەرىدىن ئەردىلەر.
ئېيتىپدۇرلەركى: بىر كۇنى ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم ھوزۇر-
لەرىدە ئولتۇرۇپ ئەردىم. جەمئى كەسىر ھەم بار ئەردى.
ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلى ئۇن ياشار ئەردىلەر.
مېنىڭ قۇچاغىمدە ئولتۇرۇپ ئەيدىلەركى: «ئەي بابا، بىھىشتى —
دەۋزەخىلەرنىڭ كىشىنى جۇدا قىلالايمۇ؟» مەن ئەيدىم:
«ئەي خاجەم، بۇ ھېكايەنىڭ ۋاختى ئېمەس». خىلۋەتتە ھەز-
رەتى مەخدۇم ئەئزەمگە مەلۇم قىلدىم. ئەيدىلەركى: «نانى
بازار بىرىڭلەر» بازار نانى بەردىلەر. «يا پەرزەند، بىھىش-
تى — دەۋزەخىلەرنى ئايرىڭ» دىدىلەر. باشلەرىنى تۆبەن
سالىپ ھىچ سۆز قىلمادىلەر ۋە يەنە خاجە مۇھەممەد قا-
سىم ئېيتىپدۇرلەركى: «ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلى
ئۇن ياشار مېنىڭ قۇچاقىمدە ئەردىلەر. ھەر زەمان مەخدۇم
ئەئزەم ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلىنىڭ چەھرەلەرىگە
قاراپ مۇبارەك باشلەرىنى ئىرغاتۇرلەر ئىدى. سائەتدىن كې-
يىن ماڭا قاراپ ئېيتادۇرلەركى: «ئەي خاجە مۇھەممەد قا-
سىم، بۇ فەرزەندىدىن غافىل بولماغىل ۋە خىزمەتىدە تەقسىر
قىلماغىل! ئىنشائاللاھ ئالەم گەر بولۇپ، سىلسىلەئى خاجەگان

بۇ فەرزەندىمنىڭ ۋەقتىدە كامال تاپار، شاخى بەرگى ھا-
سىل بولۇر. ئەگەرچە ئۆزگە فەرزەندلەرىمدە ھەم بولۇر لې-
كىن بۇ فەرزەندە زىيادەدۇر» ۋە يەنە ھەزرەتى ئىشان
خاجە ئىسھاق ۋەلى مېنىڭ كىتفىمدە ئولتۇرۇپ ئىدىلەر. ھەز-
رەتى مەخدۇم ئەئزەم ھەرەمخانىلەرىدىن چىقىپ كەلدىلەر.
خەندان شادان ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلىنى بەغەل
قىلىپ ئارىزى گۈلنارلەرىغە بۆسە قىلدىلەر. بىسيار مۇھەب-
بەت قىلىپ ماڭا ئەيدىلەركى: «بۇ كىچە ۋاقىئەدە كۆرۈدۈم-
كى، بۇ فەرزەندىم بىر گەۋھەر كەشان فەلەك يەگلىغ بىر
ئېگىز يەردە تۇرۇپدۇر، تاغ مەسەللىك، مەشرىق تەرەپكە
قاراپ فەرياد قىلادۇر. جەمىئى كەسىر ئىككى تەرەپتىن جە-
ۋاب بىرەدۇرلەر. مەلۇم بولدىكى، بۇ فەرزەندىمنىڭ ئاۋازە-
سىدىن مەشرىق مەغرىب خەلقى ئىرادات ئىنايەتكە داخىل
بولۇر.»

نەقىلدۇر، فەزائىلى مەئاب ئىكتىساب ۋە كەمالات ئىك-
تىساب بەرگۈزىدەئى مەجىد يەنى ئاخۇن موللا سەئىد ئىنا-
يەت سەرۋە نەھايەتسىز كەمالدە ئەردىلەر. ھەزرەتى ئىشان
خاجە ئىسھاق ۋەلىنىڭ مۇلازىمەتلەرىگە كەلدىم. خالادىمگى
ئىنابەت قىلغايمەن. ھەزرەتى ئىشان قوبۇل قىلمادىلەر. مەن
مۇبالىغەلەر بىلە ئىلتىجا قىلدىم. ھەزرەتى ئىشان: «ئى موللا،
مەندە دەرۋىشلىك يوقتۇر، غەلەت گۇمان قىلىپسىز». مەن
ئەيدىم: «ئى ھەزرەتىم، ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم ئەلەيھىر
رەھمەۋەر رىزۋانىنىڭ خىزمەتلەرىدە ئەردىم. ئەيدىلەركى: «ئى
موللا سەييد، بۇ فەرزەندىم بىسيار بەلەند مەرتىبەلىكدۇر.
ئىنايەت ھەق تەئالا بۇ فەرزەندىمدە كۆپدۇر. ئاجايىپ ۋە
غارايىپ نىشانەلەر مۇشاھىدە قىلادۇرمەن، ئەۋۋەلقى نىشانە

ئۇلكى، تەۋەللۇد تاپقان كېچەسى ئافتاپدەك بىر نەمەرسە مې-
نىڭ قوينۇمغە كىردى. ئانىڭ نۇرى ئالەمنى مۇنەۋۋەر قىـ
لدۇر. سەھەر ۋاقتىدا خەبەر قىلدىلەركى، خۇدايى تەئالا بىر
ئوغۇل فەرزەند ئەتا قىلدى. ۋەختىكى كۆزۈم بۇ فەرزەندغە
تۇشتى. ئوشۇل نەۋئى مىقدار روشەنلىك مېنىڭ دىلىمدە
زاھىر بولدى. بۇ فەرزەندكى تۇغۇلدى. بى بەركەتلىك مې-
نىڭ ئۈيۈمدىن نا پەيدا بولدى. ھەر ۋاختىدە بۇ فەرزەند-
نى كۆرسەم ئافتاپتەك بىر نىمەرسە دىلىمغە تابىش قىلادۇر.»
ۋە يەنە موللا مۇھەممەد قاسىم ئېيتادۇركى: «بىرەۋ ھەزرە-
تى مەخدۇم ئەئزەمگە بىر ئات نىياز بەردى. ھەزرەتى مەخ-
دۇم ئەئزەم ئول ئاتنى سىزلەرگە بەردى. ھەزرەتى ئىشان
كەلان: ئات ماڭا مۇناسىپدۇر، دەپ تارتىپ ئالدىلەر.
ئىئراز تامام بىرلە ئەيدىلەر: ئاتنى ئۇلار ئالسا مەئنى
سىزنىڭ بولسۇن، دېدىلەر. بىز ۋاقىئەلەرنى مەن كۆرگەن
ئىشتكەن جەھەتتىن سىزلەرنى ۋەلى بەرھەق قىلىمەن» ھەز-
رەتى ئىشان قوبۇل قىلدىلەر. ئىرادەتلەرىغە داخىل بولدۇم.

ھەزرەتى ئىشان بەلخدە ئىكەندە پادىشاھ بەلخنىڭ بىر
ئوغلى بار ئەردى. ئاتىنى شاھ مۇھەممەد سۇلتان ئاتار
ئەردىلەر، كېسەل بولادى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەزرەتى ئى-
شان خاجە ئىسھاق ۋەلى ئاغرىغىنى كۆرگەلى باردى. سائەت-
دىن كېيىن خانغە خەبەر قىلدىلەركى: «سۇلتان فەۋت بول-
دى» دەپ، خان ئىزتەراب بىرلە كىرىپ كەلدىلەركى، فەر-
زەندى بىجان ياتادۇر. كەمال فەرىشانلىق بىرلە فەرزەن-
دىنى قۇچاقىغە ئالىپ كىرىپ، ھەزرەتى ئىشانىنىڭ ئاياغلە-
رىغە سالدى: «يا ھەزرەتىم، سىزلەرنىڭ ھەق تائەلا قاتى-
دە قۇربەتلەرى — مەنزىلەتلەرى باركى، دۇئا قىلسىلەر

شايەدكى، دۇئالەرنىڭ بەرەكاتىدىن بۇ فەرزەندىمىزغە ھاياتـ
لىق ئەتا قىلغاي» غەممازلار خانىنى تەنتەنە قىلدى. مولـلا
خورداكىنىڭ مۈرىدلەرى ئېيتادۇركى: «ئەگەر مولـلا ئىرىك
بولسا ئىرگۈزۈر ئەردى» دەپ تەنە قىلدى. ھەزرەتى
ئىشان ھەزرەتى ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا دەرگاھىغە تەھى
دىل بىرلە مۇناجات قىلىپ ئەيدىلەركى: «ئىلاھى بىھۇرمەتى
جەلال قۇدرەتىڭ ۋە كەمال ئەزەمەتىڭ بۇ بىچارەنى شەرـ
مەندە قىلماغىل. ئى دەستىگىرى بىچارەگان، ئى رەھىماـ
ئى مۇتەھەييىران ئىلاھى بىھۇرمەتى» بىئەۋلادى رەسۇل
ساز دۇئايى غەرىبان قوبۇل ئانچۇنان قىلدىلەر ـــ فەرىشـ
تەلەر ئاسماندە نالەگە كەلدى. ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا
دەرگاھىدە دۇئالەرى ئىجابەت بولدى. سۇلتان ئەتىسە ئۆرۈپ
يۈگۈرۈپ قوپتى. كەسرەتى شەۋقەتىدىن قوپۇپ باشلەرىدىن
ئۆرۈلگەي. ھەزرەتى ئىشان مەنئى قىلدىلەر. شەھرى بەلخ
ئىچرە پاش بولدىكى، «ھەزرەتى ئىشان ئۆلۈكنى تىرگۈزۈپـ
دۇرلەر» دەپ.

ئەمما ئىشتەمەك كېرەككى: ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسـ
ھاق ۋەلىغە ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمدىن ... رۇخسەت بولـ
ماپ ئەردى. ئەمما ھەزرەتى مەۋلانا لۇتفۇلـلاھ رۇخسەت
ئېرشاد بېرىلىپ ئەردى. لېكىن نىسبەت مەئنەۋى پىرلەردىن
ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمگە ئۆتۈپ ئەردى. ئول ۋەجھىدىن
ھەزرەتى مەۋلانا لۇتفۇللاھ نىسبەت ئەرگەشىپ، ھەزرەتى
مەخدۇم ئەئزەمگە ئىنابەت قىلدىلەر. ھەزرەتى مەخدۇم ئەئـ
زەم ئالەمى فانىدىن ئالەمى باقىغە ئىنتىقال قىلغانلەرىدە،
نىسبەت مەئنەۋى ھەزرەتى مەۋلاناغا قىلىپ ئەردى. ھەزـ
رەتى ئىشان ئىسھاق ۋەلى بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلۇر

ئەردىلەر. ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ
رۇخسەتلەرى بىرلە، ھەزرەتى مەۋلانا لۇتفۇللاھنى بۇخارا-
دىن چىرلاتىپ كېلىپ، ئاجىزەسىنى نىسبەت قىلىپ، مەئنىۋىكى
مەۋلانادا ئامانەت ئەردى، ھەزرەتى ئىشانغە تاپشۇردىلەر.
يارانلەرىغە ئەيدىلەركى: «ھەرنەكى مەندىن مەخدۇم ئەئ-
زەمدىن تەلەپ قىلۇر ئەردىڭىزلەر، ئەمدى ھەزرەتى ئىشانە-
دىن تەلەپ قىلدىڭىزلەر» دەب رۇخسەت ئىرشاد كۆللى بەر-
دىلەر. بۇ تەقدىر بىلە مەئنى ئىسھاقىيە سىنىنەلىبەرىدە
مۇرەككەپدۇر.

ئەمما ھەزرەتى ئىشان كەلان مۇرىدلەرى، مۇخلىسلەرى
ئېيتۇرلەر: «نىسبەتى مەئنىۋى ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمدىن
خاجە جۇيبارغە قالدى. ئاندىن ھەزرەتى ئىشان كەلانغە
قالدى» دەيدۇر. ھەقىقەتنى بىلگۇچى خۇدا. بەھەر ھال
ھەممە ئەۋلادلەرى مەئنىدىن خالى ئىمەس، ئەلەلخۇسۇس
ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلى ئانھەزرەت سەللەللاھۇ
ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈرەت ئارىز مۇبارەكلەرىغە ئوخشاش
ئەردى. ئول ۋەجھىدىن ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم ئېيتۇر
ئەردىلەر: «ھەر بارە ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ
ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋاقتەدە كۆرسەم ئۇشبۇ فەرزەند خاجە
ئىسھاق سۈرەتىدە نامايان بولادۇرلەر.» خاجە ئىسھاق ۋەلى-
نى كېلەدۇر دېسەلار ئىگىن ۋە دەستارلەرىنى كىيىپ ئولتۇ-
رۇر ئەردىلەر. ئۆي ئىچىرە كىرسەلەر تۆرە قوپۇپ تۇرار
ئەردىلەر. يارانلەر سورىسەلەر: «ۋەجى نە ئىكىن نارىسىدە
فەرزەندگە ئورۇنلەرىدىن قوپۇپ تەۋازۇئ قىلادۇرلەر؟» ھەز-
رەتى مەخدۇم ئەئزەم ئەيدىلەركى: «ئى ياران، سىزلەر
بۇ فەرزەنددىن بىخەبەرسىزلەر».

ھەر پارە ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمىنى ۋاقىتىدە كۆرسەم خاجە ئىسھاقنىڭ سۈرەتلەرىدە كۆرۈنەدۇر-لەر. بۇ فەرزەندىمنىڭ تۆرتىنچىسىدۇر، كۈن ھەم تۆرتىنچى ئاسمانىدادۇر. بۇ فەرزەندىم گويا ئافتاپ، ئۆزگە فەرزەندىم سىتارە مەسەللىك كۆرۈنەدۇر. بۇ فەرزەندىنىڭ بالاغەت كۈن-لەرىنى بىر سەبىل كامال تاپارلەر بەس. بۇ فەرزەندىنىڭ جامالىغە قارىسام دىلىمغە نۇر تابىش قىلادۇر. بۇ فەرزەند-كە، ھەزرەتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەۋازۇلەرىنى بەجا كەلتۈرەدۇرمەن. بۇ فەرزەندىنىڭ نەسلىدىن نەچەند ساھىب ۋىلايەت بولۇر، ئىنشائاللا ۋىلايەت نۇرى ئالەمنى مۇنەۋۋەر قىلۇر.»

ئەلقىسسە، ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلى ئەلەيھى رەھمەۋەر رىزۋان ياركەند، كاشغەر، خوتەن، ئاقسۇدا بولۇپ ئون ئىككى يىل ئەمەل ئىقامەت قىلدىغەر ۋە نەچچە كىشى-لەرنى راھى راستقە ئۈندەپ شەرىئەت مۇستافاغە رىۋاج بىرىپ ۋە نەچچە كىشىلەرنى ساھىب كەمال قىلىب ئاخىر سەمەرقەندگە رۇجۇئ قىلدىلەر. ھەزرەتى مۇھەممەد خاننىڭ بىر نەچچە مۇددەتتىن كىيىن ئەقىدەسى سۇسىت بولدى. ئەيدىكى: «بىزنىڭ ئابا ئەجدادىمىز سۇلتان ئەلق ئاتاغە ئىخلاس ئەقىدە قىلىب، مۇشكۇللەرنى ھەل قىلىب كەلگەن ئىكەن. مەن ھەم بارىب بۇلاردىن مەدەد ۋە ئىستىمداد تىلە-گۈمدۇر» دەب، جەمئى بىرلە راۋان بولدىلەر. بارىپ ئات، كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ ئاش قىلىب، دۇئا قىلادۇرغان ھالەت ئەردى. ئول بۇزادەرانى جاھان ۋە ھادى گومرەھان زامان بۇشتۇر خەلىفەھكى، ھەزرەتى ئىشان ئۆز ئورۇنلەرىدە بۇ تۆرت شەھەر ئىچىدە خەلىفە قىلىب كاشغەردە قويۇپ كىتىپ

ئەردىلەر. بۇ ھەزرەتنى ئۇشتۇر خەلىفەم مەردى پۇزۇزۇر
قەۋي چال، نەچچەندە مۇرىد تەربىيەت قىلغان خەلىفەتى
كىبارىدىن ئەردىلەر، غورۇر ھەيۋەت بىلە خاننىڭ ئارقەسى
سىدىن راۋان بولدىلەر. بارىپ ئول جەمىئىنىڭ ھوزۇرىدە
ھەزرەتى سۇلتان ئەلى ئاتانىڭ مۇبارەك قەبرەلەرىگە مىنىپ،
قول - ئاياغلەرى بىرلە دەبسىملەر خان باشلىق ھەممىلەر
كۆرۈپ ۋەھشەتكە قالدىلەر. شول ھالەتتە بىر ئەژدەرھا نامايا
يەن بولدى. خەلىفەمگە ھەملە قىلدى. خەلىفەم شەمشەر ھاۋ
ۋالە قىلغاي. شول ئەسنادە ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق
ۋەلى يېتىپ كېلىپ، شەمشەر بىلە ئەژدەرھانى ئىككى پارە
قىلدىلەر. خان باشلىغ ھەممىلەر بۇ سىرنى كۆزى بىلە
كۆرۈپ، گىريان نالان تەقسىر گويان ھەزرەتى ئىشاننىڭ
مۇبارەك قەدەملەرىگە يىقىلدىلەر. تەمام ئەمۋال ئەشيالەرنى
ھەم شەھەرلەرنى نىياز قىلىپ، ئىران ئىنايەت تازە
ئەيلەدىلەر.

**بەيت**

ئى كۆڭۈل كەلگىلكى ئەمدى ئەزم جانان ئەيلەلى،
تازە ئەيلەب كۆڭلىمىزنى ئەھدى مەھكەم ئەيلەلى.

بەس دۇرۇر بىر جانغە جانان نەيلەي ئەمدى ئۆزگەنى،
بارچەدىن ئىلغاي بىرەۋنى جاننى قۇربان ئەيلەلى.

مۇھەممەد خان ئۈچ مەرتىبە بۇ ۋىلايەتلەرنى ھەزرەتى
ئىشانغە نىياز قىلغان. قىسسەدارازدۇر كىم قىسقە قىلماق

ئەۋلا. تاكى ئەسلى مەقسىدى ئاخىرۇلئەمىر ھەزرەتى ئىشان ئالەمى خانىدىن، ئالەمى باقىغە رەبىئۇلئەۋۋەل ئايىنىڭ ئونى — يەكشەنبە كۈنى رىھلەت قىلدىلەر. «قالۇ ئىننالىللاھى ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن.» ئالتۇنلەرنى ئەسفىدۇكىدە دەفنە قىلدىلەر. ئەسفىدۇكنىڭ دەھبىدىنىڭ ئاراسىدە بىر نەھرى باردۇر. شىمال تەرەپى دەھبىددۇر، ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمنىڭ مەزار پۇر ئەنۋارلەرى دەھبىد ئىچىدەدۇر. ئەمما ھەزرەتى ئىشانىنى پەدەر بۇزۇرۇكۋارلەرىنىڭ ئاياغىدە دەفنە قىلماسلىقتە بائىس ئولكى، بىر كۈنى ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان نەقىل قىلىبدۇرلەركى: «ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىپدۇرلەر: ھەر كىشىنى مېنىڭ، ئوسمانىنىڭ ئارالىغىدە دەفنە قىلسە، بىشەك بېھىشتىدۇر. ئول ۋەجھىدىن ھەزرەتى ئوسمانىنى گورۇستان بەقىئنىڭ ئاياغىدە دەفنە قىلدىلەر. مەن فەقىرغە ھەم ئىلھام بولغان، ھەر كىشىكىم مېنىڭ فەرزەندىم خاجە ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئاراسىدە دەفنە قىلىنىبدۇر. ئول كىشى ھەم بېھىشتىدۇر» بۇ سەبەبتىن ۋەسىيەت قىلدىلەركى: ئەسفەدۇكىدە دەفنە قىلغايسىزلەر.

ئەمما مۇبارەك جەسەدى مۇتەبەررەكە مازارلەرىنى باغ بەلەندكە يۆتكەمەككە ھېكمەت بۇ ئەردىكى، ھەزرەت ئىشان يەتتە ياشار ئىكەنلەردە، ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم ئەلەيھى رەھمەۋەر رىزۋان باشلىغ جەمئىي يارانلەر بىلە كۆھەك دەرياسىدىن ئۆتەر ئەردىلەر. سۇنىڭ ناھايىتى كەلكۈنلۈك ۋەقتى ئەردى. خەلقەلەردىن ئىككىسىنى ئاققىزدى. ئۆتەرنىڭ ئىلاجى يوق ناچار ھالەتدە، ھەزرەتى شاھزادە خاجە ئىسھاق ۋەلىنىڭ غەيرەتى كەلدى. كېلىب دەريانى بىر تازىيانە سوقتىلەر. دەريا ئىككى بۆلۈندى، قۇرۇق يول زاھىر بولدى. ھەممەلەرى

ئۆتتىلەر. لېكىن ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم قەددىسە سىررەھۇدىن مۇبارەك لەفزىلارىدىن جارى بولدىكى: «ئى فەرزەندى، بىزنىڭ ئالدىمىزدا سۇغە گۇستاخلىق قىلدىڭىز، ئاخىر سۇ ئىنتىقامىنى ئالماي قويماس» ئول ئەردىكى، ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلىنىڭ مازار ئەنۋارلەرىغە فەيزى ئاسارلەرىغە سۇ ياقىن يەتكەچ سەمەرقەنىد پادىشاھى بىشارەت تاپىپ جەسەد مازارلەرىنى يۆتكەپ، باغ بەلەنددە دەفنە قىلدىلەر. باغ بەلەند دېمەكنىڭ ۋەجھى ئولكى: سەمەرقەند پادىشاھىنىڭ باغى مەلىك ئىمارەتى ئەردى. ھەممەدىن ھەزرەتى ئىشانىڭ مازارلەرىغە ۋەقفى قىلدى، ھالا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلەرىنىڭ تەسەررۇفىدادۇر.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلىدىن ئىككى ئوغۇل قالدى. بىرلەرى، سۇمرۇغى قافى ھۇمايى ئەۋجى سەئادەت ئافتابى مىللەت دىن يەنى قۇتبۇلئەقتاب خاجە قۇتبىددىنكى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلەرى باغ بەلەندىدە مازار ئاستانەغە دۇئا گۇيدۇرلەر. يەنە بىرلەرى، سەئادەت نىشان ھەزرەتى نادىرىز زەمان ھىدايەت يولىغە ھادى يەنى ھەزرەتى خاجە شادى خاجەم قەددىسە سىررەھۇ كاشغەر زېمىندە، مازار فەيزى ئاسارلەرى ياركەندىدە دۇرلەر. ئەمما يەنە بىر ئوغۇللەرىدىكى، خاجە شەھباز ۋەلى قەددىسە سىررەھۇلئەزىز ئاقسۇدا يەتتە ياشلەرىدە رىھلەت تاپىپ ئەردىلەر. ئۇلارنىڭ مۇبارەك ئالتۇنلەرىنى ئاقسۇلۇق مۇرىد مۇخلىسلەرىمغە زىيارەتگاھ بولغاي دەپ ئاقسۇ ۋىلايەتىدە ئالتۇندە دەفنە تاپتىلەر. ئاندا مازار ئالىي دۇرلەر. ھەزرەتى يەھيا خاجەم ئەردىلەر. ھەزرەتى ئىشان خاجە خاجە شادى خاجەم پادىشاھىنىڭ ئىسىم شەرىفلەرى خاجە يەھيا خاجەم ئەردىلەر. ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلى ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان بۇ دىيارلاردىن يا-

تۆرلەرىدە ھەرقايسى شەھەرلەرگە خەلىپە تەيىن قىلىشىدا
چۈنانچە كاشغەرغە ھەزرەتى ئۈشتۈر خەلىپەمنى، يېڭىھسارغا
خاجە قاسىم خەلىپەمنى، خوتەنگە ئىبنى يۇسۇف خەلىپەمنى
پايتەخت مۇغۇلىستان ياركەندگە ھەزرەتى خاجە شادى خاجەم
پادىشاھنى ئۆز سەججادەلەرىدە ئولتۇرغۇزۇپ رۇجۇئ ئەيلە-
دىلەر. ھەزرەتى شادى خاجەم ئەزىزلەر نەچچەنىدە ۋەقىت
غەفلەتتە قالغان گۇمراھلارنى ھىدايەتكە ئۈندەپ ئىرشادىدا
ئولتۇرغۇزۇپ، نەچچە كىشىلەرنى كامىل ۋە مۇكەممەل قىلدى-
لەر. ئول ۋاقىتدا ھەزرەتى ئىشان كالانىنىڭ ئوغلانلەرى
ھەزرەتى خاجە مۇھەممەد يۇسۇف، ھەزرەتى خاجە ئافاق
ئىسىم ئەسلىلەرى خاجە ھىدايەت خاجەم بۇ ئىككىلەرى كاش-
غەرغە تەشرىف كەلتۈردىلەر. كاشغەر خەلقى ئۇلارنىڭ ئەئزاز
ئىكراملەرىنى بەجا كەلتۈردىلەر. ئول ۋاقىتدا ئابدۇللاھخان
ياركەندە ئوغلى يولبارس سۇلتان ئابدۇللاھ خانغە گۇستاخ-
لىق قىلىپ ئىتائىتىنى مەھكەم تۇتماس ئەردى. ئەمما ھەز-
رەتى خاجە ئافاققە بىسيار ئەئزاز ئىكرام ئىلتىپات قىلىپ
تۇرار ئەردى. بىر كۈنى خان راۋاقتىن كۆردىكى جەمئىي
فىيادە، بىر كىشى خەر سۇۋارە كېتىپ بارادۇر. خان سورى-
دى: «ئۇلار كىمدۇر؟» خاننىڭ نەۋكەرلىرى ئېيتتىكى: «خاجە
مۇھەممەد يۇسۇفدۇر.» سۇلتان زەررىن ئىگەر توقۇمى بىلە
ئارغىماقنى چىقاردى. خاجە مۇھەممەد يۇسۇف تۇشۇپ ئاتقە
مىنىپ يەنە ئېشەككە مىندى. ئاتقە خاجە ئافاقنى مىندۇردى.
سورىدىلەركى: «ئى خاجە ئافاق، ئۆزىڭىزنى نىچۈك كۆرەر-
سىز؟» ئەيدىلەركى. «ئۆزۈمنى بىر پادىشاھى جاھان كۆرە-
دۇرمەن» ئول ئەردىكى: ھەزرەتى ئافاق بىسۇرەت پادىشاھ
تۆمۈر كۆچۈردى. ھەزرەتى شادى خاجەم قەددەسەللاھۇ

سىررە ھۆلئەزىز ھەم كاشغەردەكى ئۆزلەرىنىڭ مۆلگى نىيازلەرىنى بۆلارغە تۆھپە قىلدىلەر. كاشغەر خەلقى ھەم ئۇلۇغ-كىچىك ھەممەلەرى بۆلارغە ۋاستە ئىرادەت قىلىب مۇرىد بولدىلەر.

ئەمما سەرپەنجەئى قازا ھەزرەتى ئىشان خاجە شادى خاجەم پادىشاھ ئەزىزلارغە گەرىبانگىر بولدى. «كۇللۇ نەفسىن زائىقە تۇلمەۋت»① جانىنى ئەجەل ئىلكى بىلەن تەناۋۇل قىلىب، تەقدىر ئەزەلى ھۆكمىغە ئىنقىياد قىلدىلەر. گويا ياركەند ئىچرە ماتەم مۇسىبەتدىن قىيامەت تازە بولدى. خان باشلىق ھەممەلەرى ئۇلۇما ۋە فۇزۇلالار، ئەمىرلەر، ئامۇخاس ھەممە ئەھلى مەملىكەتلەر تەزىيەت تۇتۇپ، ئاھ-ۋاھ ئەيلەب، ۋا مۇسىبەتا بىلە دەفنە قىلدىلەر. «قالۇئىننالىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن.»

ئىككى مەخدۇمزادە ئۇلاردىن يادىگار قالدى. بىرلەرى سەمەرى شەجەرەئى ۋىلايەت سەرۋەرى جۇيبار سەئادەت خاجە ئۇبەيدۇللا خاجەم پادىشاھ. يەنە بىرلەرى ساخاۋەت ئىقلىمىنىڭ شاھى ۋە شارافەت سەلتەنەتىنىڭ شاھىنشاھى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ قەددىسە سىررەھۇ نەچچەند خەلىفەئى ساھىب بەھرەلەر ھەم بار ئەردى. بۇ ئىككى نارىسىدە مەخدۇمزادەلەرنىڭ زاھىرەن باتىنەن تەربىيەتلەرىگە مەشغۇل بولدىلەر. ئىسمائىلخان ھەم ئەئزاز ئىكراملار قىلۇر ئەردىلەر. بۇ ئىككى پىر زادەلەرنى پەدەرلەرى ئورنىدا كۆرەر ئەردى. چەراكى خان دەستى ئىرادەت قىلغان.

① «ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر،» قۇرئان كەرىم، سۈرە ئەنبىيا، 35 — ئايەتتىن.

## بەيت

پادىشاھا كەرىمىڭدىن ساڭا بىر ئەرزىم بار،
ئانچەكىم قىلدىڭ ئۇلۇغلارغە كىچىككىم ئۇنى بىلە
گەرچە ئول مۇنداكىچىكدۇر، خۇدا نەزدىدە چوڭ،
بۇ ئۇلۇغلۇق فەقىرانى دۇئاسىدىن بىل.

ھەزرەتى خاجە مۇھەممەد يۇسۇف خاجەم كاشغەردىن ياركەندگە كەلدىلەر. ياكى خان چىرلاماغى بىرلە ياكى فاتىھە تەزىيەت فاتىھە ئوتتۇماغلىق ئۈچۈن، خان باشلىق ھەممە مەملىكەت كەمال تەۋازۇلەرنى قىلدىلەر، مېھماندارلىق ھەم قىلدىلەر. ئاخىر خاننىڭ كۆڭلىغە تۈشتىكى، ھەزرەتى مۇھەممەد يۇسۇفگە ھەم ئىرادەت قىلغاي. بۇ سۆز خەلق ئارا مەشھۇر بولدى. جەزمى قىلدىكى: «تاڭلا ئۆلۇما ۋە ئەمىرلەرنى جەمئى قىلىپ، ئىرادەت قىلغايمەن». شول كۈنى ھەزرەتى خاجە شادى خاجەم پادىشاھنىڭ خەلفەلەرى جەمئى بولۇپ، ئىككى ئەزىز مەخدۇمزادەنى بويۇنلەرىغە كۆتەرىپ، جەمئىنىڭ ھوزۇرىدا خانغە ئەرز قىلدىكى: «يا پادىشاھى ئادالەت پاناھ، دادكى بىرونىڭ مۇلكى مالىنى بىرونىڭ تەسەررۇف قىلماغى بىھەسبىشەرىئەت ۋە ئادالەت راۋامۇدۇر؟» خان سورىدىكى: «ۋاقىئە نەدۇر؟» خەلفەلەر ئەيدىكى: «خان باشلىغىن ھەممەلەرى بىزنىڭ پىرىمىزغە ئىنابەت قىلىب ئىدىلەر. پىرىمىزنىڭ جەسەدلەرى بولماغان بىرلە، روھلەرى ھازىردۇرلەر. ئىككى مەخدۇمزادەمىز باركى ئەگەر نارىسىدە دۇرلەر. ئەمما كارلارى رەسىدە نەچەند خەلفەلەرىمىز باركى

ئەگەرچە ھەقىر نامادۇرمىز، رۇخسەت كەردە گامىلدۇرمىز ۋە مۇكەممەلدۇرمىز ئەلھەمدۇلىللاكى، پىرىمىز سەججادەلەرنى خالى ۋە مۇئەتتەل قىلماي بىنەۋئى سىلسىلەئى خاجەگانغە زىب - ئارايىش ۋە جۇنبىش بېرىپ ئولتۇرۇپدۇرمىز. ھالا ئىشتەدۇرمىزكى، تاگلا خاجە مۇھەممەد يۇسۇف ئەزىزغە خان ئىرادەت قىلۇر ئىمىش. بائىس نەدۇركى. ئۆز مۇرشىدىدىن يۈز ئۆرۈپ، يەنە بىر مۇرشىدغە يۈز كەلتۈرگەي؟ ئەگەر دەلىل بۇرھان كەرامات تەلەپ قىلسەلەر قايىلدۇرمىز. مۇرەببىمىز خۇدا رەسۇل، ئاندىن پىرىمىزدۇرلەر. ئەگەر زۇئمە قىلسەلەر رۇخسەت بەرگەيلەركى مەخدۇمزادەلەرىمىزنى ۋە پىرىمىزنىڭ مۇبارەك جەسەدلەرنى ئېلىپ ھەممەمىز بەدەر كەتكەيمىز». خان خەفە بولۇپ ھەيرەتكە قالدى. ھېچ تەرەپكە ھۆكۈم سۇرمەدىلەر. سائەتدىن كېيىن ئەيدىكى: «ئى خەلفەلەر! بۇ كىچە سىزلەر تەۋەججۇھ قىلساگىز» باشىنى تۆبەن سالىپ يەنە ئەيدى: «ھەزرەتى خاجە مۇھەممەد يۇسۇف ھەم تەۋەججۇھ قىلسەلەر، شايەدكى بىر ئىشپادە مەلۇم بولغاي. تاگلا جەۋاب بېرەي. دەرۋىشلەر كارىنى دەرۋىشلەر خوپ بىلۇرلەر. چەراكى ھەر كىشى ئۆز ھۇنەردە كامىلدۇر.»

بەيت

ھەر دىلىرا ۋەلى تەۋانەد دىد
مۇستافارا ئەلى تەۋانەد دىد ①

① ھەر دىلنى ئەۋلىيا كۆرەلەيدۇ (چۈشىنىدۇ) مۇستافا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى ئەلى كۆرەلەيدۇ.

بۇ كېچە دەرۋىشلەر چۈنانچە تەۋەججۇغا يۈز كەلتۈرۈپ دىلەر. ئۆزلەرىنى بۇ دۇنيايى دۇندىن ماسىۋادىن قەتئى قىد- لىپ، جانابى ھەققە يۈزلەنىپ، تامام غەيرەت ھىممەتلەرىنى باتىنلەرى قەيدىغە ئالىپ، بىر بىرلەرى قەسدىغە تۇشتىلەر. خۇسۇسەن ئۇشتۇر خەلفەمنىڭ ئوغلانلەرى بار ئىدىكى، گويا ئۇشتۇرمەست ئەردى. ئاغزى پۈر كۆپۈك، كۆزى گوياكى كا- سەخۇن پۈر چۈنۈن مەست مۇستەغرىق ئىدىلەر. گاھى ئۆزى- دىن كېتىپ پۈرشۈردە ئەردىلەر. بۇلارنى غەيرەتكە يۈزلەن- دۈرگەن بۇ كىشى ئەردى.

ئەمما راۋى ئانداغ رىۋايەت قىلۇرلەركىم: ئىسمائىلخان تۈش كۆردىكى: بىر ئۇلۇغ ئاق تىيۋە تاشقارىدىن شەھەرگە كىردى. ئالتۇن بۇزۇرۇكۋاردىن بىر كىچىك تىيۋە چىقىپ كۈشتىن ئىلىشتىلەر. كۈرىشە - كۈرمشە ئاخىر كىچىك تىيۋە، چوڭ تىيۋەنى ئالدى. خان بىدار بولدى. بىلدىكى ۋاقىئە ئۆزگە بولدى. تاڭلاسى ھەزرەتى خاجە مۇھەممەد يۈسۈف ئەزىز خانغە مۇلاقات بولماي كاشغەرغە ئەزىم راھ ئەيلە- دىلەر. بىر كۈنلۈك يول يۈرۈب ئىدىلەر، يېڭىھىسارنىڭ توپ- لۇق دېگەن مەۋزەئىدە «ئەلمەۋتۇ جەسرۇن، يۇسەلۇ ئىلەل- ھەبىبى»① مەزمۇنى بىلەن بۇ ئالەم فانىدىن ئالەم باقىغە رىھلەت قىلدىلەر. ھەزرەتى خاجە ئافاق ئەزىز كاشغەردىن كېلىپ، مۇبارەك جەسەدلەرىنى ئالىب بارىپ «ياغدۇ» مەۋزە- ئىدا دەفنە قىلدىلەر. كاشغەر خەلقىدىن غەرۇ قوپتى. فەر- يادىنى فەلەككە يەتكۈزدىلەر.

ئەمما مەخدۇمزادە خاجەملەر ياركەندى ئىچىرە

① «ئۆلۈم دېگەن بىر كۆۋرۈك، ئۇ، دوستنى دوستقا ئۇچراشتۇرىدۇ.»

رىۋاجى زىيادە ئۆرلەدى. يېڭى ئىرادەت قىلغانلەر ئەقىدە ئىخلاسى مەھكەم بولدى، ئىرادەت قىلمىغانلەر شەرۋۇ ئىرادەت ئەيلەدىلەر. ئىسمائىلخان بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن خاجە ئاپاق خاجەمنى كاشغەردىن ھەيدەپ چىقاردى-لەر. كاشغەردە ئىسمائىلخاننىڭ ئوغلى بەباق سۇلتاننى ئولتۇرغۇزدىلەر. بۇ شەھەرلەر ئانچىنان ئاباد بولدىلەر. ئىل-گەرى - كېيىن مۇنداغ بولغان ئەمەس. ئون يىل رەئايا فەقىرلەر بىلمەدىلەركى، بۇ دىيارلار ئىچىرە سىپاھى بارمۇ يا يوقمۇ؟ زۇلۇم سىتەم سۆزى قۇلاققە ئاڭلانمەدى. ئۆلۇما ۋە فازىللەرغە رىۋاج تامام بولدى. شەرىئەت مۇستافا روناق تاپتى.

بىر كۈنى خان تەخت ئۆزرە ئولتۇرۇپ كۆردىلەركى، جەمىئى ئۆلۇمالەر ئورداغە كېلەدۇر. خەلق دەرمەھەل مۇ-ناجەتقا تىل ئاچتى، ئەيدىكى: «يا ئىلاھەل ئالەمىن، بۇ ئاسى روسىيەگە مۇنچە ئابروي بېرىپسەن. مۇنچە ئالىجاناب ئالىم ۋە فازىللەر، مېنىڭ ئۆيۈمگە بى تەكلىپ، بىتەلەپ تەشرىف كەلتۈرەدۇرلەر. بۇ فەزلى كەرەمنىڭ شۈكرانەسىنى قاچانغىچە ئادا قىلغايمەن؟ ئەگەر يۈزمىڭ زەبانىم بولسە، تا قىيام قىيامەتكىچە تامام قىلالمىغايمەن».

ھەمدۇ - سەنا شۈكرىدىن فارىغ بولغۇنچە، ئۆلۇمالەر خاتىرلەرىغە كېلتۈرمەكنى دەپ خان ئىززى بەردىلەر. ئۆلۇما-لەر كىردىلەر. خان ئۆزرە قويىدى ۋە بايانى شۈكرى ئەيلەدى. ئۆلۇمالەر خاتىرلەرى خوش بولدى.

بەيت

كەلگىل ئى ساقى كى ئىشرەت جامىنى ئىلكىڭگە ئال،

ھەۋەسىم ئاچىشى تەرەپ دەۋرىدۇر، دەۋرى شاھى ئادىلى ئالەم

ھەزرەتى خاجە ئۇبەيدۇللا ئەزىز كىچىك ۋەفات تاپ-
تىلەر. ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم نەچچە مۇددەت ئۆ-
مۈر كەچۈردىلەر. خەلقنى ھىدايەتكە باشلاپ، مەسنەدى سەج-
جادەدە ساھىب ئىرشادلىق تەرىقەسىدە روزىگار ئۆتكەزدىلەر.
لېكىن ساللەرى قىرىققە يەتمەي ۋەفات بولدىلەر. بولاردىن
ئىككى شاھزادە ئەزىز مەخدۇم يادىكار قالدى. بىر بىرلەرى
گويا سەيادەت گۈلشەنىنىڭ غۇنچەئى خەندانى، شەرافەت
مەئدەنىنىڭ لەئلى سىرابى ھەزرەتى ئاي خاجەمكى، ئىسىم
شەرىفلەرى ھەزرەتى خاجە شۇئەيب خاجەم پادىشاھ، يەنە
مۇلاھەت گۈلشەنىنىڭ سەدرە نەشىنى، سەردەفتەرى ساھىب
مەركەسىنىڭ نامدار تاج سەرۋەرى — ئىسىم شەرىفلەرى
ھەزرەتى دانىيال خاجەم پادىشاھدۇرلەر. بىر نەچچە كۈن ئۆمە-
رىنى كەمال ئابرۇي بىلە ئىززەت تەختىدە بەر قارار بول-
دىلەر. خان باشلىق ھەممەلەر مەخدۇمزادەمىز دەپ، ئەزاز
ئىكراملەرنى بەجا كەلتۈردىلەر.

ئەمما ھېكايە ئىشتىمەك كېرەككىم: خاجە ئافاق خاجەم-
دىنكىم، ئىسمائىلخان كاشغەردىن ھايداپ چىقارغاندا، خىراج
قىلىپ شەھەر بىشەھەر يۈرۈپ، كەشمىر بىلە ئۆزلەرى چىن
مەملىكىتىگە تۈشتى. ئاندىن جو دېگەن يۇرتقە بارىپ، بۇت-
خانەگە تۈشتى. چىن كافىرلەرىدىن بەرەھمەنلەر بار ئەردى.
رىيازەت بىلە ھاسىل قىلغان ئىستىدراج كۆرسەتىپ، پەند
بىرلە كافىرلارنىڭ دىنىدىن يالغانلەرىنى بەرچا تۇتار ئەردى.
بىر ئىبادەتخانەسى بار ئەردىكى، بارچە كافىرلار ئاندا
يىغىن تۈزەتتى. قەدەم شىرنەلەرى ئاندا كەلدىلەر. كافىر-
لار ئەنۋائى تۈرلۈك خارىقە ئادەت كەشف - كارامەت پەگ-

لمغ ئستىدرا جلارنى كۆركۆزۈپ، ھەممەلەرى جىالالىرىنى ئافتاپ زەررەسىگە ئېسىپ قويغان ئەردي. بۆلارنىڭ كارامەتلەرىدىن ھەرنە بارىنىڭ جالاسى يەرگە تۆشتى. بۆ كافىرلار ھەيران قالدىكى: «بۆ نىچۆك كىشىدۆر؟»

ئاخىر ھەممەلەرى مۆراقىبەگە كەتتىلەر، خاجە ئافاق ھەم ئالەمۆل غەيىپىدا تەۋەججۆدا بولدىلار. ئاخىرىلئەمر ئىمانىنىڭ شارافەتىدىن ئانداغ بىر كۆھ سەددى بولدىكى، ئەرشىدىن تافەرشىغىچە زەررەئى شىكاف قالمادي. ناچار كافىرلار ئىنقىياد قىلىب سوئال قىلدىكى: «كىمدۆرسىز؟ قايسى تەرەفدىن كېلۆرسىز؟» ھەزرەت ئەيدىلەر مەن: «مۆسۆلمان فىرقەلەرىنىڭ ئالىم، سەييىد زادەسىدۆرمەن. خۆسۆسەن ياركەند، كاشغەر خەلقى مۆرىد،مۆخلىسىم ئەردى. ھالا بۆ شەھەرلەرنىبىرەۋ مەندىن سويوپ ئالدى ۋە مېنى قوغلاپ چىقاردى. سىزدىن ئىلتىماس قىلادۆرمەنكى، كىشى بۆيىرۆپ مېنىڭ يۆرتۆمنى قولۆمغە ئالىپ بەركەيسىز»

بەرەھمەن ئەيدى: «بۆ يەردىن ئۆ يەرگە لەشكەربارماغى دىشۋار» دەپ قالماققەخەت پۆتتى:

«ئى بىشەۋكەتى خان، ئافاق بىسيار ئۆلۆغ، ئۆز دىنىدا كامىل مۆكەممەل كىشىدۆر. كاشغەرنىڭ، ياركەندنىڭ خاجەسى ئىكەن. ئىسمائىلخان دېگەن مۆنىڭ يۆرتىنى سويوپ ئالىبتۆر. كېرەككى لەشكەر ئىبەرىپ، يۆرتىنى قولىغە ئالىپ بەركەيسەن ۋە ئەگەر سەۋەپ قىلماسەڭ مۆشكۆل بولغۆسىدۆر.»

خاجە ئافاق بۇ خەتنى ئېلىپ، قالماق تۆرەسىگە يەتكۈزدى. تۆرە كامال تەۋازۇ بىرلە خەتكە ئەمەل قىلىپ، ئۆز لەشكەرى بىرلە كاشغەرغە يۈزلەندى.

كاشغەر خەلقىغە ئاڭلاندىكى: «خاجە ئافاق بىشەۋكەتنى دېگەن كافىرنى ھىماتى قىلىپ كېلىپدۇرمىش» دەپ، يابىاق سۇلتان لەشكەرى بىرلە چىقىپ روبىرو بولدىلەر. كافىرلار غالىپ بولۇپ باباق سۇلتانغە ئوق تېگىپ، شەربەتى شەھادەت نۆش قىلدىلەر. «قالۇ ئىننا لىللاھى ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن». ئاخىرىلئەمر ناچار كاشغەر خەلقى ئىتائەت قىلدى. كاشغەرنى جابەجا قىلىپ ياركەندكە يۈز كەلتۈردى. ياركەنددىن ئىسمائىلخان قالىن لەشكەر بىلە چىقىپ، جەڭ تۈزدىلەر. لېكىن فەتھى نۇسرەت تەقدىر ئەزەلى بىرلە نۇسرەت خان تەرەفىدە ئەمەس ئەردى. ئول ۋەجھىدىن ياركەند ھاكىمىغە ئوق تەگدى. شەھىد بولدى. خان بەنۇرى پىناراسەت بىلدىكى، نەھۇسەت ئۆز تەرەفىندە، فەتھى زەفەر كافىرلار تەرەفىدە، ئەگەر بىسيار جەڭ قىلسەلەر، خەلققە ئازار كۆپ يېتەدۇر دەپ، خان ئۆز بەگلەرى بىرلە چىقتى. خان شەھەر خەلقىغە ۋەسىيەت قىلىپ ئەردىكى: «بۇ ئىككى مەخدۇمزادەنى بىباش قىلىپ، شەھەرنى مەھكەم قىلغايسىزلەر. ئېيتقايسىزلەركى: «ئەگەر ئۆز دىنىمىزچە قويۇپ، ئۆزىمىزدىن سەردار قويسەڭىزلەر دەرۋازەنى ئاچادۇرمىز. ئەگەر ئانداغ بولمىسا، ئاچمايدۇرمىز».

ئاخىر بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن دەرۋازەنى ئاچتىلەر. ھەزرەتنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، خاجە يەھيا خان خاجە ھەزرەتنىڭ ئۇلۇغ ئوغلىدۇر. ئۇنى كاشغەر

تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىسمائىلخاننى جەمئىي ئەفرادى بىلە ئالىپ ياندىلەر. ئەمما ئىلى ئاغدە خانلەر ماكان ئىقامەت تۇتماغى ئاندىندۇر.

ئەمما قالماقلار يانۇر بولدىلەر. ھەزرەتى خاجە ئافاق ئەھلى مەملىكەت مەشۋەرتى بىلە، قالماقلار بۇ خىزمەتىگە قۇرۇق يانماسۇن دەپ، مىڭ تون، مىڭ تەڭگە ھېساپ قىلىپ، سەرۇپاي ئىنئام قىلدىلەر. كېيىنكى زاماندا مىڭ تەڭگەگە مىڭ تون مودەس بولۇپ قالدى.

ئاندىن سائەت بىسائەت ئەھلى بىد ئەتلەر ئەزبىرايى خوش ئاماد زىيادە قىلدىلەر. ئول ۋەقتىتىن تا بۇ ۋەقتىغىچە رەئايا ۋە فۇقرالەر باشلەرىدىن ئۇلۇغ ئالبان خالى بولمايدۇر. ھەزرەتى خاجە ئافاق تەخت سەلتەنەتدە بەر قارار بولدىلەر. لېكىن بۇ ئىككى مەخدۇمزادە خاجەملەر بىرلە، تەخت سەلتەنەتتە مۇۋافىقەتچىلىك ئەتمىدى. ئول ۋەجھىدىن ئىسمائىلخانىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىن خاننى ئىتتىپاق بىرلە تۇرغانىدىن ئالىپ كېلىپ، تەختدە ئولتۇرغۇزدىلەر. مۇھەممەد ئىمىن خانىڭ ھەمشىرەسى ھەزرەتى خاجە ئافاققە نىسبەت تاپقان ئەردى. ھەزرەتكە دەستى ئىرادەت قىلىپ، ئىلىغە لەشكەر تارتىپ، قالماقلاردىن بىسيار كىشى ئەسىر قىلىپ كەلدى. نەچچەند تۆرەلەر ھەم قولغە تۈشتى. نەچچەند مۇددەتتىن كېيىن سوفىلار سەركەش بولدىلەر. ھەر تەرىقەلىق نامەشرۇئ ئىشلەرنى قىلا باشلەدى. ھەزرەتكە ئاگلاتمادىلەر. مۇھەممەد ئىمىن خان ئۆز ۋەھمىدىن قورقۇپ، قاچىپ چىقتىلەر. ئاخىر خاننى بىر بەد سىگال دەۋانە سوفى شەھىد قىلدى. ئەمما خاجە ئافاق خاجەم تەخت سەلتەنەتدە

بەر قارار ئەيدىلەر.

ئەمما قىسسە داستان ئىشتىمەك كېرەككىم، ئول ئىككى مەخدۇمزادەئى نامدار ئەۋلادى ھەيدەرى كەررار يەنى ھەزرەتى شۇ ئەيسپ خاجەم، ھەزرەتى دانيال خاجەم ئەللەيھى رەھمەۋەر رىزۋاندىن؛ بۇ ئىككى مەخدۇمزادەلەر كۆردىلەركى، ھەزرەت (ئافاق) تەخت سەلتەنەتدە سوفى دەرۋانسەلەرنىڭ ئەۋزائى بۇزۇق، شەھزادەلەر ۋەقتىنى غەنىمەت بىلىب، ئۆز تابەلەرنىڭ بەزىلەرىنى ھەمراھ قىلىب ۋە بەزىسى خەير باد قىلىب، كەنارە تۇتۇپ كەشمىردە ئىقامەت قىلدىلەر. بىرنەچچە زاماندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئىككى خەلىفەلەرى بىر كېچە ئالتۇن مازاراتىنى زىيارەت قىلىب، يۇرۇر ئەردىلەر، دەۋانە كورلار ئۇچراپ، بۇلارنى ھەقارەت بىرلە سۆدىرەپ، ھەزرەتى خاجە ئافاق قاشلەرىغە ئالىب كەلدى. ھەزرەتى خاجە ئافاق سورىدىلەركى: «سىزلەر نە كىشىلەر» بولار دىدىلەر: «بىز ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئەۋلادلەرى مەخدۇمزادەلەرنىڭ كىشىلىرىدۇرمىز.»

ھەزرەت ئۆز سوفىلىرىغە غەزەپ قىلدى. ئەدەپ ھەم بەردىلەر. بۇلەرغە ئىلتىپات تامام ئەيلەب ئەيدىلەركى: «بىز بىر پۇشتىنىڭ ئەۋلادىدۇرمىز. ئاتا - ئەجدادىمىز مۇنداق مۇنازىئەت ۋە مۇخالىفەت قىلىشمىغان بولسا، بىزلەردىن نەلازىمكى ئاراغە مۇخالىفەت تۇزگەيمىز. بەلكى ئارادەكى شەككاكلەرنى كۆتەرگەيمىز، ئەنۋائى ئىختىلاف ھەم كۆتەرىلگەي».

## بەيت

يارەب ئەتكىل دەفئى قىل شەككاك ھەم بەد خاھنى،
تاكى بولغايلەر ئىككو بىزگە ئاداۋەتتىن خالاس.

يەنە ھەزرەت سورىدىلەر: «بۇ مەخدۇمزادەلەرنىڭ نىياز ئابىنى زىيمىنلەرى بارمىدى؟» خەلىفەلەر ئەيدىلەركى: «كاشغەردە فەيزى ئاباد، ياركەندە توققۇز كەنتنى، خوتەندە ئاق سارايىنى خان نەزرە قىلىپ ئىدىلەر. بۇ يەرلەرنىڭ ھوسۇلاتىنى خانىقاھغە بىرىپ تۇرار ئەردىلەر»
ھەزرەت ھۆكۈم قىلدى: «ھالاھەم بۇرۇنقى تەرىقە بىرلە بۇ يەرلەرنىڭ ھوسۇلىنى سىزلەرگە بىرىپ تۇرسۇن. يەنە ھەم يارەنلەرىڭلە بولسە ھەم جەمئى بولۇپ، ئابرۇي بىلە يۈرگەيسىزلەر. بەلكى مەخدۇمزادەلەرگە ھەم كىشى ئىبەرگەيسىزلەر ئۇلار كەلگەيلەر. ھەر نەرسەكى بىزگە بولاردۇر دۇنياۋى، خاھ ئاخىرەۋى، تەڭ شىرىك كۆرگەيسىز» دەپ، بىسيار مەرھەمەتلەر قىلدى. خەلىفەلەر ھەر گۇشەدا تارقىغان تابەلەرى جەمئى بولۇپ، ئالتۇن مازاراتنى جاي تۇتۇپ، بۇ ھوسۇلاتنى خەرجى خىراجەت ئېيلەپ، مەخدۇمزادەلەرگە تۆھپە قىلىپ، بىر نەچچە مۇددەت ئابرۇي بىلە تۇردىلەر. ھىچ كىشى ئازار بەرمەندى، مەخدۇمزادەلەرگە خەلىفەلەر نەچچە نۆبەت كىتابەت قىلىپ ئىبەردىلەر. ئۇشبۇ مەزمۇندەكى: «بىز غۇلاملارنىڭ ۋاقىئات

ئەھۋالىمىز بۇ تەرىقەلىقدۇر: ھەزرەتىنىڭ بىزگە ئىلتىفاتلىرى كۆپ بار. ھەر بارە مەخدۇمزادەلەر كەلسەلەر، بۇ دۆلەت ئىززەتىنى شىرىك كۆرسەك دەيدۇر. ئەگەر تەشرىفىنى قەدەم قىلسەلەر، بىھراقتۇر. نامە تامام ۋەسسەلام.»

نامە بىسيار بارغانىدىن مەزمۇنى تەسىر قىلىدى. بۇ تەرەپكە كەلمەكنى ھەۋەس قىلدىلەر ۋە ھەر نىچچە قەدەم قويار بولسەلەر ئىدىلەر، لېكىن بىدىللىق كۆتەرىلمەس ئەردى. ئاخىر تەقدىر ئىلاھى بىرلە سانجۇغە تەشرىف كەلتۈردىلەر. نامە پۈتۈلەرگى: «ئى ئەۋجى سائادەت ۋە ماھتابى بۇرجى شارافەت، ئى جاھان سەھىفەسىدە يىگانە — تاق يەنى ھەزرەتى خاجەئى ئافاق، بىزلەر سىزلەرنىڭ ئىزنەلىرى بىرلە ياركەند ئەزمى ئۈچۈن، سانجۇغە قەدەم كەلتۈردۇق. ئەۋۋەل بىر پۇشت ئەۋلاددۇرمىز، خىشلىق ھەققىمىز بار. ئىككىنچى، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغە فەند غەلەت بەرمەك يوق. خۇسۇسەن بىزنىڭ جەددىمىز خەلققە بايانى شەرئى ئىسلام قىلىب كەلگەن. بۇلاردىن ئۆزگەلەر دىن رەسمىنى ئۆرگۈنۈبدۇر. كىبرەككى ئۆزگەلەر سىزلەردىن، بىزلەردىن ئىسلامنىڭ تەلىمىنى ئالغايلەر. بىزلەرگە ئىتمىنان خاتىر بولغىدەك، ئۆز مۆھۈرلەرنى بېسىپ خەت ئىبەرسىلەر، ئېمىن بولۇپ بارغايمىز.»

نامە ھەزرەتكە يەتكەچ خوشۋەقت خۇررەم بولۇپ جاۋابنامە پۈتتى:

«ئەلۋەتتە مەخدۇمزادەلەر بى تەكەللۇف ۋە بىتەرخىر كەلگەيلەر. ھەر نەكى ھەقتەئالا ئاتا قىلادۇر، دەرمىيان كۆرگەيمىز. بىزلەرنىڭ ئۇلارغە دەخلىمىز يوق. بىرۇن نە تەرىقەلىق تۇرسەلەر، ھالاھەم شول تەرىقەدە تۇرغايلەر.

بەلكى ئاندىنمۇ خوپراق، چەراكى خانلار بىگانە ئەردى. بىز
خىش ئەقرابادۇرمىز. سىلەئى رەھىم خىشلاردىن خىشلارغە
ۋاجىپتۇر ۋە ئۇنىڭ تەركى مەئسىيەت گۇناھدۇر. نامە تامام
ۋەسسەلام.»
ئەلقىسسە، بۇ نامە مەخدۇمزادە پادىشاھلەرغە يەتكەچ،
ئارام خاتىر بولۇپ، ياركەندكە ئەزىم قىلدىلەر. لېكىن غەم
غۇسسە ھەرگىز خالى بولماس ئەردى. ئاخىر ھەزرەتى شۇ
ئەيىپ خاجەم ئەيدىلەركى: «ئى ئىنىم خاجە دانىيال، ھەز
نىچە ياركەندكە قەدەم قويادۇرمىز. بىدىللىق، غەم غۇسسە
مەندىن ئەسلا بىر تەرەپ بولمايدۇر. بىر قەدەمنى ئىلگەرى
قويسام، بىر قەدەمىم كېيىن تارتاردۇر. بۇ مەملىكەت كۆزۈمـ
گە دەريايى خون توفان، مۇسىبەت ۋە ماتەم كۆرۈنەدۇر.
ئەگەرچە ئۆزۈمنىڭ بارماغىنى راۋا كۆرسەم، سىزنىڭ بار-
ماغىڭىزنى ھەرگىز راۋا كۆرمەسمەن. نەسلىمىز مۇنقەتىئ بول-
ماغاي. ماڭا تەقدىر ئەزەلى بۇ تەرىقەلىق مەلۇم بولادۇر»
دەپ، بىرنەچچە كىشىلەر خەلفەلەردىن ھەمرا ئەيلەپ يان-
دۇرۇپ، خەيرىباد دىدار قىيامەت قىلىپ، بىرنەچچەلەرنى
ھەمرا ئەيلەپ، دەريايى تىزنەپ لەبىگە يېتىپ ئىدىلەر. شول
كېچەسى تۆرت يۈز دەۋانە كافىر بەدكىردار ئازابى جاۋىندا-
ندۇرلار ئاخىردا بىرنەچچە كافىر قالماقلار كېلىپ، ھەزرە-
تى شۇ ئەيىب ئەلەيھىر رەھمە ۋە رىزۋان ئەزىزنى كەر
بالايى خاۋارىجلەر يەگلىغ شاھادەت مەرتىبەسىگە يەتكۈزدى.
«قالۇ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن.» جەسەد مۇ-
بارەكلەرنى تاغارغە ئالىپ دەرياغە تاشلەدى. بىرنەچچە
مۇددەت بۇ كار فاسادنى ھەزرەتكە ھېچ كىشى ئېيتالمەدى.
چۈنكى مۇرىد مۇخلىسانى بار ئىدى. يىند ۋە چىراغ قىلىپ

ماتەمدار بولدىلەر. كىشى كىشىگە بۇ بارىدىن دەم ئاچالما-
دى. ئەمما ھەزرەتى مەخدۇمزادەلەرنىڭ بىر خەلىپەلەرى
بار ئىدىكى، بىنھايەت پۈردىل، پۈر ھىممەت كىشى ئەردى.
بىر كۈنى بىر قارا پالاسنى تېشىپ كىيىپ، يۈزىگە قارا
سۈرتۈپ بىر ئەجۇ بەئى روزىگار بولۇپ، ئوردا ئىچرە جە-
مىئىيىتنىڭ ئاراسىدە ساما قىلا باشلەدى. ھەممەلەر ھەيران
قالدىلەر. خاجە ھىدايەت سورىدىكى: «نە كىشىسەن، نەھالەت
رۇبەردىكى بۇ مەرتىبەگە يېتىپسەن؟

بەيت

نىگە بۇ ھالەتدە بولدۇڭ كىم نەلەر كەلدى ساڭا؟
گەرقاتتىغ دەردى ساڭا يەتمەس ئىسە بۇدۇر نە ھال».

بۇ كىشى ئەيدى: «مەن ھەزرەتى مەخدۇمزادە خاجەم-
لەرنىڭ كىشىلەرىدۇرمەن. ئىزنى— رۇخسەتلەرى بىرلە ۋە
ئەھدى پەيمانلەرى بىرلە ھەزرەتى مەخدۇمزادە خاجەملەر
كېلىپ ئەردىلەر. دەريايى ئىزئاب لەبىگە يەتكەنلەرىدە، تۆرت
يۈز قالماق ۋە دەۋانەلار بارىپ شاھادەتكە يەتكۈزدىلەر.
ۋەقتىكى ئەھدى پەيمان سىزلەردە ۋۇقۇئغە كەلمەسە، ئۆز-
گەلەردە نىچۈك بولغاي؟»

بەيت مىسرائ

چەكۈفرەست كەئبە بەرخىز ۋە كۆجا مانەد، ①
خاجەملەرنى شەھىد قىلغان خاۋارىج تاپماس ئىمان.

① كەئبە قوزغالسا كۇفر نەدە قالسۇن.

خاجە ھىدايەت ھەيھات ـ ھەيھات دەب دەست بەزانۇ سوقتى. دەۋانە كورلەرغە غەزەپ قىلىپ ئەيىدىلەركى: «ئى جاللاد بەدكىردار سۈپەتلى خاۋارىجلار! ئۆزۈڭلارغە ھەم قىلدىڭلار، ماڭا ھەم قىلدىڭلار. مېنى قىيام قىيامەتكىچە بەدنام بىرلە ئاتارلەر. بۇ كارىڭغە ئىنتىقام تارتماي قالماسسەن. ئەندەك قۇرسەتتە بىرەۋ كېلىپ سىنلەرنى قويىدەك بوغۇزلىغاي!»

ئۇلئەردىكى ھەزرەت ۋاپاتلەرىدىن كېيىن ئاق بىلاش خان كېلىپ، نەچچە مىڭ دەۋانە خاۋارىجلەرنى جەمئى قىلىپ، تۇگۇرمەن ئەرىقىغە بوغۇزلاپ، تۇگۇرمەن يۇرۇتۇپ ئۇن تارتىپ يېدى.

مىسرا

ھەمىشە گەرم بۇۋەد ئىنتىقام را بازار.①
خاجەمنى قىلغان شەھىد دەۋزەخ ئىچرە دۇرلەر خار.

ئەلقىسسە، ھەزرەت بىر مۇنچە ئۇمەرا ۋە فۇزەلالار بىلە سۇۋارە بولۇپ، تىزاپ لەبىگە بارىپ كۆردىلەركى: ھەزرەتنى مەخدۇمزادەلەرنىڭ مۇبارەك جەسەدلەرى تۇرغان يەردىن سۇ كۆچۈپدۇر. تاغار سۇدىن خالى يەردە تۇرۇپدۇر. ھەزرەت ئۆزلەرى ئاتتىن چۈشۈپ، مۇبارەك جەسەدلەرنى ئالىب، كۆزلەرىدىن ئەشك جارى قىلىپ، ھەممەلەرى گىريان ـ نالان مۇبارەك جەسەدلەرنى ئەزاز ئىكرام بىلە ئالىب كېلىپ، ئالتۇن مازاردا دەفن قىلدىلەر.

① ئىنتىقامنىڭ بازىرى دائىم قىزىپ تۇرىدۇ.

ئەلقىسسە، ئىشتىمەك ئەكبەرەك ھەزرەتى خاجە دانىيال خا-
جام ئەزدىن: ئۆزلەرىنى دەۋانەلەردىن قاچۇرۇپ، بۇرادەر-
لەرى نەسىھەتلەرى بىرلە كۆزلەرى سەمەرقەندكە تۇشتى.
دەھبىدكە بارىپ، ھەزرىتى مەخدۇم ئەئزەمنىڭ مازارلەرىغە
بارىپ، زار - زار چۇن ئەبرى نەۋ باھار يىغلاپ ئەيدىلەر-
كى: «يابابايى بۇزۇرۇكۋار! بىزگە نىچۇك بىسەرساماىلىقدۇر،
نىچۇك خانە ۋەيرانلىقدۇر؟ باش پانا ئەتكەلى جاي تاپال-
ماغايمىز، بۇرادەر قەرىنداشىمىزدىن ئاجراغايمىز. ئۆز خىيىش-
لەرىمىز بۇ تەرىقەلىق خۇنرىزلىق قىلغاي، بىۋەفالىق كۆر-
گەيمىز. نىچۇك تەقسىرات ئۆتكۈپدۇركى بۇ مەرتىۋەگە يەتكەي-
مىز؟ گۇناھلەرىمىزنى كەچۇرگەيلەر» دەب، ئەرز ئېيتىپ يۈز-
لەرى خاك ئالۇدە، كۆزلەرى ئۇيقۇغە باردى. كۆردىلەركى:
ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەم، ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋە-
لى باشلىق ماتە قەددەم ماشايىخلەر ئەرۋاھلىرى ھازىر بو-
لۇپ ئېيتادۇرلەركى:

«ئى فەرزەند خاجە دانىيال! باشىڭىزنى كۆتەرىڭ. غەم-
ناك بولماڭ ۋە سەبرى قىلىڭ، ‹ئەسسەبرۇ مىفتا ھۇلفەرەھ›①
ھەدىسىغە ئەمەل قىلىڭ. ھەزرەتى مۇرتىزا ئەلى كەررەمەللا-
ھۇ ۋەجھەھۇ ئېيتىپدۇرلەر: ‹ئىزا زاقەت بىكەلبەلۋا فەككىر-
فى ئەلەم نەشرەھ، ۋە ئۇسرۇن بەينە يۇسرەينى ئىزا فەككەر-
تەھۇ فەخرەھ› مەنىسى: ھەر ۋەقتكى ساڭا تەڭلىك يەتسە،
بىر بالايى قىش كەلسە، سەن تەفەككۇر قىلغىل. ئەلەم نەش-
رەھدىكى، مۇشكۇللۇك ئىككى ئاسانلىقنىڭ ئاراسىدە بەس
ۋەقتكى فىكىر قىلساڭ، خۇشھال بولۇرسەن. يەنى بىر مۇش-
كۇللۇككە ئىككى ئاسانلىق باردۇر. ئى فەرزەندە، قۇنداغ قۇر-

---

① سەۋر — خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇسىدۇر.

سىتتە ئۇل مەملىكەتلەرنىڭ خاجەلىغى ساگا سىنىنىڭ ئەۋلا-
دىغە مۇسەللەم بولۇر» دەپ غايىپ بولدىلەر.
ھەزرەتى دانىيال خاجەم ئەزىز بىدار بولدىلەر. بۇ ئىل-
تىپاتلەر بىلە كۆڭۈللەرى ئانداغ تەسكىن تاپتى. ئاندىن باغ
بەلەندگە بارىپ، جەدلەرى ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسهاق
ۋەلى قەددىسە سىررەھۇنىڭ مازار پۇر ئەنۋارلەرنى زىيارەت
قىلىب، بىرنەچچە ۋاقىت ئاندە بولدىلەر. ئاندىن خوجەندگە
بېرىپ ھەزرەتى شەيخ مۇسلىھىددىن خوجەندىدىن بىشارەت
تاپتىلەر. نەچچە مەھەلدىن كېيىن ئاندا كەد خۇدا بولدىلەر.
مىفتاھى كۇنۇزى مائارىفى رەببانى، كەششافى رەمۇزى ئە-
ۋاتىفى سۇبھانى، غەۋسۇلمۇ ھەققىقىن. قۇتبۇلئارىفىن ۋارىسۇل-
ئەنبىيا ۋەلمۇرسىلىن ھەقىقەتى جەزبەئى پۇر ئاشۇب يەنى
ھەزرەتى خاجە يەئقۇپ خاجەم پادىشاھ خوجەندە تەۋەللۇد
تاپتىلەر. ئىپتىدائى ھامىلەدىن تا ۋۇجۇد ئالەمگە كەلگۈنچە،
تاھەددى كامالىغە يەتكۈنچە چەندان خارىقى ئادەت، كەشىفى
كارامەت زاھىر ۋە ھۇۋەيدا بولدىلەر. ئەگەر بىتەفسىلى بايان
قىلساق، ۋەقىت نازۇك ئاز. ئىشىتكۈچى سەمىلەرى مالال پە-
رىز بولۇر. ئۇل ۋەجھدىن ئىختىسار قىلىندى. ئەمما ھەزرە-
تى خاجە يەئقۇپ خاجەم ئەزىزنى خاجە جاھان ئاتاماغلىق-
نىڭ ۋەجھى ئۇلكى، سەر ھەلقەئى خاجەگان يەنى ھەزرەتى
خاجە ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىدىن تەربىيەت تاپىپ ئەردىلەر.
ئۇلارنى خاجە جاھان مەشھۇردەر ئەردىلەر. ئۇل ۋەجھدىن
بۇلارنى ھەم «خاجە جاھان» ئاتادىلەر. بەزىلەر ئېيتىپدۇرلەر:
ھەزرەتى خاجە دانىيال ئەزىز بۇ فەرزەندىنى شەھەرگە ئالىب
باردىلەر. بۇ شەھەردە بىر ئەزىز بار ئەردىكى، كەشىفى كا-
رامەتتە مەشھۇر ۋە مەئرۇف ئەردىلەر. بۇلارنىڭ خىزمەتلە-

رىغە كەلدىلەر. بەنۇرى فاراسەت مەلۇم قىلدىلەركى: «بۇ
فەرزەندىڭىزنىڭ نىشانىسىدىن ئانداغ مەلۇم بولادۇركى، جا-
ھانگىر بولۇر. ئىلمى ھال، ئىلمى قالنى جەمئى قىلۇر. فەھىم
فاراسەتدە ئەقىل دانىشىدىن بىنەزىر بولۇپ شېئىر - دىۋا-
نات كىتابىلا ئېيتۇر ھەمتىكى بولماس. ئەقۋال ئەھۋالىدىن
مەقبۇلى جاھان بولۇر بەس. بۇ فەرزەندنى خاجە جاھان،
دەگىلەر» دېدىلەر. بۇ ۋەجھىدىن «خاجە جاھان» ئاتادىلەر.
ھەر بارە ھەزرەتى شەيخ مۇسلىھىدىن خوجەندنىڭ مازا-
رىغە بارىب ئىستىئانەتلەر تىلەب، ھەزرەتى شەيخدىن
بىسيار پەيزى فوتوھات تاپار ئەردىلەر. دەردلەرى، مۇشكۇ-
لى بولسە، ھەل قىلۇر ئەردىلەر. چۇنانچە ئۆز شېئىرلىرىدە
ئىما قىلادۇرلەر. مىسرا: «ماھەم ئەندەك رەڭ بۇۋەد ئارىم
ئەزخاكى خوجەند» ① گاھى سەمەرقەند ۋە بۇخارا بەلخ
ئەھلى فازىللەرى بىرلە مەشرەپ تۈزەر ئەردىلەر. ئىززەت
ھۆرمەتلەرىنى بەركەمال قىلۇر ئەردىلەر.

ئەمما ئىشتمەك كېرەككىم: خاجە ئافاقتىن كى ياركەند
تەخت سەلتەنەتىدە ئولتۇرۇپ دادىخاھلارغە پادىشاھلىق ھۆ-
كۈم سۈرەر ئەردى. گاھى مەنسىبى شەيخلىقتا مۇرىد، مۇخ-
لىسلىرىغە ئادابى تەرىقەتنى تەلىم بېرۇر ئىدىلەر. ھەلقەئى
زىكرى ئېيتۇر ئەردى. گاھى مەسنەۋى ئوقۇپ ھەقايىقتىن،
مەئارىفدىن بايان قىلىپ، ئاشىقلىق ئىزھار قىلىپ، مۇستەغرىق
بولۇپ ھەممە ئەھلى مەجلىسنى بىخۇد قىلۇر ئەردى. ئەم-
ما خانىم پادىشاھدىن بىر ئوغۇللەرى بار ئەردى. خۇسۇسەن
بۇ فەرزەند نۇرى چەشمەلەرى قۇتبى فەلەكى، كارامەت،
مەركەزى دائىرەئى ھىدايەت، مەھزۇنى لۇتف، سىنەئى مەئ-

① خوجەند تۇپرىقىدىن بىزمۇ ئازراق رەڭ ئالغان ئىدۇق.

دەلى، مائارىق، ئۆتنىسىيەئى گۈل غۇنچە سەيادەت، نەۋرەسى
شەچەرەئى ۋىلايەت، يۈسۈف سانى ۋە دەۋرى يەكتايى ئەدەن
يەنى خاجە ھەسەن، بەس بۇ فەرزەندىنىڭ ۋۇجۇدلەرىنى فەخـ
رى مۇباھات بىلۈر ئەردى. ھەر بارە ئېيتـۇر ئەردى: «ئول
كۈنىكى بۇ مەملىكەتنى قالماق لەشكىرىنىڭ ھىمايەكى بىرلە
ئېلىپ، تەخت سەلتەنەتكە ئولتۇردۇم. ئەلھەمدۇلىللاكى بۇ فەر-
زەندىم ۋۇجۇدى بىرلە بۇ خىجالەتكە تەدارىك ئەيلەدىم،
قارا يۈزۈم ئاقاردى»
ئەلقىسسە، نەچچە مۇددەتتىن كېيىن، خاجە ئافاق خا-
جەم ئالەمدىن باردىلەر. كاشغەردە ياغدۇ مەۋزىئىدە دەفنە
قىلدىلەر. خانىم پادىشاھ فەرزەندلەرى بىرلە ياركەنددە، خا-
جە يەھيا خاجەم كاشغەردە بەرقارار بولدى. نەچچە مۇددەت-
تىن كېيىن خانىم پادىشاھ ياركەند ئەلەم باشلىتىن جەمئى
ئۈلۈما ۋە ئۈمەرالار بىرلە كاشغەرغە مازار زىيارەتكە يۈردى-
لەر. خاجە يەھيا ئالدىلىرىغە چىقتىلەر. ئاندىن سەرخاك ما-
زارغە باردىلەر. خاجە يەھيا شەھەر ئىچىرە قونۇپ ئەلەسسا-
باھ سەرخاككە بارىپ، خانىمغە سالام قىلدى.
بىر كۈنى ياركەند ئەئلىمى مىرزا ھارات خاجە يەھيا-
لى خىلۋەت قىلىب ئەيدىلەركى: «يا خاجە يەھيا،
زەبىتى مەملىكەت مۈشكۈلدۈر. خانىم
پادىشاھ زەئىفە كىشى بىرلە مەملىكەتدارلىق قىلغالى بولماس.
مەزاھىلەر كۆپدۈر. بۇ تەرەف قىرغىز، ئول تەرەف قالماق.
دۈشمەن كەمىندە. سىزلەر پايتەخت ياركەندە خان بولۇپ
ئولتۇرۇسلەر. خانىم پادىشاھ شاھزادىلەر بىرلە سەر مازاردا
دۇئاگۇي بولۇپ ئولتۇرۇسلەر، دۈشمەن دەست تاپالماس.

مەملىكەتدارلىق قىلغالى بولۇر» دەپ مەشۋەرەت كۆرسەتتى.
ھەزرەتى خاجە يەھيا ئېيتلەركى: «خەلق ماڭا سەرزەنىشكە
تىل ئاچارلەر، ئاتاسى ئۆلمەك بىرلە شەھەر تالاشىپدۇر»»

يەنە ئاخۇن ئەيدىلەركى: «مەملىكەت ئىچىدە ھايا دەر-
كار ئەمەس. ھايا بىرلە مەملىكەت خاراب بولۇر. نەۋبەت
قولدىن كېتەر. كەتكەندىن كېيىن پۇشايمان پايدا بەرمەس».

بۇ ھالەت موللا سەقى شەككاك خەبەر تېپىپ مەشۋە-
رەتكە داخىل بولدىلەر. بۇ مەشۋەرەتنى سەقىنىڭ خاتۇنى
ئاڭلاپ خانىم پادىشاھغە يەتكۈزدى. خانىم پادىشاھ بەدگۇمان
بولدىلەر. خاجە يەھيانى قەتلى قىلۇرنىڭ پېيىگە چۈشتى.
نەچچە كىشىنىڭ قولىغە تىغ بېرىپ، مۇھەييا ئەيلەدى. تاڭ-
لاسى ئەلەسساباھ خاجە يەھيا كەلدىلەر. خانىم پادىشاھ غەزەپ-
ناك بولۇپ، تەلخ ئامىز بىرلە سۆزلەر ئېيتا باشلەدى. ئەي-
دىلەركى: «ئى خاجە! سىزدىن نەلازىمدۇركى، مەن مۇندا قونغايمەن.
سىز شەھەر ئىچىرە قاراغەت بىرلە قونغايسىز. مەن مېھمان
بولسام ئىككىنچى ۋالىدەڭىز بولسام، بىرنەچچە كۈن مېنى
يانغۇنچە ئىشىكنى ياستانىپ كېچە - كۈندۈز ياتماسىڭىز. بۇ
نىچۈك بىئەدەپلىكتۇر؟ سىزلەرنىڭ قايسى ئاتاڭىزلەر پادىشاھ
بولۇب كەلگەن؟ سىزلەرنىڭ ئاتا - بابامىزغا دۇئاگۇي بولۇب
كەلگەن ئەمەسمۇ؟ خائىنلىق دەۋاسى قىلماق بىمەئنىسى» دەب
غالەت سۆزلەر قىلا باشلەدى. ھەزرەتى خاجە يەھيا كاھىش
بىلە ئەيدىكى: «مەن ھەزرەتكە، سىزلەرگە خىزمەت بولۇرمىكىن دەب
كاشغەردە ئولتۇرۇپ ئىدىم، ۋە ئىللا بىر گۇشەدە دۇئاگۇيلۇق
بەس ئەردى» بۇ ھالەتدە لەتىپ باكاۋۇل دەپ بۇزۇرۇك كىشى بار ئى-

دى. هازىر ئىدى، بىلدىكى، ئىش ئۆزگەدۇر، دەرمەھەل ئىشارەت قىلدى، خاجە چۇست چالاك ئۆزلەرىنى كەنارەگە ئالدىلەر. شول سائەت خانىم يەركەندگە ئەزىم قىلدى. ياركەندگە داخىل بولغاندىن كېيىن بىر كىچە دەۋانىلەر بېرىب، تىشە بىرلە ئاخۇند مىرزا باراتنى شەھىد قىلدىلەر.

**بەيت**

لەئەجەب ئادەمىيا نەندكى ئەزسەخت دىلى،
تىشەبەر فەرقى سەرى مۇللا بارات ئەندازەند. ①

ئەلقىسسە، خاجە يەھيانى ھەزرەتىنىڭ ۋەفاتىدىن ئالتە ئايدىن كېيىن خانىم پادىشاھنىڭ رۇخسەتى بىرلە شەھادەتكە يەتكۈزدىلەر. ئۈچ ئوغۇللەرى بار ئىدى. ئىككىلىرىنى ھەم شەھىد قىلدى. بىر ئوغۇللەرى خاجە ئەھمەدنى قاچۇرۇب تۆشۈك تاغدا ساقلىدىلەر. سەييىد بەگ كاشغەرغە ھاكىم ئىدى. ئۇنى ھەم شەھىد قىلدى. خانىم پادىشاھ موللاسەقىنى كاشغەرغە ھاكىم قىلدىلەر. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خاجە ئەھمەدنى تۆشۈك تاغدىن ئېلىب كېلىپ كاشغەرغە خان كۆتەردىلەر. موللا سەقى قاچىپ ياركەندكە كەتتى. خانىم پادىشاھ ياركەنددەكى ئوغلانلەرى خاجە مەھدىنى خان كۆتەردىلەر — پادىشاھ ئاتادىلەر. بۇ ۋەقىتدە بىسيار خۇنرىزلىق ۋاقىئە بولدى. ھەتتا خانىم پادىشاھنى «جاللاد خانىم» ئاتادىلەر.

① تاش يۈرەك بىر ئادەمنىڭ موللا باراتنىڭ بېشىغا پالتا ئۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ھەزرەتى خاجە يەھيانىڭ ۋەفاتلەرىدىن ئالتە ئايدىن كېيىن، خانىم پادىشاھنى ھەم دەۋانەلەر پىچاقلاپ ئىدىلار، ساۋۇت كىيىپ ياتقاچ تىغ ئۆتمەدى. جۇببەنىڭ ئېتەكىنى كۆتەرىپ تىغ ئۇردىلەر. تا تامام بولغۇنچە بۇ ئىشنى ماگا خاجە مەھدى قىلدى دەپ تامام بولدى.

ئەلقىسسە، مەملىكەت خالى تاپقاچ مۇھەممەد ئىمىنخاننىڭ ئىنىسى ئاقباش خان كېلىپ بۇ دىيارلارنى ئالىب، ياركەنددە مىڭ دەۋانىلەرنى قويدەك بوغۇزلەدى. قانىدە تۇگمەن يورۇتۇپ، ئۇن تارتىپ يىدى. كاشغەردە تۇغلى سۇلتان ئەھمەد خاننى ئولتۇرغۇزدى. خاجە يەھيانىڭ بىر ئاچىزەسى بار ئەردى، سۇلتان ئەھمەدگە نىسبەن قىلدى. ئول ۋەقتىدە قەلەندەر بەگنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن بەگ ھاكىم ئەردى. ياركەنددىكى پادىشاھلارنى ئاقباش خان ھىندىستانغا چىقاردى. ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھغە نامە ئىبەردى. مەزمۇنى نامە ئولكى:

«قەدىمدىن بىزنىڭ ئابا ۋە ئەجدادىمىز سىزلەرنىڭ ئابا ئەجدادلەرىغە ئىرادەت قىلىپ، دۇئالەرىنىڭ بەركاتىدىن مەمەلىكەتدارلىق قىلىپ ئىكەنلەر. ھالا بىزنىڭ ۋاقتىمىزدا سىزلەر ئەلۋەتتە بۇ دىيارلەرغە كېلىپ گۇمراھلارنى ھىدايەت قىلغايلەر. نامە تامام ۋەسسەلام.»

ئەلقىسسە، ئىشتىمەك كېرەككى: نامە مەزمۇنى بىرلە ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھ ئەلەيھى رەھمەۋەر رىزۋان شەھرى خوجەنددىن ئەھلى ئاياللەرى بىرلە كاشغەرغە قەدەم تەشرىف كەلتۇردىلەر.

ئاززۇ مۇھەممەد بەگ باشلىغىن قىرغىزلار ئىستىقبال قىلدىلەر ۋە شەھەرگە تەكلىف ئەتتىلەر. لېكىن شەھەرگە داپ

خىل بولمادىلەر. كاشغەر خەلقى «بىزنىڭ ھەم خاجەمىز بار، ئۇلارغا ھاجىتىمىز يوق» دەپ مەھزۇر تۇتمادىلەر. قىرغىزلار ئۈزرە بىرلە ياركەندكە تەشرىف قىلدۇردىلەر. ياركەند ھاكىمى باشلىغ ھەممەلەر ئىستىقبال ئەيلەپ بىسيار ئەئزاز ئىكراملەر بىرلە شەھەرگە داخىل قىلىپ، خاجەلىق مەسنەدىدە ئولتۇرغۇزدىلەر.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەملىكەت خانسىز بولمايدۇر-غان دەپ ئىتتىپاق بىرلە قازاق خانلاردىن ھاشىم سۇلتاننى كەلتۈردىلەر. كاشغەر خەلقى خاجە ئەھمەدنى ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغۇزۇپ، قىرغىزلاردىن ئارزۇ مەتنى قاراخان بولۇپ قارا زەڭگى بەگ جارۇپ ئىشىك ئاغا بولۇپ، تامام كار بار مەملىكەتنى قولىغا ئالىپ ئەردى. ياركەند خەلقىغە گاھى قاراقچىلىق ۋە گاھى كېچەلەردە ئوغرىلىق قىلىپ، خەلقنى ئەسىر ئەيلەپ بىسيار ئازار بەردى. بىر كۈنى ئىتتىپاق بىرلە قارا زەڭگى بەگ بەش يۈز سۇۋارە بىرلە، جارۇپ بەگ بەش يۈز كىشى بىرلە بۇ مىڭ كىشى جەمئى بولۇپ، مۇكەممەل ۋە مەسەللەھ بولۇپ ياركەندگە ئەزىم قىلدىلەر. ئىتتىپاق قىلدىلەركى بىرسى ئالتۇن دەرۋازەسى بىرلە تۇيۇقسىز شەھەرگە داخىل بولۇپ، ھاشىم سۇلتان دېگەن قازاقنى تۇتۇپ چىقالى ۋە يەنە بىرىمىز خانىقاھ دەرۋازەسى بىرلە ھاكىم ئەلەم شاھ، ئىشىك ئاغا جەئفەرنى تۇتۇپ باغلاپ، ھەزرەتى خاجە دانيال خاجەم بىرلە ئالىپ چىققايمىز.

ئەلقىسسە، بۇ ئىككى بىدىن قىرغىزلار بىلەن ياركەند شەھرىگە يېقىن بولغان ھالەتتە بۇلارغە خەبەر يەتتى. ھەزرەتى خاجە دانيال خاجەم ئەزىزلەر ئەلەم شاھ بەگ، جەفەر بەگ ھەرقايسىلەرى ئۆز ھويلا دەرۋازەسىنى مەھكەم قىلىپ،

ئۆگزىلەرگە كىشى قويۇب، ھەيزانلىقدە قالدىلەر. ئەمما ھاشىم بۆركى ئىمچە بىلە كىفىش بىلە بىخەيەر تۇرغان ئەردى دەرمەھەل ياساۋۇلنىڭ ئاساسىنى ئالىب، بىر ئورۇق ئات توقۇمى بىلەن تۇرغان ئىكەن ھازىر تۇرغان قازاقلارنى ئاتلانغىل دەب، دۇشمەن لەشكىرىگە ئۇتتۇر يۇردى. شەھەر دەرۋازەسى ئالدىدا روبىرو بولدى. جارۇپ پىش ئەنداز نەيزە تاپ كەلتۇرۇپ، سۇلتانغە ھەملە قىلدى. سۇلتان بى ئىبا ئۇتتۇر يۇردى. يەقىن ئەردىكى سۇلتان زىرە - زىرە بولۇب يەرگە يىقىلدى.

بەيت

مەرۇرا ھىممەت بىكار ئايەد نەخەنجەر دەرمەيان،

ۋەرنە پىرى ماكە يان ھەر يەك بىجايى خەنجەرەست. ①

چۇنانچە ھەزرەتى مەخدۇم زادەم زەبانى تۈركى بىرلە بۇ بەيتنى ئەيتۇر ئەردىلەر:

بەيت

ھەر كىشىگە ھىممەت ئەگەر بولسە يارە

ئاقىبەتۇلئەمر مۇرادىنى تاپار.

① مەرد كىشىنىڭ غەيرەت - ھىممەتى كارغا كىلمىدۇ، خەنجەر كارغا كەلمەيدۇ ۋە ئەگەر مۇنداغ بولمىسا بىزنىڭ پىرىمىز نەدە قالدى، ھەر پىرى خەنجەر ئورنىدا ئەمەسمۇ.

يەنە ئىككى ئۆچ قىرغىزلارنى ئاسا بىرلە ئۇرۇپ يىقىـ
تىپ پايمال قىلدىلەر، قىرغىزلار شىكەستە تاپىـپ ئارقـەغە
ياندىلەر. سۇلتاننىڭ بۇ ھىممەت جۇرئەتلەرىنى ئاڭلاپ، ھەزـ
رەتى خاجە دانيال خاجەم پادىـشاھ ئەزىز باشـلاپ، ئەلـەم
شاھ بەگ جەئفەر بەگ لەشكىرى بىرلە چىـقىپ، سۇلتانـغە
ھىمايەت بولدى. بۇلار سۇلتانغە شاھانە لىباسلەر كىيدۇرۇپ،
ئەسباب ئالالەت جەڭنى مۇھەييا قىلدىلەر، ئوشـۇل سائەت
خەبەر يەتتىكى: «قارا زەڭگى باشـلاب يۈز كىـشى دەرۋازە
ئالدىغە كەلدى» دەب، چۇست چابـۇك ئاڭا روبىرو بولـدى.
بىسيار جەڭ ماجرا ۋاقىئە بولدى. ئاخىر كۈن كەچ بولـدى،
كاشـغەرلىلەر ئەل ئامان دەب ساداسى ئالەمنى پۇر تۇتتى.
ياركەند لەشكىرى ھەم تىغ سۇراردىن قول يىغدىلەر.

## بەيت

تالىيئىم ۋاژگۇن ئىقبالىم بۇ كۈن بەختىم زەبۇن،
ئەل ئامان بۇ جەۋرىدىن ئەي شاھى سۇلتان ئەل ئامان.

تاڭلاسى قىرغىزلار ئەلەسسەباھ مەسلىھەتكە تىل ئاچىتىـ
لەر ۋە ئەلچى ئىبەردىلەر. مىن بەئد ياركەنـد سـەرھەددىـغە
قەدەم كەلتۈرمىگەيمىز ۋە ئازار يەتكۈزمىگەيمىز. جارۇپ مىرـ
زا ئۆلارنىڭ قوللەرىغە ئەسىر چۈشۈبتۇر. بىزگە ئانى بەرگەيـ
لەر. ياركەنددىن بىزگە ئۆچ مىڭ كىشى ئەسىر چۈشـۈپتۇ،
ئۇنى بەرگەيمىز. ھەزرەتى خاجە دانـيال خاجـەم پادىـشاھ
ئەزىز باشلىغ ھاشىم سۇلتان ھەممەلەرى مەئقۇل كۆردىلەر.
لېكىن جارۇپ مىرزا لەشكەر ئىچىرە يوق. ئۆلۈكلەر ئاراسـ

دىن ئۆلۈكنى قىپ جاراھەت ئاسارىنى پاك قىلىپ، ياغاچ بىلە مەھكەم قىلىپ لىباس كىيدۈرۈپ، بىر لاغىر ئاتقا مىندۈرۈپ، قول - ئاياغىنى مۇستەھكەم قىلىپ، ئاتنىڭ ئىنانىنى ئالىپ يۈردى. ئەمما قىرغىزلار يىراقتىن كۆردىكى، جارۇپ مىرزا باش كۆتەرەلمەي بىسيار خىجالەت بىرلە كېلەدۇر. بىر بىرىگە ئېيتىشادۇركى: «مىرزا بىسيار جۈرئەتلىك ۋە شىجائەتلىك كىشى ئەردى. سارتلار قولىغە ئەسىر چۈشكەنگە خىجالەتدىن باش كۆتۈرەلمەي كېلەدۇر».

ئەلقىسسە، بۇ مۇردەئى مۇشرىكنى بۇ تەرەفدىن قىرغىزلار ئۈچ مىڭ ئەسىرنى قويدىلەر. بۇ ئەسىرلەر لەشكەرگە قاۋۇشقاندىن كېيىن كۆردىلەركىم، مىرزا نە ۋاقتىدە ئۆلۈب قالىپدۇر. ئاھۋاللار ۋە مۇسىبەت چېكىپ ئارقەسىغە ياندىلەر. ئاندىن كېيىن ھەرگىز ياركەند تەرەفكە يۈزلەنمەدىلەر.

ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم ئەزىزلەر ھەم نەفقارە شادىيانە چالدۇردىلەر. بەس بۇ فەتھىنىڭ شۈكرانەسىنى بىجا كەلتۈرۈب، نەچچە مۇددەتتىن كېيىن شەككاكلەر ھاشىم سۇلتانغە ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھدىن ئىزھار ئاداۋەت شىكۆەسىنى زاھىر قىلدى. ۋەھىمە خەۋف بەردى. سۇلتان ئۆز ۋەھىمەدىن قورقۇپ تابەلەرى بىرلە، قازاق سەرھەددىغە كەنارە تۇتتىلەر. ياركەندنىڭ تەخت سەلتەنەتىدە ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم ئەزىزلەر ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە مۇددەت ئۆمۈر سۈردىلەر.

ئەمما ئىشتىمەك كېرەككى: ئىلا مەۋزەئىدىن قالماقلار ئاداۋەتى قەدىمىدىن بار ئىدىكى، ھەزرەتى خاجە ئافاق زورى قۇۋۋەت بازۇلارىدىن كۈچ تاپىب مۇھەممەد ئىمىن خان قالماقلارنىڭ فاراكەندە ھالىتىدە لەشكەر بىرلە بارىپ، ئوتتۇز

مىڭغا يەقىن قالماقلارنى ئەسىر قىلىپ كەلگەن ئىدى.
بۇ گىنەدىن بىسيار قالماقلار تەڭ دىل ئەردى. خاتىرلەرنى
جەمئى قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پاراكەندەلىكىنى غەنىمەت
سانىاپ، ئېغىر لەشكەر بىرلە ياركەندكە كەلدىلەر. ھەزرەتى
خاجە دانىيال خاجەم بەنۇر فەراسەت بىلدىلەركى، مۇسۇلمان-
لار كافىر لەشكىرى بىرلە تاقابىل جەڭ - جېدەل قىلالماي-
دۇر. ناچار قالەنى بېيۇ ئەلەيھىسسالامۇ: «ئەلفىرارۇ مىممالا-
يۇتاقۇ. مىن سۇنەنىلمۇرسەلىن» ① ھەدىسى مەزمۇنىغە
ئەمەل قىلىپ، جېدەلدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىنقىياد بىرلە ئىستىق-
بالغە چىقتىلەر. كافىرلار زۇلۇم - ستەمدىن قول يىغىپ،
بۇلارنىڭ ئەزاز - ئىكراملەرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، يەنە ياركەند
تەختىغە ئولتۇرغۇزدى. لەشكىرى كۇففار ياركەندىدىن فارىغ
بولۇپ، كاشغەرغە يۈزلەندىلەر. ياركەندىدىن ھەم لەشكەر ئالىپ،
ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادشاھنى ھەمراھ بولغايلەر
دەپ، فەند بىرلە كاشغەرغە ئالىب يۈردى. كاشغەرلىلەر بىر
نەچچە كۈن جەڭ قىلدىلەر. ئاخىر تاپ تۇتالماي ئىنقىياد بىر-
لە دەرۋازەنى كۇشادە قىلدىلەر. ھەزرەتى خاجە ئەھمەد
كافىرلار قولىغە چۈشتى. كافىرلار قەتلىغە يەقىن قىلغان ھال-
دا، ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادشاھ ئەزبىرايى مەس-
لىھەت كافىرلەرغە ئېيتتىلەركى: «ئەگەر سىزلەرگە مۇسۇلمان
دىيارى كېرەك بولسا، زىنھار مۇسۇلمان خاجەلەرىنى ئۆلتۈر-
مەڭلەر. چەراكى ئۇلار ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەي-
ھى ۋەسەللەمنىڭ ئەۋلادلەرىدىندۇرلەر. ئۇلارنىڭ قەتلىلەرىغە
مۇسۇلمانلار ھەرگىز رىزا بەرمەسكەيلەر. ئەھلى ئەيال، زىن

① مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان ئىش-
لاردىن قېچىش — پەيغەمبەرلەر ئادەتلىرىدىندۇر».

پەرزەنتلىرى سىزلەر بىلەن پىچاقلىشىپ، قوپاقلىشىپ ئۆلەر !...»

كافىرلار بۇ سۆزنى مەقبۇل كۆردى. قەتلىدىن قول يىغدى. كاشغەرنىڭ كارى بارىغە ئۆز ئىختىيارىچە فەيسەل بېرىپ، ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھنى ياركەندكە رۇخسەت بەرمەي، ئېلىغا ئالىپ يۈردىلەر. ياركەندكە كىشى يىبەرىپ، ئەھلى ئايال تابەلەرىنى كۆچۈرۈپ، ئىلىغا ئېلىب بارىپ، ئاندە ئىززەت بىلە ئابرۇي بەردى. ياركەندە، كاشغەرغە ئۆزى خالاغان كىشىنى ھاكىم قىلدى. ئەمما خاجە ئەھمەدنى ئەسىر ئېلىب بارىپ، ئىلىنىڭ كەنارەسىدە مەھكەم تۇتتى. لېكىن ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھغە دىيار كۇففار ئىچرە، ھەزرەتى ھەق سۇبھانە ۋەتەئالا ئىززەت ئابرۇي بەردى.

**بەيت**

دانا بەھەر دىيار ئەزىز مەكەررەم ئەست،
لەئىنەت بەران دىيارىكى نادان شەۋەد ئەزىز ①

تا يەتتە يىلغىچە بۇ تەرىقەدە ئىقامەت قىلدىلەر.

ئى ئەزىز! ھۇش قۇلاغىڭ بىرلە بىر رەمۇز ئىشىتكىل، ھەزرەت كەردىم كارى ساز لۇتفى كەرىمىنى تاماشاھ قىلغىلكى، ئوشول ۋەقتدەكى مۇھەممەد ئىمىن خان نەۋۋە رەللاھۇ تۇربەتەھۇ ئىلا مەۋزەئىنىڭ قالماق يۇرتىنى تاراج ئەيلەب،

---

① دانا كىشى ھەر دىياردە ئەزىز مۇكەررەمدۇر، ھۇنداغ دىيارغە لەئىنەتكى نادان بولغاي ئەزىز.

ئوتتۇز مىڭ كىشىنى ئەسىر قىلىپ ئەردى. بۇ تۆرە جامائە
لەرىدىن نەچچە كىشى تۇشۇپ، تولاسى مۇسۇلمان بولۇپ
ئەردى. بۇ تۆرە جامائەسىدىن بىر ساھىبجامال قىزنى، ھەز-
رەتى خاجە دانىيال خاجەمغە نىياز قىلىپ ئەردى. ھەزرەتى
خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھ بۇ قىزنىڭ ئىسلامىنى تازە
ئەيلەپ، نىكاھلەرىغە ئالىپ ئەردىلەر. قەتىرەئى نەيسان
سەدەف جەۋفىدە قارار ئالىپ، مايەئى دەررى شەھسۇۋار
غەۋەت ۋە گەۋھەرى گەراتمايەئى بىشۇمار بەلگۈرگەن ئىكەن.
ئوشۇل زامان قالماقلار لەشكىرى ياركەندە، كاشغەرغە
بارىپ، تامام ئەسىر تۇشكەنلەرنى خاھى مۇسۇلمان ۋە غەيى-
رى مۇسۇلمانىنى ئۆز قەۋمىگە ئالىپ كەلگەن ئەردى. بۇ قىز-
نى ھەم تۆرە سەردارى قالماقتىن بىر كۆيۈگە بۇيرۇغان
ئەردى ۋە كۆيۈسى ھەر ۋەقتىدە خىلۋەت قىلاي دەب ياقىن
كەلسە، بەدەنىگە لەرزە تۇشەر ئەردى ۋە قاتتىق ھەيبەت
بولۇر ئەردى. دەرھال قورقۇپ ئۆزىنى يىراق قىلۇر ئەردى،
تاكى ھامىلەدىن فارىغ بولغۇنچە پاكلىق بىرلە بولدى. ناگاھ
بىر كۈن تەۋەللۇد قىلدىكى، گوياكى زۇلمەتتىن ئابىھايات
زاھىر بولدى، ياكى سۇبھىنىڭ چاكىدىن خۇرشىد ئالەم تابى
نامايان بولدى. كۆردىلەركى: بىر پاك سۇرەت پاكىزە ئوغۇل
ۋۇجۇدغە كېلىپتۇركى، يۇسۇف كەنئاندىن نىشان بەلگۈرادۇر.
ياخشى نەفس قۇماشلەرغە يۆرگەپ، تەربىيەتكە مەشغۇل بول-
دى. ئەندەك فۇرسەتدە ئەقىل ئىدراكى بەركامال بولدى.
قالماق تەرىقەسىدە خەت ئىلىم ھاسىل قىلدىلەر. كافىرلار
بۇ بەيچەنىڭ فەھەم دانىشىغە تەھسىن ۋە ئافىرىن قىلۇر ئەر-
دى. تا يەتتە ياشار بولدى. لېكىن بىلمەس ئەردى مۇسۇلمان-
زادە ئىكەنىنى. ئانالەرى بۇ سىرنىڭ ئىزھارىغە ھىچ چارە

تاپالماس ئەردى. ھەمىشە دەردى — سۆز ئەلەمىدە كەرەي. ھېچ مۇسۇلماننى تاپماس ئەردىكى، ئاگا بۇ پەردەئى خۇفيە زارىدىن خەبەرى كۆشادلىق قىلغاي. تۆرە ئورداسىدىن بىر ئايلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىدىن يىراق ئەردى.

قازارا بىر كۇنى مۇسۇلمانلاردىن بىر بازارگان بۇ قەبىلەگە كېلىپ، ئاخىر سودا قىلا - قىلا بۇ مەزلۇمەنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بىناگاھ بۇ زەئىفەنىڭ نەزەرى تۈشتى. بىر مۇسۇلمان كافىر قەلئەسىگە تەشرىپ كەلتۈرۈپدۇر. جان دىل بىرلە بۇ مەزلۇمە خۇشاللىق قىلدى. بۇ مۇخەممەس ھەسب — ھالىغە مۇۋاپىق تۈشتى.

## مۇخەممەس

ھەزىن كۆڭلۈمگە ئول مەھۋەش بۇ ئاخشام ناگىھان كەلسەي،
تەجەللى پەرتەۋى رۇخسار تابىدىن ئايان كەلدى،
كۆڭۈل ئۆيىگە دەھر ئىچرە تاپىلماس مېھمان كەلدى،
سۆيۈنگىل ئى كۆڭۈل، ئاخىركى جىسمىڭ ئىچرە جان كەلەي،
قۇۋان ئى جان مەھزۇنكىم، ھاياتى جاۋىدان كەلدى.

ئاخىر بۇ بازارگاننى بۇ بەچچەنى ھازىر قىلىپ، بۇ زەئىفە ئەسرارىنى زاھىر قىلدى. بازارگاننىڭ خېتى بىرلە كىتابەت قىلدى. بۇ خەتنى بازارگانغە بەردىكى: «ئالىپ بارىپ ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەمغە تاپشۇرغايسەن. بۇ تەرىقەلىق نىشانىمنى زەبان بىرلە تەرىپ قىلغايسەن ۋە ئىنلىلا بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىمانىغە زامىن بولۇپ، قىيامەت كۇنى ئانىھەزرەتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ

ئالدىلەرىدە يۈزلۈك قارا بولغاي.»

ئەلقىسسە، بۇ كىشى خەتنى ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم ئەلەيھىر رەھمىگە كۆرسەتتى. ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھ بۇ خەتنى كۆرۈپ، خاتىرىلەرىغە كەلدىلەركى، ئەلھەق ۋاقىئە شۇنداق ئەردى ۋە فەرزەندىنىڭ ھەقىقىتى جىگەرلەرىغە سوزىش يەتكۈزدى. دەرھال بۇ خەتنى بىنۇ بازارگاننى تۆرە قاشىغە ئالىب باردى. بايان ۋاقىئەنى تۆرەگە ئېيتتى. تۆرە بۇ خەتنى ئوقۇتۇپ، بازارگاندىن ھەم ئىشىتىپ، ئۆز خادىملەرىدىن بىر ئۇلۇغنى، ھەزرەتى ئەزىزلەر تەرىفىدىن ئاخۇن موللا مەشھۇرىكى ئاخۇن موللا ئىبراھىم دۇرلەر خاجە ئۇبەيدۇللا خەلفەمنى بۇلارغە بىر نەچچە كىشىلەرنى قوشۇپ ئىبەردىلەر: «ئەگەر راست بولسە، ئول فەرزەندنى ئالىب، مۇسۇلمانلار قولىغا تاپشۇرغايسەن، ئەگەر قوبۇل قىلمەسە كۆيۈسىنى، خاتۇنىنى، فەرزەندىنى ئالىب كەلگەيسەن ۋە ئىللا غەلەت بولسە، مۇسۇلمانلارنى يالغانچىلىق تەرىقە بىرلە تەنە ۋە تەئەررۇز بىرلە كەلتۈرگەيسەن.»

ئەلقىسسە، بۇلار قالماق قەبىلەسىگە يەتتى ۋە بايان ۋاقىئەنى تەفتىش—تەھقىق قىلدىلەر. زەئىفە ئىقرار قىلدى. لېكىن كۆيۈسى ھەرگىز قوبۇل قىلمەدى. فەرزەندىنى بۇلارغە ھەرگىز كۆرسەتمەدى، بەلكى يىراقدىن بىچچەگە مۇسۇلمانلارنى كۆرسەتتى: «ئەنە ئادەم يەيدۇرغانلار كېلەدۇر، سېنى يەيدۇر، بىزنىڭ بالامىز دەب ئالىب بارىپ، غىزا قىلادۇر» دەب بىسيار ۋەھىمە سالدى. بۇ ۋەجھدىن بۇ بەچچەدە ھېچ تاقەت قالمەدىكى، مۇسۇلمانلەرغە قاراغاي ۋە بارغان چوڭ قالماقنى ھەم كافىرلار بىرەر نىمە بېرىب ئۆزىگە رام قىلدىلەر. مۇسۇلمانلەر ھېچ جۇدا قىلالمەدي. بەلكى كافىرلار

مەسلىھەتنى ئاڭا قارار بەردىلەرگى، ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم بىسيار خۇشرۇي، ساھىبجامال، خۇش خۇلىق، نىكۇ خىسال زىبا يىگىتدۇر. بۇ زەئىفە ئاڭا ۋالەئى ئاشۇفتە بولغان ئىكەن. ئول ۋەجھىدىن بۇ فەرزەندى خاجە دانىيال خاجەمدىن دەيدۇر. ئاخىر سۆز تامام بولماي تۆرە ئۆيىگە ياندى ۋە بۇ كۆيۈ قالماق تۆرە جاما ئەلەرىدىن ئەردى ۋە خىشلىق مىھرى ھەم بار ئەردى. خونستەيجىغا گىرىيە زارى بىرلە ئەرز ئېيتتىكى: «ئى تۆرەخان، ئى پادىشاھى زەمان! بۇ قەرى قۇلۇڭغە رەھىم قىلغىلكى، بۇ ئاق دەستارلىلەرنى ئۆزدىن شەرىئەتلەرچە سورىساڭ، گۇۋاھلىق ئېيتىپ بۇ فەرزەندىمنى مەندىن ئاجراتىپ ئالادۇر ۋە مېنىڭ مۇندىن بۆلەك فەرزەندىم يوق ئەردى مىھرى مۇھەببىتىم كۆپ ئەردى، بىشەك بۇ فەرزەندىمنىڭ فىراقىدە كۆيۈپ كۇل بولادۇرمەن.

بەيت

ۋاي يۈزىمنىڭ ۋاھكىم دىلدارىدىن ئايرىلمىشام،
بەرقەدى شەمشادى گۇل رۇخسارىدىن ئايرىلمىشام،
بۇلبۇلى شۇرىدە مەن گۇلزارىدىن ئايرىلمىشام،
كىمكى بىلمەس كى نەسىبەت يارىدىن ئايرىلمىشام.

نە بولغاي مۇڭلۇغ قۇلۇڭغە رەھىم قىلىپ، بۇ جىگەر پارەنى ماڭا ھۆكۈم قىلساڭ، مەندىن خالاس ئەيلەسەڭ.

بەيت

تەرەھھۇم قىل بۇ كۇلمىش قەددىمە ۋەھم ئەيلە ئاھىمدىن،

ۋە گەر نە ئۆرتەگەي ئاھىم ئوتى ئەھلى جاھان
يەكسەر.»

ناچار قالماق سوراقچىلەرى ئىتتىپاق بىرلە بىر ھىيلە تۈزدىلەر. ئەلۋەتتە بۇ فەرزەنت قالماق تەرەپكە ئاجراغاي. تاللاسى: «مۇسۇلمانلەر ئۆز تەرىقەسىدە لىباس كىيىپ، دەستار بىرلە سورۇنغە داخىل بولغاي. قالماقلار ھەم ئۆز رەسمىچە كەلگەيلەر، ئۇلۇغ سۆزۈن بولغاي» دەپ تۆرە يارلىغ قىلدى.

ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادشاھ تۆمۈرخان، ئەركەخان باشلىغ جەمئىي مۇسۇلمانلار بىر تەرەف، قالماق سەردارلەرى بىر تەرەف جەمائەسى بىرلە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇردىلەر. دەۋاگەر قالماقنى يۇقارى ئولتۇرغۇزدى. بۇ بەچچەگە مەخپى ئېيتىپ ئەردىلەركى: «بۇ ئاق دەستارلىلەر ئادەم يەيدۇرلەر، ئۇلەرغە يېقىن بارمىغايسەن، تۇتۇپ ئالىپ يەيدۇر. ئەلۋەتتە قالماق ئاتاڭنىڭ قاشىغە يۈگۈرۈپ، قۇچاغىغە چىقىپ ئولتۇرغايسەن» دەپ تەلىم بېرىپ، سورۇنغە ئالىب كىردىلەر.

مۇسۇلمانلار تەرەفىدىن ئۈمىدى مۇنقەتىئە بولغان ئەردى. ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم ئەزىزلەر دەرگاھى ھەققە تەۋەججۇھ ئەيلەب، جەددىلەرى ھەزرەتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدىن ۋە يەنە جەددى بۇزۇرۇكۋارلەرىدىن ئىستىمداد ۋە ئىستىئانەت تىلەب، ئۆزلۈك ئالەمىدىن كېتىپ شۇھۇدى ھەقدە مۇستەغرەق بولۇپ ئولتۇرغان ئەردى. تۆرە ئول نارەسىدە يەتتە ياشار ئوغۇلدىن سورىدىكى: «ئەي بەچچە! ئاتاڭ قالماقمۇ يا خاجە دانىيال ئەزىزمۇ؟ قايسىنگى ئاتاڭ بولسە بارىپ قۇچاغىغە چىقىپ ئولتۇرغايسەن».

بۇ بەچچە ئۆتتۇر تەرەپكە يۈزلەندى. ھەممەلەر جەزم قىلدىكى، «بەچچە قالماق تەرەپكە بارادۇر.» ئەمما يەقىن يەتكەن ھالەت ئەردى بەكارامەتى ئەۋلىيا ئاۋاز بىلە يىغلاپ كېلىپ، ھەزرەتى خاجە دانىيال: ئەزىزىنىڭ قۇچاقلەرىغە چىقىپ ئولتۇردى ۋە بىھۇش بولۇپ قالدى، غەرىبۇ پەرياد كۆتۈرۈلۈپ، بۇ ئىككى تەرەپ فىرقەدىن يەكبار ھەممەلەرگە ھالەت پەيدا بولدى. بىئىختىيار گىريە ھاسىل بولدى.

### بەيت

گەر بۇلار كۆڭلىگە تەسىر ئەيلەمەس بولسە ئىست،
يەر يۈزىدىن غەرق ئەيلەگەي ئەشكى رەۋانىمدۇر ئىشت.

خونتەيجى تۆرەگە ھەم تەسىر قىلىپ يىغلەدى ئەيدىكى: «ئى خاجەم، ھەق مەركىزىدە قارار ئالدى. ھەق-راست سىزنىڭ ئىكەن. ئوغلىڭىزنى ھەم ئالىڭ، خاجەلىغىڭىز ھەم ھەق ئىكەن. تۆرت شەھەرنىڭ خاجەلىغىنى ھەم پادشاھلىغىنى بەردىم، بارىپ ئۆز شەھرىڭىزدە ئىقامەت قىلغايسىز،» دەپ رۇخسەت بەردى.

ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادشاھ شۇكرىلەر بەجا كەلتۈرۈپ، بۇ كافىرنىڭ مەھبۇس مەقىرەلىكىدىن خالاس بولۇپ، ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم ئەزىزنى تۆرە مۇلازىمەتىدە قويۇپ، ئىززەت ئابرويى بىلە ياركەندكە تەشرىق ئەيلەدىلەر. ئەمما ئول بەچچە قولغە كەلگەندىن كېيىن لىباس ئىسلام كىيدۈرۈپ، ئۇلۇغ تويلار قىلىپ سۈننەتكە ئولتۇرغۇزدىلەر. كەمال مالاھەت ۋەھاجەتلىرى سەۋەۋدىن مۇبارەك

ئىسىم شەرىپلىرىنى «خاجە يۈسۈپ» ئاتاپتىلەر.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم نەچچە يىل
مەدىرىنىشىن ياركەندگە پادىشاھ بولۇپ، كاشغەر، ئاقسۇ خەل-
قى خوتەنگە ھۆكۈملىرى جارى بولۇپ، خەلقنى ھىدايەتكە
ئۈندەپ زەلالەتتىن ياندۇرۇپ، داد سوراغلەرىنى شەرىئەتتىن
تاجاۋۇز قىلماي، روزىگار ھۆكۈم سۈرۈپ، خۇدايى تەئالانىڭ
ئائىتىگە يۈز كەلتۈرۈپ، شۈكرانەسىن بەجا كەلتۈرۈپ،
روزىگار كەچۈردىلەر. ھەزرەتى خاجە يۈسۈف خاجەم ھەم
تەھسىل ئىلىمگە مەشغۇل بولۇپ، ئەندەك پۇرسەتدە ئىلىم-
دىن فەزىلەت تاپتىلەر. قالماقلار خاجە ئافاق ۋەقتىدە يۈز-
مىڭ كىشىدىن يۈز مىڭ تەڭگە ئالىب ئەردى. ئوشۇل ۋەقتدە
ھەم ئوشۇل ۋەقتتىكى يۈز مىڭ تەڭگەنى خەزىنەگە ئالدى.
بەزى ۋەقتلەردە ئىلا مەۋزەئىغە بارىپ، تۆرەگە مۇلاقەت
بولۇپ، پات پۇرسەتدە كېلۇر ئەردىلەر. نەچچە مەھەل بۇ
تەرىقەدە ئۆمۈر كۆچۈردىلەر. ئەمما خۇنتەيجىنىڭ بىر قىزى
بار ئەردى، ھەددى كامالىغا يەتكەن. تۇرغۇت تۆرەسى قالماق-
نىڭ ئوغلى بار ئەردى. ئېنىڭ بىلە تويلاشۇر بولدى. بۇ يەت-
تە شەھەرنىڭ ئۇمەرا ۋە سەردارەلەرىنى ھەزرەتى خاجە دانى-
يال خاجەم باشلىغىن تويغە چىرلادىلەر. بۇلار ناچار ئىلا
مەۋزەئىغە باردىلەر. تۆرە كافىر بۇ مۇسۇلمانلاردىن تويغە
جابدۇق تەلەب قىلدى. ھازىر ئۆزلەرىدە بارلەرىنى بۇ كافىر
قوبۇل قىلمەدى. ھىندۇستان ماتالەرىدىن دۇررى يىگانە ۋە
گەۋھەرى گارانمايە ئالماس، زەبەرجەد، زۇمرەد جەۋاھىرلەر-
دىن تەمە تۇتتى. مۇسۇلمانلاردا ئاڭا لايىق يوق ئەردى. ئا-
خىر بىر كۈن ۋەئىد يەتكۈزدىكى: «ئەگەر تاڭلا بۇ مەزكۇر
ئەشيالەرنى تاپىپ بەرمەسەڭىزلەر، خاجە دانىيال خاجەم باشلى-
غىن ھەممەڭىزلەرنى قەتل قىلغۇمدۇر.»

## بېيت

ئى مۇسۇلمانلار نەھالەتدۇركى دەھر ئەتتى زەبۇن،
يۈز مۇسۇلمان خەلقىنى بىر نامۇسۇلمان ئالدىدا.

بەس بۇكافىرنىڭ ۋەھىمە سىياسىتىدىن ھەممە ئۇمەرا ۋە سەردار مەملىكەتلەر ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھغە يىغلاپ ئاياقلەرىغە تۈشتىلەر. ئەيدىلەركى: «ئى پادىشاھىم، بۇ بالايى ئەزىمنىڭ دەفئىغە ھەزرەتلەر بىر تەۋەججۇھ قىلغايلەر. بۇ بالا بىزدىن بىر تەرەپ بولغاي. چەراكى مۇبداق مۇشكۇللەرنى ئابا ۋە ئەجدادلەرى مۇشكۇل كۇشاد ئەيلەگەنلەر. كىبرەك سىزلەردىن ھەم كۇشاد بولغاي. كار مۇشكۇلدۇركى، بۇ كافىر سىزلەرنى قەتل ئەيلەگەي».

ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھ باشلەرىنى سالىب، مۇراقىبەدە سائەت بولدىلەر يەنە باشلەرىنى كۆتەرىپ ئەيدىلەركى: «— ئى مۇسۇلمانلەر! بۇ كېچە بىيەكبار ھەممەمىز كەرىم كارساز دەرگاھىغا ھەزرەتى خاجەگان ئەرۋاھلەرىغە تەۋەججۇ قىلالى، شايەدكى بۇ بالا دەفئى بولغاي.»

ئەلقىسسە، ھەممە مۇسۇلمانلار بىر يەرگە جەمئى بولۇپ، گىرىيە زارى بىلەن دەرگاھى ھەققە يۈزلەنىپ، گىرىيە زارىدە بولدىلەر. ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھ دۇئاغا قول كۆتەرىپ ئىدىلەر، ھەممە مۇسۇلمانلەر «ئامىن»① دېدىلەر، چۈنان گىرىيە زارى بولدىكى، مەلائىكەلەر ھەم نالەگە كەلدىلەر. تا سۇبھىغىچە، ئاندىن دۇئانى تامام قىلىب،

① «ئامىن» — دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن.

مۇسۇلمانلەرغە بشارەت بەردىلەركى، « ئى مۇسۇلمانلار! شايەدكى سىزلەرنى ۋە بىزلەرنى ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا بۇ كافىردىن خالاسلىق بەردى. ئۈمىد قەۋى بىرلە تۇرغايسىزلەركى، دۇئا مۇستەجاپ بولدى. سائەتتىن كېيىن ئاللا پەيدا بولدى خونتەيجى لەئىنە ئۆلدى. ئورنىدە غالدان چېرىن ئوغلى تۆرە بولدى.

بەس بۇ خەبەرنى ئىشتىپ ھەممە مۇسۇلمانلار كافىرنىڭ ئۇرداسىغە بارىپ، بۇ خوش خەبەرنى خونتەيجىنىڭ خاتۇنى «ئۇغلۇمنى تۆرە قىلامەن»دەب كۈيۈسىگە زەھەر بېرىپدۇر. غالدان چېرىن بۆلەك ئانادىن ئەردى. ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپدۇر. غالدان چېرىن كاپىرلار سەردارلەرنى جەمئى قىلىپ، بۇ سىرنى ئىتتىپاق قىلىپ، بۇلارنىڭ ئىتتىپاقى بىرلە ئۆگەي ئاناسىنى، ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ، خان بولۇپ ئولتۇرۇپدۇر. بۇ كافىرغە ھەقتە ئاللا تەۋفىق بېرىپ ئەيدىكى: «ئى مۇسۇلمانلەر! ھەرقايسىڭىز ئۆزدىيارىڭىزلەرغە يانىڭىزلەر، سىزلەر بۇرۇنقى تەرىقە بىرلە بولغايسىزلەر.»

ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەمغە ھەم ئەيدىلەركى: «ئى خاجەم، سىزلەرمۇ بېرىپ تۆرت شەھەرنىڭ پادشاھلىغىنى، خاجەلىغىنى قىلىب ئاتام ۋاقتىدىكىدىن ھالا خۇپراق ۋە كۆشادىراق تۇرغايلەر» دەپ ھەممەلەرگە رۇخسەت بەردى. ھەممەلەرى يانىپ، دەرگاھى ھەققە شۈكرى سانالەر قىلدىلەر. نەچچە مۇددەت بۇ تەرىقە بىرلە ئۆمۈر كېچۈردىلەر.

ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلىخۇ خانلەر نەزىر قىلغان يەر، سۇ بولسە، ئانى سەرف ئەيلەدىلەر. بۇ مەملىكەتلەردىن ھاسىل بولغان باج - خىراجنى ئىسلام زەئىفلىدىن ۋە كۇففارنىڭ غەلىبەسىدىن زۇرۇر ۋە ناچارلىق بىرلە

قالماقلارغا بەردىلەر. ئاخىر «كۆللۈ نەفسىن زالىمغا تۆلمەۋت»
ھۆكمى بىرلە، ئەجەل جامىنىڭ دۇردەكى زەھىرىنى دەۋران
ساقىسى ئىلكىدىن ئالىپ تارتىپ، ھۆكمى ئەزەلىگە رىزالىق بې-
رىپ، شەكەر ئەفشانلىق قىلىپ، بۇ ھەممە نارەسىدە فەرزەند-
لەرنى ۋە ئاجىز مەزلۇمەلەرنى ھەق سۇبھانە ۋە تەئالانىڭ
كەرىمىگە سىپارىش قىلىپ، ئاندىن ئابا ۋە ئەجدادى روھلى-
رىغە تاپشۇرۇپ، خاجە، جاھان خاجەمغە نەۋازىشلەر قىلىپ
ئېيتتىلەركى: «ئى جىگەر پارە فەرزەندلەرىم ئەلەلخۇسۇس
سىزنى جەد بۇزرۇكۋارىمغە تاپشۇردۇم. بۇ نارەسىدە قېرىن-
داشلەرىڭىز تەربىيەتىدىن ئىھمال كۆرگۈزمەڭ. بىقەدرى ئىم-
كان خۇدايى تائالانىڭ تائەتىدىن ۋە ئىبادەتىدىن خالى بول-
ماڭ ۋە شەرىئەت ھۆكمىلەرىدىن يۈز ئۆرىمەڭ. خەلقنىڭ سو-
راغىدىن تەقسىر قىلماڭ. بىدئەت زالالەتتىن ۋە خىلاف شەر-
ئىدىن ئىھتىراز ئەيلەڭ. ئىلىم ئەمەلدە مەھكەم ئۇستىۋار بو-
لۇپ، بىزلەرگە ئەنھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن
ئىلىم ئەمەل مىراسدۇر كىم: دۇنيا قالغان ئېمەس، مەن بۇ
كافىرلەرغە ئىنقىياد فەرمان بەردارلىقدىن ئۆزگە چارە تاپالمە-
دىم ۋە تەختنى بىدەرىغ سورەلمەدىم. ناچار بۇ ئارزۇ ئارمان
بىرلە سەفەرى ئاخىرەت قىلادۇرمەن. ئەمما سىزلەرنى بۇ ئار-
زۇغا يەتكۈزگەي. شايەدكى ھەزرەت كەرىم كارساز ئول لوت-
فى كەرىمىن سىزلەرنىڭ ھەققىڭىزلەردە ئىزھار قىلغاي. غەنى-
مەت ۋاقىتلەرنى بۇ دۇشمەن قەۋىنىڭ تەفرىقەلىق ھالەتى
سىزلەرگە نىسىپ قىلغاي ۋە بۇ قارا يۈزىمىزنىڭ خىجالەت شەر-
مەندەلىكى زايىل بولغاي. مۇسۇلمانلەرنىڭ ئىنتىقامىن ئالىپ،
ئىسلام قىلىچىن بى ئىبا كافىرلەرغە تارتقايسىزلەر. سەيىد زا-
دەلىك ئابرۇيىن قولدىن بەرمەگەيسىزلەر. تاكى روزى مەھشەر-

ده خۇدا رەسۇل ئالدىدا خىجىل بولماغايسىزلەر» دەپ ۋەسـ
يەتنى تامام قىلىپ، مۇبارەك رۇھلەرى تەن قەپەسىدىـن رەـ
ۋانە ئەيلەپ، ئۆلۈۋى ئالەمگە ۋاسىل بولدىلەر. «قالۇ ئىننالىلـ
لاھى ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» گويا كى قىيامەت تازە ئاشـ
كارە بولدى، پەرياد ۋاۋەيلائالالا بۇ گۇنبەزى دەۋۋارنى چىرـ
مادى، ئافتاپ فەردەئى زۇلمەت ئىچرە پىنھان بولدى. ئەھلى
مەجلىسلەر شەمئى ئۆچتى. ھەممە ئەھلى شەھەر ئاھالى ۋە
ئەمۋاللەرى جەمئى بولۇپ، تەزىيەت ئەيلەپ، ئالتۇندا ئەزاز
ئىكرام بىلەن دەفنە قىلدىلەر. بۇلاردىن بەش ئوغۇل، ئىككى
ئاجىزە پادىشاھ فەرزەندى قالدى. ئوللەردىن: ئۇلۇغلەرىنى
ھەزرەتى خاجە ياقۇپ خاجەم، مۇلەققەب خاجە جاھان خاـ
جەم، ئىككىنچى خاجە ئايۇپ خاجەم، ئۈچىنچى ھەزرەتى خاـ
جە يۇسۇف خاجەم، تۆتىنچى خاجە خامۇش خاجەم، ئەسلى
ئىسىم شەرىفلەرى خاجە ئىزامىددىن خاجەم، بەشىنچى خاجە ئۇـ
بەيدۇللا خاجەم. ئاجىزە پادىشاھلەر: ئۇلۇغ ئەزىزىم پادىشاھ،
كىچىك ئەزىزىم ئاتادىلەر، ياركەندنىڭ پايتەختىدە ھەزرەتى
خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ بەرقارار بولدىلەر. كاشغەر تەخـ
تىدە ھەزرەتى خاجە يۇسۇف خاجەم پادىشاھ بەرقارار بولدىـ
لەر. ئاقسۇ شەھرىدە خاجە ئىزامىددىن خاجەم پادىشاھ بەرقاـ
رار بولدىلەر، خوتەن شەھرىدە ھەزرەتى خاجە ئۇبەيدۇللا خاـ
جەم بەرقارار بولدىلەر. بۇ ئەزىزلەر ھەممەلەرى رەئايا فەقىرـ
لەرنىڭ داد سوراغلەرىنى شەرئىنىڭ مۇۋافىقىدا سوراپ ھۆـ
كۈم قىلىپ، دىن ئىسلامغە رىۋاج بەردىلەر.
خۇسۇسەن ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ ئەـ
لەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان ھەممە ۋاقتىدا ئۆمۈرلەرىنى ئۆلۈـ
مالار ۋە سالىھلار ۋە ئەھلى تەقۋىلەر بىرلە مەشرەپ تۈزۈپ

مەسىھ ئاسا، جان فەزا كەلاملەر ئىلە جانسىز تەنلىەرگە جان
ئاتا ئەيلەپ، مالامال ئىلتىفاتلەر قىلىۇر ئەردىلەر ۋە گىباھى
ئەمىر - ئۇمەرا ماۋالى شەھەر بىرلە ئولتۇرۇپ مەملىكەتلەر-
نىڭ ئەسباب ياراغىن كۆرگۈزۈپ، فەقىر رەئىيەلەرنىڭ داد
سوراغلەرىغە مۇۋافىق ھۆكۈم سۇرۇپ كۆڭۈللەرىنى جەمئى شاد
قىلۇر ئەردى. گاھى سىيەر تەۋەرىخ كىتابلەردىن ئەنبىيائى
ئىزام ئەۋلىيائى كىبرامنىڭ ۋە ئىمام مۇجتەھىدلەرنىڭ، پادى-
شاھى ماتەقەددەملەرنىڭ قىسسە ۋە ھىكايەلەردىن ئىشىتىپ، ئۇن-
لارنى دۇئايى خەيرى قىلىپ ياد ئەيلەر ئەردىلەر. گاھى دى-
ۋان، غەزەلىيات، مەسنەۋى كىتابلەردىن ئاراغە سالىپ، ھەقا-
يىق مەنئالەردىن ئاراغە سالىپ، ۋەجد ھالەت پەيدا قىلۇر ئەر-
دىلەر، ۋە ئەھلى مەجلىسلەرگە سىرايەت قىلىپ، پەرۋانەدەك
ئۆزلەرىنى پارە - پارە قىلىپ باشلەرىدىن ئۇرۇپ مۇرغى بىس-
مىل يەڭلىغ بولۇپ، بىخۇدلۇق رۇ بېرىپ يىقىلۇر ئەردى.
گاھى نەزمە دۇرلەردىن رىشتەغە ئالىپ، كۆڭۈللەر خىرمانىغە
ئوت سالغۇدەك پۇر سۆز ۋە ئەبيات دىلپەزىرلارنى تەتىپ بىت-
رۇر ئەردى. پىشىۋايى ماتەقەددەملەرنىڭ نازۇك فەھىم غەزەل-
ياتلەرىغە جاۋاب ساقى، مۇخەممەس ۋە مۇسەددەسلەر نەزمە
قىلۇر ئەردى. گاھى مەملىكەت مەيدانىدە ئولتۇرۇپ، شائىرا-
نە ۋەقىت سۇخەن فەھىم زامانلەرنىڭ شېئىر، ئەبياتلەردىن ئىل-
غاپ تەرجىھ ئەيلەپ بۇلەغا ساھىبىغە ئىلتىپات شاھانە لىباس-
لەر ئەتا ئەيلەپ، ئۆز قاتارىدە مۇمتاز ۋە سەرەفراز ئەيلەر
ئىدىلەر. ھەر ھەپتە ئۇلۇما ۋە فازىللەر يەنى ئاخۇند، سەييىد،
خاجەلارنىڭ دەرسخانەلەرىغە بارىپ، ياراننلار قايىسلەرىكى
خۇش فەھىم، خۇش ئىدراكدۇرلەر ۋە رىيازەت ۋە مۇجاھىدە
ۋە بەھىسى مۇنازە ۋە مۇتالىئەلەرى نازۇك بولسە، ئاڭا ئىلتى-

پاتلەر قىلىپ، سۇمۇقەددەم ئولتۇرغۇزۇپ، كۆڭۈللەرىنى خوش قىلۇر ئەردى. ئانداغ تۇرلۇك مەھازەرلەرنى كەلتۈرۈپ ئىنسان بىرلە يارانلەرنى سىير قىلۇر ئەردىلەر ۋە بەزى ۋەقىتتا دەرۋىش تالىبلار ۋە يا مۇۋاپىقلەر بىرلە سۆھبەتلەشىپ، ئۇلارغە بايان تەرىقەت ۋە سەيرى سۇلۇك تەلىم قىلۇر ئەردىلەر. بۇ ئىقلىمدە ھەر نىچۈك چوڭ - كىچىك ھەممەسى كىچە - كۈندۈز بۇ شاھى ئالىنىڭ ھەققىلەرىدە ياخشى تەلەبلەر دۇئايى خەير قىلىپ خاتىرلەرىغە شۇكرى سانا ئېيتۇر ئەردىلەر. ئىلگىرى - كېيىن مۇنداغ ۋەقت مەۋجۇد بولغان ئېمەسدۇر دەر ئەردى، ۋە بەزىلەر سۇلتان ھۇسەيىن مىرزانىڭ ۋەقتىغە تەشبىھ قىلۇر ئەردىلەر. ھەممە ئالىم ئەمەلدار ئىدىلەر. «ئەلئۇلەما ئۇ ۋەرسە تۇلئەنبىيائ» ① ھەدىسىغە بۇلار ئىككى تەرەپدىن ۋارىسدۇرلەر. پەيغەمبەرلەردىن دۇنيا مىراس قالغان ئېمەس.

ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ ئىلىملەرى ئىككى قىسىمدۇر. بىرى، نۇبۇۋەتكە تەئەللۇق تاپادۇر. ئۇنى ئىلىم شەرىئەت دەرلەر ۋە يەنە بىرى، ۋىلايەتكە تەئەللۇق تاپادۇر. ئۇنى ئىلىم ھال دەرلەر، ئول زات بار بەرەكات بۇ ئىككى قىسىمنىڭ ھەر بىرىدە نىسبە تاپىدىلەر. ئەگەر ھەر ئالىمى يا ئەھلى ھالى ئىككى قىسىمدە بىرا بەرىدىن تاشقارى بولسە، مەن ۋارىسى پەيغەمبەر دېمەك دۇرۇست ئېمەس. ۋارىس ئول كىشىدۇركى، مەسەلەن: ئاتا مالىدىن بىسەقەدرى ھەق نەسىبە ئالۇر. بەزى مالغە ساھىب بولسە ۋە بەزى مالغە ساھىب بولمەسە، ئۇنى شول ئاتانىڭ ئوغلى دېمەك دۇرۇس كەلمەيدۇر.

① «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەر ۋارىسلىرىدۇر.»

ئەمما ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھدە بۇ نىسبەتلەر جەمئى بولۇپدۇر. ئىلىم زاھىردە ۋە ئىلىم باتىندە دانا ھەم كامىل مۇكەممەل ئەردىلەر.

**بەيت**

سورساڭ ھەسەب ئۇلاردىن ئول نەقشبەندى سانى،
كەرىم دېسەڭ نەسەبدىن ئول ئالى مۇستافادۇر.

ئول ۋەجھىدىن ئېيتىپدۇرلەركى: ئۇلۇمادىن سەييىدزادە، ئۇلۇۋىيەدىن بۇ نىسبەت كەم زوھور قىلۇر، بىناگاھ بۇ تائىفەلەردىن ئەفرادى ئىنساندىن جەمئى مەخلۇقاتدىن ھېچكىم ئۇلارغە بارابەرلىك قىلالماس، بۇ خەلىفەئى رەسۇلۇللادۇر، دىن ئىسلامنىڭ بەرپالىقى ۋە تەرىقەت ۋە ھەقىقەتنىڭ مۇناسىبى بەلكى ئالەمنىڭ نىزارى بۇلەرنىڭ تۇپەيلىدىندۇر. «ئۇلەما ئۇممەتى كەئەنبىيائى بەنى ئىسرائىلە»① ھەدىسى، «ئەششەيخو فى قەۋمىھى كەننەبىيى فى ئۇممەتىھى»② ھەدىسى بۇلار شانىلاردەدۇر. بۇ مەئنى ئەۋلاد ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدىن مۇبارەكلەرىنە نازىل بولدى. ھېچ شەيئى باقى قالمىدىكى غەيبى ئىلاھى ۋە كەلامۇللا ئىچرە بىليان ھاسىل بولدى. ۋە ئىبادەتۇللاھ ئانداغ جارى بولۇپدۇركى، فەيز ۋە رەھمەت دەرگاھى ھەق ئەۋۋەلەن بىر كامىلى ۋە مۇكەممەل ۋاستە بولماي يەنە بىرەۋگە يەتمەس. تەس ئول

---

① «ئالىم ئۇممەتلەرىم ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىگە ئوخشاشتۇر.»

② «ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ قەۋمى ئارىسىدىكى ئورنى، پەيغەمبەرنىڭ ئۇممەتلەرى ئارىسىدىكى ئورنىغا ئوخشاشتۇر.»

كىشىكى كامىل ۋە مۆكەممەل ئەردى. ھەزرەتكى مۆكەممەل ئەردى. ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەردىلۇر. ھېچ نىمەرسە باقى قالمادى، غەيبى ئىلاھىدىكى نەرسەدىن. مەگەر ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باتىن شەرىفلەرىدە.

### بەيت

ھەرچە ھەق ئەزبارىگاھى كىبرىيا،
رىخت ۋەدەر سەدرى شەرىفى مۇستافا. ①

ئاندىن كېيىن فەيزى كۆڭلىنىڭ ۋاسىتەسى ئۆزگەلەرگە ھاسىل بولمەدى. مەگەر قۇرئانغە زاھىرى بار باتىنى ھەم بار. تا يەتتە باتىنىغىچە. قۇرئاننىڭ زاھىرىكى ئىبارەتتۇر، شەرىئەت ئىلمى زاھىرىدىن ئۆلۇمالار سىنەسىگە قويدىلەر. بىلگالى ئى سادىق — تالىبكى قۇرئان سادىق زاھىرى باتىنىگە شىفايى رەھمەت ئىدى. مۆئمىنلەرگە ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلەرىدىن ئون سەككىز كىشىگە خاس قىلدىلەر. چەھاركى ئىستىدادلەرى بۇ مەئنىگە بار ئەردى. ئون سەككىز كىشىلەر جۇملەسىدىن فازىلراق ئالى ھىممەت ئىستىدادى زىيادەرەكدۇر — ھەزرەتى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەردىلەر. چەھاركى ئانھەزرەتكە كەمال مۇھەببەت ۋە مۇناسىبەتلەرى بار ئەردى. ئاتەشى مۇھەببەت جىگەرلەرىنى كۆيدۈرۈپ ئەردى. ھەر بارە ئاھ تارتىسەلەر، يەتتە مەھەل

---

① ئاللا تائالا دەرگاھىدىن چۈشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغلۇقىنىڭ شاراپىتىدىن چۈشكەندۇر.

لە مەدىنەنى كاباب بۇيى پۇر تۇتار ئەردى.

**بەيت**

ھەر ئاھى جىگەر سۆزكى ئەزسىنە بەر ئايەد،
دۇرەست بويى گۈل، بۇيى كاباب جىگەر ئايەد.①

بەس بۇ قابىلىيەت ئىستىداد ۋەجھىدىن ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ شىفايى شەربەت مەئنىنى ئول ئەسرارى سەيىيدىلئەبرار ۋە سانىيە سىنەيىنى ئىز ھۇمافىغار تالىبى سادىق ۋە يار مۇۋاپىق ھەزرەتى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سىنەئى مۇتەھھەرەلەرىغە قويدىلەر.

**بەيت**

ئىن ھەمە بەرسىلەئى تەھقىقى رىخت،
لاجەرەم تابۇدئەزۇ تەھقىقى رىخت.

ھەزرەتى ئابۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ شەربەتى شىفايى مەئنىنى ئىستىداد قابىلىيەتى بار جەھەتىدىن ئول ساھىبى رۇخسەت ۋەلئاساس سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىنەئى پۇر نۇرلەرىغە تۆكتىلەر. ئۇلاردىن ئول نۇرھەدىقەئى سىددىق ۋە نۇردىدەئى تەھقىق يەنى قاسىم بىننى مۇھەممەت بىننى، ھەزرەتى ئابۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە جارى بولدى. ئۇلاردىن ئول خاجە سابىق دۇشمەنى مۇناپىق

① ھەر ئاھكى، كۆيگەن يۈرەكتىن كېلىدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى گۈلنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇ يۈرەك كاۋاپنىڭ پۇرىقىدۇر.

يەنى ئىمام جەئفەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سىنئەلىرى-
گە يەتتى. ئۇلاردىن ئول ئارىفى نامى ۋە مۇرشىد كەرامى
سۇلتان بايەزىد بەستامىغە نىسىپ قىلىندى. ئۇلاردىن شەيخ
ئوبۇل ھەسەن خەرەقانىغە جارى قىلىندى. ئۇلاردىن شەيخ
ئوبۇلقاسىم كورگانىغە قويۇلدى. ئۇلاردىن شەيخ ئەلى
فارمەدىگە قويۇلدى. ئاندىن شەيخ ئەبۇ
يۇسۇف ھەمەدانىغە، ئاندىن ھەزرەتى ئابدۇلخالىق غىج-
دۇۋانىغە ئاندىن خاجە ئابدۇلخالىق خىزرى ئەلەيھىسسالامنى
پىرىم دەپ تەربىيەت مەئنەۋىلەرىگە مەشغۇل ئەردىلەر. بىر
سۆھبەتتە ھەزرەتى شەيخ ئەبۇ يۇسۇف ۋە پىر ئىرادەتى ھەز-
رەتى خىزرى نەبىيۇللا ئىدىلەر. بۇ ۋەجھىدىن خاجە ئابدۇلخا-
لىقنى سەر ھەلقەئى خاجەگان ئاتارلەر. بۇلاردىن تۆرت
خەلىفە قالدى. ئەۋۋەل ئەھمەد رىۋگەرى. ئىككىنچى خاجە
ئەھمەد سىددىق، خاجە ئەۋلىيائى كەلان ۋە خاجە ئەھمەد
يەسەۋى. ئول خاجە سىددىق شەيخلىقتا بەرقارار بولدىلەر.
بۇ ئىككىلەرى ئاندىن شەيخلىق مەسنەدىدە بولدىلەر. خاجە
ئارىفدىن خاجە مەھمۇد ئەنجىر فەغنەۋىيغە قالدى. خاجە
مەھمۇد زىكرى خۇفىيەدىن زىكرى جەھرىيەگە يۆتكەپ
مەشغۇل بولدىلەر. خاجە مەھمۇددىن ئۇلۇمايى بۇخارا ھۇزۇر-
لىرىدە سوئال قىلدىلەر: «ياشەيخ، زىكرى جەھرىيەنى قايسى
نىيەت بىلە ئېيتادۇرلەر؟»

خاجە مەھمۇد ئېيتتىلەركى: «ئۇيقۇلۇق بىدار بولغاي
ۋە غافىل ئاگاھ بولغاي، گۇمراھلار يولغە كىرگەي. ھەقىقەت
تەۋبەگە ئىنابەتدۇر. ھەممە سائادەتلەرنىكى ئەسلىدۇر. ئاڭا

رىغبەت قىلغايلەر.»

مەۋلانا ھافىز ئېيتتىلەركى: «نىيەتلىرى دۇرۇستتۇر، سىزلەرگە ھالالدۇر.»

خاجە مەھمۇددىن ھەزرەتى خاجە رامەتىغە قالدى. ئاندىن خاجە مۇھەممەدى بابايى سەمماسىغە يۈز كەلتۈردى. ئاندىن ھەزرەتى ئەمىر سەييىد كۇلالغە يۈز كەلتۈردى. ئاندىن شەرىفى مەئنى ۋە مۇرەۋۋىجى ھەقىقەت مەنۋى مىللەت، مۇنەۋۋەرى ئاسمان زېمىن يەنى ھەزرەتى خاجە باھاۋۇددىن نەقشبەنددە تەجەللى قىلدى. ھەزرەتى خاجە بۇزرۇكنىڭ ئىستىداد شەرىفلەرى كامال قۇۋۋەتدە ئەردى. بۇ مىقدارغە قانىئ بولمادىلەر. ھەق جەللە ۋە ئەلا فەزل ۋە ئىنايەتى بىرلە خاجە ئابدۇلخالىقنىڭ پاك رۇھلەرىدىن تەربىيە تاپىپ، ئۇلارنىڭ ھاللەرىغە مەدەدكار ئەيلەب، ئانچەكى ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باتىن شەرىفلەرىكى كىبىر يايى ھەقدىن فەيز يېتىپ ئەردى. ئاخىر خاجە بۇزرۇكنىڭ باتىن شەرىفلەرىكى زوھورغە كەلدى. چۇنانچە موللا ئابدۇرراھمان جامى ئېيتىپدۇرلەركى:

**بەيت**

بەسكى دەر يەسرەب بەتھا ژەدەند،
نۆبەتى ئاخىر بۇخارا زەدەند.
گەر ھەزرى ئن سەبۇك نەشۇد بەھرمەند،
جۇز دىلى نەقشى شاد نەقشبەند.①

① شۇنداق قىلىپ يەسرىبقا، بەتھاغا قەدەم تەشرىپ قىلدى، ئاخىر بۇخاراغىمۇ كەلدى. نەقشۇەندىدىن باشقا يەگىلىلەر نىمۇندىن بەھرىمەن بولالمىدى.

«نەفەھا تۇلئۇنس»دا كەلتۈرۈپدۇرلەركىم: ھەزرەتى بۇزۇرۇگ ئۆزلەرى ئېيتىپدۇرلەركىم — بۇخارا مازارلەرىنى كېچە زىيارەت قىلىپ ئەردىم. ئۆزۈمدىن غايىپ بولۇپدۇرمەن. ۋاقىئەدە كۆردۈمكى، دىۋارى مەسجىد قىبلە تەرەفدىن يارىلىدى. بىر ئۇلۇغ تەخت زاھىر بولدى. تەخت ئۈزرە بىر بۇزۇرۇگنىكى بەخت ئولتۇرۇپدۇر. ئالدىغە ياشىل پەردە تارتىپ، تامام ئەترافىدە جەمائەتى ھازىر بولدىلەر. مەلۇم بولدىكى، بۇلار ئۆتكەن بۇزۇرۇكلەردۇرلەر. ئەمما خاتىرەمدە كەچتىكىم، بۇلار كىم بولغايلەر؟ بىردۇ ئۇلگەرى كېلىپ ئېيتادۇرلەركى: ھەزرەتى خاجە ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي، بۇلار ئەترافىدىكى ئۇلارنىڭ خەلفەلەرىدۇرلەر دەپ، ھەر بىرلەرىنى بىر - بىر فەرىشان قىلدى. خاجە ئەھمەد سىددىق خاجە ئارىف رىۋگەرى، خاجە ئەۋلىيايى كەلان خاجە مەھمۇد ئەنجىر فەغنەۋى، خاجە ئەلى رامەتى ۋەقتىكى مۇھەممەد بابايى سەمماسىغە يەتتى.

ئېيتدىلار: «سىزلەر ئۇلارنى ھالەتى ھاياتلەرىدە كۆرگەن ۋە سىزلەرگە كۇلاھ بەرگەن شەيخىڭىزدۇرلەر. ئۇلارنى تانۇرمۇسىز؟» مەن ئېيتتىمكى: «تانۇرمەن» ئاندىن بىر جامائەت ئېيتتىلەر: «ھازىر بولۇڭ ۋە قوبۇل قۇلاغىڭىز بىرلە ئاڭلاڭ!» ھەزرەتى خاجە ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانى قەددە سەللاھۇ سىررەھۇلئەزىز بىرنەچچە سۆزلەر ئېيتتۇركى: «خۇدايى تائالانىڭ يولى سۇلۇكىدە سىزگە ئۇندىكىدىن چارە بولماغاي» خاھلەدىمكى، خاجەغە سالام قىلدىم. جەۋاب سالام بېرىپ، نەزەر كىميالەرى بىرلە مەنزۇر قىلىپ، نەچەند سۆزلەر قىلدىلەركى، سۇلۇك تەرىقەنىڭ ئېپتىدا ۋاستەكى تەئەللۇقى بار. ھەمە ئەھۋالدە جادەئى شەرىئەتگە ۋە تەرىقى ئىستىقامەتگە قەدەم قويماق

كىرەك ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىپ ۋە بىدئەتتىن ئىھتىراز
ئەيلىمەك ئىھتىيات لازىمدۇر تا ۋەقتىكى ئەزىمەت ۋە سۈننەت
مۇئەسسەر بولۇپ ئەردى. زىكرى جەھرىيەنى تەرك ئەتتى‑
لەر. ھەزرەتى مىركۇلالنىڭ سۆھبەتلىرىدىن ئاياغ تارتتىلەر.

بەس ۋاقىئە ھەزرەتى ئەمىر كۇلال ماددە نەقشار ۋە
كەيفىيەتى باتىن بولدى. ھەزرەتى خاجە بۇزۇرۇگ مىركۇلال‑
نىڭ نەققارەلەرىغە ئىلتىفات ئەتمەدىلەر. ھەزرەتى خاجە ئابى
دۇلخالىق غىجدۇۋانىنىڭ ئەمرى ئىشارەتلەرى بىرلە، بەس
بۇ كەيفىيەتى ئەلەم ئانچە گاھى سەييد ئەمىر كۇلال يارانى‑
لەرىنى، ھەزرەتى خاجە باھاۋىددىن سۆھبەتلەرىنى مەنئى
قىلىب ئەيدىلەركى: «باھاۋىددىن ساھىر بەد مەزھەپدۇر»
مۇرىدلەرىدىن شەيخ مىر ھەسەن ئاتلىغ بىر مۇرىدىغە قەسەم
بەرگەن ئىدىكى: «ھەرگىز باھاۋىددىن بىلە ھەمنىشىنلىق
قىلماغىل.»

بۇ مىرھەسەن موزە فۇرۇش ئەردى. بىر كۈنى ھەزرەتى
خاجە باھاۋىددىن مىرھەسەننىڭ دۇكانىغە باردىلەر. بىر موزە
ساتىپ ئالغايلەر. شەيخ مىرھەسەن بىمۇجەررەد كۆرمەك بىرلە
ئۆيىگە كىرىب، ئىشىكنى مەھكەم ئەتتى. ھەزرەتى خاجەئىي
بۇزۇرۇك ئىيتتىلەركى: «بىرى چىققىل، مىنىڭ بىرلە سودا
قىلغىل» شەيخ مىرھەسەن: «پىرىم مىر كۇلال ماڭا قەسەم
بەرگەنكى، سىزنىڭ بىرلە ھەمنىشىنلىق قىلماسمەن».

ھەزرەتى خاجە ئىيتتىلەركى: «سەھل ئىكەن، تاشقارى
چىققىل. تۆرە تۇرۇپ سودا قىلغىل».

شەيخ مىر ھەسەن بىر موزە ئالىپ چىقىب، تۆرە تۇرۇپ
سودانىڭ نەزەرىدە پەست بەلەند سۆزلەر قىلدى. ھەزرەتى
خاجە موزەنى بەيئى بىرلە ئالدىلەر، ئەيدىلەركى: «بىر

موزەنى ساتۇردا بۇ مىقدار مىڭدىن ھىيلەكىزىپ سەندىن ۋاقىتتە بولادۇر. ئاخىر سىنىڭ كارىڭ نېچۈك بولغاي؟» دەپ راۋان بولدىلەر. ھەزرەتى خاجە بۇزرۇك ئەسھابلەرى بىرلە ھەزرەتى خاجە يۇسۇف، خاجە مۇھەممەد پارسا جەمئى بولۇپ ئولتۇرۇپ ئەردىلەر. شەيخ مىر ھەسەن ۋالەھى بىھوشۋار كىرىپ كەلدى. ھەزرەتى خاجە خۇشاللىق بىرلە ئىنايەتلەر قىلدىلەركى: «كەلگىل ئى مىر ھەسەن، سىنىڭ ئۈچۈن ئىمام مۇجتەھىدلەر فەتىۋالەرىن ھاسىل قىلدىم. سۈرەتى فەتىۋا ئولكى، قەۋلى مەشايىخلەر رىزۋانۇللاھى ئەلەيھىم ئەجمەئىن سالىكى راھى تەرىقەتكە پىر ۋە مۇرشىدغە ئىنابەت قىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر پىر ۋە مۇرشىدغە ئىنابەت ئىلماغلىق ئىلگەركىگە ئىنكار قىلماي، شەرىئەت ۋە تەرىقەتدە جائىزمۇدۇر يا ئېمەسمۇ؟ بەيىنۇ، تۇئجىرۇ دۇرۇست جائىزدۇر. زىراكى ئەۋلىيائۇللا ھەممەلەرى بىرلەرىنىڭ ھۆكمىدە، ھەممە نەزەر بىر نەزەردۇر. مەقسەد بىر، ئىختىلاپ سۈرەت دەرۋىش ئۆزگىدە ئىككى كۆرمەكلىك ئەھۋەللىكدۇر. ھەۋايى بىشەرىيەت تەتدىر ئەۋۋەلقى پىر مۇرشىدغە ئىنكار ئىلسە، ئىككىنچى پىرغە قىلغان ئىنابەت باتىل، بىرىنىڭ مەردودى ھەممەنىڭ مەردودى. بىرىنىڭ مەقبۇلى ھەممەنىڭ مەقبۇلى. بۇ مەسئەلەنىڭ تەرىقەتىنى ئۆز كىتابلەرىدە تەقرىر قىلىبدۇرلەر ۋەللاھۇ ئەئلەم.»

ھەزرەتى خاجە باھا ئىسھەق ۋەددىسىدىن بۇ دەريايى ھەقىقەت ھەزرەتى مەۋلانا يەئقۇب چەرخىدە قالدى. بۇلاردىن خاجە ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ دىللەرىدە جۇش ئىلدى. ئەمما خاجە ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ دىللەرى بىنايەت كۇشادە ئەردى. بۇ مىقدارغە قانماي ھەزرەتى خاجەئى بۇزۇرۇكنىڭ

ۋە شەيخ ئابۇبەكرى قىففال شاشىنىڭ روھانىيەتى، بىسيار
ئەۋلىيا ئۇللا مەدەتلەرى تاكى بۇ ئاسارى ئىلاھى دەرياسى
ئاخىر زەماندە بىتاماھى دىللەردە جارى بولدى. ئاندىن
ھەزرەتى مەۋلانا مۇھەممەد قازىدە جىلۋەگەر بولدى. ھەز-
رەتى مەۋلانادىن بۇ فەيزى ئىلاھىنىڭ ئىشكى ئول مۇقتە-
دايى ئەرەب ۋە ئەجەم ۋە خۇلاسەئى زۇبدەئى ئۇمەم يەنى
مەخدۇم ئەئزەم مەۋلانا ئەھمەد خاجەگىنىڭ دىللەرىدە گۇشادە
بولدى. ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمدىن مەۋلانا لۇتفۇللا چۇست-
مىغە تۇشتى. ھەزرەتى مەۋلانادىن بۇ نىسبەتى ئامانەت
ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ئەلەيھىر رەھمەنىڭ مۇبارەك
دىللەرىدە قارار ئالدى. بۇلاردىن ھەزرەتى خاجە شادى
خاجەم پادىشاھدە نىشانە بولدى. بۇلاردىن فەرزەند دىلبەند
ھەزرەتى خاجە ئۇبەيدۇللا خاجەم پادىشاھدا نامايان بولدى.
بۇلاردىن فەرزەندى جىگەر گۇشى ئافتابى تەلئەت ۋە مۇش-
تەرى سائادەت، چەھرەئى دىلكۇشا يۇسۇف مىسال، ساھىب
كەمال، فۇرخەندە ئەفئال يەنى ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم
پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمە رىزۋاندە نامايان بولدى. ساھىبى
كەمال، جۇرئە نۇش، بادەئى ۋىسال ۋىلايەت ئىچرە غەرقى
مىل، بەھرى ئۇممان، قۇتبىيەت مەرتىبەسىدە گوياكى مەجمە-
ئۇل بەھرىن فى دەۋرانى زەمان ئەنى ھەزرەتى خاجە
جاھان پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋانغە جىلۋە قىلدى.
بەس مەلۇم بولدىكى، ھەزرەتى خاجەئى جاھان قۇتبى زەمان،
ۋەلىي بەرھەق، دەريايى شۇھۇد ئىچرە مۇستەغرەق ئەردىلەر.
لېكىن ئۆزلەرىنى زاھىرەن سەلتەنەت پەردە ئىچرە پىنھان
تۇتار ئىدىلەر. ئۆلۇمالەر ۋە شۇئەرالەر تەرىقىسىدە كۆرۈنۈر
ئەردىلەر. غافىل زاھىر بىنلار تانۇماس ئەردىلەركى، بۇلار

كىيگۈزۈلار. ئەمما مەيلى، شۇناسلەر ۋە ھەقىقەت ئادەملەر
بىلۇر ئىدىلەركى، مۇرغى رۇھلەرى ئالەمى قۇدسىس فەزاسى
ئۈزرە شىكار قىلىپ، شاخدىن - شاخقە سىدرەھ ئۈزرە ماكان
تۇتار ئىكەن. دىللەرى ھەرەمخانەسى ئىچرە دەرگاھى ھەقدىن
فەيزى ئىلاھى ۋەرەھمەتى نامۇتەناھى جايىگىر بولۇر. نەقل
قىلاتتۇدۇركى، ئول زۇبدە تۇلئولەما ۋە خۇلاسە تۇل فۇزۇلا
مۇفتى كەلان ياركەند دىل پەيۋەند ئاخۇن شاھ ئابدۇلقادىر
مەرھۇمى ئېيتادۇركى: «بىر مۇبارەك سەئىد كېچە ئەردى.
لەيلە تۇلقەدرى كېچەلەرىدىن نىشانە بەلگۈردى. بەس ئۇشول
كېچە نىسبى شەبدىن بىر پارە ئۆتتۈپ ئېردى، تاھارەت تازە
قىلىپ، شۈكرى ۋۇزۇئ ئۇچۈن دۇۋانە ئادا ئەيلەپ، ئىستىغ-
پار ئوقۇپ، ھۇنۇز تەھەججۇدگە شۇرۇئ قىلماپ ئەردىم.
ئۇشۇل ھالەتدە ئۆزۈمدىن كېتىپدۇرمەن. بىر ئۇلۇغ ئىمارەتكى
تام تورۇسلەرى ۋە تۇبرۇكلەرىنە قاراماقدىن كۆز خىرە ۋە
ئاجىزەدۇرلەر. بۇ ئىمارەتلەر تاقلەرىدىن نۇرلار ئالەمگە
روشەنلىك يەتكۈزەدۇرلەر. بۇ ئىمارەت ئالىيە ئىچرە يۈز
ئەجز نىياز بىرلە ماڭا يول بەردىلەر. كىرىپ بىر گۆشەدىن
نەزەر ئەيلەدىم. بىر شەھ سۇپە ئۈزرە تەخت قويۇپدۇرلەركى،
تامام لەئل جاۋاھىر، زۇمرۇد، زەبەرجەد، گۆھەر، ئالماس
بىرلە دەرىجە مۇرەسسەئ ئەيلەبدۇركى، بۇ دۇنيايى فانىدە
جىن پىشەنىڭ خىيالىغە كەچمەگەن. بۇ تەخت ئۈزرە بىرنىڭ
بەخت ئولتۇرۇپدۇركى، ئافتاپ بەلكى يۈزىنىڭ ئافتاپ نەئلەيىن-
لىرى شەكەر ئامىز قەترەسىدىن سەدىقە نىيازى بولسە، ئازار
يەتمەس. ئالدىلەرىدە ئىككى شاھزادە ئالىيجاناب ئولتۇرۇپدۇر-
لەركى، بىرلەرى لىباسسىز ۋە بىرلەرى لىباس سۇفىن كىيىپ-
دۇرلەر. بۇ تەخت ئەتراپىدە تۆرت نىم تەخت قويۇپدۇرلەر.

تۆرت مەردى دىلنەۋازى ئولتۇرۇپتۇرلەر. بۇ ئەتراپىدا سەپ-سەپ جەمائەتى ئەزىمى ئولتۇرۇپتۇرلەركى، ئەدەدىلەرىگە ھەد شۇمار يەتمەس. مەن بۇ تاماشانى كۆرۇپ، بىرەۋدىن سورىدۇمكى: تەخت ئۈزرە كىمدۇرلەر؟ بۇ جامائەتلەر كىملەردۇر؟ ئول كىشى ئەيدى: «ئول تەختدەكى ئىككى جاھاننىڭ خاجەسى ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇرلەر. بۇ نىم تەخت ئۈزرە تۆرت يارىدۇرلەر. خۇلەفائى راشىدىن بولادىن ئىبارەتدۇرلەر. ئۆزگە جامائەت ساھابەلەر باشلىغ ئەۋلىيائى ئۇممەتدۇرلەر. ئول ۋەقتىدىن تابۇ ۋەقتىغىچە قۇتبەئى ئالەمدىن رىھلەت تاپىپدۇر. قۇتبەلىق مەنسەبىن تەيىن قىلغۇرغە ئولتۇرۇپدۇرلەر. بەس شۇبۇ ھالەتدە ھەزرەتى خاجە جاھان ئەلەيھى رەھمەۋەر رىزۋانىنى ئىككى كىشى باشلاپ كىردى. ھەزرەتى خاجە جاھان پادىشاھ زېمىنى ئەدەبىنى بۆسە قىلىب تەۋازۇئ بىرلە سالام ئەيلەدىلەر. ئانھەزرەت سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋاب سالام بېرىپ كېلدىڭ فەرزەند، دەپ پېشانەلەرىگە بۆسە قىلدىلەر. ئەيدىلەر: قۇتبەلىككە ھەممەدىن سىزنىڭ ئىستىدادىڭىز بالادۇر. بۇ مەنسەپ ئالىغە سىز لايىق، دەپ لىباس قۇتبىيەتنى كىيدۇردىلەر، بۇ ھەممە جامائەت مۇبارەكبادلىق ئەيلەدىلەر ۋە كونە لىباسلەرىنى خاجە جاھاننىڭ خادەمىغە بېرىڭلار، دەپ ئەمىر ئەيلەدىلەر» ئاخۇن ئېيتادۇركى: «يۈگۈرۈپ باردىم لىباسنى ماڭا بەردىلەر، كىيدىم. ھەزرەتى خاجە جاھان ئەرز قىلدىلەركى: يا رەسۇلەللاھ! بۇ مەنسەپ ئالىدۇر، بۇ بەندە كەمتەرىن كەمىنە ئەز بەس ھەقىر ۋە كەم ئىستىتائەت ماڭا كار دىشۋارلىق تارتتى. نىچۈك بولغايمەن؟ ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللاللەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتادۇرلەركى:

يافەرزەنىد! بۇ بەخشى خىۇدادۇر، كىمگە ئەتا ئەيلەسە، شىۇل سائەت قابىلىيەت مەرتىبەسىگە يېتەر.

مەسنەۋى

داد ھەقرا قابىلىيەت شەرت نىست،
بەلكى شەرتى قابىلىيەت دادى ئۇست ①

ھەم يىمەگىنز، ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا ۋە بىز ۋە ھەم ئەۋلىيائى ئۇممەت مۇرەببىگىنز دۇرلەر. كار ئاسانلىققە مۇبەددەل بولۇر ئىنشائاللاھ.

ئوشۇل ھالەتدە ئۆزۈمگە كەلدىم، بىتەرەلى قىبلەرۇ ئىستىغفار ئوقۇپ ئولتۇرۇپدۇرمەن. دىماغىم پۇرمۇئەتتەر بولۇپدۇر. ئەلھال بۇخەبەر خۇشنى يەتكۈزۈپ مۇبارەكبادلىق قىلغايمەن دەب ئوردا سارى يۈگۈردۇم. ئەمما ئەزىم ئاجايىپكى تامام دەرۋازەغە قولۇف سالىب كەلدىنى ئالماققە ئادەت ئەردى. ئەمما بۇ كىچە توققۇز دەرۋازدىن كىردىم. ھەممە كۈشادە تۇرۇپدۇر. ھېچقايسىسى مەھكەم ئەمەس، بىلمەدىم، يا كازامەتدۇر، دەرۋازە كۈشادە بولدى. يا ئول كىچە دەرۋازەگە قولۇف سالماپ ئەردى بولغاي. بەھەر ھال كىتابخانە ھۇجرەخاسىنىڭ ئىشىكىگە يەتتىم. شەمئى رۇشنالىق بىرەدۇر، لېكىن ئىشىك مەھكەم، ئىبا قىلىب بىئىزنى كىرمەي دەب ئەندەك ۋەققۇپ قىلدىم. ئو شول سائەت ھوجرە ئىچىدىن ئاۋاز كەلدى — كىرىلىڭ ئاخۇن دەب. ئىزنى بىلە ھۇجرەغە كىردىم،

---

① تەكرىنىڭ ئىنئامىغە قابىلىيەت شەرت ئەمەس، بەلكى شەرتى قابىلىيەت تەكرىنىڭ ئىنئامىدۇر.

دۇئادە ئىكەنلەر. تەزىم بىجا كەلتۈردۈم. ئاندىن مۇبارەكـ
بادلىق قىلدىم. ھەزرەتى قۇتبى زەمان ئېيتادۇرلەركى: «ئى
ئاخۇن، مۇبارەكبادلىقنى نە بائىسىدىن تەخىر قىلدىڭىز؟ كې-
رەك ئىدىكى، ئۇشول مەجلىسدە مۇبارەكبادلىق قىلساڭىز».
مەن تەقسىر پادىشاھىم دەپ لال بولۇپ قالدىم». ئەمما
ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ھەم ئىلتىفات ئاغاز قىلدىلەر. ئەي-
دىلەركى: ئى ئاخۇن، كۆرگەننى بايان قىلىڭ! فەقىر
دېدىم:

### مىسرا

ئانجاكى ئەيا نەست، چە ھاجەتى بايان. ①

ھەزرەتى خاجە جاھان پادىشاھ ئېيتتىلەركى: «ئارى
خاتىرەڭىز ئىتمىنان تاپقاي. بەس بايان ۋاقتىدە ئەيلەدىم.
ئۈزۈمگە كونە لىباس بەرگەنلەردىن تەمە بولماغاي دەپ
ئېيتمادىم. ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ئېيتتىلەركى: «ئى ئاخۇن،
ئۆزىڭىزگە بەرگەن لىباسنى نېمە ئۈچۈن ئېيتمايسىز؟»

مەن شۈك بولدۇم، تەقسىر - دېدىم — مۇبارەك بوي-
لەرىدە كىمخاپ جۇببەلەرى بار ئىكەن، سالىب ماڭا تاشلەدى-
لەر. مەن تازىم بىلە ئالىب كىيدىم. بۇرۇن ھەم ئېتىقادىم
بار ئىدى، ھالا بىر ئېتىقادىم يۈز بولدى. تۆبە تەزەررۇئ
بىلە ئىنابەت ئەيلەدىم. كۆڭلۈم چىراغدەك ئاچىلدى. ئاندىن
ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ئېيتتىلەر: بۇ سىردۇر. زىنھار،
سەدھازار، زىنھار ئىفشا قىلماغايسىز. مەن بۇ سىرنى خاجەم
مادامكى ھايات ئىدىلەر، كىمەرسەگە ئىفشا قىلمەدىم.» ئەمما

① ئول ئورۇن ئاياندۇر، بايان قىلماقلىق نېمە ھاجەت.

بۇ ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن بايان قىلادۇرمەن دەپ ھەر بارە بۇ ھېكايەلەرنى قىلىپ، گىرىيە ۋە زارى قىلۇر ئىدىلەر.

نەچچەندە پىر مۇرشىدلەر ياركەند شەھرىگە تەشرىق قىلدىلەر، ئاخۇنىنىڭ يار - بۇرادەرلىرىگە ۋە شاگىردلەرىغە، فەرزەندلەرىغە ئىرادەت قىلىڭلار دەپ رۇخسەت بەردىلەر. ئەمما ئۇزلەرى ئۇشول ئىرادەت قەدىملەرى بىرلە ئالەمدىن باردىلەر.

رىۋايەت قىلىبدۇرلەر، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «قالە رەسۇلۇللاھى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئىننەللاھە تەئەلا خەلەقە سەلاسە مىئەتە نەفسىن قولۇبۇھۇم ئەلا قەلبى ئادەمە سەلەۋاتۇللاھى ئەلەيھى ۋەلەھۇ ئەربە ئۇنە قولۇبۇھۇم ئەلا قەلبى مۇسا ۋەلەھۇ سەبئەتۇ قولۇبۇھۇم ئەلا قەلبى ئىبراھىمە ئەلەيھىسسەلام ۋەلەھۇ خەمسەتۇن، قولۇبۇھۇم ئەلا قەلبى جىبرائىلە ئەلەيھىسسەلام ۋەلەھۇ سەلاسەتۇن، قولۇبۇھۇم ئەلا قەلبى مىكائىلە ئەلەيھىسسەلام ۋەلەھۇ ۋاھىدەتى قەلبۇھۇ ئەلا قەلبى ئىسرافىلە.»

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىبدۇرلەر: ھەزرەتى رەسۇل ئەلەيھىسسالامدىن سوئال قىلدىلەر. رەسۇل ئەلەيھىسسالام ئەيدىلەركى: پەدۇرۇستىكى، ھەقتەئالانىڭ بەندەئى بەرگۇزىدەسى (300 جان) باركى ئۇلارنىڭ دىللەرى ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىللەرىغە ئوخشەدۇر ۋە يەنە قىرىق تەن باردۇركى، ئۇلارنىڭ دىللەرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىللەرىغە ئوخشەدۇر يەنە يەتتە تەن بەندەئى باردۇرلەر، ئۇلارنىڭ دىللەرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىللەرىغە ئوخشەدۇر. يەنە بەش تەن باردۇر، ئۇلارنىڭ دىللەرى

ھەزرەتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىللەرىغە ئوخشەدۇر،
ۋە يەنە ئۈچ تەن باردۇر، ئۇلارنىڭ دىللەرى ھەزرەتى مى-
كائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىللەرىغە ئوخشەدۇر. ۋە يەنە بىر
تەن بەندەئى خاسلەرى باردۇركى، ئۇلارنىڭ دىللەرى ئىسرا-
فىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىللەرىغە ئوخشەدۇر» ۋەقتىكى بىر
تەن ئالەمدىن بارسە، ئۈچ تەندىن ئالىب ئورنىغە قويۇلۇر.
ئۇشبۇ تەرتىپ بىلەدۇر ئالا ھازەلقىياس ئۈچ يۈز تەننى
ئەخيار ئاتارلەر، قىرىق تەننى ئەبدال ئاتارلەر، يەتتە تەننى
ئەبرار ئاتارلەر، يەتتە ئىقلىمنىڭ كارى ۋە بارى بۇلارغە
تەئەللۇقدۇر. بەش تەننى ئەۋتاب ئاتالۇر، ئۈچ تەننى نۇقۇبا
ئاتالۇر، بىر تەننى غەۋس - قۇتب ئاتارلەر. بۇلار - بىر بى-
رىنى تانۇرلەر. ھەر ئىشدە بىر بىرلەرىنىڭ رۇخسەتلەرىغە
مۇھتاجدۇرلەر. ھەممە ۋەقت جاھان بۇلاردىن خالى بولماس.
ھەممە گەرەھ كۇشادەلىق، مەنسەبدىن تۇشمەككە، مەنسەپكە
يەتمەككە، تەرەققى قىلماق ۋە تەززۇلدە بولماق، بۇ جاھان
ئەھلىگە بۇلاردىندۇركى بۇ ھۆكۇمەت بۇلارغە تەئەللۇقدۇر.
ھەر مەنسەپ، ھەر ئەزل بەلكى ھەر ئىش بۇلاردىن مەئنەن
ۋاقىئ بولۇر. ئاندىن ئول ئىش بۇ ئالەم زاھىرىدە مەلۇم
بولۇرلەر. ھەممەلەرى ناماز بامدادنى ھەر كۈنى كەئبەدە
قۇتبىغە ئىقتىدا قىلۇرلەر. ھەر كۈن بۇ ئالەمدە بولغان ئىش-
لارنى قۇتبىغە ئەرز ئېيتادۇرلەر. قۇتبىنىڭ رۇخسەتلەرى
بىرلە ئالەمنىڭ ئىشىنى فەيسەل بېرۇرلەر. ئەمما ئانىچىكى
ئەۋلىيائى پۇشىدە دۇرلەر تۆرت مىڭ دۇرلەركى، بىر بىرلە-
رىنى تانۇماسلەر. ئۆز ھاللەرىدىن بىخەبەردۇرلەر. بەس بۇ
جەمئى ۋەلىيانى ئالەمدۇرلەركى، ئۇلارنىڭ بارەلەرىدە ھەدىس
ئېيتىپدۇرلار: «قالەنەبىيۇ ئەلەيھىسسالامۇ بىھىم يۇرزەقۇنە ۋە

بىھىم يەمتە رۇنە ۋە بىھىم يۇد فەئۇلبەلا ئۇ ئەن ۋەجىھىلئ سەب-
ئەرزى» مەئنى ھەدىس: بۇزۇرۇكلەرنىڭ ۋۇجۇدلەرىنىڭ سەب-
ەبىدىن ئالەم خەلقىغە رىزقى بېرىلۇر. ئاسماندىن يامغۇر
ياغۇر، يەردىن گىيا ئۇنمەك، يەر يۇزىدىكى ئافەت دەفئى
بولماغى، بەلا دەفئى بولماغى بۇلارنىڭ بۇ ئالەمدە مەۋجۇت
بولماغلىغىنىڭ بەركاتىدىندۇر. ئەگەر بۇ تائىفە خاسلەر يەر
يۇزىدە بولمەسەلەر، بۇ ئالەم بىرلەھزەدە نىنىست — نابۇد
بولۇرلەر: «قالەنىنەبىيۇ ئەلەيھىسسالامۇ لەۋلاسالىھۇنەھەلە-
كەتتالىھۇن» ①

**نەزم**

بۇ ئالەم بۇ ۋۇجۇد خاس ئىلە بەرپادۇر،
بۇ سىپەھر بۇلار فەيزى ئىلە بەرجادۇر.
گەررۇيى زېمىن ئۇزرە ئۇلار بولماس ئىسە،
بۇ ئالەم ھەممە ھەبا ئىلە مەنسۇردۇر.

ئاكابىر تەرىقەتتىن بىرلەرى ئېيتىتىلەركى: مەن غەيبدە جەمائەنى كۆردۇم ۋە سالام قىلدىم، جاۋاب سالام بەردى. سورىدۇمكى: «سىزلەرگە نىچۇك نىسبەتدۇر؟» ئەيدىلەر: «بىزلەر سوفىلەردۇرمىز. ھەلقەلەرىمىز يەتتەدۇر. تالىبىن مۇرىدىن، سالكىن سائىردىن، تاھىردىن ۋاسلىن يەتتىنچى قۇتب دۇر» قۇتب ئىككى مەرتىبەدە بولۇر. بىرى قۇتبۇلئىرشادكى ئۇنىڭ دىللىرى ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە-

---

① ھەزرەتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئېيتقانلىكى: «ئەگەر ياخشى كىشىلەر بولمىغان بولسا ياسىق - يامان ئادەملەر چوقۇم ھالاك بولغان بولاتتى».

سەللەم دىللەرىغە ئوخشەدۇر. ئۇلارنى «قۇتبى ئىشرەتى» دەر-
لەر. ۋە يەنە بىرلەرنى، قۇتبۇلئەبدال دەرلەر. ئۇنىڭ دىل-
لەرى ھەزرەتى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىللەرىغە ئوخشە-
دۇر. ئۇلارنى قۇتبى مەداردەرلەر، ۋە ئۇزلەتى ھەم دەرلەر.
بۇ ئىشرەتىلەرگە ئەھلى ئەيال، ئەھۋال ئەشيا مۇلۇكلەرى
بولۇر. دوست - دۇشمەنلەرى ھەم بولۇر. بۇلار خەلقنى ھەق-
تائالاغا ئۈندەمەكتە — خەلىفەئى ئەنبىيادۇرلەر. بۇلارنى كى-
شى تانۇماسلەر. مەگەر ھىدايەت تاپقان كىشى تانۇر. ھەدىس
نەبۇۋىكى «ئەۋلىيائى تەھتە قەبائى لايەئرەفەھۇم غەيرى»
(«مىنىڭ ئەۋلىيالەرىم پەردەئى زىرىدادۇر، ئۇلارنى مەندىن
ئۆزگە تانۇماسلار»).

بەيت

ھەردىلىرا ۋەلى تەۋانەددىد،
مۇستافا رائەلى تەۋانەددىد. ①

ئەمما ئەۋلىيائى ئۇزلەتىلەر خادىم ئورنىدە، ئەۋلىيائى ئىشرەتىلەر ۋەزىرلەر ئورنىدە زاھىرلەرى خەلق بىرلە، باتىن-لەرى ھەق بىرلە، يەنى ئەگەر ئەۋلىيائى ئۇزلەتىلەردىن بىردە بىر گۇناھ قىلسە ئۇنىڭ گۇناھىنى قۇتب ئىشرەتى تىلەر ۋە ئۇززەنى ئول ئېيتۇر ۋە پىر ۋە مۇرشىدلىق ۋە تالىب گۇمراھ-لەرغە ۋەكىل رەھنەما ئۇلاردۇر ۋە بەزى ئەنبىياغە ۋەھيى كېلىپدۇر، ھەزرەتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئېيتىپدۇر: «مەن دۇنيايى ئاخىرەتنى ھەر كىشىگە بەرسەم مىننەت قىلماسەن.

① 45 - بەيتنىڭ تەرجىمىسى ئىزاھاتقا قارالسۇن.

ئەمما ئۇل كىشىگە مىننەت قىلۇر. مەنىكى ئاڭا ئۆز دوستلەرىنى كۆرسەتىپ ۋە تونۇتۇپ بەرەن» ۋە بەزى بۇزرۇكلەر ئېيتىپدۇرلەركى: ئىككى قۇتب بار: قۇتبۇلئەبدال ۋە قۇتبۇلئىرشاد. ئەۋلىيائى ئۇزلەتلىرى ھېمىشە باردۇرلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانلەرىدىن ئىلگەرى بار ئىكەنلەر. ئەنھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زوھۇرلەرى ۋەقتىدە قۇتبۇلئەبدال ئۇۋەيس ئەمەلى ئىسادى قەرەنى ئىكەنىكى مەزھەرى ھەزرەتى رەھمانىدۇر. ئۇل ۋەبجىھىدىن ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىپدۇرلەركى: «ئىننى لەئەجىدۇ نەفسەر — رەھمانى مىن قىبەلىلىيەمەنى» يەنى تەھقىق تاپادۇرمەن. بۇيى رەھمانىنى يەمەن سارىدىن ۋە ئۇل ئەبدال يېمەك-ئىچمەك ۋە خالا جايغە بارماق ۋە داۋۇ قىلماق ۋە ناماز ئۆتەمەك مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننەتلەرىنى بەجا كەلتۈرمەك ۋە ئىستىقباللەرى بار. ھەرەمەينىسىدە بىر كۈندىن يا بىر سائەتدىن زىيادە بولماسلەر. مەگەر كار بولسە، ئىقامەت قىلۇرلەر. ئەمما قۇتبىلەر ئۆز جايىدە سابىت قەدەمدۇرلەر. ھەزرەتى خىزرى ۋە خاجە ئىلياس بۇ قۇتبغە ھەمسۆھبەتدۇر. ئەكسەر ئەغلەب قۇتبغە ئىززەت قىلۇرلەر ۋە نامازدە ئىقتىدا ئاڭا قىلۇرلەر. ھەزرەتى قۇتبۇلئەقتاب غەۋسۇل ئەھباب ۋە خاجە تاھاۋىدىن نەقىشبەند قەددەسە سىررەھۇ دىلىغە ئەلامات بەيان قىلىبدۇر. ئۇل ئەلاماتنى بۇ بۇرجدا بايان قىلىبدۇر.

بەيت

سى نىشان بۇد ۋەلىرا ئەزنە خۇست،
ئان بىبەئنى كى چۇن رۇيى ئۇبەبىنى دىلى تۇبىدۇر
گەھ ئايەد.

دۇۋۇم ئانكى دۇمەجالىس چە سۇخەن كۇن زىمەئنى،
ھەمەرا ئەزھەستى خۇد بىپەھەدىس رەبايەد.

سەيىيۇم ئان بۇد تىسمەئنى ۋەلى ئەخەسى ئالەمكى زەھىچ ئەزۋى ئۇرا ھەرەكات پەر نەئايەد.

يەنى ۋەلىلەرغە ئۈچ نىشانىسەدۇر. ئەۋۋەل، ئاڭا ھەر ۋەقتىدە قاراساڭ كۆڭلۈڭ ئاڭا مەيىل قىلۇر، شول زامان ئۇنى دوست تۇتارسەن. ئىككىنجى، ھەر مەجلىسدە مەئنىدىن سۆز قىلسە ھەممىنى ئۆزلۈكىدىن بىخەبەر قىلۇركى، دۇنيادىن ساۋۇتۇر. ئۈچىنجى، ئولكى ۋەلى ئالەم ئەھلىدىن يىغىلۇر، ئەلىشماس. ئوبۇل فەزلى بۇخارى ئېيتىپدۇركى: ئايا رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلەرىنى تانۇغىلى بولۇرمۇ، سەيىدلىك نىسبەتلەرىگە يەتكەي. ھەزرەتى ئىمامدىن سوئال قىلدىم. ھەزرەتى ئىمام ئىلھام بىرلە جاۋاب بەردىلەركى: ئەۋلاد ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەچچەند نىشانەلەرى بولۇر. ئەۋۋەل خۇشخۇي، ھەرگىز خەلقغە چىرايىنى چىرىتماس. ئىككىنچى، خەلقنىڭ ئەيىبىنى ياپۇر. ئۈچىنچى، خەشىم غەزەپنى يۇتۇر. تۆرتىنچى، خەلقنىڭ گۇناھىنى ئەفۋە قىلۇر، ئىنتىقام تەلەپ قىلماسلەر. چۇنانچە ھەزرەتى ئىمام ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر باۋۇرچى قۇللەرى بار ئەردى. دەستۇرخان سالىب، ئاشتى ئېلىب كىرگۈنچە مۇدۇرۇلۇپ يىقىلدى. ئاش ھەزرەتى ئىمامنىڭ باشلەرىغە تۆكۈلدى. ئۇشول ۋەقتى غەزەپ ئەردى. مۇبارەك دىللەرى يۇمشاقلىغىدىن ئول بەندىگە ئىلتىفاتلەر قىلىب ئازاد قىلدىلەر. ۋە يەنە ھەزرەتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇنىڭ بىر قۇللەرى بار ئەردى، بىر لازىم بولۇپ قىچقاردىلەر، ئۇن

بەرمىدى. يەتتىنچى مەرتىبە قىچقاردىلەر، ئۈن بەرمىدى! ۋەقتى
غەزەپ ئەردى. ھىلىم سۈپىتى جۇش قىلدى. ئول بەندىنى
ئازاد قىلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبىرىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسەللەم ئېيتىپدۇرلەركى: «مېنىڭ ئەۋلادلەرىم جەۋھە بولس-
ماس» ھەزرەتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا خىتاب قىلىپ ئەيدىكى:
«يا مۇھەممەد، تەھقىق كامالى خۇشخۇيلۇقنى سەن قىلاسەن»
كىشىكى بەدخۇي بولسە، رەسۇل ئەلەيھىسسالامغە ئەۋلادلىق
نىسبەتى دۇرۇست ئەمەس، ھەممە مۇجتەھىدلەر ئىتتىپاقى
بىرلە كىشىكى بىرەۋنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارە قىلسە، بەس
ئىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغە ئەۋلادلىقى نىسبەتى ئەمەس-
دۇر. ھەممە مۇجتەھىدلەر ئىتتىپاقى بىرلە كىشىكى ئاگا چە-
شىم بولسە، ئىنىڭ ھەم مەن ئەۋلادى رەسۇلۇللاھ دېمەكى
دۇرۇست ئەمەس. كىشىكى زىنا بەدكارلىق بولسە، يالغان سۆز-
لىسە ۋە غەيبەت قىلسە ۋە بوھتان قىلسە، ئىنىڭدىن بۇ نا-
مەشرۇھ گۇناھلەر ۋاقىئە بولسە، ئىنىڭ مەن رەسۇلۇللاھنىڭ
ئەۋلادى دېمەكى دۇرۇست ئەمەس. ھەزرەتى ئىمام ئېيتادۇر-
لەر: بۇ مەسئەلە ھەممە ئۈممەتى مۇھەممەدگە لازىمدۇر. چە-
راكى ئاخىر زەمانىدە تولا خەلق مەن سەييىد زادە دەرلەر،
سەييىد زادەلەردەك كىسۇكاكۇل قويارلار. بەس ھەر ۋەقتىكى
مەۋجۇد بولسە ياخشى نىشانەلەر، بۇ ياخشى ئالامەتلەر بەس
قىلىندۇر — ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىقىغە تەزىم ئىكراملەرى خەلققە
ۋاجىپدۇر. بەس بۇ مەسئەلەنىڭ ۋۇقۇئى ئاخىر زەمانىدە بىسى-
يار بولۇر، خەلق ئىنىڭدىن ئەقىدەنى كاج قىلۇر.

مۇھىت ناملىق كىتابدا كەلتۈرۈبدۇر لاركىم: «ئەلا مەتۇبسە
يادەتى مىنھا ئەن لايەمىلە سەييىدۇ بىلمەھرۇماتى ۋەتەغەييىرو لمەش-

روۋاتى لىنەنىڭ ما مەنۇئۇن ۋە مەن يەمىلو بىنەھەندىما فە-ھۆۋە لەيسەمىن ئەھلىسسە يادەتى، دەئۆھۆ ماتىلۇن...»

سەيىيدلىك ئالامەتلەرى بىسىياردۇر. بەزىسى شۇبۇكى سەيىيد ھەرگىز مەيل قىلماس ھارامغا، شەرئىنىڭ كارلەرىغە تەغيىر بەرمەس. ۋە كىشىكى مەيل قىلىبدۇر بۇ ئىشلەرغە، ئول كىشى سەيىيد ئەمەسدۇر.

## بەيت

ھەر كەسكى دەم زەنەد بىسىيادەت بىلەزدى خەلق،
باۋەرمەكۇن ئەگەرچە بۇۋەد قىلمەسەل ۋەلى.
كىمسە دەم ئۇرسە سىيادەتدىن خىلافى شەرئى ئىلە،
قىلماغىز باۋەر ئەگەرچە كۆرۈنۈرلار ئول ۋەلى.

چۇنانچە سەيىيد شەرىف بەرجانى ئېيتىبدۇر،
ئانراكى نەباشەد ئەز نۇبۇۋەت ئەسەرى،
نەھەد شەجەرى بىخەيرى نىقمەت ئەسەرى،
سۆزدارازغە تارتتى مەقسەدى سارى.

شۇرۇئ قىلماق، بۇ مەزكۇر بولغان ئەلاما نىشانە ھەزرەتى خاجە جاھان ئەزىزلەردە مۇۋاپىق كېلەدۇر. ئۇلارنىڭ بۇرادەرلەرى ۋە ئەۋلادلارىدە دۇرۇست كېلەدۇر. سىيادەتلەرىدە ھىچ شەك ـ شۇبھە يوقدۇر.

ئولئەزدەلىبى ھەزار داستان ۋە مۇھەققىقى فازىل رەۋاج دەھەندى مىللەت ۋە دىن ئەئىنى ئاخۇن مىر ئابىددىن نەۋۋەرەلەھۇ تۇربە تۇھۇدىن نەقىل قىلۇر ـــ

ئەيدىلەركى: «كاشغەر مەدرىسەسىدە دەرس ئوقۇر ئەردىم گاھى ئەرەبى كىتابىلەر، گاھى تۈركى ئىبارەتلەر، نەزمە تەرتىپ بېرىشكە مەشغۇل ئەردىم. ھەر ۋەقىت ئول بائىسى ئەمنۇ — ئامان ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھنىڭ تەرىف ۋە ستايىشلىرىنى ئاڭلاپ، كەمەرى خىزمەت ئارزۇسىدە ئەردىم. بۇ ئارزۇغە ھەرەمەيىن - شەرىفەيىن تاۋافى نىيىتى كۆڭلۈمگە تۈشتى. ئەزمى ياركەند ئىختىيار قىلدىم. لېكىن ئول گۇمان يوق ئىدىكى، ئاستانە بۇستلۇق مۇيەسسەر بولغاي، بىمۇجەررەدى ئىشتىمەكلەرى بىرلە «كاشغەردىن كەلگەن يار تالىبۇلىئىلىم كەلسۇن»، دەپ خەبەر يەتتى. فەقىر خىزمەتلەرىغە بارىپ، زەمىنى ئەدەبىنى بۆسە قىلىب تەقسىر ئالدىم. ھەددىدىن تولا ئىلتىفات ئەيلەدىلەر. يەنە ئەيدىلەركىم: بىزگە نە تۆھپە كەلتۈردىڭىز؟. فەقىر مۇر، سۇلايمان ھوزۇرىغۇچە نەھەدكى، تۆھپە كەلتۈرگەيمەن.

ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ئىيتادۇرلەركى: مۇرى پاي مەلەخنى تۆھپە كەلتۈرمەدىمۇ؟ لال بولدۇم. خىجالەتتىن قوۋي تاپتىم. بىلمەيدۇرمەنكى، ئەشئاردىن بىر ئىككى غەزەل كەلتۈرمەك لازىم ئىكەن. ئۆلۇمائى زەمان، شائىران ۋەقت، ھەممىلەرى ھازىر ئىكەنلەر. ھەزرەتى خاجە كامالىنىڭ شۇبۇ بەيتى ئاراغە تۈشتى:

### بەيت

ئىلىم، تەقۋا بەرسەرى دەئۋايى مەئنى دىگەرەست،
مەردى مەئنى دىگەرەست، مەيدانى مەئنى دىگەرەست.

ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ئەيدىلەركى: ئىي ئۆلىمالەر،

بو بەيتكە مەئنى بەرگەيسىزلەر. ھەممىلەرى مەئنى ئادا قىلى-
دىلەركى: «ئىلىم - تەقۋا، زۆھد ۋەرەئ بىنىيەكىبار ھەممەسى
دەئۋايى بىمەئنىدۇر. مەئنى دىگەرى مەردى مەئنى ئۆزگە،
مەيدان ئۆزگە»، لېكىن ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ بۇ مەئنىگە
تەسلىم ئەتمەدىلەر. بەلكى ئېتىراز قىلدىلەركى: مەردى
مەئنى مەيدانى مەئنىدە بولسا كېرەك. مەرد بولماغاي ئول
مەيدانى مەئنىدە ئېمەس، مەردى مەئنى ئۆزگە، مەيدانى ئۆز-
گە ئەمەس، ھەممەلەرى شۈك بولدىلەر. خاجە كامالىنىڭ
نەچچە دىۋانلەرىنى ئىستەپ كۆردىلەركى، شۇبۇ تەرىقەدە
ئىكەن تاڭلاسى يەنە كەلسۇن دەب خەبەر بولدى. جەمئىلەر
يەنە باردىلەر. بىسيار ئاش قىلدۇرۇپ، خاجە كامال رۇھى-
لەرىغە دۇئا قىلدۇردىلەر. يەنە شول بەيتنى ئوقۇدىلەر:

### بەيت

ئىلىم تەقۋايى سەر - بەسەر دەئۋاست، مەئنى دىگەرەست.
مەردى مەئنى دىگەرەست مەيدانى دەئۋا دىگەرەست ①

ھەممەلەرى سەللەمنا دىدىلەر. مەئنىسىدە ھېچ ئىسپات
لازىم كەلمەدى. قافىيە ھەم تەكرار تاپمەدى. بۇ بەيت ئەل
ئارا غەلەت بولۇپ قالغان ئىكەن. خاجە كامالنىڭ رۇھلەرى
ھازىر بولۇپ، ئەسلى بەيتنى خەبەر بىرىپدۇر. ھەزرەتى خا-
جەم ئېيتتىلەركى: ھالا نەباشىدۇر بۇ ۋاقتنىڭ ئۆلۇما-
لەرىغە مۇنازىئەت ۋە مۇخالىفەت تۇشەدۇر. بۇرۇندىن شۇن-
داغمۇكىن يا بۇ ۋاقتتا شۇنداغمۇكىن؟».

① باشتىن - ئاخىر تەقۋالىق ئۈستىدە دەۋا قىلىنىدۇ؛ لېكىن مەنە ئۆزگىدۇر، مەنىنىڭ مەردى ئۆزگىدۇر، دەۋانىڭ مەيدانى ئۆزگىدۇر.

ھەزرەتی ئاخون خاجە ئابدۇللا ئېیتادۇرلارکی: «تەقسیر
پادىشاھىم: زامانە ئاخىر قىيامەتنىڭ ئالاماتى رۇز - بىرۇز
بىزدىن زاھىر بولۇپ تۇرادۇر. دىيانەتلەرى سۇست، ئىس-
لاملەرى زەئىپ. ئول ۋەجھدىن بىر - بىرلەرىنىڭ ھەققىدە
شىكايەت ۋاقىئە بولادۇر، ۋەئىللا بۇرۇنقى ئۇلۇغلار مۇنداغ
ئەرمەس» دەپ شۇ ئەفشان ھېكايەلەر باشلادىلەركى:—
ئابدۇللا خاننىڭ ۋاقىتلەرىدە ئاخۇن زىھنى، ئاخۇن يەئسى
ئاتلىق ئىككى ئاخۇن بار ئەردى. يارکەند ئىچرە ھەر بىرلە-
رى دىن ۋە دىيانەتدە، فەزىلەتدە يىگانە جاھان ئىكەنلەر.
ھەرگىز بۇ ئىككىلەرىنىڭ ئاراسىدە زەررەئى ئاداۋەت، غەي-
بەت بولماپدۇر. خان ھەم مېنىڭ ۋاقتىمدە بۇ ئىقلىملەردە
مۇنداغ ئالىيانىلار مەۋجۇد ئىكەنلەر دەپ بىسيار شۇك-
رى سەنا ئېيتۇر ئىكەنلەر.
بىر كۈنى خان تەجرىبە قىلماق ئۈچۈن بۇ ئىككىلە-
رىنى سەير شىكارغە ئالىپ چىقتىلەر. بارا - بارا ئاخۇن زىھ-
نىغە ياندىشىپ ئېيتتىلەركى:
— سىزلەرنىڭ مىنگەن ئاتلەرى كامال شوخ ۋە خوش
رەفتار، جۇرئەتلىك ئىكەن. ئاخۇن يەئسىنىڭ مەڭگەن ئاتى
ناھايىتى مۈڭ، كەم ھىممەت بى جۇرئەت ئىكەن. ھەر بىر-
لەرىنىڭ ئاتلەرى ئۆز مىزاجلەرىنى تەئسىيە قىلىبدۇر.
ئاخۇن زىھنى ئېيتتىلەركى:
— يا پادىشاھى ئالەم، ئاخۇن يەئسى ئانداغ زاتدۇر-
كى، ھەمىشە نەزەر ئىلاھى دىللەرىنىڭ ھەرەمخاسلەرىنى
مۇنەۋۋەر ئەيلەب، سافايى باتىن بىرلە جاھان زۇلمات — بىدئەتى-
نى ۋە زالالەتنى ھىدايەتكە ۋاسىل قىلىبدۇر. ھەر كىشىكى
ئۇلارنىڭ نەزەر قوبۇللەرىنى تاپسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئاسا-

يېشى ئىنساننىڭ نەسىبەسىدۇر. كىشىكى ئۆلارغە مەردۇدى نەزەر-
دۇر، ئىككى جاھاندە شەقاۋەت ۋە بەدبەختلىق ئىنساننىڭ
گەردىنىگە توشۇبدۇر. بەس شۇبۇ جەھەتدىن مېنىگەن ئاتلەرى
ۋەھمە تەرس بىرلە رىئايەت ئەدىپ بىرلە قەدەم قويادۇر-
كى، بىناگاھ ئەگەر بىئەدەپلىك قىلسام، بۇ تەۋقى لەنەت
مېنىڭ گەردىنىمگە تۈشكەي، ماڭا ئابرويى دۇجاھان پەسدۇر.
مېنىڭ ئۆزۈمدە مۇنداغ زات بابەركات ئولتۇرۇبدۇر دەپ
ئات ئۆزىگە فەخر قىلادۇر. ئەمما فەقىر مېنىگەن ئات ئۆزى-
گە ئاھانەت ۋە ھاقارەت ئالادۇركى، مېنىڭ پۇشتۇمدە مۇن-
داق مېھنەت زەدە پالاكەت پېيىمدە ئولتۇرۇپدۇر، بۇ ئاسىيلىك
گۇناھىمنىڭ شۇملۇغى ماڭا ھەم ئۆتسە، تاڭلا ئازاپ - ئوقۇ-
بەتكە مۇبتەلەسىق بولۇرمەن دەپ سەركەشلىك قىلادۇر. پۇش-
تۇمدىن تاشلاپ، مۇنىڭ شۇملۇغىدىن خالاس بولاي دەپ
شۇبۇ ۋەجھىدىن شوخلۇق قىلادۇر.

خان بۇ جاۋابنى ئىشتىپ سەللانەمنا دېدى. مۇددەتدىن
كېيىن، خان يەنە ئىسى ئاخۇن بىلەن ياندىشىپ بۇ سوئالنى
قىلدى. يەنە جاۋابدا ئانداغ دۇر ئەفشانلىق قىلدىكى:

— ئاخۇن زېھنى ئانداغ بۇزۇرۇگۋاردۇركى، مەنبەئى
فەيزى ئىلاھى، مەزھەرى رەھمەتى نامۇتناھىدۇرلەر. ناپى-
بى پەيغەمبەر بولۇپ، ئەھلى ئالەمگە ئەھكام شەرئىنى جارى
قىلادۇرلەر ۋە ياخشى ئىشلەرغە ئەمر قىلىپ، نامەشرۇئ ئىش-
لەردىن مەنئى قىلادۇرلەر. پەيغەمبەر سۇفەت، فەرىشتە سى-
رەتلىك مۇقامغە يېتىپ «تەخەللەقۇ بىئەخلاقىللاھ» ① مەر-
تىبەسىدە جاھنىشىن بولغان، جاھاندا يۈز مىڭ جاھان باج

---

① «خۇدانىڭ ئەخلاقىنى ئادەتلەنمەك»

خىراجى ئۆلۈزلىك سەدىقەسى بولىشاي. مۇبارەك دىللەرىغە
زەررەئى فۇتۇر يەتكەي ئۇشبۇ جەھەتتىن مىنىگەن ئاتىلەرى
بۇ خىيالدا مىنىڭ پۇشتۇمدە مۇنداغ زات ئالىيجاناپ قە-
دەم قويسە، بورەقتەك پەلەك ئۇزرە قەدەم قويماي، يەر
يۈزىدە يۈرۈرمەنمۇ دەپ سۆيۈنچىلىكتىن فەخر مۇباھەت قى-
لىپ، مەيدان ئىچرە جەڭ ئەندازلىق قىلادۇر. ئەمما بۇ فە-
قىر ئاسىي مىنگەن ئات ئار قىلادۇركى، مۇنداغ گۇمراھ نە-
فسى شەيتان ئاۋارەسى ئاستىدا تاغدەك ئېغىر گۇناھىنى كۆ-
تۈرۈپ يۈرۈرمەنمۇ دەب بۇلكام ھورۇنلۇق قىلادۇر.

خان بۇ جاۋابلەرنى ئىشتىپ بۇ تەرىقەلىق شىكەستە نەفىس-
لىكنى بىلىپ، بۇ ئاخۇنىڭ دىيانەت ئىنسابىغە تەھسىن ۋە ئا-
پىرىنلەر قىلىپ، كەمال بەشاشەت بىرلە بۇ ئىككىلەرىغە سەرۇ-
پاي شاھانە، ئىگەر يۈگەنلىك ئات ئاتا ئەيلەپ، شۇكرانەسىنى
ئادا قىلدىلەر» ئاخۇن خاجە ئابدۇللا بۇ نەقلنى قىلغانىدىن
كېيىن، ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ئاخۇنغە سەرۇپاي ئاتا
ئەيلەدىلەر.

يەنە ئاخۇن مىرئابىددىن ئېيتادۇركى: «بىر نەچچە غە-
زەل تەرتىپ بېرىپ ئىدىم، ھوزۇرلەرىغە كەلتۈردۇم. خوپ
زەۋقلەر قىلدىلەر. ئۆزلەرى بىنا قىلغان مەدرىسەلەرىدە
ئابىخانەسى بىرلە بىر ھۇجرا ئىلتىپات قىلدىلەر. مېنىڭ با-
شىمدىن ھەرەمەين تاۋافىنىڭ ھەۋەسى كەتمەدى. بارغانچە
قەۋى بولدى. كامال تەشلىك يۈز كەلتۈردى. چەراكى ئىنايەت
ئىلتىفاتلەر بىسيار ئەيلەدى. بىر ھەپتە دۇشەنبە، چارشەنبە
مەدرىسكە كېلىپ ئىكەنلەر. يارانلەرغە بىسيار زىياپەتلەر ئەي-
لەپ، دەرس ئىشتىپ يانۇر ئىكەنلەر. فەقىرغە ھەم يارانلەر
ئىچرە نەۋازىشلەر كۆرگۈزۈپ، دەرس ئىچرە مۇنىس بولۇپ،

مېنى ئىلغاپ ئېكەنلەر. بەس ناچار ھەجگە رۇخسەتنامە ئايەت تۇتتۇم. مۇبارەك پېشانەلەرىدە چىن زاھىر بولۇپ، باشلەرىنى تۇبەن سالىپ، مۇراقىبەگە كەتتىلەر. سائەتتىن كېيىن ئېيتە-تىبلەركى:

— ئى يار، سىزنى ھەج قافىلەلەرىنىڭ ھاجىلار ئارا-سىدە ئانچىنان جىسىت جۇقلىدىم، تاپمەدىم. مەلۇم بولادۇر-كى، سىزگە نېسىپ ھەق بولمايدۇر.

فەقىر نائۈمىد بولۇپ ياندىم. لېكىن نائۈمىدلىق بىرلە كۆڭلۈم قارار ئۆلمەدى. ھەزرەتى خاجە جاھان ئەزىزنىڭ خاجە سىددىق ئاتلىق بىر پەرزەندى نۇرىدىدەلەرى بار ئېدى، ھۆسنى، تەلئەتلەرى ئاپتاپ-نە غەلىبە قىلۇر ئەردى. خۇشخۇيلەرىدىن خۇلقى مۇھەممەد زاھىر بولۇر ئېدى ۋە فەھم ئىدراكلەرى ئەفلاتۇن، ئەرەستۇ شاگىردى ئەدناسى ئەردى. تەبئى سەلىملەرى زېھنى مۇستەق-قىملەرى ئەگەر بىزەئى پولاتتەك ناسۇپتەلارى ئۇچرەسە، زېھ-نى چالاكلەرى مەتنى بىرلە شىكاف ئەيلە ئېدى. جۇد - ساخاۋەتتە ھاتەم بىرلە بەرمەكىلەر ئېكىكى غۇلام چاكىرى ئەردى. ئەدل - ئادالەتتە نۇشىرۋان خادىملەرى ئەردى. ھەر نىچە مۇشكۇل سۆزنى بۇ سىددىقنىڭ خاسسى دەب ئىككى كۆزلەرىنى سەقفي خانەگە تىكەر ئەردىلەر شول سا-ئەت سۆز سۆز تەسەررۇفىغە كېلۇر ئېدى. ئۇشۇل ۋەقتىدە ئەقايىد خۇۋان ئېكەنلەر. بەس سىننى سالىلەرى ئون سەككىز ياشار ئېكەنلەر. ئەمما ھىددەتى تەفتىش - تەھقىقتا تەھسىل تامام بولغان تالىبىل ئىلىم يارەنلەرىنىڭ ھىددەتلى-رىدىن ئەششار فەھمىدە ئانداغ ئەردىلەركى، ئۆزگە يارانلار ياد ئالغۇنچە، بۇلار تەقرىر كەلتۇرۇر ئەردىلەر. ئەمما ئەششار

لەزمىن تەرتىپ بىررۈردە، ئىككى - ئۈچ غەزەلنى بىداھەتەن كىتابىغە ئالۇر ئىدىلەر. ئول ۋاقىتتا تالىبىلئىلىملارنىڭ خور-رەك ۋە پۇشەكلەرىنى ئۇلار بىررۈر ئەردىلەر، خەرج - خىراجەتلىرىنى ھەم بۇلار بىرور ئىدىلار».

مولا مىر ئابىدىن ئېيتۇركى: «بۇ مەزكۇر سىددىق خاجەم پادىشاھغە ھەج رۇخسىتى ئۈچۈن ئىلتىجا قىلدىم. ئۇلار ۋاستەسى بىرلە ھەجگە رۇخسەت بولدى. زاد راھىلە راست قىلىپ، يولغە راۋان بولدۇم. بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، تاغلەرغە قار چۈشۈپ، يول باغلانىپ ئىكەن. ھەممە قافىلە كارۋان ئارقىغە ياندىلەر. مەنىمۇ ھەم ناچار بىچارەلىكدە ئارقىغە ياندىم. نۇرى خىجالەت ماڭا يۈز-لەندى. نائىلاج كېلۇر ئەردىم. ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ شۇ-بۇ بەيتنى بىرودىن ئىبەرتىپدۇرلەر:

### بەيت

ھوسۇل ئەزخاترى جەمئەست ساھىبى ئىقتەدارانرا،
فىراقى ئەھلى تەمكىن كەي پىسەندەت بى قەرارانرا.

سەفەر مادەر ۋەتەن ئەز بەسكى ئىن ئەئىجۇبە هادارەند،
سەراسەرما بىخاكى گۇشىيان شۇد شەھسۇ ۋارەنرا.

ھەرىفان مەست، مەسرۇرەند ھەردەم ئەيدھا دارەند،
خەبەر ئەزنەشئەئى دىندان نەباشەد روزىگارانرا.

نەرىزى مەي بىكۇيى مەن فەرستان بىخۇد ئۇفتادەم،
چۇپەردايى خۇد ئەزجام پەياپەي خۇشگۇ ۋارانرا.

بىدامانى فەنائەت ھېچ يابى جۇزجۇدئى ئىوشى،
ھەكۈن پەيرەۋ بىشۇمدى ئەبەس بىشختىيار ئانىرا ①

بەس. ئۈشبۇ بەيتنى ئىشتىپ بىسيار يىغلەدىم. فەرشاندلىق بىرلە ئۆزرە - تەقسىر قىلدىم. ئاخىرۇلئەمر ئۇرى خىجالەت بىرلە مۇلاقات بولدۇم. ئەيدىلەركى:

بەيتكە جاۋاب راست قىلدىڭىزمۇ؟

فەقىر تەقسىر دەب ھەزرەتى ناسىر ئەلى - راست ئەيلەگەن ئىكەن:

بىز نىدانى ۋەتەن نەتۋان پۇشۇردەن بىقارارانىرا،
كەفى سەھلەست كەردى ئىن ۋەھشەت سۇۋارانىرا ②

بەس. جاۋاب - سوئاللەر بىرلە مەجلىس تامام بولدى» دەب ھەر بارە ھىكايىلەر قىلۇر ئەردى. ۋە يۈزمىڭ نادامەت ئەفسۇسلەر قىلۇر ئەردى. ئۈشبۇ بەيتدا ئۆزلەرىنىڭ ۋىلايەتلەرىدە كامىل ۋە مۇكەممەللىكلەرىگە ئىشارەت ئىكەن «ياشلىغ، نادانلىغ بىلمەي زايە قىلىبدۇر مەن»

نەقىلدۇر: ھەزرەتى خاجە جاھان ئەزىز ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋانىغە بىر نەچچە فەرشانلىق دىلگەرلىك روبەردى، ھېچ كىشى مۇلازىمەت قىلۇرغە يول تاپمادى. نە ئەھلى ئايالىغە، نە غەيرى ھېچ كىمەرسە بىلمەدىكى، بائىسى ۋاقىئە نەدۇر.

---

①② بۇ شېئىرنىڭ تەرجىمىسى بېرىلمىدى، چۈنكى كۆچۈرگۈچىنىڭ سەۋەنلىكىدىن بەزى سۆزلەر بۇزۇلغان. قولىيازمىدىكى بويىچە ئېلىندى.

بىر كۈنى ئەھلى ئەياللار مۇرىد مۇھىببى خانىملەر يىغىلسۇن دەپ ئەمىر ئەيلەدىلەر. بۇلار ھەممە جەمئى بولدىلار. ھەزرىتى خاجە جاھان خاجەم بۇلار ھوزۇرىدە مۇبارەك كۆزلەردىن قەترە - قەترە ياشلىرىنى ئەبىر نەيسان يەڭلىغ ئاققىزا باشلەدى. ھەممەلەرىگە بۇ كاردىن ھەيرەتى ۋە سەرگەردانلىق رۇ بەردى. ھېچ كىشى يوقكى سەبەبى گىريەنى سورىغاي، سائەتدىن كېيىن ئۆزلەرى گۆھەر بارە لەفزەلەرى بىرلە بايان ئەيلەدىلەركى:« ئى ئەھلى ئەۋلاد، ئاگاھ ۋەدانە بولۇڭلەركى، مەشرىق تەرەپىدىن بىر گۇرۇھى چىقىپ كەلگەيكى، بۇ شەھەرلەرنى جەڭ جىدەل بىرلە تەختە تەسەررۇفىغە ئالغايلەر، ئول ۋاقتىدا نەھۇسەت بىزلەر تەرەپىمىزگە يۈزلەنگەي فەتھى زەپەرئول گۇرۇھىغە يۈزلەنگەي، بىسيار خۇنرىزلىق بولغاي، ئول ھالدا ھەممىمىزنى ئەسىر ئەيلەپ ئاتانى ئوغلىغا قاۋۇشتۇرمىغاي. ئانانى قىزىغا، بەزىمىزنى قويدەك بوغۇزلىغاي، بەزىمىزنى ئوق بىرلە ۋە بەزىمىزنى ئوتدا كۆيدۈرۈپ ۋە بەزىمىزنى يىپ بىلەن بوغۇپ ۋە بەزىمىزنى تامغە باستۇرۇپ ۋە بەزىمىزنى ئېغىر تاياق بىرلە شاھادەت دەرىجىسىگە يەتكۈزگەي. ئول ۋاقتىدا بىزنىڭ ئەھل - ئەۋلادىمىز ۋە مۇرىد - مۇخلىسلەرىمىزدىن ھېچكىم سالامەت قالماغاي. بەس كېلىڭلار: ئەھلى ئەياللار تەئزىيەمىزنى ئۆزىمىزگە تۇتايلى، ئۆز ھالىمىزغە ئۆزىمىز يىغلايلى. ئول ھالدا نە ماتەمىمىزنى تۇتقالى كىشى ۋە ھالىمىزغا يىغلاغالى كىشى بولغاي.

### بەيت

ھازىر ئولغىل ئى كۆڭۈل جانغە بالالار كەلگۈسى،
يۈز قاتتىغ ئىشلەركى شىددەتلىغ جەفالار كەلگۈسى.

نه كىشى ھالىڭغه يىغلارلەر، نه تۇتقاي ماتەمىڭ،
ماتەمىڭ تۇت يىغلاغىل، كۆپ ئەۋدىھالەر كەلگۇسى.

جەد بۇزۇرۇكۋارىم ھەزرەتى ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۇ-
سەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سىلسىلەلەرىنى بەجا كەلتۇرگەيت-
مىز. بەلكى دەشتى كەربالادا ئۇلارغا كەلگەن مۇشكۇللۇكتىن
يۈز چەندان ئارتۇغراق بۇ دەشتى پۇربالادا بىزگە ۋاقىئە
بولغاي. ئاسمان - زېمىن بىزنىڭ ھالىمىزغە يىغلاغاي. يەر
كۆك فەرشتەلەرى بىزنىڭ ماتەمىزنى تۇتقاي ۋە بىزنى دوست
تۇتقانلەرغە چەندان تەشۋىش ھادىسلەر بولغايكى، ئاتا ئوغۇل-
دىن، ئانا قىزدىن، بۇرادەر بۇرادەردىن قاچقاي. تاغلار
كارۋاكلەرى بۇلارغە ۋەتەن بولغاي. چۆل - جەزىرەلەردە
گۇشەئى ئارامگاھلەرى بولغاي، ئاندىن بۇ دىيالەرنى سوزار-
غە داد ئەدلنى قىلادۇرغان نەچەند ئۇرۇق خانلەرنى، خانىم-
لەرنى ھەتتاكى قۇرساقرەكى بالاسىغىچە يارىپ، ئۇلارنى
شاھادەتكە يەتكۈزگەي. شول مەھەلدە بۇ دىيارلەرغە قەھەت-
لىك بالاسى يۈزلەنگەي. ئادەم ئېتىنى ئادەم يىگەي. ئىت
گۆشتى، ئېشەك گۆشتى، ئادەم گۆشتىنىڭ پەرقى بولماغاي.
كوچەلەردە تاش - كېسەكلەر ئورنىدا ئادەملەرنىڭ ئۇستۇخا-
نى ياتقاي. دەفنە قىلغالى كىشى بولماغاي. ھەر گۈزەردە
دۆۋە - دۆۋە ئۇستىخان بولغاي. ئاز مۇددەتتە ھەزرەتى ھەق
سۇبھانە ۋە تەئالانىڭ پەرمانى بىرلە مەشرىق ساردىن يەنە
بىر بۆلەك كافىرلارنى خۇداي تەئالا كەلتۇرگەي. ئەۋۋەلقى
گۇرۇھغە بەرھەم بېرىپ، بىزنىڭ ئىنتىقامىمىزنى تىلەگەيلەر.
شۇنداغ شۇرشىلەر سالغايكى، باش پاناھ قىلغۇنچە يەر تاپ-
ماغاي. بىزلەرگە قىلغانىنىڭ ھەر - بىرىگە ئون چەندان غەم

ئەندۇھ تەشۋىشلەر بولىغاي. شەھەر - بىشەھەر، كۆھ بىكۆھ دەشت - بىدەشت قاچىپ، بىر سائەت ئارام ئالماقىغە مۇگلۇق بولغاي. ھەتتاكى بىر ئىچىم سۇغە يا بىر ئارام ئالغۇنچە تائامغا موھتاج بولۇپ، بىر ئارام ئالغۇنىچە زاغرانى بىر مىسقال ئالتۇنىغە يا ئون بويۇن ھەرۋايىدغە تاپىلسە، ئالىب يەپ، رەددى بەدەل يۈزگەي. خاتۇن - بالا چاقىسىنى كافىرلار ئولجا ئەسىر ئالىپ خاتۇن قىلغايلەر، بىزلەرغە قىلغان ئىشلەرىغە پۇشايمان يۈزمىڭ نادامەتلەر قىلىپ، قاتتىغ مۇشەققەتلەر بىلەن قىيىلىنىپ ئۆلگەي.

ئاندىن خاجە جاھان ئىزىز ھەزرەتى خاجە سىددىقىغە پارە كاغەز بەردىلەركى: «ئوقۇۇڭ تاكى قالغان مەزمۇنى مۇسىگدا ئادا تاپىقاي» ھەزرەتى سىددىق خاجەم كۆردىلەركى، توققۇز بەند بەيىت مۇسەممەن تىلىبدۇرلەركى، ئەسەر - تەئسىردىن جانلەر گۇداز، دىللەر پارە- پارە بولغاي. ھەزرەتى خاجە سىددىق خاجەمغە بىتاقەتلىك، فەرىشانلىق بۇزلەندى. بۇ گىرىيە ناكلىق بىرلە ئوقۇدىلەر. ئەمما ئەھل - ئەۋلادلەر، مۇرىد - مۇخلىسلەردىن بۇ ئۆزلەرىغە كېلە دۇرغان ۋاقىئەلەرنى ئاڭلاپ، زار - زار چۇن ئەبرۇ نەۋ باھار يىغلادىلەر. قاتتىغ مۇسىبەت ماتەملەر بولىدى. بىر بىرلەردىن قۇچۇشۇپ، ئاھ ئەفغانلەر بىرلە ئەلھەمدۇلىللا كەلىمەسىنى زىبانلەرىغە جارى قىلدىلەر. مۇسەممەنى ئەرشى قۇتبۇلئەقتاب قەددىسە سىررەھۇ:

**بەيىت**

باشلادى ئاخىر ئىشىن چەرفى سىتەمكار ئى كۆڭۈل،
باغرىمىزنى چۇز ۋە يەگلىغ ئەيلەب ئەفگار ئى كۆڭۈل.

ئۆمردىن ئەلادۇر ئۇلماق ئەمدى بىزار ئى كۆڭۈل،
چۈنكى قىلدىڭ بىزنى بۇ غەمگە گىرىفتار ئى كۆڭۈل.
ئىشلار كەلگەي باشىمىزغە ئەمدى بىسيار ئى كۆڭۈل،
نە ئىسسىغ ئاھ پىغانلەر قىلساڭ ئىزھار ئى كۆڭۈل.
قايدا ئەمدى غەم سوراشماغلىقىغە غەمخۇۋار ئى كۆڭۈل،
بولغۇمىز بىر نۆكتە دانلىق كىمسەگە زار ئى كۆڭۈل.

ئەھلى دەرد ئىچرە ماڭا ئاھى فىغان بولدى نىسىپ،
نالە گويا قۇش ئىچىندە قىسمەت ئۆلدى ئەندەلىب.
ئارز ئەرمەس كىم ئۇچۇن بۇ دەردنى بىلمەسلەر تەبىب،
شاد ئولۇپ ئىلگىن قاقار ئەيلەب چۇنازىشلەر رەقىب.
سەرنەۋشتىم ئەركەنىن ئانداغكى بىلدىم ئەنقەرىب،
چۈنكى بۇ مىھنەت ئارا ئاشۇفتە بولدۇم ھەم غەرىب
ئۆزلۈگۈڭ تاشلاپ ئۆزەگدىن بول خەبەردار ئى كۆڭۈل.①

نەچچە ئەھلى دانىش ئەھلىغە بار ئەردى ئۇلفىتىم،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە ئايرىلغاچ ئىشىپتۇر ھەسرىتىم.
يۈز نادامەتلەر بىلە ئەمدى يىگەيلەر ھەسرىتىم،
ئۆرتەگەي گاھى پىراق گاھى سۆزى فۇرقىتىم.
ئاڭلاغاچ ھەم ھالىمىز بۇ غۇربەت ئىچرە شىددەتىم.
قالمادى تۇرماققا بەسكىم ئالەم ئىچرە تاقىتىم،
قايدا تاپقۇم ئىزدەپ ئەمدى ساھىب ئەسرار ئى كۆڭۈل.②

ئاخىرى بىر كۈن ئەجەل دامىغە تۈشكەي جانىمىز،
ئەيلەبان بىچارە ئاجىز قىيماغەي دەرمانىمىز،
دەردىمىزنى ئېيتۇ شۇرغە قالماغاي ئىمكانىمىز،

---

① ② قول يازمىدا بۇ كوپلېتلەرنىڭ بىر مىسراسى كەم.

تاپماغاي تەغيىر بىزلارنىڭ خەتتى نىشانىمىز،
باشىمىزدە سايەبان بولغاي تۇرۇپ ئىمانىمىز،
يەر يۈزىنى لالىزار ئەتكەي تۆكۈلگەي قانىمىز،
بارچە يارۇمۇ ئىتەقىدلەر كۆپ يىگەي ئارمانىمىز،
قانىمىزنى ئىچكۈكى بىر نەچچە خۇنخۇارنى كۆڭۈل.

ئەھدىلەر ئەيلەر مەگەر بۇ چەرخ ئاخىر سۇندۇرۇر،
قايدا بىر ئازادە ۋەشدۇر ئاڭا جەۋرىن يەتكۈزۈر،
دانىش تەبئى ئەھلى كۆرسە ئاڭا شىددەت بەلگۈرۈر،
يۈز تۈمەن دەردۇ بالا ئوقىن باشىنە ياغدۇرۇر،
دىمەسە جانىم بۇ غەم، گەر دىسە تىلنى كۆيدۈرۈر،
ئاسرا ساھەم چەند مەخپى ھەم كۆڭۈلنى كۆيدۈرۈر.
ئۆلتۈرۈرگە يۈز بىزغەم چۈنكىم تىرىلگۈم يوق تۇرۇر،
بەسكى بۇ ئىشلەرغە سەن قىلدىڭ گىرىفتارنى كۆڭۈل.

كەلگۈسى مەشرىق ئەرەبدىن بىزنى ئىزدەپ نىچە يار،
بىزنى دەب بولغاي ئىرانلار غۇربەت ئىچرە خارۇ - زار،
رىشتەئى ئەھدىن قىلىبدۇر بىزگە مەھكەم ئۇستۇرۋار،
ئەيلەگەي بى رەھىم زالىملەر نىچە كۈن كارى زار.
رۇستەم ئاسا سالغۇسى خۇنخۇارلەرغە ئىزتەرار،
قانىمىزنى تۆكمە گۈنچە بولماغەيلەر بەر قارار.
يات يەنە خۇنخۇارلەر شەھرىدىن ئەتكەيلەر فىرار،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئاندىن يوقتۇر ئاسارنى كۆڭۈل.

نىچە ئاي مەھزۇن گىرىفتارى ئەلەم كىم بولغايمەن.

پايسمالى مېھنەتنى رەنجۇرى غەمكىم بولغايسەن.
نىچە بۇ غەم سەر - سەرىغە ھەمقە دەم كىم بولغايسەن.
ئاجراغاچ بۇ ھەركەتدىن نەچچە كەم - كەم بولغايسەن.
شايەد ئاخىر ھەشرى چاغى مۇستەشەم كىم بولغايسەن.
بارچەگىزلەر دەرگەھى خاسى ھەرەم كىم بولغايسەن.
ھۆرمەتى شەھىدنى ئاڭلاپ ئولكۈن مۇھتىرەم كىم بولغايسەن.
بولماغىل نەۋمىد ھەقدىن بول - تەلەپكار ئى كۆڭۈل.

گەرچە بولساڭ بۇ جاھانى فانى ئىچرە خاروزار.
جانىگە يۈز مىڭ ئەلەملەر يەتكۈرۈر كۆڭلۈڭ فەگار.
قىل بۇدەم كۆڭلۈڭنى خوشكىم قىلمە ھەرگىز ئىزتىرار.
فەقرەنى فەخىر ئەتكەن ئەرمىش بارچەدىن ئول شەھسۋار.
بارچە ھۇش ئەھلى قىلىبدۇر جۇملە تەجرىد ئىختىيار.
پەردەئى نەقىر ئىچرە كەچتى مەخفى ئىكەن فەردەۋار.
كىمگە بۇ تالىئ مۇسائىدكىمكى بولدى بەختىيار.
سەبرقىل قىلساڭ ئەگەر نۇرغۇنچە مىقدار ئى كۆڭۈل.

ئىشىق ئىلىدىن يىغلاماق ئەمدى نە يىغىنى تارتتى ئۈن.
تەلبىلەردەك قىلمە ھەرفى دەردىڭ ئېيتىۋردا ئۇزۇن.
نى ئىسسىغ ئوتلۇق كۆڭۈلدىن مۇنچە ئۆرلەتمەك تۈتۈن.
مۇنچە سارۇلماق نىدۇر غەم دەشتدە گويا قۇيۇن.
ئەۋلا ئول ئەردىكى ئەلدىن بولغاي ئەردى ياشۇرۇن.
نەچچە يىل سۈگرە كىبلۈرنى بارمۇ ئايماقىنە ئورۇن.
قىلدىڭ ئاخىر ئەرشىنىڭ دەردىن ئىزھار ئى كۆڭۈل.

بۇ مۇسەممەنىنى تامام قىلغانىدىن سۈگرە گىرىيە زارى

غۇلغۇلىسى بۇ جەمئىدىن راۋان بولدى. بۇلار سەداسى گەردۇن-
نى پۈر تۇتتى. ئاندىن تىلاۋەت قۇرئان دۇئا تەكبىر قىلىپ
ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ بۇ جەمئىگە پەندى
نەسىھەتنامە تەسەللىلى ئوقۇدىلەر: «ئى ئەھل ئەۋلاد غەرەز
بۇ خەبەردىن سىزلەرگە مۇژدەئى بىشارەت شاھادەت دەرد-
جەسىدۇر. مەرتىبەئى ئەزىم دەرىجەئى ئەلادۇر. بەخشى خۇدا-
دۇركى، ھەر كىمگە ئەتا ئەيلەسە، ئول كىشىگە شاھادەت دەر-
جەسىنى بېرۇر. بەزى ۋەجھىدە ئەنبىيا ئەلەيھىسسالامدىن يۇ-
قۇرىدۇر. چەراكى بەزى سوفتى باركى شەھىد ھەققىدە ئايەت
دەلىل كېلىپدۇر، ئەنبىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىلىرىدە سا-
بىت ۋاقىئە ئەمەس. قەۋلەھۇ تەئالا: «ۋەلاتەقۇلۇ لىمەن يۇق-
تەلۇ فى سەبىلىللاھى ئەمۋات. بەل ئەھيا ئۈن ۋەلا كىلىلا
تەشئۇرۇن» ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا ئېيتىپدۇرلەركى: ئى خەلق
ئېيتماڭلاركى، ئول كىشىكى خۇدا يولىدە ئۆلتۈرۈلۈپدۇر. شە-
ھىد بولۇپدۇر. ئۇنى ئۆلۈك دېمەڭلەر. بەلكى ئول كىشى خۇ-
دانىڭ نەزرىدە تىرىكدۇر. لېكىن سىزلار ئۇلار ھالىدىن ۋا-
قىپ ئىمەسسىزلەر. «قالەننە بىيۇ ئەلەيھىسسالامۇ يەۋمەلقى-
يامەتى يەشفەئە ئولئەنبىيائۇ، سۇممەلئۆلەمائۇ، سۇممەششۇھە-
دائۇ. ھەتتا ئەن ئەسقەتە يەسلۇ ئەلا بابىلجەننەتى، فەيۇقالۇ
لەھۇ ئۇدخۇل، ھەتتا ئەدخۇلەمەئى ئەبەۋاھۇ» يەئنى ھەز-
رەتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام ئېيتىپدۇرلەركى: شاپائەت قىلۇر
قىيامەت كۈنى ئەنبىيا، ئەۋلىيا ئەلەيھىسسالام ئاندىن ئۆلۈمائ،
ئاندىن شەھىد ھەتتاكى خاتۇنلەر جۇمىلىلەردىن تۈشكەن
گۆشت پارەلەركى، ھەقتەئالا جان ئاتا قىلۇر. بىھىشت
ئىشكىدە سايە بان قىلىپ تۇرار. بەس ئېيتۇر ئۇلارغە كى-
رىڭلار بىھىشتكە، ئۇلار ئېيتۇرلەركى: كىرمەيدۇرمىز ھەتتاكى

ئاتا — ئانىمىز كىرمىگۈنچە. ھاسىلىكەلام ئۇلكى ئەلۋەتتە شەھ-
ھىد پاكدۇر، يەنە بىرەۋگە شاپائەت قىلغىلى قۇدرىتى باركى،
ھەر قەترە قانى چەندان تۈرلۈك گۇناھلەرغە كەففارەتدۇر.
شەھىدنىڭ بارەسىدە ئايەت، ھەدىس بىسىياردۇر. ئەگەر بايان
ئەيلەسە، سۆز ئۇزۇرايدۇر — ھەزرىتى خاجە جاھان خاجەم
شاھادەت دەرىجىسىنى بايان ئەيلەگەندىن كېيىن، تەسكىن
خاتىرە بەردىلەردىكى: — ئى فەرزەندلەرىم، ئى مۇخلىسلەرىم،
ئۆزۈڭلەرنى ھىممەت بىرلە ئۇستىۋار تۇتقايسىزلەركى، فەر-
زەندى ئادەمگە ئۆلۈم مىراسىدۇر. ئاتا ھېچ مەكىر باۋەر بول-
ماس. «قەۋلۇھۇ تەئالا: ئىننەلمەۋتەللەزى تەفىررۇنە مىنھۇ،
فەئىننەھۇ مۇلاقىكۇم» ئول ھەزرەتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئا-
لانىڭ سۆزىدۇركى بىتەھقىق ئول ئۆلۈم مەۋجۇددۇر، ئۇندىن
سىزلار قاچارسىزلار، ئۇ ئۆلۈم سىزلارگە دۇچ كېلىدۇ. خۇ-
سۇسەن ئەۋلادى پەيغەمبەرگە بۇ دۇنيا ھەرگىز ۋاپا قىلغان
ئېمەس، ئەگەر ۋاپا قىلسا ئەردى شاھزادە ھەزرەتى ئىمام
ھەسەن ۋە ئىمام ھۆسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغە قىلۇر ئەر-
دىلەر. ئول مېھنەت مۇشەققەتكى ئۇلارنىڭ باشلەرىغە كەلدى
يەنە ھېچ كىشىنىڭ باشلەرىغە كەلمىدى، ھەزرەتى مۇھەممەد
مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرلەرىدە بول-
غانلەر يەزىدغە يارۋەرلىك ئەيلەب، كۆرۈب، بىلىپ، تۇرۇپ
ھەزرەتى ئىمامغە قاتتىغ جاپەلەر قىلدى. بۇ سۆزنىڭ مەخ-
فى پەردەسى ئول ئەردىكى، ۋەجدە ھالاتىنىڭ جوش تۇغيانى-
دىن سىزلەرگە بايان قىلدىم. سىزلەر ئەلۋەتتە مەخفى تۇت-
قايسىزلەر. تاكى بىدئىلار زىيادەراق كەرەھ ئالماغاي» دەب
پەند نەسىھەتلەرنى تامام قىلدىلەر. بەزى ئەھلى دانىشلەر
بۇ ۋاقىئەنى بۇ مەجلىسدىن تارىخ پۈتۈپدۇرلەر. سەككىزىنچ

چى يىلدا ۋۇقۇغە كەلدى.

ئەمما ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم ئەزىزلەرىنىڭ قىس-
سەلەرى دارازدۇر، تەردىن تەۋسىفلەرىنى ئۆز ۋاقتىلەرىدە بايان
قىلۇرمىز، ئىنشائاللاھ.

ھەزرەتى خاجە نىزامىددىن خامۇش ئەزىز سۈفەتلەرىنىڭ
بايانى: ئول زاتدۇرلەركى، مەردى مۇتەشەررىئ، تائەت ئىبا-
دەتتە كامىل، سائىم-ۇددەھر، قائىم-ۇل-لەيل ئەردىلەر. ھەرگىز
زاھىرەن ۋە باتىنەن خىلاف شەرئى ۋاقىئ بولماس ئەردى.
شەرىئەتكە مۇۋافىق ھۆكۈم سۈرەر ئەردىلەر. ھەمىشە تىلاۋە-
تى قۇرئان، يەنە دەھەلدە كىتاب ئەھلى ئۆلۇمالەرنىڭ سۆھ-
بەتى بىرلە ئۆمۈر كۆچۈردىلەر. ئەسلى ئىسمىلىرى ھەزرەتى
مەۋلانە نىزامىددىن خامۇشنىڭ زورلەرىدە ئەردىلەر. ئول جە-
ھەتتىن خامۇش لەقەب بىرىلدى. ھەزرەتى مەۋلانە نىزامىد-
دىن ئىلتىجادا ئەردىلەر. ھەزرەتى مەۋلانا كامال مەرد پەر-
ۋەر، ساھىبى ۋەقت، ساھىبى تەسەررۇف زات ئەردىلەر.

نەقىل قالىبدۇرلەركىم، ھەزرەتى خاجە قەددىسە
سىررەھۇ ئېيتادۇركى: «ھەزرەتى مەۋلانە نىزامىددىن خامۇشدىن
ئىشىتتىم، سەمەرقەندنىڭ خاجە ئىسام دەب شەيخۇلئىسلامى
بار ئەردى. بىزگە ئىرادەتى بار ئەردى، بىمار بولۇپدۇر. نە-
ھايەتى قەۋى، فەرزەندلەرى ماڭا ئىلتىجا قىلدى. مەن لەۋ-
ھىل مەھفۇزغە خەبەردار بولدۇم. كۆردۈم-كى، ئۆمرى تامام
بولۇپدۇر. غەيرەت ۋاقىئە بولدى. ئول مۇردەنى ئۆز ھايات-
لىقىنىڭ زىممىسىغە ئالدىم. ئۆز رۇھىدىن ئىنىڭ جەسەدىگە
پەرۋەر چۈشتى. شەيخۇل ئىسلامغە ھاياتلىق بەخشىش بولۇپ،
ئون يىل ئۆمر كۆردى» ئەمما ھەزرەتى نىزامىددىنىڭ ئوغلىغە
بەزى ئەھلى مۇنكىرلار دۇئاخان ۋە ئەزايىمخۋانلار، جىننى

مۇسەخخەر قىلماقنىڭ تۆھمىتىنى نىسبەت بېرىپ، ئۇلۇغلەرنىڭ ئەھلى ھەرەملەرىگە مۇھەببەت ئاشىنالىق پەيدا قىلدى دەپ بۆھتان قىلدىلەر. ئول خەبەر سەمەرقەند ھاكىمى ئۇلۇغ بەگ ئىدى، ئاڭا ئېشىتىلدى. مىرزا دەرغەزەپ مىرزا بولۇپ، ھەزرەتى مەۋلانانىڭ فەرزەندلەرىغە ئىزا ئەقۇبەت يەتكۈزمەكنىڭ پېيىگە تۈشتى. فەرزەند مەۋلانە بۇ خەبەرنى ئېشىتىپ قېچىپ كەتتىلەر. تەشۋىش ھەزرەتى مەۋلاناغە يۈزلەندى. خەلق شەيخۇلئىسلامغە ئېيتتىدىلەركى: ئەگەر سەئيى قىلساڭىز بۇ ھادىسە ھەزرەتى مەۋلاندىن دەفئى بولۇر ۋە نىجات تاپارلەر.

شەيخۇلئىسلام ئار يەپ، ناموس قىلىپ، سەئيى قىلمادىلەر. ھەزرەتى مەۋلانا نىزامىددىن ئېيتتۇرلەر: «غەزەبىم ئۆرلەدى، ئۆز زېمىنىمدىن خارىج قىلدىم» ئەمما شەيخۇلئىسلام جەمئىي خەلق بىلە ئولتۇرغان ئىكەن، يەكبار يىقىلدى. كۆردىلەركى، تۆردە ئاقارىپ قالغان ئۇستۇخان كۆردىلەر. ھەممە ئەل ھەيرەتتە قالدىلەر. ھەممە پەرياد ـ فىغان ئالالاسى سەمەرقەند ئىچرە پۇر بولدى. مىرزا ئۇلۇغ بەگكە غەيرەت غەزەپ ۋاقىئە بولدى. ھەزرەتى مەۋلانانى سەر بەرەھنە ئاتىنىڭ ئارقىسىغە مىندۇرۇپ، مىرزانىڭ ئورداسىغا كەلدى.

ھەزرەتى مەۋلانا بىر جايدە باشلەرىنى تۆۋەن سالىپ مۇراقىبەدە بولدىلەر. مىرزا ھەزرەتى مەۋلانانىڭ ئالدىلەرىدىن ئۆتتى. ھەزرەتى مەۋلانا مۇراقىبەدە ئەردىلەر، قوپۇپ تەۋازۇئ قىلمادىلەر. مىرزا دەرغەزەپ بولۇپ، ھەزرەتى مەۋلاناغە ئىتاب ئامىز ۋە غەزەپ ئەڭگىز سۆزلەر ئېيتتى. ھەزرەتى مەۋلانە ئېيتتىلەركى: «بۇ سۆزلەرنىڭ جاۋابى بىر كەلىمەدۇر. مۇسۇلماندۇرمەن. ئەگەر باۋەر قىلساڭ خوپ. ئەگەر باۋەر قىلماساڭ كۆڭلۈڭ خاھلاغاننى قىلغايسەن» مىرزاغە بۇ سۆزدىن

بىر ئەسەر يېتىپ، ئۇرنىدىن قوپتى. ھەزرەتى مەۋلانانى قويا بەردى.

ھەزرەتى خاجە ئەھرار ئېيتىپدۇرلەركى: «مىرزا ئۇلۇغ بەگكە شۇبۇ بىئەدەبلىك سەبەبىدىن تەشۋىش ۋە شكەستە بىسيار يەتتى. ئەندەك مۇددەتدە مىرزا ئابدۇللەتىف لەشكەر بىرلە كېلىپ، مىرزا ئۇلۇغ بەگنى تاراج ئەيلەمەك بىلە قەتل ئەيلەدى» ۋە يەنە ھەزرەتى خاجە ئەھرار ئېيتادۇرلەركى «ھەزرەتى خاجە نىزامىددىننىڭ باتىنلەرى بىسيار قەۋەي دىل ئەردىلەر. ئەگەر ھەزرەتى مەۋلانانىڭ ھوزۇرلەرىدە بىرەۋنىڭ ئىنكارىدىن فىئىل يامانىدىن سۆز قىلسە، ئۇشول سائەت تەغيىر ۋە مۇتەئەسسىر بولۇر ئەردى. دىۋارغە ياغاچقە خەت تارتۇر ئەردىلەر. فىلھال بۇ كىشى ھەر يەردە بولسە، بىيەكبار يىقىلۇر ئەردى. ئۆرلەر ئەردى. ھەزرەتى مەۋلانانىڭ بىر مۇرىدلەرى — ھەزرەتى مەۋلانانىڭ ھوزۇرىدە بىر تالىبىلئىلىمدىن شكايەت ئەيلەدىكى، ھەر بارە ھەزرەتى مەۋلانەغە بىئەدەبلىك غەيبەت ۋە خىيانەت قىلادۇر دەپ. بۇ ئەسنادە ئۇل تالىبىلئىلىم پەيدا بولۇپ، بىئەدەبانەلىك بىلە ئۆتتى. ھەزرەتى مەۋلاناغە غەزەپ مۇستەۋلى بولۇپ، ياغاچ بىلە تامغە قەبرەنىڭ سۇرەتىنى تارتتىلەر. ئۇل كىشى دەرھال يىقىلىپ ھالاك بولدى».

ھەزرەتى مەۋلانا خامۇشنىڭ كارامەتلەرى ۋە قۇۋۋەت تەسەررۇفلەرى ھەددىدىن زىيادە ئەردىلار، ئەلئان مۇختەسەر قىلدۇق.

### بەيت

كەل ئى سادىق كى ئەسلى سۆز سارى سۆزنى
تاۋۇشتۇرغىل،

كى بۇ سۆزكى سۆزۈڭ توققۇزكى مەقسۇدىڭ
تامام ئولماس.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خامۇش خاجەم ئەزىزلەرنىڭ پاتىنـ
لەرى نەھايەتى ئەۋى ھال ئەردىلەر. ھەر كىشىكى بۇلارغە
كاھىش خاتىرى قىلاي دىسە، ئەلۋەتتە ئول كىشى ھادىسەـ
دىن خالى بولماس ئەردى. ئاقسۇ شەھرىدە ئىقامەت قىلدىـ
لەر. رەئايەلەرنىڭ داد ـ سوداغىلەرىنى مۇۋاپىق شەرئى ھۆـ
كۈم سۈرۈپ، شەرىئەتكە رەۋاج بىرۇر ئەردىلەر. ئادالەت شۇـ
ئار ۋە شارافەت ئاسار مىرزا ھەدى بەگنىڭ ھەمشىرەلەرى
بار ئەردى، «ئۇلۇغ ئايلا» ئاتار ئەردىلەر. پاك تىنەت، پاكـ
زە سىرەتلىك ئىدى. بۇلارنى نىكاھلەرىغە ئىختىيار قىلىب
ئىدىلەر. ھەزرەتى خامۇش خاجەم نەچچە مۇددەتتىن كېيىن
ئىلى مەۋزەئىغە سەپەر قىلدىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پاـ
دىشاھ ئەلەيھى رەھمە ئىلىدا ئىدىلەر. بىر نەچچە مەھەلدىن
كېيىن، ھەزرەتى خامۇش خاجەم پادىشاھىغە كېلەل ئارزۇ
بولدى. بارغانچە شىددەت بىلگۈردى. مەلۇم بولدىكى، مەرەـ
زى مەۋتىدۇر. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھنى بىستەرى
بالىندە ھازىر قىلىب، بىر ۋەسىيەت بايان قىلدىلەر:

— ئى قېرىنداشىم، بىزگە ئەمدى سەپەر مۇبارەكدۇر. تۇـ
شەئى راھ ئاخىرەت كېرەك. بۇ يول تۇشەسىگە ئەمەلى ساـ
لىھ ۋە ئەفئال ھەسەنە كېرەك. بىزدە ھېچ قايسى مەۋجۇد
ئېمەس. ھەدىس: «قالەننەبىيۇ ئەلەيھىسسالامۇ ئىزاماتەل ئىنـ
سانۇ ئىنقەتەئە ئەمەلەھۇ، ئىللەسسەدە نەتۇلجارىيە تۇ ۋەلىئـ
لىمۇ يەنتەفە ئۇبىھىنا سۇ ۋەلۇەلە دۇسسالىھۇ يەدئۇلەھۇ بىلـ
خەيرى» ھەر ۋەقتىكى ئادەم ئۆلسە مۇنقەتىئ بولۇر، ئول ئاـ

دېمىنىڭ تامام ئەمەلى مەگەر ئۈچ نىمەرسە مۇنقەتىئ بولماس:
ئەۋۋەل، سەدەقەئى جارىيە چۈنانچە ئومەدرىسە كۆبرۈك. ئىككىن-
چى، ئەمەلكى خەلققە ئىنسىدىن مەنپەئەت يېتەر، تا قىيامەت-
كىچە كەم بولماس. ئۈچىنچى، فەرزەندى سالىھدۇركى، ئاتا-
ئاناسىغە ياخشى دۇئا قىلۇر. ئەمما بۇ ئۈچ ئىش ھېچ قايسى
مەندە مەۋجۇت بولماپدۇر. ناكام كېتىپ بارۇرمەن. ھەر نىمەر-
سىكى نىساتىمدە باردۇر. ئەزىزلىرى خۇدا فەقىرلەرغە سەرف
ئەتكەيلەر. قالغانىنى ئالىپ بارىپ، ياركەندە بىر مەدرىسە بىنا
قىلدۇرغايلەر ۋە يەنە ھەزرەتى خاجە جاھان ئاكا باشلىغ سىز-
لەرنى ھەق سۇبھانەۋە تەئالاغە جەد بۇزرۇگۋارىمغە تاپشۇردۇم.
مەندىن رازى بولغايسىلەر، خۇسۇسەن ھەزرەتى خاجە جاھان
ئاكا پادىشاھىمغە ئەرز يەتكۈزسۇنلەر، ئاتا تەربىيەتىدىن زى-
يادەرەك تەربىيەتلەر تاپىپ، ئىلتىفاتلەرىنى كۆرۈپ ئىدىم. مەن-
دە ھەقىقىي ھوقۇقلەرى بەدىنىمدەكى تار موييۇمدىن زىيادەدۇر.
مەندىن رازى بولسۇنلەر — دەپ جان بىھەق تەسلىم قىلدىلەر.
«قالۇ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن.»

ئىلى مەۋزەئىدە نەچچە فىرقە مۇسۇلمانىسلەر بار ئەردى.
تامامى خانىسلەر ئەفرادى بىلە خاجە مۇئمىن ئەلەيھى رەھمە
ھەزرەتى خاجە ئەھمەد ئەلەيھى رەھمە باشلىغ گۇرۇھ-گۇ-
رۇھ مۇسۇلمانلار ھازىر بولۇپ، جابدۇغى مەۋتىنى تەييار قى-
لىپ، نامازلەرىغە ھازىر ۋە داخىل بولدىلەر. تۆمۈرخان ئى-
مام بولدىلەر. ئىلى ئىچىدىكى فەقىر يۇقرالەركى بەزىلەرى
خانلەردىن، بەزىلەرى يۇقرالەردىن ۋە خاجەملەردىن، يەتتە
شەھەر بەگلەردىن بولۇپ، ملك كىشى تەسەددۇقلەرىغە داخىل
بولدىلار، كەمتەرىنى ئىككى يۈز خام شىشە يەتتىلەر. بۇلار
ھەممەسى تەسەددۇق ئالىپ بىرلە غەنى بولدىلەر. مۇبارەك

جەسەدلەرىنى ئاقسۇغا ئالىپ يۈردىلەر. ھەزرەتى خاجە يۈسۈفنىڭ ئۇلۇغ ئوغلانلەرى بار ئەردى، خاجە ئۇبەيدۇللا ئاتلىق. بۇلار تىۋەنىڭ ئىنائىنى ئالىپ يىستەلەپ ئاقسۇغە كەلدىلەر. ئاقسۇ خەلقى تامامى ئىستىقباللەرىغە چىقتىلەر. ئەئزاز ئىكراملەر بىلە تۈشۈردىلەر. ھەزرەتى خاجە شەھباز ۋەلىنىڭ مازارلەرىدە ئامانەت دەفنە قىلدىلەر. بىر نەچچە مۇددەتدىن كېيىن، ئىزام مۇبارەكلەرىنى ئاقسۇدىن يۆتكەپ، ياركەندىدە مەدفۇن قىلدىلەر. ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ خامۇش خاجەم پادىشاھنىڭ ۋەسىيەتلەرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ياركەندىدە «ئاق مەدرىسە»نى بىنا قىلدىلەر. ۋەقۇف ئوقاتىنى بىسيار كەگرى ئەيلەب،بۇ مەدرىسەنى «مەدرىسە خامۇش ئەزىز» ئاتادىلەر.

ئەمما ھەزرەتى خاجە ئۇبەيدۇللاكى بۇ ئەزىزلەرنىڭ كىچىكلەرى ئەردى. بىسيار جۇرئەتلىك، شەرمى ھايالىق ساھىپ كەرەم، ساخاۋەتدە بىي نەزىر ئەردىلەر. خانىنىڭ ھەمشىرەلەرىنى نىكاھلەرىغە ئىختىيار قىلىپ ئىدىلەر. بەس بۇ مەلىكەلەردىن تۆرت شەھزادە ۋۇجۇدغە كېلىپ ئەردى. ئىسىم شەرىفلەرى: ھەزرەتى خاجە شەمسىددىن خاجەم، ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەم، خاجە ئەھمەد خاجەم، ئابىد خاجەم پادىشاھدۇرلەر. ئەزىزە فەرزەندلەرىنىڭ مۇبارەك ئىسىم شەرىفلەر ئامىنە ئەزىزىم پادىشاھ ئىدى.

ھەزرەتى خاجە ئەبەيدۇللا ئەزىزنىڭ ئۆز ئىقامەتلەرىگە خوتەن شەھرى بولۇپ ئەردى. ھونۇز خوتەنگە بارماي، ھەزرەتى خامۇش خاجەم پادىشاھغە نايىب بولۇپ ئاقسۇ تەختىدە جاھ نەشىن بولۇپ ئەردىلەر. رەئايا فۇقرالەرىنىڭ داد سوراغلەرىنى مۇۋاپىق شەرئى ھۆكۈم سۈرۈپ، ئەھكام شەرئىيەنى جارى قىلىب تۇرغان ئەردىلەر. قەزايى ئاسمانى ۋاقىئەئى

«فەئىزاجائە ئەجەلۇھۇم لايەستە ئىخرۇنە سائەتەن ۋەلا يەسـ
تەقدىمۇن»① ھۆكمى بىرلە ئەجەل شەربىتىنى تەناۋۇل قىلـ
دى. تارىخقە مىڭ يۇز ئەللىك تۆرت ئەردى. ئالەم فانىدىن،
ئالەم باقىغە رىھلەت قىلدىلەر. مۇبارەك جەسەتلەرىنى ياركەندـ
گە ئېلىتىپ ئالتۇن مازاردا دەفنە قىلدىلەر ۋە بەزى خەلق
ئارا بۇ سۆز مەشھۇر بولدىكىم، ئول سەدرىنىشىنى بى دىياـ
نەت ۋە سەردار مۇمكىرانىشەقاۋەت يەنى ئابدۇۋاھاف ساقى
ئەزلى پىنھانەن زەھەر بەرگەن ئىكەن دەب، بۇ سۆز شۆھرەت
تاپتى. لېكىن بۇ گۇمانىنى ئەزىزلەر ئېتىبار ئالمەدىلەر. ئەيـ
دىلەركى: «بۇ گۇمان راست بولسە، قىيامەت كۇنى خەلق ئەۋـ
ۋەلىن، ئاخىرىن جەمىئى بولۇپ، — جەددى بۇزۇرۇكۋارىمىز
ئالدىدە ئىككى يۇزى قارا بولۇپ، جاۋابىنى ئانىدە بەرسۇن.
ئەگەر غەلەت بولسە، بىر نەچچە كىشىنىڭ خۇنىغە زامىن بولـ
غايمىز» دەپ سەمى شىرىغلەرىغە ئالمادىلەر. ئاتا ئورۇنلەرىـ
دە ھەزرەتى خاجە شەمسىدىن ئىنىلىرى بىرلە، خوتەن شەھـ
رىدىكى تەختىدە بەرقارار بولدىلەر. مۇۋافىقەتى شەرئى بىرلە
داد سوراقىغە ھۆكۇم سۇردىلەر. ئىقامەت قىلدىلەر.

ئەلقىسسە، داستان ئىشتىمەك كىبرەك، ھەزرەتى يۇسۇف
خاجەم پادىشاھ ئەلەيھى رەھمەۋەر رىۋانىدىن: بۇلار مەردانە
ۋە سۇخەندان بىسيار خوش كەلام مۇتەدەيىن ئەردىلەر. فاـ
زىل ۋە ئادىل ئىدىلەر. شىجائەتدە ۋە مەشۋەرەتدە كامىل،
ئەقل دانىشدە بى مەسەل فەھىم، ئىدراك بابىدە خۇرشىدى
رەۋشەن، زەمىر ئەمنى ئامانىغە بائىس ۋە پادىشاھ ئادىللەرغە

① «(ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى - كېيىن بولمايدۇ(دەرھال ھالاك بولىدۇ)» قۇرئان كەرىم، سۇرە ئەئراف، 34 - ئايەتتىن

**ۋارىس**، دۈشمەن مۈڭكىرلەرغە ھۆججەتى، قەۋى، ئىستىقامەت، **فاراسەتتە** يەكتاھ، تۆمۈرى مەملىكەتتە مەھتاھ، خۇش خۇي ۋە شېرىن گۆي ئەردىلەر. ھەر قاچانكىم دۈشمەنگە مۇقابىلە بول-سەلەر، ئىقباللەرى چۇنان ئەردىكى، سەرنۇشتى قەلەم بىرلە نەھۇسەت دۈشمەنلەر پېشانەسىدە نەقش ۋە ھەر مۈمكىرلى-رىكى، بۇلارغە زەبان دارازلىق قىلسە ئەلۋەتتە تىرە بارانى ھاۋادىس ئاستىدا پايمال بولۇر ئەردى. ھەر بەد خىيانەت ۋە بەددىيانەتلەرىكى بۇلار ھەققىدە قىرىبىن تۈزدى، ئۆز پەنجى رىشتەسىن سەئى تىشەسى بىرلە كەستى. ھەر تەدبىرىكى بۇ-لاردىن ۋاقىئە بولدى، قىمافى تەقدىر ئىلاھى بىرلە مۇۋا-فىق تۈشتى. بەزى نادانلەر ئېيتۇر ئەردىكى: تەدبىر بىلە تەق-دىر تەغيىر تاپار ئىكەن. دەرھەقىقەت ئانداغ ئەمەس ئەردى. بەلكى تەدبىر تەقدىر تەرەپىكە ئەردى. ئول ۋەجھىدىن كار ۋۇقۇئغە كېلۇر ئىدى.

**بەيت**

تۈشسەگەر تەدبىر تەقدىرغە مۇۋاپىق خۇش ئېرۇر،
ۋاي ئول تەدبىرىنكىم مۇختەلىف تەقدىرغە.

شەرب، رۇز ۋەزىفە كارلەرى ئول ئەردىكىم، زىكرى تەسبىھ، تىلاۋەتى قۇرئان، رەئايا فۇقرالەر ئەرز ھاللارىغە يەت-مەك بەد غەرەز بەد گۆيلەرىدىن بىداد - زەبۇنلار ئىشلەرىنى مەھۇد ئەيلەمەك، مەملىكەتلەرغە ئامانلىق يەتكۈزمەك ۋە ئالىم فازىللەر بىلە ھەمنەشىن بولۇپ، ئالىم فازىل-لەرغە تەقرىر بەرمەك، شەرىئەت مۇستافاغە راۋاج بەر-مەك، دىن ئىسلامغە يار بەرمەك ھەمىشە ئەتۋار ئەشئارلەرى

ئەردى. ھەممە چوڭ - كىچىك رازى، تەلەپدە زەبتى مەملى-
كەتدە ھەم پادىشاھ ماتەقەددەم گوياكى بۇلارغە شاگىرد ئەر-
دى. بۇ ئەزىزنىڭ دۆلەت سائادەتلەرى قەتئىي ئىقباللەرى،
بۇلار ھاياتلىقلەرىغە ۋاستە ئەردى. مادامىكى بۇلار مەسنەدى
سەلتەنەتدە ھايات ئەردى ھەممەلەر ئىززەت ئىقبالدە بەركامال
ئەردىلەر. ھېچ بەد ئەندىشىنىڭ گەرد — غۇبارى يەتمەيىن
ئەردى. بەلكى مۇرەببىي كۆللى ئەزىزان ئەردىلەر. ھەممەلەر-
نىڭ دۈشمەنلەرىنىڭ سەددە - راھىنى ئالىب فەيسەل بىرۇر
ئەردىلەر. بەزى دۈشمەنلەر پىكىرىدە ھىيلە دامەن تۈزدىلەر.
بۇ ئەزىز بەنۇر فەراسەت بىلە ئاندىن ئىلگەرىدە ۋاقىپ بو-
لۇپ، ئول ھىيلەنىڭ رەددىيەتى ۋە زىددىنى قىلۇر ئەردىلەر.
نەچچە يىللىق ئىنىڭ مەكر - ھىيلە ۋە ئەندىشەسى زايە بو-
لۇر ئەردى. «مەن ھەفەبىئرەن لىغەيرىھىي فەقەد ۋەقە ئە ئە-
لەيھى»① ھۆكمى بىلە، ئۆز دامىغە ئۆزى موتبەلا بولۇر ئەر-
دى. بىسيار نائىنساپلەر قالماق تۆرەلەرىگە دىسيار غوچىسلەرغە
رەشۋەلەر بەرمەك بىرلە، مۇسۇلمانلەرغە بىدئەت مۇھدەس
ئىشلەر پەيدا قىلماق ئۈچۈن، مۇسۇلمانلەردىن كافىرلەر ئالا-
دۇرغان جىزيەنى زىيادە ئەيلەمەك ئۈچۈن، جىددىي - جەھ-
ھەد قىلۇر ئەردىلەر. بەس بۇ ۋەجھەدىن يۇسۇف خاجەم
ئەلەيھىر رەھمە تۆلا مەھەلدە ئىلادا بولۇپ، بۇ نائىنسابلەرغە
گوشمال ئىھتىساپ بىرۇر ئەردىلەر ۋە مۇسۇلمانلەردىن كافىر-
لەرنىڭ زۇلۇم - سىتەملەرىنى بىدئەت ئىشلارنى بىقەدەر ئىم-
كان مەنئى ئەيلەب، رەفئى ئېتەر ئەرمىلەر ۋە يەنە ھەم ئى-
لىغە بارماق - كەلمەك بابىسى ئول ئەردىكىم، كافىرلەر ھال-
نى چاغلاپ، ۋەقتىنى غەنىمەت بىلمەك، شايەدكى ھەق سۇب-

① «ھەركىم باشقىلارغا ئوراكولسا، ئۇنىڭغا ئۆزى چۈشىدۇ.»

ھانە ۋە تەئالا بىر ۋەقىت ئاتا قىلغايكى، بۇ كافىرلەرغە ئۆز ئىشلەرىدىن تەفرىقەلىق يۈزلەنگەي. ئول ۋاقىتىدا ئىسلام تىغى-نى بى ئىبا چاپىپ، مۇسۇلمانلەر باشلەرىدىن كافىرلەرنىڭ زۇلۇم - ستەملەرىنى كۆتەرىپ، نەچچە فىرقە مۇسۇلمانلەرنىكى خانلەردىن ۋە خاجە سەييىد زادەلەردىن ۋە يەنە نەچچە مۇسۇلمانلەر كافىر ئىچرە گىرىفتاردۇرلەر. ئۇلارنى خالاس ئەيلەب، ئىسلامنى ئاشكارا قىلغۇمدۇر. ھەمىشە بۇ نىيەتى غا-زاتى مۇبارەك دىللەرى گۇشەسىدە ساقلار ئىدىلەر. لېكىن ۋە-قت يار بەرمەس ئەردى. چەراكى مۇسۇلمانلەر زەئىفى، كا-فىرلەر بىرلە بارابەر بولماقىقە قۇدرەتلەرى يوق ۋە يەنە بەزى بەد دىيانەتلەر كافىرلەرغە كۆڭۈللۈك ئەردى. ئىسلام ئەھلىغە خەلەل بىرۇر ئەردى. ھەممە كافىرلەر بىسيار غالىپ تۇلالىغى ھەد ۋە ئەدەددىن زىيادە، بۇ ھەددىدىن ئول ھە-دىغە ئالتە ئايدا بارۇر ئەردى ۋە بەلكى كېزىپ تامام قىلال-ماس. كىشى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولماس. بۇ كافىرلەرغە كىشى باراۋەر بولغالى بولماس.

**بەيت**

قىلىپ كۇفر ئەھلىنى بەس تەفرىقە، ئىسلام
ئەلىنى جەم،
جوكۇفر ئەھلى بەسى زۇلم ئەيلەمەسدىن
ئەھلىغە يارەب.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خاجە يۈسۈف خاجەم پادىشاھ ئە-زىزلەردىن تۆرت ئوغۇل بولۇپ ئەردى. ھەر بىرلەرى سىيا-

دەت شەھىرىستانىنىڭ شاھىنشاھى، ساھىب كەمال ۋە شارافەت بوستانىنىڭ سەۋرى ئازادى. نەۋرەسى نەھالى ئەسسالەت كىشـ ۋەرىستانىنىڭ سۇلتان ساھىب قىرانى، ئادالەت تەختىنىڭ نۇـ شىرۋانى.

بەيت:

بىرى جۇرئەتتە ئەردى رۇستەم ئاسا،
شىجائەت بابىدە ئالەمدە يەكتا.

كەرم بىلە سەخا ئۇلار شۇئارى،
رەئايەغە ئادالەت كارى بارى.

فەزىلەتدە بىرىگە يوق نەزىرى،
ئەرەستو بىلە ئەفلاتۇن ۋەزىرى.

بەسى خۇش تەبئە خۇش زىھىن خۇش ئىدراك،
سۇخەندانلەر ئارا بەس زىھنى چالاك.

بىرىدۇر قۇتبى دىنۇ ھەم دىيانەت،
نە ئېرۇر خۇش نازاكەت بەرمەلاھەت.

فەرىدۇن ھىممەت، جەمشىدى مەشرەپ،
ھەمە ئەينى لەتافەتدىن لەبالەب.

بىرى ئەينى ھەيادۇ ساھىبى ھىلىم،
نەخۇش خۇي مۇلايىم تالىبىلئىلىم.

بەسى پاكىزە سۈرەت پاك تىنەت،
جامالى ھۆسنى ئارا خۇرشىد تەلئەت.

بۇ تۆرت شەھزادىلەرنىڭ تەرىپ تەۋسىفلەرى ھەددى-
دىن تاشقارى، خۇسۇسەن شەھزادەئى كەلان ھەزرەتى خاجە
ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ بولارنىڭ شىجائەت سىپاھگەرلىك
قائىدەسىدە چۇنان كامىل. ئەگەر رۇستەمى داستان، سام نە-
رىمان بولارنىڭ زامانىدە بولسە ئەلۋەتتە ئىتائەت ئىنقىياد كە-
مەرىن بەللەرىگە باغلاپ، كەمتەرىدىن چاكارلەرىدىن بولۇر
ئەردى. ئول زور بازۇكى بولاردە ئەردى. ھەر ئىچۈك دۇش-
مەنى زور، زورلەر كۆرسەلەر بەدەنلەرىگە لەرزە تۈشەر ئەر-
دى. ئىككىنچى، ھەزرەتى خاجە مۆئمىن خاجەم بىسيار سالىھ،
ئالىم فازىل ۋە ئۇلۇما دوست ۋە فۇزەلا جۇست، خۇش تەبئ،
خۇش مەشرەپ زات ئەردىلەر. ئۈچىنچى، ھەزرەتى خاجە قۇت-
بىددىن خاجەم بىسيار لەتافەتلىك ۋە تەراۋەتلىك، مەشۇق
نىگارى جەئد مۇي، سەمەن بۇي، ماھرۇي، مۇشتەرى
ئۇزارى، گۈل رۇخسارى، زۇلفى كاكۇل، كەمزۇل ئاۋىز، چەش-
مە بادامى، قەتتال خۇنرىز، لەبى لەئل گۈن، تەبەسسۇم نىم
خەندە دەھەن بەستە، دامەن كۇشادە ۋە يا غۇنچەئى نەۋ-
شىگۇفتە. تۆرتىنچى، ھەزرەتى خاجە بۇرھانىددىن خاجەم مىھ-
رى - مۇھەببەتلەرىدە بۇ فەرزەند خۇرسەندلەرى ھەققىدە
بىسيار جۇش ئۇرغان سەبەبىدىن نازۇ ئىستىنالەرى ئەتىۋار
ئەشئارلەرى غالىپ جەھەتىدىن «ئەركە خاجەم» ئاتار ئەردىلەر.
بۇ پادىشاھزادەلەرنىڭ بەزىسىنى تەخت سەلتەنەتدە ئولتۇرغۇ-
زۇپ ۋە بەزىلەرىنى ھەمراھ ئەيلەب ئىلىغە بارۇر ئەردىلەر ۋە

كافىرلەرنىڭ سۇرەت ئەھۋاللىرىنى ئىستىھال قىلۇر ئەردىلەر. ئۇشبۇ خىيال بىرلە: «بىر ۋەقت بولغايكى، بۇ كافىرلەر باشلىرىغە بى ئىبا ئىسلام تېغى سۇرۇلگەي. نەچچە فىرقە مۇسۇلمانلەرنى ئەسىر گىرىفتارلىقتىن خالاس قىلغايمەن ۋە سۈننەت غازاتنى بەجا كەلتۈرۈپ، غازى ئات كۆتەرمەك بىلە ئىككى جاھاننىڭ ئابرۇيى سائادەتىنە مۇشەررەف بولغايمەن»

ئەمما ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادشاھ غازى ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان ئاخىرقى مەرتىبە ئىلىغە باردىلەر، كافىرلەرنىڭ تۆرەلەرى تەغيىر ۋە تەبدىل تاپقان سەبەبدىن ئىلانى بىسيار تەفرىقە پەرىشان كۆردىلەر: «كۆڭگۈل ئىچرە نەچەندە يىلدىن بېرى ئارزۇ قىلادۇرغان ۋاقىت مەۋجۇد بولۇپدۇر، پۇرسەت غەنىمەت كېرەك، ئۇشبۇ ۋەقتدە بۇ نىيەت ۋۇقۇئ تاپقاي. بۇ كار ئەزىمىغە قەدەم قويغايمەن» لېكىن ھېچ كىشىگە بۇ سىرنى ئاشكارا قىلماقنى راۋا كۆرمەدىلەر. كۆڭگۈل گۇشەسىدە جاي بەردىلەر. ئاندىن تاشقارى چىقارمادى.

ئەمما دانىشمەنلەر فىرقەسى رەئىس سەردارلەرى ۋە ئاقىل ئەھلى تەدبىرلەر زۇمرەسىنىڭ سەرخەيلى ياساۋۇللەرى يەئنى خوش كىفەكبەگ كاشغەرغە ھاكىم ئەردى. بىسيار ساھىب پاراسەت ۋە ئەھلى تەدبىركار شۇناس كىشى ئەردى. ساخاۋە كەرەمدە نەھايەتى يوق ئەردى. لېكىن كەم جۇرئەت كىشى ئەردى. ئول ۋەجھەدىن ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادشاھ جەڭ مەسلەھەتىگە قوشماس ئەردىلەر. ئاڭا ۋەھمىيەت دەركاردۇر، ئول بىدىللىق كۆرسەتۇر ئەردى.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادشاھ خوش كىفەكبەگنى قالىماقلەرغە كاشغەرغە ياندۇرماقنىڭ مەسلەھەتىنى كۆرسەتتى. قىرغىزلار ئەترافدە كەمىن تۇتۇپدۇر. مۇبادا كاشـ

غەرغە ئازار يەتكۈزمىگەي، شەھەر خالىدۇر دەپ خوش كىفەك-
بەگنى كاشغەرغە ياندۇردىلەر. تاكى بارىپ كاشغەر شەھىرىنىڭ
سىپىل ۋە قەلئەلەرىنى راست قىلدۇرغايسىز، ھەر تەرەپكە
قىلاۋۇللار راست قىلغاي. جەڭنىڭ ئەسباپ ياراغىنى جۈببە —
جۇشلەرىنى تۈزۈتىپ جەڭ جىبدەلگە مۇھەييا ۋە ئامادە تۇر-
غايسىزلەر. تاكى قىرغىزلار دەست درازلىق قىلالمىغاي دەپ
رۇخسەت بەردىلەر. ئەمما خوش كىفەكبەگ كاشغەرغە كېلىپ،
تاپشۇرغان ئىشلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ تۇردى. ھەممە خەلق
ھەيرەتتە قالدىلەركى «مۇنداغ ئىشلەردىن مەقسۇد نە ئىكىن،
ھالا دۈشمەن لەشكەرىدىن ھېچ نىشانە يوق» بەلكى خوش كى-
فەكبەگ ھەم ھېكمەتىنى بىلمەس ئەردى.

ئەمما ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ ئىلا مەۋزەئىدە
گىرىفتار بولۇپ ياتقان قىپچاق - قىرغىزلەرغە نامە ئىبەر-
دىلەر. مەزمۇنى بۇكى:

«ئى دىلاۋەرانى قىپچاق، سىزلەرنىڭ ئاتا - باباڭىزلەر
قەدىم ئەييامدىن سىپەھ سالارى لەشكەرى ئىسلام بولۇپ، ئىس-
لام تىغىنى بى ئىبا ۋە بىدەرىغ چاپىپ كېلىپدۇرلەر. ھەر-
گىز تابىئى كۇففار بولماپدۇر. خۇسۇسەن بىزنىڭ ئابا ۋە
ئەجدادىمىزغە ئەقىدە ئىخلاس قىلىب كىلىپدۇرلەر. ئىبادەتنىڭ
ئەفزەلى غازاتدۇر ۋە ئىرانلارنى غازات ئۈچۈن خەلق قىلىپ-
دۇرلەركى، كافىرلار ئىلكىدە ئۆلسە شەھىددۇر. دەرىجەئى ئەئ-
لادۇر. ئەگەر ئۆلتۈرسە غازى، ئىرانلەرغە فەخر، سەنەددۇر.
ۋە مۇباھات ئابرۇيى دۇ جەھاندۇر. ئەگەر تاراج بىلە قول-
غا غەنىمەت كەلسە، ئانا سۈتىدىن ئەرەقى پىشانىدىن ھالال
پاكىزاقدۇر. ئىرانلەرگە نەڭگى - نامۇس ئەمەسمۇ؟ ئۆمرىنى
ئەسكى پەلىد كاپىرلار ئىستائىتىدە سەرف قىلمىغايلەر. ھەقتە

ئاللادىن ئۈمىدىم باركى، ئۆمرۈم ئاخىر بولغاندا قارا يۈزۈم-
نى ئاقارتقايمەن. ئىسلام تىغىنى بۇ كافىرلار باشىغە بى ئىبا
چاپقايمەن ۋە نەچچە يىلدىن بېرى قىلغان ئىتائەتسىزلىكىڭ تە-
دارىكىنى ياندۇرغايمەن. ئەگەر سىزلەرگە تەۋپىق يەرسە، پا-
لانى ۋەقت، پالانى سائەتتە ئىسلامغە يارى مەدەتكارلىق بەر-
گەيسىزلەر. نامە تامام ۋەسسەلام.»

ئۆمەر مىرزا ئاتلىق بىر سەردارى بار ئەردى. نامەنى
پىجانىدىل قوبۇل قىلىب، جاۋابىدە ئىتائەتنامە پۈتۈپ، كەل-
گەن كىشىگە بەردى. بۇ كىشى نامە يەتكۈزگەچ، ھەزرەتى
يۈسۈف خاجەم پادىشاھ خوشھال بولدىلەر. ھەممەت جۈر-
ئەتلەرى تەخى قۇۋۋەت تاپتى. ئەمما بى ئۈزرە بى سەبەپ
كاشغەرغە يانالمەدىلەر. كافىرلار رۇخسەت بەرمەدىلەر. بىر
ھىيلە بولغايكى، يانۇرغە باىس بولغاي دەپ تەپەككۇر قىلىپ،
بىر خادىم خاسغە كىتابەت قىلىپ بەردىلەر. نەھان بارىپ
بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كەمال سۈرئەت بىلە يەتكۈزدى.
ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ بۇ كىشى بىلە ئول كىتا-
بەتنى ئالىب، تۆرە ئەلەيھى لەئىنە قاشىغە باردىلەر. كافىركەيت
فىيتى ھال سورىدى. ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم كىتابەتنى ئاڭا
تۇتتىلەركى، مەزمۇنى ئولكى:

«ھەزرەتى خاجە، مۆمىن باشلىغ خوش كىفەكبەگىنىڭ
ۋە جەمئى كاشغەر بەگلەرىنىڭ تۆرەگە ئەرزى ئولكى، تامام
ئەتراپ جەۋانىبتىكى قىرغىزلار بىر بولۇپ مەسلىھەت ئەي-
لەپدۇرلەركى: (پالان كۈنى، پالانى سائەتتە تۆرت تەرەپدىن
كېلىپ كاشغەرنى تاراج قىلىپ، ئەسىر قىلالى) دەپ بولجاق
قىلىپدۇر. ئىش مەھەلدىن ئۆتسە سود قىلماس. يۈرت كېرەك
بولسە، چىد - جەھەت بىرلە يار بەرگەيسىزلەر. قىرغىز يول

تاپماغاي. كەلمەسەلەر كاشغەر قولدىن كېتەر.»
قالماقلار بۇ خەبەرنى ئىشتىپ، ھۇش كاللىسىدىن كەتتى.
ئۆز ئاراسىدا مەسلىھەت مەشۋەرەت قىلدىلەر. لەشكەر ئېيتىۋ
گەيلەر، ئاگا ھەم تەدبىر تاپمادىلەر. چەراكسى ئۆز ئىچىدە
تەفرىقەلىق بار ئەردى. ناچار مەسلىھەتلەرى ئاگا قارار تاپ-
تىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم يانغاي. ئىش ئىلاجىنى قىلت-
غاي. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەمنى تۆرە چىرلاتىپ ئېيتتىكىم:
«ئى خاجە يۇسۇف، سىز كامال ئاقىل ۋە دانىشمەند ئەھلى
تەدبىردۇرسىز. بىزنىڭ ھەم يۇرت ئىچىدەكى كارۇ - بارىمىز-
نى سىز خوپ بىلۇرسىز. يۇرتىمىز ئىچى ناھايىتى تەپرىقە-
لىك. لەشكەر بارۇر ئىلاجى يوق. بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى سىز-
قىلىڭ. كاشغەرغە يانىپ بارىپ، ئۆزلەشگەردىڭىز بىلە قىرغىز-
غە روبىرو بولۇڭ. بەلكى سىزنىڭ ھەيبىتىڭىزدىن قىرغىزلار
كېتەلمەسلەر» دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى.
ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادشاھ كۆڭۈللەرىدە ھەقسۇب-
ھانە ۋە تەئالاغە بىسيار شۇكرى سەنالە قىلدىلەركى، لېكىن
ئەزبىرايى تەسەللى ئېيتتىلەركى: «ئى تۆرە، تولا ئەندىشە
قىلماڭ، مەن بارماققە ھاجەت يوق. بەلكى بىزنىڭ باباق خا
جە ئابدۇللاھ بارسە، بۇ ئىش كۇپايەت تاپۇر. ئەگەر كۇپا-
يەت تاپمەسە، ئاندىن مەن بارسام بولۇر»
دەپ مەشۋەرەت كۆرسەتتى. بىرۇ مەشۋەرەت مەقبۇل
بولدى. ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم كاشغەرغە يانۇر بول-
دىلەر. پىنھان ئەيدىلەركى: «يا پەرزەندە، بۇ مەشۋەرەتدىن
غەرەز بولكى، مەن ئۆزۈم يانسام، بۇ كافىرلار سىزنى بىز-
نىڭ بىلە تۇرسۇن دەپ ئالىب قالادۇر. ئاندا يانماغىڭىزمۇش-
كۇلدۇر. ھالا سىز بارغايسىز، بەدەر كىشى ئىبەرگەيسىز: (قىر-

غىزلار بىسيار ھۇجۇم ئەيلەپدۇركى، يۇرتىنى تاراج قىلغاي،
خالايىقلار بىسيار ۋەھىمە قورقۇنچ بىرلە تۇرۇرلەر. ھېچكىم
يوقكى ئۇلارغە تاقابۇل بولغاي. يۇرتقە بىسيار زىلزىلە تۈ-
شۈپدۇركى، ئەندەك باھانە بىرلە قىرغىزلارغە يۈزلەنگەي ۋە
ئىتائەتدىن چىققاي. بۇ ئىشنى جابىجا ئەيلەمەككە بىز ئاجىز
كەلدۇك» دەپ خەت يىبەرگەيسىز. ئۇشبۇ تەدبىر بىلە نەس-
پەم كاشغەرغە ئىنشائاللا تۈشسە كىرۇدك، ھەقتە ئالا دەرگا-
ھىدىن ئۈمىدىم كۆپ باركى، شۇم كافىرلارنىڭ تەلئەتلەرى-
دىن قۇتۇلغايمىز. ئالاھىدە ئىسلام ئەلىمنى مۇسۇلمان باشغە
تىككەيمىز ۋە جەددى ئەئلايىمىز ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەي-
ھى ۋەسەللەمنىڭ شەرىئەتلەرىگە راۋاج بېرىپ، فۇقەرا رەئا-
يەلەرنى ئامان قىلغايمىز، ئىنشائاللاھ». بۇ ۋەسىيەتلەرى بىلە
يىبەردىلەر.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم ئىزتىراپ بىر-
لە ئاقسۇغە تۈشتىلەر. ئاقسۇ ئۇلۇغلەرى ئىستىقبال ئەيلەدى.
ئاقسۇدا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، تابىئە شەھەرلەردىن مىڭ
كىشى لەشكەر ئالىب، ھەزرەتى خاجە خامۇش خاجەم پادشاھ
ئەلەيھىر رەھمەنىڭ يىلقىلەرىدىن تۆرت يۈز سەمىز ئات ئاي-
رىپ ئالىب كاشغەرغە يۈردىلەر. كاشغەر خەلقى ھەم پېشباز
چىقىپ ئىستىقبال ئەيلەدىلەر. كەمال ئەزاز ئىكرام بىلە تەخت
سەلتەنەتدە بەرقارار بولدىلەر. تاپشۇرغان سۆز تەرتىبى بىر-
لە خاس ھەرەملەرىدىن ئەئلەمى ياركەند ئاخۇند ھاجى ئۆ-
بەيدۇللاغە كىتابەت پۈتۈتۈپ رەۋان ئەيلەدىلەر. بۇ كىتابەت-
دىن كاشغەردە ھېچ كىشىنىڭ خەبىرى يوق. ئەمما كىتابەتلەر
ئىلىغە يەتكۈنچە كافىرلارغە ۋەھىمە- تەشۋىشلەر يۈزلىنىپ،
ھەزرەتى يۇسۇف خاجەمغە ئىلتىجا قىلدىلەر. جۇست چالاك

ئۆزىڭىزنى كاشغەرغە ئالىب، بۇ ئىش ئىلاجىنى قىلغايسىز دەپ رۇخسەت بەردى. ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم كامال خۇش ۋە-قىتلىق بىرلە ئوتاغلەرىغە كەلدىلەر. ھەزرەتى ھەق سۇبھانە ۋە تەئالاغە شۈكرى سەنا ئاغاز قىلدىلەر. ھەممە جابدۇق قوشلەرىدىن راست قىلغان ئەردى. يۆتكەپ يۈردىلەر. ئىنتى-ھايى ئىزتىراپ بىرلە ئۆزلەرى مۇزات تاغىدىن ئۆتۈپ، بىر كۈن يول يۈرۈپ ئىدىلەر. ئۇچ ھاكىمى خاجەسى بەگ ئۇچ-رادى. بىسيار پىتنە ئەڭگىز فەساد ئاۋەر كىشى ئەردى. لېكىن پەم - پاراسەتدە بىنەزىر ئەردى. مۇلاقات ۋەقتىدە تەقسىر ئالىب، مۇبارەك بولغاي ئىسلام ئاچقانىلارى ئىي پادشاھىم دىدى. ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادشاھ كۇڭۇللەرىدە مۇبا-رەكلىك ھەق تەئالادىن بولغاي دېدىلەر. لېكىن ئاشكارا ئىز-ھار ئەيلەمدىلەر. بىر نىچە سۆز قىلىشىپ ئىلتىقات ئىلە: «ئىلا ئىچى بىسيار تەفرىقەلىك. بارغۇدەك مەھەل ئېمەس. يانغانىڭىز بىھتەر ئەۋلادۇر» دېدى. ئەمما بۇ پىتنە ئەڭگىز: «بارىپ ياناي» دەپ قوبۇل قىلمادى. خەيرباد ئەيلەپ بەدەركەتتى. ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم ئەز نۇر پاراسەت بىلدىلەركى، «بۇ پىتنە ئەنگىز كافىرلار قاشىغە بارىپ، بىر پىتنە ياسايدۇر» دەپ جۇست چابۇك ئاقسۇغە تۈشتىلەر. قوش كېيىن قالدى. بىر كۈن تۈرۈپ كاشغەرغە يۈردىلەر. تۆرتىنچى قوناقلەرىدە كاشغەرنىڭ شەھرىگە داخىل بولدىلەر. فەيزى ئابادىن چە فاغان يورۇتتىلەر: «ئەھلى مەملىكەتكە خەبەر يەتكۈزگەيسەن. ئەمما خاجە ئابدۇللا باباق ئۆزىنى تەختىدىن خالى قىماغاي، ئىستىقبال ئەيلەمەگەي» بۇ كىشى خەبەرنى يەتكۈزگەچ، ھەممە خەلق ھەيرەتتە قالدىلەر. خوش كىفەكىبەگ دۆلەت

باغدا ئۆلگۈردى، بەزىلەر ئاندىن نېرى ۋە بەزىلەر ئاندىن بېرى. ئەمما خاجە ئابدۇللا خاجەم يان ئىشىك بىلە چىقىپ رەۋاق ئالدىدىكى بەشىردە مۇلاقات بولدىلەر. ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ ئەزاز ئىكراملەر بىلە كېلىپ، تەختتە قەرار تاپتىلەر.

ئەلقىسسە، ھېكايەت ئىشىتكەيسىزلار، ئول پىتنەئى ئامىز شۇ ئەگىز خاجەسى بەگدىن: ئۇشول كۈنى ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھنى ئىلى يولىدە كۆردى. ئەۋزائىلەردىن تەھقىق گۇمان قىلدىكى، كافىرلار ئىتائەتتىدىن چىقىپدۇرلەر. كافىرلەرغە ئاداۋەت شەمشىرىنى تارتىپدۇر. چۇست چابۇك «داباجى» دېگەن كافىر تۆرەسى ئەردى — بارىپ ئەرز قىلدىكى: «ئى تۆرەم، يۈسۈف خاجەمنى بى جا يانىدۇرۇپسىز ۋە بى ئورۇن رۇخسەت بېرىپسىز. ئەندەك پۇرسەتتە سىزدىن يۈز ئۆرىگەي، باشىڭىزغە تىغ تارتقاي. ئول كۈنىكى مۇزاتىدىن ئۆتتۈپدۇر، سىزگە ياغى بولۇپدۇر، ھەم يۇرتىڭىز ئىچرە تەپرىقەلىك بار. ئانداغ تەدبىرلىك كېڭەشلىك كىشى سىزنىڭ قاشىڭىزدە بولغانى بىھرىراق ئەردى. دەرىغ ئەفسۇسىكى ھېچ سۇدى يوق. ھالاھەم چالاك بىر كىشى بارسە، ئەگەر دۆلىتىڭىز ئىقبالىدە بولسە، يانىدۇرۇپ ئالىب كېلۇر. ئالىب كەلمەسە، ياركەنىد كاشغەردىن ئۈمىد قەتئىي قىلماق كېرەك» دەب بىسيار شىكايەتلەر قىلدى ۋە بەزى ئەھلى تەدبىر كافىرلار ھەزرەتى يۈسۈف خاجەمگە رۇخسەت بەرگەننى مەقبۇل كۆرمەدىلەر. تۆرە پۇشايمان كەلتۈرۈپ ئىدى، ھەممە كافىرلارنىڭ پۇشايمانى زىيادە بولدى. بىر كافىر بار ئىدىكى، تېز بارىپ، ئۈچ كىشى بىرلە يۈسۈف خاجەمنى يانىدۇرغاي. «ئەگەر قوبۇل قىلمەسە، بەزەربى زور كەرەھ بىرلە

ياندۇرغايسەن» دەپ يۈرۈپتى. بەس بۇ كافىر شۇنداغ تېز
يۈرۈپ يېتەلمىدى. چەراكى ھەق سۇبھانە ۋەتەئالا بۇلارنى
كافىرلار ئىتائىتىدىن خالاس قىلغان ئەردى ۋە بۇ كافىرلار
«مەسجىد» دېگەن مەنزىلگە بارغاندە ھەزرەتى يۈسۈف خا-
جەم پادىشاھ كېمەدىن ئۆتتىلەر. بۇ كافىرلار ناچار بولۇپ،
مەيۈس بولۇپ ياندى. ئاقسۇغا بارىپ ئابدۇۋاھاف شەقى
ئەزەلى بەدكىردار نابىكار ھارامزادەئى رافىزە بىرلە بىر
بولۇپ كىشى يىبەردىكى: «يا خاجە يۈسۈف، سىزنى تۆرە
چىرلايدۇر، ئامۇرسىنا ئېغىر لەشكەر بىرلە كېلۇر ئىمىش، تا
ئول كەلگۈنچە پاتىراق ئىلغە بارغايسىز تاكى مەھەللى
ياۋەرلىكدۇر، ئەگەر بۇ ۋەقتدە مەدەد بېرىلسە، ھېچ ۋاقتتا
تۆرەنىڭ يادىدىن كەتمەس، ھەمىشە سىزلەرنىڭ دۆلەتىڭلار
راۋاجىغە سەئيى قىلدۇرلەر، ئەگەر قوبۇل تۇتمىسەڭىزلەر
جان قايغۇسىدىن خەبەردار بولۇڭ! ئەسبابى جەڭنى تەييار
قىلماق كېرەك» بەس بۇ كىشى كاشغەرغە كېلىپ ھەزرەتى
يۈسۈف خاجەمغە بايان قىلدى. ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم
ھەم ئاياغىمنىڭ مۇفاسىل كېسلى بار دەپ ئاتلانماغان ئەر-
دىلەر. جاۋابىغە شۇبۇ ئۆزۈرنى ئېيتتىلەر: «سەھەت تاپقان-
دىن كېيىن بارۇرمەن» دەپ مەئقۇل بىرلە ياندۇردىلەر. بۇ
كىشى ئاقسۇغە كەلدى. ئول كەلگەن كافىر ۋە ئابدۇۋاھافنىڭ
مەكر ھىيلەسى كارغە كەلمەدى. مەئيۈس بولۇپ ياندى. ھەز-
رەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ ھەۋقتە ئالاغا شۇكرى سەنالەر
كەلتۈرۈپ، شەرىئەتكە رىۋاج بېرىپ، فۇقەرا رەئايەلەرگە
مۇۋاپىق شەرئى ھۆكۈم سۈرۈپ، ئۆلۇمالەر بىلەن مەجلىس
تۈزۈپ، ئىسلامنىڭ فەتھىنىڭ ئەندىشەسىنى ھەممە ۋا-
قىت قىلىپ، ئەسباب ئالاتى جەڭنى مۇھەييا قىلىپ،

ئوستا ۋە تۆمۈرچىلەرنى جەمئى قىلىپ ۋە تىرساز كەمانلەرگە ئالاتى جەڭ راستلاتۇر ئەردىلەر. دەرۋازەلەرنى، خۇسۇسەن ئورداسىنى مەھكەم تۇتۇپ، ھەممىشە جەڭنىڭ جابدۇغىنى ئىلدۇرۇر ئەردىلەر. گويا كى جەڭ كۈنىدەك ھازىر نازىر ئەردىلەر. بەزى بەددىنلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ، يۈرەكلەرىغە لەرزە تۈشەر ئەردى. بەزى ئەھلى دىيانەتلەر كۆرۈپ قۇۋۋەت غەيرەتلەرى جۇش ئۇرۇپ، قاچان ئول كۈن بولغايكى كافىرلار باشلارىغە ئىسلام تىغىنى بى ئىبا سالغايمىز دەب. شۇبۇ تەرىقە بىرلە نەچچە كۈن روزىگار ئۆمۈر كەچۈردىلەر.

ئەلقىسسە، ئىشتىمەك كىرەككىم خۇدا يار ۋاقىئاتىدىن: ئەمما خۇدايار بەگ بىسيار غافىل، ئىسلامى سۇست كىشى ئىدى، كافىرغە مائىل ئەردى. ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادشاھنىڭ كاربارلەرىنى كۆرۈپ، يۈرەكلەرىغە لەرزە تۈشتى، ئىسلامنىڭ فەتھى كۈشادەلىغىغە ھەرگىز رىزالىقى يوق ئەردى. بۇ تەرىقە بىرلە يەنە كافىرلار بۇرۇنقىدەك شۇبۇ شەھەرلەرگە مۇسەللەت بولغاي، ھۆكۈم يەنە جارى بولغاي دەپ ھەممىشە ئانى تەلەپ قىلۇر ئەردى. چەراكى بۇ، قالماقلەرغە، كافىرلەرغە خىزمەت قىلىپ، مۇسۇلمانلەرغە زىيادە بىدئەتلەر پەيدا قىلماق بىرلە بۇ دەرىجەنى تاپىپ ئەردى.

ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادشاھ ئەلەيھى رەھمەنىڭ ھەققىلەرىدە «يارغۇ» قىلادۇرمەن دەب ئىلىدە بىسيار گۈستاخلىقلەر قىلغان، ھىچ ۋەقت بۇ قىلغان ئاداۋەتلەرىنى چىقارماس ئەردى. ئول ۋەجھىدىن زاھىرىنى تۈزۈپ، باتىنىنى بۇزۇپ يۈرۈر ئەردى. بىناگاھ ئابدۇساتتار دەپ ئارتۇچلۇق بىر كىشى بار ئەردى. بىسيار پۈر قۇۋۋەت، غەددار

مەككار، بەد رەفتار، بەد گۇفتار، خۇنخور نابكار، ھارام-
زادەئى بەدكىردار ئىدىكى، ھەمىشە ئۇنىڭدىن شۇرشەر پىتنە-
لەر پەيدا بولۇر ئەردى. ھەر دەم مۇسۇلمانلەرغە پىتنە
ياساپ يۈرۈر ئەردى.

ئەلقىسسە، بۇ ئابدۇساتتار ئەزەلى ئىلىدىن ئابدۇۋاھاق
شەقى ئەزەلى بى خەيرىنىڭ مەسلىھەتى بىرلە، قەلئە ياسار
ئۈچۈن تۇشكەن ئەردى. ئىنىڭ شۇم قەدىمى ئارتۇچ مەۋ-
زەئىغە يەتتى. ئۆزىنىڭ مەھكەم ھويلىسى بار ئەردى. ئاڭا
داخىل بولدى. ھەر كىشىكى ئاڭلاپ كۆرگىلى بارسە، ئۇنى
تۇتۇپ چىقارمەدى. جەمئى ئەزىمىنى سولاپ ئالدى. نىياز
بەگ ئاتلىق ئارتۇچ ھاكىمى بار ئەردى. ئۆز ۋەھمىدىن
قورقۇپ، شەھەرگە قاچىپ باردى. ئەمما ئابدۇساتتار بىر
كىشىنى قالماق سۇرەتىدە قىلىپ، جالا قاپتورغە راسلاپ،
خاتۇنلەر ساچلەردىن كاكۇلە قىلىپ، خۇدايار بەككە خەت
ئەبەردى.

ئەلقىسسە، خۇدا يار بەگ بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىن ئاڭ-
لاپ، بىر نەچچە ئۆزىگە يېقىن ئاشنالىرىنى پىنھان چىرلاپ
كېلىپ خەتنى كۆرسەتتى، كۆردىلەركى، ئابدۇ ۋاھاپ شەقىدىن
خاجەسىدىن مۆھۈر قىلىپدۇ. مەزمۇنى ئۇلكى:

«خۇدايار بەگ باشلىق كاشغەر بەگلىرىگە سىپارىش
نامە بۇكى، خاقانى چىندىن ئىلى مەۋزەئىغە لەشكەر كەلدى.
ھالا ئىلى ئىچى بىسيار تەپرىقەلىك. قالماقلار ئاڭا باراۋەر-
لىك قىلالماس. ھەر نىچۈك بولسە، خاجە يۇسۇفنى ئۆلتۈر-
سۈنلەر. ئەگەر قالماق دەۋرىچە بولسە، ھەم خىزمەتتۇر. خىتاي ①

① خىتاي — بۇ سۆزنى خەنزۇ دېيىش لازىم ئىدى، لېكىن ئاپتور ئۆز دەۋرىدىكى ئاتاشلار بويىچە ئالغان.

دەۋرىچە بولسە ھەم خىزمەتتىدۇر. يۇرتىنى ئۆز ئىقتىيارىڭلارچە سوراپ تۇرغايسىزلەر. نامە تامام.»

بۇ بەگلەر بۇ مەسلىھەتنى خوپ كۆرمەدىلەر، بەلكى ھەيئى قىلدىلەر. «ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ ئانداغ زېرەك مەرددۇرلەركى، ھەرگىز ئول دامغا ئىلىنىدۇرغالى بولماس. بەر تەقدىر خەبەر تاپسەلەر، ھەممەمىزنىڭ باشى بەرباد كەتكۈسىدۇر. ھارامىلىق بىرلە ئۆلگۈمىزدۇر» دەپ تەقىپ قىلدىلەر. ناچار ئاگا ناراز قىلدىلەركى، بۇ خەتنى خاجەمگە بەرسەك، بىزدىن خاتىرلەرى ئىستىمنان تاپىپ، بىزلەرگە ئىلتىفاتنى تولا زىيادە قىلۇرلەر. مەسلىھەتنى توختىتىپ تارقاشتىلەر. بۇ مەككار خۇدايارنىڭ ياقاسىنى ئەجەل ئىلكى تۇتقان ئىكەن، تىغ قازا ئىدراك ئەقلىنىڭ كۆزىنى ياپقان ئەردى. فەھمى ئەندىشەسى يۈزىگە پەردەئى غەزەب ئىلاھىنى ياپتىلەر. شەيتان ۋەسۋەسە قىلا باشلەدى. پىكىر خىيالى بىر ھىيلە بىرلە ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھنى ھالەك قىلماق ئەردى. شاھ بەگ ئاتلىغ بىر كىشى بار ئەردى. ئانا تەرىپى سەييىد زادە، ئاتا تەرىپى بەگزادە. ئارتۇچ مەۋزەئىدىن ئىنىسى مۇبارەك شاھ بەگ دېگەن بىلە خىلۋەت قىلىب خۇدايارنى چىرلادى، ئېيتتىكى: «تا يۇسۇف خاجەمنى ئۆلتۈرمەگۈنچە ئىش كار ئەنجامىغە يەتمەس. تاڭلا جۈمە كۈنى نامازغە كېلۇر. بىر نەچچە مىلتىقچىنى مەسچىت تاقىدە قويالى. ئاتدىن تۈشۈپ نامازغە كىرگۈنچە، يا نامازغە تۇرغاندە نىشانەلەر قىلغاي. بىز شاھ بەگ بىلە بەش - ئالتە يۈز كىشىنى مۇكەممەل مۇسەللەھ قىلىپ ھازىر تۇرغايمىز. ئابدۇساتتار ئارتۇچدىن بەش - ئالتە يۈز كىشى راسلاپ، شەھەر دەرۋازەسى ئالدىدە مۇنتەزىر تۇرغاي. ۋەقتىكى

مىلتىق ئۈنى چىقسا، بىز بۇ تەرەپدىن ئوردىغا يۈگۈرەلى، ئابدۇساتتار بەگ ئول تەرەپتىن ئوردىغا ئات سالغاي. ئازنە كۈنى ھەممە كىشى سودا بىلە نامازغا مەشغۇلدۇر. ئوردانى قولغا ئالغاندىن كېيىن شەھەر قولدادۇر. خوش كىفەكبەگ سادىدە كىشىدۇر. قورقۇنچىدىن كانارە تۇتار. ئورداداكى تەئەللۇق خەلقلەرنىڭ ئۆيلەرىنى تاراج قىلساق، دۇنياغا مالامال بولغايمىز. تامامەئى مەنسەپ قولىمىزدادۇر، خالىغانلىرىمىزنى قىلغايمىز. خەلەل بەرگۈچىلەرنى ئۆلتۈرگەيمىز ۋە بەندىگە سالغايمىز. بىر قاراخان ئاتاغان جايساڭ قالماق ئون بەش قالماق بىرلە بار ئەردى، ئۇلار ھەم ياۋى بىرىشۇرلەر» دەپ قارارلاشتى. مەزمۇنى خەتنى قىلىپ، ئۆز مۆھۈرنى باسىپ، مۇبارەك شاھ خاجىغا بەردى. «سىز ئابدۇساتتارغا ياۋى بەرگەيسىز، شاھ بەگ ماڭا يار بەرگەي. ئۆزئىمىزنى پىنھان يول بىرلە ئارتۇقچا ئالغايسىز. جىد - جەھەد قىلىپ تارار ۋاقتىدا ھازىر بولغايسىزلەر» دېدى.

ئەلقىسسە، مۇبارەك شاھ چىقىپ شاھ بەگ بىلە مەشۋەرەت قىلدى: «بىزگە خۇدايارنىڭ ۋەدىسى ئارتۇقچە ھاكىم قىلماقدۇر، ئىككى جاھاندا يۈزىمىزنى قارا قىلىپ، نەمىقدار شۇر فاساد ئەيلەمەك بىرلە ئارتۇقچە ھاكىم بولماقدىن بىھەردىراق ئۆلگىم، بۇ خەتنى خاجەمگە بەرگەيمىز. خاجەم ھەم بىزنى ئارتۇقچە ھاكىم قىلۇرلەر بىر تەقدىر بۇ ئىشىمىز ئوخشىماسا باشىمىز كەتكەي» دەپ سۆز دەرۋازەسى بىلەن چىقىپ، بىر نەچچە قەدەم يول بارىپ، غەلەت بىرىپ، ئاھىستە يان ئىشىك بىرلە ئوردىغا كىردى. مۇبارەك شاھ خاجىغا ئاخۇن موللا سەقىنىڭ ھەلىمە ئاتلىغ ئاجىزەسىنى نەسىبەت قىلغان ئەردى.

خاجە ئابدۇل مەجىدكى موللا سەقىنىڭ ئوغلىدۇر، بۇ مەشۇھ-
رەتكە ئولھەم داخىل بولدى. شاھ بەگ ئۇچەۋلەن مۇتەھەييىر
تۇرۇپ ۋەقتى خۇپتەن ئەردىكى ئالتۇنلۇق سارايىنىڭ ئالدىغا
باردىلار، خادىمغا دەر خاست قىلدىلاركى كىرگەيلەر، خادىم
مەلۇم قىلدى، كىرسۇن دەپ رۇخسەت بولدى، خاجە ئابدۇل-
مەجىد كىرىپ، ئاھىستەلىك بىرلە تەقرىر قىلدى. سائەتدىن
كېيىن بۇ ئىككىسى كىرىپ ۋاقىئەنى ئەرز ئېيتىپ خەتنى
تۇتتى. كۆردىلەركىم، بەئەينى ئۇشبۇ ۋاقىئەدۇر. ھەزرەتى
يۇسۇف خاجەم پادىشاھ ئېيتتىلەركى: «ئىنشائاللاھ ھەقتەئاللا
ئۇنى ئەسىر قىلغاي، بىزنى ئاڭا ئەسىر قىلماس.

بەيت

مەن دەرچە خىيالەم فەلەك دەرچە خىيال،
مەن خام خىيالەم ۋە فەلەك پۇختە خىيال».

خادىملەرغە ئەيدىكىم: «مۇبارەك شاھنى پىنھان قىل-
غايسىزلەر». فىلھال ئوردادا مەخپى قىلدىلەر. ئۆزگەلەرگە
رۇخسەت بەردىلەر. خادىملەرنى بۇيۇردىلەركى، خاجە ئابدۇللا
باباقنى خاجە مۆئمىن دەرۋىش بەكاۋۇل باشلىغ ھەممە ئور-
دا خەلقىنى ۋە جەمىئىدىن ھېچ كىشى بىدار ئېمەس ئەردى.
ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا قاتتىق ئۇيقۇدە ياتىپدۇرلەر. ساراي
ئىشىكى مەھكەم، ھېچ كىمدە ھەد يوقكى، ساراي ئىشىكىنى
ئاچىپ بىدار قىلغاي. چەراكى مەستلىك ئەردىلەر. ھەزرەتى
يۇسۇف خاجەم پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ بىر خادىم گۇس-
تاخنى بۇيۇردىلەر: «چۇست جابەگ بارىپ ئۇيقۇدىن ئويغاتىپ

كەلتۈرگەيمەن» دەپ. ئۇل بارىپ ساراي-ئىشىكىنى قىچقىرتىپ ئاھستەلىك بىرلە كەلتۈردىلەر.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم كىرىسىپ تەـ زىم بەجا كەلتۈردىلەر. ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ بىسيار ھالەت غەزەپىدە ئەردىلەر. مۇبارەك لەفزىلەرىدىن بۇ سۆز جارى بولدىكى: «سىنىڭ بۇ ناز ئۇيقۇڭ مىنىڭ ۋۇجۇـ دۇم بىرلە، كۆڭلۈگىدە كۆچۈرمەكلىكىم بۇ خابى ئىستىغنا ھەم ھەر ۋاقىتتا بولغاي. كۆرەرمەنكى، مەن ئالەمدىن بارىپ قىرـ قىدىم ئۆتكۈنچە شۇبۇ تەختىدە بەرقارار بولغانىڭنى! ۋەقتى ئىجابەت ئىكەن پايىل كەتمادى».

ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ ۋە فاتىدىن بىركام قىرىق كۈن دىيگەندە كاشغەر تەختىنى تاشلاپ، ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم ياركەندكە بەدەر كەتتىلەر.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ بىر نەچچە ئىغىز غەزەب ئامىز سۆزلەر ئىيتىپ، ۋاقىئەنى بايان قىلماي، خاجە مۆئمىن بىلە دەرۋىش باكاۋۇلنى ئالىب كەل! دەب كىشى بۇيرۇدىلەر. بۇ ئىككىسى نەچچە كىشىلەر بىرلە شىكارغە چىقىپ، قارا قىردا قونغان ئىكەنلەر. كىچە كىشى بارىپ يەتكۈزدى. تامام ئوردا خەلقىنى جەمئى قىلدىلەر. بۇ ئەسـ رارنى ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەمغە خاجە مۆئمىن خاـ جەمغە، دەرۋىش باقاۋۇلغە ئەفشا قىلدىلەر، ئۆزگەلەر خەبەر تاپمادىلەر. بۇ كىچە ھىچ كىمدە تەسكىن ۋە ئارام بولمادى. ھەممە ئوردا خەلقى ساختەلىق قىلدىلەر. تاڭلاسى ھەم كىلاـ دۈرغان ئادەمنى ئاندىن مەھكەمراق تۇتىدىلەر. خەلق بەگلەر ھەم ھەيرەتدە قالدىلەركى، نىمە ۋاقىئە بولدى ئىكىن ۋۇقۇف تاپمادىلەر. خۇدايار ھەم بۇ جىد - جەھەدنى كۆرۈپ بىلـ

دىكى، خەبەر ئالىدۇزلەر. بۇلار ھەم ئۆز ھۇلەسىنى مەھكەم
قىلدىلەر. تەمام ئاشنا ۋە دوست يارلەرىنى مۇھەييا قىلدى.
ئول كۈنى ئورداغە بارمادى. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادى-
شاھ ئول كۈنى نەماز جۇمئەغە بارمادىلەر. خاجە ئابدۇللا
خاجەم بىلە خاجە مۆمىن خاجەمنى ئىبەردىلەر. بۇ كۈن ھەم
بۇ تەرىقىدە ئۆتتى. تائالاسى ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم ئەندى-
شە قىلدىلەركى «مۇنى تۇتۇپ قەيدگە سالماغۇنچە ئالەم
نىزامىغە كەلمەيدۇرلەر، بەلكى خاراپ بولادۇر» دەپ. قىپچاق
قىرغىزلەرىدىن بىر نەچچە باھادۇرلار ئورداغە تەئەللۇق ئەردى،
بەيان ئاغەچە ئاتلىق ئەھلىيەلەرىنىڭ جەمائەلەرىدىن ئەردىلەر.
بۇ جۇملەدىن ئون كىشىنى بۇ ئوندىن ئۈچ كىشىنى تەرجىھ
قىلىپ، ئۈچىدىن بىرىنى ئىلىپ ئالدىلەرىدە قويۇپ سىپارىش
قىلدىلەر: «ۋەقتىكى مەن ئىككىنجى مەرتىبە تەماكوسال دەر-
مەن، دەرمەھەل خۇدايارنى دەست كۆتەرىپ، تەبىلخانەغە
ئالىپ كىرىپ مەھكەم بەندكە سالغايسىزلەر. ئالتۇنلۇق سارايى-
نىڭ دالانىدەكى ھۇجرىدا پىنھان تۇرغايسىزلەر» ئاندا خۇدايار
ھەم بۇ كۈن ھەم كەلمەيدۇر. سورۇن جەمئى بولدى بىر-
ئىككى كىشى چىرلاغالى باردى، ھونوز كەلمەيدۇر. ئۆز-
نىڭ خىشى ئابدۇرەھىم بەگنى بۇيۇردىلەركى: «بارىپ خۇدا-
يارنى ئالىپ كېلىڭ. مۇندا مەسلىھەت باردۇر. كەلمەسكە
بائىس نەدۇر؟. ھەر نىچۈك بولسە كەلتۈرگەيسىز» دىدىلەر.

ئەلقىسسە، ئابدۇرەھىم بەگ كىلىپ خۇدايارنى دەلالەت-
لەر قىلدى، بۇ كىچە خەتەرناك تۈش ھەم كۆرۈپ ئەردى.
ھەمشىرەسى بىسيار مەنئى قىلدىلەر. لېكىن گەردىبانىنى ئەجەل
ئىلكى تۇتقان ئەردى. جۇرئەت قىلىپ پەرىشان سۆزلەر بىلە
زاباندارازلىق قىلدىكى: «نەھەددۇركى تار مويۇمنى كەم

قىلالىغاي، جانىۋارمەنكى بەلكى بۇ جانىۋارنى ئاسانلىق بىرلە
تۇتقىلى بولمايدۇ» دەپ بىسيار نامۇلايىم كىبىر ئىناد بىرلە
مەركەبىگە سۇۋارە بولۇپ ئورداغە يۈزلەندى. ئوردا دەرۋازى-
سىغە داخىل بولۇپ كۆردىكى، ھەممە خەلق دەبدەبە، ئەس-
ئەسە بىلە ئولتۇرۇپدۇر. پۇشمانلەر قىلدى. سۇد قىلمادى.
ناچار بىچارەۋار سورۇنغە كىردى. كۆردىكىم، ھەزرەتى يۇسۇف
خاجەم پادىشاھ تەخت سەلتەنەتدە ھەيبەت بىلە ئولتۇرۇپ-
دۇرلەر. مۇبارەك پىشانەلىرى قەھرەغەزەپدىن جەبىن زاھىر
بولادۇر. بەدىنىغە لەرزە، جانىغا زىلزىلە تۇشتى.
ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ ئىتاپ ئامىز
سۆزلەر بىرلە خىتاب قىلىب ئەيدىلەركى: «ئى خۇدايار بەگ!
بىز، سىزنىڭ ھەققىڭىزدە نە خىيانەتلەر قىلغانى-
كى، سەندىن بىزگە بۇ مىقدار خىيانەت ۋە ئادا-
ۋەت زاھىر بولادۇر. بەلكى پالان ۋاقتىدا بۇ يامانلىق، بۇ
گىنەلەر بىزنىڭ ھەققىمىزدە سادىر بولدى. بىز ئانى ئۆت-
كەزىپ، ئىنىڭ تەدارىكىدە ساڭا ئىلتىفاتلەر قىلىب، كەمال
دۆلتىمىزغە سەيئى قىلدۇق. ئاخىر پەيمانى تولدى. ھەرنەكى
ھورۇۋۋەت بىزنىڭدىن ساڭا يەتتى. ئۆزنى ئۆز كۆچۈڭدىن
كۆردۈڭ. بىز ئۆزنى ئەزىرايى خۇدا قىلدۇق. سەندىن نەچچە
نۆبەت رەددى بەدەل بولدى. ئەمدى نۆبەت بىزنىڭدۇر —
دەب — باباق تاماكوسال» دېدىلەر. قىرغىزلار مۇنتەزىر ئەردى. ئەم-
ما ئىزقال ئاتلىغ بىر قىرغىزبار ئەردى. ئۆتروبار دى. قولنى قوشتۇرۇپ
ئولتۇرۇپ ئىدى. بىر قولىدا ئىككى قولنى مەھكەم تۇتۇپ، يەنە بىر
قولىدا بىلىدىن تۇتۇپ ئالمىنى ئالغاندەك دەست كۆتەرىپ ئۆشنىسىگە
ئالدى. تاخۇدايار پەرياد - فىغانلەر باشلاپ نالە قىلادۇر.
تا ئىشكتىن ئالىب چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ھەزرەتى

يۇسۇف خاجەمنىڭ قاشلارىدەكى ھازىر تۇرغان خادىملەرى نەچچە قىلىچ يالاڭلاپ تۇردىكىلەر. پەرياد ئالالا پەيدا بولدى. ھېچكىمدە قۇۋۋەت مەجال قالمادى. ئۆز جان ۋەھىمىگە قالدى. زەھەرسى يوقكى بۇ ئىشنى مەنئى قىلغاي ۋە يا بائىس سورىغاي. سورۇندا ئولتۇرغانلەر ھەيبەت ۋە زىلزىلەردە بولدى. خۇسۇسەن خوش كىفەكىبەگكە لەززە تۇشتى. چېھرەسى كەھرىبادەك سارغادى. خاجەم بۇ ئولتۇرغانلار ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ، تەسكىن خاتىر ئۈچۈن ئىلتىفات ئاغاز قىلدىلەر: «ئى بەگلەر، ۋەھىمناك بولماڭىزلەر. دۇشمەن بىر كىشى ئەردى، جازاسىنى تاپتى. ئۆزگەلەرگە ھېچ تەشۋىش يوق. ئامان بولسۇنلەركى، بەلكى خۇدا يارنىڭ بالالەرى، ئەھلى - تابىئلەرى ھەم ئىمىن بولسۇنلەر. ئۇلارغە ھېچ ۋاقىئە يوقتۇر» دەب بۇ سۆزنى تامام قىلدىلەر. ئەمما خاجەم ئابدۇل مەجىدگە ئىشارەت قىلدىلەركى، خۇدايارنى تەرىقەدە قىلىبدۇر. ئابدۇل مەجىد ياكى ئىشارەتنى قەسەم قىلالماي ياكى خۇدا يارنىڭ ئاداۋەت مەسلىھەتىدە بار ئەردى بارىپ قىرغىزلەرگە ئېيتتىكى: «خاجەم خۇدايارنى نى سەبەبدىن تۇرغۇزادۇر؟ بى تەۋەققۇپ قەتل قىلسۇن» دېدىلەر. شول سائەت قۇرساقىنى يارىپ پارە - پارە قىلدى. «خۇدا يارنى نىچۈك قىلدىڭىزلەر» دەب سورىدىلەر. خادىملەر ئېيتتىلەركى: «قەتل قىلدىلەر» مۇبارەك پېشانەلەرىدە چىن زاھىر قىلىب ئەيدىلەركى: «شەھەر ئىچرە مۇنادى قىلسۇنلەر، خۇدا يارنى ئۆلتۈردۈك. دۇشمەن بىر كىشى ئەردى تامام بولدى. ئۆزگەلەر ئەمىن بولسۇنلەر. خۇدا يارنىڭ ئوغلانلەرى ھەم قورقمىسۇنلەر، ھالىدىن خەبەردار بولۇپ، ئىلتىفات قىلالى. دۇشمەن ئاتاسى ئەردى، ئۇلار بىگۇناھدۇرلەر. ئەگەر ئىمىن بولمىسە، دەرۋازەنى ئۈچۈق قويۇڭلار. كۆڭ-

لى خالىغان يەرگە بارسۇن، ھېچ كىشى ئازار بەرمىسۇن»
بەس، بەگلەر بۇ خەبەرنى كوچىلەردە مۇنادى قىلدۇر-
دىلەر. ئەمما خۇدايارنىڭ ئوغلانلىرى ئۇستۇن ئارتۇچقە
بارىپ ئابدۇساتتار پىتنە ئەڭگىزگە قوشۇلدى. ئابدۇساتتار بۇ
خەبەرنى ئاڭلاپ، قۇۋۋەتىدىن، غىزادىن قالىپ قاچماقنىڭ
پېيىگە تۈشتى. ئەمما ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادشاھ ئۇشول
كۈنى مەملىكەتكە بىر مىڭ كىشىلەر چىرلاپ جەمئى قىلىپ،
بارلاس مىرزا نەسلىدىن دانىيال ئاتلىغ بىر كىشى بار ئەردى،
ھالا كاشغەرغە ئىشىكاغە بولغان مىرزا ھەيدەرنىڭ ئاتاسىدۇر،
بىسيار ساھىب تەدبىر، پاراسەتلىك كىشى ئەردى. ئىنى سىپەھ
سالار لەشكەر قىلىپ، ئارتۇچقە ئابدۇساتتارنىڭ ئۈزىسىگە ئىبەر-
دىلەر. لېكىن ئېيتتىلەركى: «زىنھار جەڭگاھدە كىشى ئۆلمىگەي.
ئىز تىراپ قىلماغىزلەر. چىقىپ كەتسە كەتسەكەي، قولغە تۈ-
شەرگە سەئيى جىدەل ئەيلەمەمەگەيسىزلەر» دەپ يۇرۇتتىلەر.
مىرزا دانىيال ئابدۇساتتارنىڭ ھويلاسىنى نەچچە قاتار
قورشاپ تۈشتىلەر، ئابدۇساتتار ئوق ئاتتى، لېكىن بۇلار سەب-
رە بىرلە ئۇرۇش قىلدىلەر. ئاخىر كېچەسى فۇرسەتىنى غەنى-
مەت بىلىپ، نىسبى شەب بىرلە قاچىپ چىقتى. لەشكەر ھەم
ئارقاندىن بارمادى. لەشكەر ئولجا غەنىمەتكە سىراپ بولۇپ
ئارقىغە ياندىلەر.
ئەمما بۇ مەككارلەر كالتە يايلاق، كەلپىن بىلە ئاقسۇغە
چىقتىلەر. ئابدۇۋاھاب شەقى نابكار ھارامزادە رافىزىگە سۆ-
رەت ۋاقىئەنى بايان قىلىب، قالماق تۆرەسىگە نامە پۈتىدى:
«ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم جامائەلەرى بىلە ياركەند، كاشغەر
خەلقى تامام سىزدىن يۈز ئۆرۈپدۇر، خەلقىمىزغە تىغ تارتىپ-
دۇر. خۇدايار بەگ دېگەن ھەممە ئۆمرىنى سىزلەرنىڭ خىز-

مىتىڭىزدە سەرف ئەتكەن، كاشغەرغە ئىشكاغە بولغان ئەردى.
ئىندىچە كىشىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزگەلەرنى قويارمۇ؟
ھەرقاچان بىز ئېيتۇر ئەردۇك، بۇ خاجەلەردىن سىزگە بىۋا-
پالىق يېتەر. تىنغ تارتماي قالماس دەب ئېيتۇر ئەردۇك. ھالا
مەلۇم بولدى. دەرھال لەشكەر ئىبەرىپ قەيدىسىڭىزگە ئالما-
سىڭىز، مەملىكەت قولدىن كېتەر.» دەپ نامە ئىبەردى. بۇ
ئابدۇساتتار خۇدا يارنىڭ ئوغلانلەرى، بۇ خەتنى ئالىپ ئىلىغە
باردى. قالماق تۆرەسىگە ئەرزەنى بېرىپ گىرىيە رازى بىلە:
«بىزنىڭ ئاتا - بابامىز سىزنىڭ ئاتا - باباڭىزغە خىزمەت
قىلىب، تەمام ئۆمرىنى سىزنىڭ مۇلازىمەتىڭىزدە سەرف قىل-
غان، مۇسۇلمانلەرغە باج - خىراجنى سىزنىڭ ئۇچۇن زىيادە
ئەيلەگەن. يارلىغىڭىز بىرلە كاشغەرغە ئىشكاغە ئەردى. ھالا
ئاتامىزنى ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ قالماقىقە كۆڭۈل-
لۈك، ئۇلارغە سۆز يەتكۈزەسەن دەب قەتل قىلدى ۋە بىزنى
ئۆلتۈرگۈنچە قاچىپ كەلدۇك. ئاتا - بابامىزنىڭ ئىنتىقامىنى
تەلەپ قىلادۇرمىز» دەب ئابدۇۋاھافنىڭ نامەسىنى تۇتۇپ
بەردى. نامە مەزمۇنىدىن خەبەر ئالغاچ تەھقىق بىلدىلەركى:
«ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم بىزدىن يۈز ئۆرۈپتۇر» دەب ئىلى-
دىن ياندۇرغانىغە يۈز مىڭ پۇشايمانلەر قىلدى. «ئېغىر لەش-
كەر بارغاي» دېدى ۋە ئەھلى تەدبىرلەر ئەيدىلەر: «ھالا لەش-
كەر بارماغاي، مەسلىھەتىدىن ئېمەس بۇ ئامۇرسىنا خىتايغە
كەتتى. ئېغىر لەشكەر بىلە كېلۇر ئىمىش دەب ئاۋازەسى بار.
بىھراقى ئولگى، بۇ مەھەلدە بىر ئوڭلۇق كىشى ئەلچى بارغاي،
ئەگەر بۇيرۇنىدەك مۇئامىلە قىلسە خۇپ. ئەگەر بولمەسە ئەل-
چى ياندىن كېيىن ئېغىر لەشكەر بارغاي. ئۇلارنىڭ دادلە-
رىنى بەرگەي» ۋە يەنە ھەم قىپچاق - قىرغىزلار بار ئەر-

دى. ئۇلار ئىلا مەۋزەسىدە كاپىرلارغا ئەسىر بولۇپ يۈرەر ئەردى. ھەزرەتى يۈسۈپ خاجەم ئىلىدىن يانىشلاردا ئېيتىپ ئەردى. ئىسلامغا يار بەرگەيسىزلار. بۇ قىرغىزلار ۋەقتىنى غەنىمەت بىلىپ، كۇچا شەھىرى بىلە خوتەنگە كېلىپ ئىدى. ئەمما بۇ ئىشقا قالماقنىڭ بىسيار كاھىشلەرى بار ئەردى. بەس شۇبۇ قىرغىزلارنى ياندۇرماق باھاسىنى بىرلە ئەلچى بارغاي دەپ ئىتتىپاق قىلدىلەر ۋە يەنە ھەم باتىس ئول ئەردىكى، مۇسۇلمانلەرنىڭ شەھىرىنىڭ باج - خىراجىنى ئالىپ، ئۆزىگە سەرىپ ئېتىپ ئادەت قىلغان ئەردى. بىرنەچچە مۇددەت ئۆتتىكى بۇ شەھەرلەرنىڭ ھېچ پىش - كېشىنى كۆرمەدى. لەشكەر ئېبەرۈرگە مەھەل يار بەرمەدى. چەراكى تۆرەلەرى بىر تۈزۈتتە بەرقارار ئېمەس ئەردى. نىزامى مەملىكەت يوقكى بىر-بىرلەرىگە ئىنقىياد قىلغاي. بىرئاي بىرى تەخت سەلتەنەتتە بەرقارار بولسە، يەنە بىر تەرەپتىن تۆرەلىك دەۋاسى قىلىپ كېلەدۇر. ناچار ھەممە كارۋانلار ۋە بەزى بىدىيانەت مۇسۇلمان سۈرەتلەر ئاگا قارار قىلدىلەركى: «بىر شىجائەتلىك كىشى ئۈچ يۈز سۇۋارە بىرلە بارغاي. مۇكەممەل ۋە مۇسەللەھ بولۇپ، ئەلچى سۈرەتىدە كاشغەردە ھاكىم خوش كىفەكىبەگىنىڭ ياركەندە ھاكىم خوش كىغەكىبەگىنىڭ ياركەندە ھاكىم غازىنىڭ ئىشكاغە نىيازنىڭ ئاتىغە خەت بارغاي، ئەلۋەتتە ئەلچىگە ياۋۇرلۇك قىلىشىپ، يۈسۈپ خاجەمنى خاجە جاھان خاجەمنى تۇتۇپ، ئەھلى ئەياللەرى بىرلە قەيدگە سالىپ، ئىلىغە چىقارسۇنلەر، مۇبادا بۇ ئىشدە تەقسىر قىلسەلەر، ئوقۇبەتكە سازاۋەر بولۇرسىزلەر» دەپ نامەلىق خەت قىلىپ، بىر غەيۇر كاپىرغە ئۈچ يۈز نامدار چابۇك كاپىرلەرنى قوشۇپ ئېبەردى.

بەس، بۇ كاپىر ئاقسۇ بىلە ئۈچ تىز تىز كاشغەرغە

يۈزلەندى، بەزى بەددىيانەتلەر بۇ شەھەردىن بۇ كافىرلەر-
غە باشچى بولۇپ ھەمراھ بولدىلەر.

ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ بى مۇجەررەد قالماقدىن ئەلچى كېلۈر ئىمىش دەپ ئىشىتمەك بىلە بۇ ئەلچى بىباشىن كەلمىگەندۇر دەپ دەرۋىش باكاۋۇلنى بەش كىشى ئەلچىنىڭ ئالدىغە بارغايسەن دەپ ئىبەردىلەر. پىنھان ئېيتتىلەركى: «بارىپ ئەۋزائىنى چاغلاغىل، ياخشى نىيەتتە كېلىپدۇرمۇ، يا يامان نىيەتتە كېلىپدۇرمۇ، ئەھۋالىدىن مەلۇم بولسۇر. ھەر سۆز بولسە ئېيتىپ ئىبەرىپ تۇرغايسەن» دېدىلەر.

ئەلقىسسە، دەرۋىش باكاۋۇل فەھىم پاراسەتتە بىنەزىر ئىدى. ئىككى كۈنلۈك يەرگە بارىپ ئىستىقبال قىلدى. كۆردىلەركى، ئەۋزائى بۇزۇق، ئەھۋالى پەرىشاندۇر. دەرھال ئەھۋالنى پۈتۈپ يىبەردى. ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ ھەق سۇبھانە ۋەتەئالاغە باتىنەن ئىلتىجا قىلىپ، ئەرۋاھ بۇزرۇكلەردىن مەدەد تىلەپ، زاھىرەن ئۆزلەرىنى بەركامال تىلىپ چابدۇق جەڭنى راست قىلىپ، ئوردا تەئەللۇقاتىدەكى خەلقنى جەمئى قىلىپ، بەش يۈز دىلاۋەر باھادۇرلەرنى مۇھەييا قىلىپ تۇردىلەر. ئەلچى ياۋۇق كەلگەلىچە يۇرت خەلقنى ئالدىغە چىقاردى. ئاخىرۇلئەمر شەھەرگە داخىل بولدى. كۆردىكى، دەرۋازەنىڭ ئالدىدە جەمئى خەلق ئەسباب ئالات جەڭ بىلە ھازىر تۇرۇپدۇرلەر. مۇنى كۆرۈپ كافىرلەرنىڭ يۈرەكىگە لەرزە تۈشتى. ناچار ئوردانىڭ ئالدىغە باردى. كۆردىكىم، ئادەم بەر بالايى ئادەم، ھەممە مۇسەللەھ ۋە مۇكەممەل تۇرۇپدۇر. ھەممە ئاھەن پۇش. ئىككى تەرەپ كىرچە قىلىپ، جەڭ كۈنىدەك تەييار تۇرۇپدۇر. بۇ كافىرلار ئوردا ئىچىگە كىردى. بۇ جەمائەتنى كۆرۈپ، ھۇش

كاللەسىدىن كەتتى. جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزدى. كەلگەنلىكىگە يۈزمىڭ پۇشمان، نادامەتلەر قىلدى. ناچار بىچارە ۋار سورۇنغە — خانەئى راۋاق سىپەھر ئاساكە داخىل بولدى. توققۇز دەربەندىنىڭ ھەر بىرىدە نەچچە كاپىرنى توختاتتى. ئەلچى بەش - ئالتە كاپىر بىلە كۆرۈنۈشكە كىردى. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ تۆرەنىڭ ئىسەنلىكىنى ۋە ئىلىنىڭ ھالەتىنى سورىدىلەر. بۇلار ناھايىتى دەئاجەمەسلىك ۋە مەمۇرلۇق بىلە بەيان قىلدىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ ھەم رىندلىق بىلە كۆرۈنۈش بەردىلەر.

كاپىرلارغە ناھايىتى پۈر ھەيۋەت ۋاقىئە بولدى. تەۋازۇ خۇش ئامەد بىلە ئۆزلەرىنى كەنارەگە ئالدىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ بۇيۇردىلەركى: «ئەگەرچە كاپىر بولسە ھەم مېھماندۇر. مېھماننىڭ ئىززەتىنى قىلماق كېرەكدۇر. ھەدىس نەبۇۋىكى: «ئەكرىمۇ زەيفەن ئىنكانە كافىرەن» ① مەزمۇنى بىرلە بۇلارغە بىساتخانە بېرىپ، ئەلچىخانىغە تۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئات - ئۇلاغىنىڭ لازىمەسىنى راست قىلىپ بېرىڭلار!» دەپ ئەمر قىلدى.

ئەلقىسسە، بۇ كاپىرلارنى سۇ دەرۋازەسىغە يېقىنراق بىر ھويلىغە تۈشۈردىلەر. ھالا بۇ زەمانىدە زۇنغىيا ئاتلىغ كاپىرلار ئولتۇرۇغلۇق. كاپىرلار خوش كىفەكبەگنى چىرلاتىپ، تۆرەنىڭ خەت تامغەسىنى كۆرسەتتى. خوش كىفەكبەگ ئېيتتىكى: «مەنكى مۇسۇلماندۇرمەن. خۇدايى تەئالادىن قورقايمۇ يا تۆرەدىن قورقايمۇ؟ ئەگەر خۇدايى تەئالا تەقدىر قىلماغان بولسە، بەلكى بىر تۆرە، ئەگەر يۈز مىڭ تۆرە بولغان بىلە بىر تارە مويۇمنى كەم قىلالماس. ئەگەر تەقدىر ئىلاھى

① «مېھماننى، ئەگەر ئۇ كاپىر بولسىمۇ، ھۆرمەت قىلىڭلار.»

بولسە، يۈز تۆرە بولغان بىلەن ئۆمرۈمنى ۋە دۆلىتىمنى بىر
قىسچى دانەسى چاغلىق كەم زىيادە قىلالماس. ئىككى جاھان-
نىڭ خاجەسى ۋە زۇبدە بەرگۈزىدەسى ھەزرەتى مۇھەممەد
مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەۋلادىدۇر. ئاتام-
بابام ئۈزۈم كاسەخانىلەردىن يەپ كېلىپدۇرمەن. ھەرگىز
كورنەمەكلىك قىلالماسمەن. ئىككى ئالەم ئىچرە مۇنداغ بەد-
نامنى كۆتەرىپ، دىننى دۇنياغە ساتماسمەن. ھەرنە كەلسە
خۇدادىن كۆرگەيمەن» دەپ قوبۇل قىلمادى ۋە يەنە: «يۈسۈف
خاجەم پادىشاھ دانە زېرەك كىشىدۇرلەر. مۇنداغ مەكر-
ھىيلەگە ئىلىنماسلەر. بىھۇدە ئىشقا سەئيي قىلماڭىزلەر، ئاخىر
ئۆزۈڭلارغە كاھىش يېتەر، زىيانزەدە بولۇرسىزلەر» دەپ
مەنئى قىلدى. لېكىن بەشكېرەم ھاكىمى مەھرەم رافىزى،
پەيز ئاباد ھاكىمى نىياز توڭگۈز ۋە نەچچىلەريا شۇرۇن كېلىپ،
ئەلچى كافىرلارغە ئېيتتى: «بىزلەر ھەرنە بولساق بولغايمىز،
تۆرە يارلىغىدىن چىقماسمىز. تۆرەنىڭ دۆلىتىنى بىسيار كۆر-
دۇك. بۇ مىقدار كىشىلىككە يەتتۇق. بىزلەرگە خاجە دەركار
ئېمەس. بۇ مەملىكەتلەرنى خاجەلەر خاراپ قىلغان، بىزنىڭ
ئابادلىقىمىز، يۇرتنىڭ ئابادلىقى. سىزلەر بىلە، سىزلەردىن
ئايرىلغان كۈنى بىزلەر قىرغىزلار ئاياغىدە پايمال بولۇرمىز.
بەس بىر تەدبىر بىلە يۈسۈف خاجەمنى تۇتقايمىز.
بۇلارنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، خاجە جاھان
خاجەمنى تۇتماقلىق ئاساندۇر. ئۇلار سادە دىلدۇرلەر. ھەز-
رەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ مۇرغى زېرەكدۇر، دائىم تو-
شۇرمەك بىسيار دىشۋاردۇر. بۇ ئىشنىڭ مەسلىھەتى ئولكى،
ئۇلارنى ھەرگىز ئوردەسىدە تۇتقىلى بولماس، بەلكى ئۆزگە
شىكەستە يېتەر. سىزلەر مۇشۇ ھويلىغە چىرلىسەلەر ناچار

كېلۇر. بىرنەچچە يۈز قوۋۋەت كىشىلەرنى قازناقىدە پىنھان
قىلساق، بەزىسىگە ملتىق، بەزىسىگە شەمشەر ۋە بەزىسىگە
ئوق يا بەرسەك، يۈسۈف خاجەم يېنىغا كىرىپ ئولتۇرۇرلەر.
شول سائەت قايسى دەربەگە مەھەل يار بەرسە، ئىنىڭ بىرلە
ھالاك قىلغاي. ئەگەر بۇ سائەت تۇتۇپ ھالاك قىلالماسلىق
ئالەم ۋەيران بولۇر. ھالاك بولغاندىن كېيىن جەسەتنى خەلق-
قە كۆرسەتسەك، ھەممە دوست - دۈشمەننىڭ كۆڭۈللەرى
قارار ئالىپ ناچار ئىتائەتكە كىرۇرلەر، ئاندىن ياركەند خەل-
قىنى بىر كۈندە قولغا كەلتۈرسىمىز» دەپ، بۇ مەكر تەدبىر-
دىن بايان قىلدى.

ھەممە كافىرلار بۇ مەسلىھەتنى خوش كۆرۈپ مېھمان-
دارلىق جابدۇغىغە شۇۋۇن قىلدىلەر. بۇ خەبەر ھەزرەتى
يۈسۈف خاجەم پادىشاھىغە ئاڭلاندى. ھەزرەت ھەق سۇبھانە
ۋەتەئەلاغە ئىلتىجا ۋە ئەرۋاھ بۇزۇرۇكلەردىن مەدەد تىلەپ،
مۇبارەك قوللەرىنى كۆتەرىپ دۇئا قىلدىلەر: «ئەھەدا سەمەدا
ھەييەن قەييۇما ① ئەگەرچە مەن ئاسى ئەمر - پەرمانىڭنى
بەرجا كەلتۈرەلمەدىم، ئۆمرۈمنى بىھۇدە سەرف قىلدىم. تائەت
ۋە ئىبادەت ۋاقىتلەرىنى رايەگان ئۆتكەزدىم. كافىرلار ئىتائە-
تىنى تۇتۇپ، دىن يولىغە سۇستلۇق قىلدىم. ئەمما كەرىم
ۋە رەھىم سەن ئەپۋە كەرەم دەريايىڭ جوش ئەمۋاجىغە
كەلسە، بىزنىڭ مىنىڭدەكنىڭ كۆھ - كۆھ گۇناھلەرىنى كۆچۈ-
رۈشكە ئول دەريادىن بىر قەترە تامىزغىل. ئىلاھى بۇ ئاسى-
نىڭ گۇمراھلىقىغە ۋە ئىسيانىغە باقماغايسەن. ھەبىبىڭ ھەز-
رەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ
ھۆرمەتىدىن بۇ قالىن دۈشمەنلەر ۋە كافىرلار ئالدا ئاجىزلىق قىل-

① «ئەي يەككە - يېگانە، ھاجەتسىز، مەڭگۈ ھايات، دائىم ئويغاق ئاللاھ»

ماغايسەن ۋە بەندە كەمىتەرىن ۋۇجۇدىدىن دىنىي ئىسلامغا
فەتھى - زەفەر ئاتا قىلغايسەن ۋە ئابرۇيى شەرىئەتنى قول-
دىن ئىبەرمىگەيسەن» دەپ گىريەئى زار قىلىپ كۆزلەرى
ئۇيقۇغا باردى. ۋاقىئەدە كۆردىلەركى، بىر مەرد نۇرانى
كىشى كېلىپ ئېيتادۇركى: «يا فەرزەند، نەسەبەبدىن غەمكىن-
سىز، فەتھى ئىقبال ئىسلام تەرىفىدەدۇر. فەرىشان بولماڭ. دۇش-
مەنلەر مەغلۇپدۇرلەر. تاڭلا مېھماندارلىقتا بىئابا بارغايسىز،
دۇشمەنلەر كۆڭۈللەرىدە ئارزۇ قالماغاي. بىسيار ئەندىشە قىل-
ماڭ، باشىڭىزنى كۆتەرىڭ» دەپ غايىپ بولدىلەر. ھېچ
ئەسەر يوق. لېكىن ئۆيي ئىچى پۇرمۇئەتتەر بولۇپدۇر. بۇ
بىشارەتنىڭ شۈكرانىسىغا تەھارەت تازە قىلىپ، ئىككى
رەكئەت شۈكرى ۋۇزۇئ ئۆتەدىلەر.

ئەلقىسسە، تاڭلاسى ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھنى
مېھماندارلىققا تەكلىف قىلدى. ئۈچ يۈز كىشى بىرلە ئاھەن
پۇش مۇكەممەل ۋە مۇسەللەھ بولۇپ، ئەلچىخانەغە باردىلەر.
كافىرلار كۆزلەرىگە مۇسۇلمانلەرنىڭ ھەر بىرلەرى نەچچە
كۆرۈندى. گوياكى ھەر بىرى بىر ئەژدەرھا، شىر مەسەللىك
پۇر ھەيۋەت كۆرۈندى. كافىرلار كەمال ۋەھىمىدىن گۇمان
قىلدىلەركى: «تەھقىق بىزنى تۇتادۇرلەر، ھالاكەت بولادۇرغان
كۈن ئىكەن. مەھرەم نىيازلەر بىزگە دۇشمەنلىك قىلىپ، فەند
بەرگەن ئىكەن» دەپ مەيۇسلۇق بىرلە ئۆز جانلەرى غەمىدە
مۇپتەلا بولدى. بەد خىيانەتلىك تەرىقىنى تۈزەرگە ئىمكانلەرى
قالمادى. ھەيبەت ۋاقىئە بولۇپ، بەدەنلەرىگە لەرزە تۈشتى.
ئول ۋەجھىدىن بىجانىدىل خىزمەت قىلىپ، خۇشلۇق بىرلە
مېھماندارلىقنى تامام قىلىپ، ۋىدا قىلىشتىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف
خاجەم پادىشاھ ھەق سۇبھانە ۋەتەئالا دەرگاھىغا شۈكرى

سەنا ئەيلەپ، ئەنۋائى تۈرلۈك شان - شەۋكەت بىلە ئورداغە تۈشتىلەر. كافىرلارنىڭ يۈرەكلەرىدىن ھەم ئەندىشە كۆتەرىلمەي، كاشغەردە تۇرۇشقە تاقەتلەرى قالمادى. ناچار خاجەمدىن رۇخسەت تىلەدى. زاھىر مەقبۇل جاۋاب بىرلە رۇخسەت بەردىلەر. بۇ كافىرلار شول بەدنىيەت بىلە ياركەندىكە يۈردى. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ خاسلەرىدىن بىرنى بۆلەك يول بىرلە، ھەزرەتى خاجە جاھان ئەلەيھىررەھمەۋەررىزۋانغە خەت يۈرۈتتىلەر. شۇبۇ مەزمۇندەكى: «بارغان ئەلچى كافىر كەمال بەدنىيەت ۋە خىيانەت ئەندىشەسى بار ئىكەن. كاشغەردە نەچە مەكر - ھىيلە دامىنى تۈزەرگە سەئيى قىلدى. ھەقتەئالا ئىنايەتى بىرلە بىز ئاسىيلەرنى ئول دامغە ئىلىنمۇردىن ساقلەدى. مۇندىن نائۇمىد بولۇپ شۇبۇ ئەندىشە بىرلە ياركەندكە يۈردى. ھازىر ۋە نازىر بولسۇنلەر زىنھار - ھەزار زىنھار ئۆزلەرىغە غەفلەتلەرىنى رەۋا كۆرمەسۇنلەر، كۆپ ئىھتىيات قىلسۇنلەر. بۇ كافىر مادامىكى ياركەند ئىچىرىدۇر ئەۋۋەل مەككار غازى فىتنەچى يۈز مىڭ تەكلىڭ ئەتكەن بىلەن ئۆيگە بارماغايلەر. ئوردا خەلقى ھەمـە چوڭ - كىچىك جەمئى بولۇپ، جەڭ ياراغىنى راست قىلىب، كىچە - كۈندۈز ئوردانى پاسبانلىقلەر قىلغايلەر. دۇشمەن مكرىدىن ئەمىن بولغايلەر. ئەلەلخۇسۇس دوست نامە - دۇشمەندىن ھەزەر ئەيلەگەيلەر.

**بەيت**

دوست كۆزلەر زەخمىدىن ئۆزگىل كۆڭۈلكىم تۈشسە ئىش،
بەرمەسۇ ئالماس ئىمىش ئەئدا كۆڭۈل ئەھبابى كۆز.

دوست سۈرەت خەسمىدىن يەتمەس كۆڭۈلگە بەس سىتەم
خەسمىدىن كۆپراك زەھەرنى دوستلاردىن ئەيلەگىل.

ۋە يەنە ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەم بىلە خاجەسىددىق
خاجەمغە خەت بەردىكى: «ئى ئىنىلەر، ئاگاھ ۋەدانا بولۇڭلار!
دۆلەتكە مەغرۇر بولماڭلار، بۇ دۇنيايى فانى ئىززىتىگە ئىشەنـ
مەڭلار. ھېچ كىشىگە ۋەفا قىلغان ئېمەس ۋە دەۋران ھادىـ
سەدىن ئەمىن بولماڭىزلەر، ئالەم پۈر ھاۋادىسىدۇر.

**بەيت**

تەكيە بەركۆھى بۇزۇرگى كەردەئى ئىمىن مەباش،
سەد پەلەنگەش دەركەمىن، سەد ئەژدەھا يەش دەر سەرەشت. ①

دۇشمەنلەر مەكرىدىن غافىل بولماڭىزلەركى، دۇشمەن
ھەر نەچچە ھەرقىردۇر كۆڭۈلنى قوزغاتۇر. قىشەچە ھەر نەچچە
كىچىكدۇر، كۆز ئاغرىتۇر. دامغا ئىلىنغاندىن كېيىن ھەسرەت ـ
نادامەت سۇد بەرمەس، ئىش ئىلاجى بولماسىدىن ئىلگەرىدۇر
كېيىن ھاسىل بولماس. غەرەز ئولكى، دۇشمەنى كەمىندەدۇر،
خەبەردار بولماق كېرەك. ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ بىسيار
دەرۋىش، ساددە لەۋەھدۇرلەر ۋە دىلـلەرى بىنىھايەت راست
گۆي. ئول ۋەجھىدىن بەزى دوسـت ـ دۇشمەنلەرنىڭ تىلى
سۇچۇك، راست گۇمان قىلادۇرلەر. ھەر ئىشنى تەۋەككۈلغە
سالادۇرلەر. تەۋەككۈل ھەقدۇر، لېكىن ئۆز جايىدە كارگەردۇر.

① چوڭ تاغنىڭ ئۈستىگە چىققاندىمۇ خاتىرجەم بولمىغىنكى، ئۇ تاغنىڭ باغرىـ
دا (جىرالىرىدا) يۈز بولۋاس، تۆپىسىدە يۈز ئەجدىھا بار.

ھەر ئىشتە ئاللاتائالا بىر سەۋەبىنى خەلق قىلىبدۇر. ئول سەبەپ بىرلە شول ئىش ۋۇقۇغە كېلەر. بەندەدىن ئول سەبەپنى بەجا كەلتۇرمەك لازىمدۇر. قىلغان سەۋەبىگە تەۋەككۇل قىلغاي. تەۋەككۇل قىلدىم دەپ سەبەپنى تەرك قىلماق بەندەدىن لازىم ئېمەس. چۇنانچە ھەزرەتى مەۋلانا رومى مەسنەۋىدە كەلتۇرۇپدۇر:

**بەيت**

گۇفت پەيغەمبەر بىئاۋازى بەلەند
دەر تەۋەككۇل زانۇيى ئۇشتۇر ببەند.①

زىنھار ھەزار - زىنھار غازىنىڭ مەكر - ھىيلەسىدىن ئەمىن بولماسىڭىزلەر، ئەگەرچە ئىنىڭ سۆزىنى ھەزرەتى خاجەم قوبۇل تۇتسەلەر سىزلەر مەنئى قىلغايسىزلەر. ئوردادىن تاشقارى چىقماغايسىزلەر. بىسيار پادىشاھ ۋە پادىشاھزادەلەر ئۆتۈپدۇرلەركى، ساھۋە غەفلەت بىرلە مەملىكەت ھالىدىن خەبەر ئالماي، دۈشمەنلەر مەكر - ھىيلەلەرىدىن گۆزەشت قىلالماي دامغا تۈشۈپدۇرلەر. تەخت - بەختلەرىدىن ئاجراپدۇرلەر».

ئەلقىسسە، بۇ نەسىھەتنامە يەتكەچ، ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ باشلىق پادىشاھلەر، پادىشاھزادەلەر كەمال ئېھتىيات بىرلە خەبەردار بولدىلەر. ئوردانى مۇستەھكەم ئەيلەدىلەر. ئەلچى كافىرلار ياركەندكە داخىل بولدىلەر. ھەزرەتى خاجە

① رەسۇلۇللا ھەممەيلەنگە ئاڭلىتىپ دېدىكى: «خۇداغا تەۋەككۇل قىلساڭلارمۇ، تۆگىنى پۇتىدىن باغلاپ قويۇڭلار.»

جاھان خاجىمغا ئوردا ئىچىدە مۇلاقات بولدى. مۇندا ھەم بەدەنلىرىگە لەرزە تۇشتى. كاشغەر ئورداسىدىن ھەم مەھكەمراق كۆردى. كۆڭلىدە كۆچۈردى: «بۇ خاجىلەر بىر - بىرىدىن زېرەك ۋە چىن ئىكەن، كەمال ئامادە ۋە ئۇستىۋار تۇرۇپتۇر. بىزدىن ئەمدى تەمام يۈز ئۆرۈپتۇر» لېكىن قالپاق تۆرەسىدىن دۇئا سەلام ئورنىدا خۇبىس ئامىز سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. ناھايىتى ئەدەب بىلە ئىلىغا تەكلىف ئەتتى. تۆرەسى جانىبىدىن مېھرىبانلىق بىلە كۆرۈشمەكنىڭ ئىشتىياق ئارزۇسىنى بايان ئەيلەدى. ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم ھەم بىسيار نەرملىق بىرلە جاۋاب بەردىلەركىم: ئىلىغا بارماقىنى خۇدايى تەئالانىڭ بۇيرۇغىغا نىسبە تۇشمەكلىكىگە مەۋقۇف قىلدىلەر ۋە كافىرلارنى ئەلچىخانىغا بۇيۇردىلەر. بىر نەچچە كۈندىن كېين، ھەزرەتى خاجەم غازىبەككە بەر ۋەجھى مەسلىھەت ئاراغە سالدىلەركى: «سالھاي سال ئۆتۈپتۇرلەركى، ئۆمرىمىزنى بۇ پەلىد كافىر ئىتائىتىدە ئۆتكەزىپتۇرمىز. ئۇلار ئەمر - فەرمانىنى ھەق تائالا ئەمر - فەرمانىدىن قەۋىراق تۇتۇپتۇرمىز. ئەمدى ئەلھال ئۆمرىمىز ئاخىرغە يېتىپتۇر. ئاخىرەت زاد راھىلەسى ئۈچۈن، بىزلەر بىلە بارۇرغە ھېچ ياخشى ئەمەل يوق. نېچۈك شەرم ھەيادۇركى شۇبۇ روسىيەلىك بىرلە خۇدايى تەئالا دەرگاھىغە بارغايمىز. ھەدىس نەبۇۋىيكى قالەننەبىيۇ ئەلەيھىسسالامۇ: «مەن ماتە ۋەلەم يەئرىفۇ ئىمامە زەمانىھى فەقەد ماتە مەيتەتەن جاھىلىيەتەن» يەنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىپدۇرلەركى: (ھەر كىشىكى ئۆز زەمانىنىڭ باشلىغىنى يەنى پادىشاھى ئىسلامىنى تونۇماي ئۆلسە، ئول كىشى مۇردارلىق بىرلە ئۆلىدۇ) ئەلھەمدۇلىللاكى، بىزلەرنى ھەق تەئالا دىنى ئىسلامدا خەلق قىلىبدۇر. ئەقىل-

ھۆش ئەتا قىلىبدۇر. لازىمدۇركى، ياخشى - يامانىنى ئىلغاپ، ياخشىلىق تەرەپكە قەدەم قويغايمىز ۋە يەنە ھەم ھەدىسى ئانىسەر ۋەركى: (مەن سەننە سۈننەتەن ھەسەنەتەن فىلئىسلامى فەلەھۇ ئەجرۇھاۋە ئەجرۇمەن ئەمەلەبىھا ئىلا يەۋمەلقىيامەتى. ۋە مەن سەننە سۈننەتەن سەييىئەتەن فىلئىسلامى فەلەھۇ ۋىزرۇھا ۋە ۋىزرەمەن ئەمەلەبىھا ئىلا يەۋمەلقىيامەتى). يەئنى ھەر كىشىكى ئىسلامىيەتدە بىر ياخشى ئىشنى باشلەسا، ئىنىڭ ئۈچۈن ئەجر - مۇكاپات بېرىلىدۇ. ھەر كىشىكى ئۇل ياخشى ئىشنىا ئەمەل قىلىبدۇر. تا قىيامەتقىچە ئۇنىڭ سەۋابى ۋە ئەجر ئۇل كىشىگە ھەم بولىدۇ. ئاڭا ئوخشە ھەر كىشىكى بىر يامان ئىشنى باشلاپ چىقارىبدۇر، ھەممەنىڭ گۇناھى ئۇل كىشىگەدۇر. بۇ ۋەجھىدىن ھەممە ئائەتنىڭ ئەۋزەلى بىر ياخشى ئىش بىنا قىلماق، ئەلەل خۇسۇس غەزات بىرلە ئىشلەمەك ياخشى ئىشىدۇر. ھېچ ئىش ئۇنىڭغە بەرابەرلىك قىلالماس. ئۇل جەھەتدىن ئۆتكەن ماتە قەددەم خاتا ۋە گۇنالىرىمىزغە تەۋبە قىلماقىمىز لازىم. ئايەتى كەرىمە: (ۋە ئىنكانە مىنكۇم ئەلفۇن يەغلىبۇ ئەلفەين) يەئنى (ۋە ئەگەر سىزلاردىن بىر مىڭ كىشى بولسا كافىرلاردىن ئىككى مىڭ كىشىگە غالىب بولىدۇ.) بۇ ئايەت مەزمۇنى بىرلە دۇرۇست ئېمەسكى، بىر مۇسۇلمان ئىككىكى كافىردىن قاچماغاي. چەراكى ئۆزى بىر كىشىدۇر، ئىمانى بىر كىشى ئورنىدادۇر، ئەمما كافىر ئۈچ، مۇسۇلمان بىر بولسە قاچقاي، قاچماسە جاھالەتدىندۇر. ئىنشائاللاھى تەئالا بۇ يەتتە شەھەر مۇسۇلمانلاردىن تەفرىقەلىك زاھىر بولماسە، ھەر نېچۈك كافىرلار بىلە باراۋەرلىك قىلغالى بولۇر. قالماق كافىرلارنىڭ يۇرتى ھالا تەفرىقەلىكتۇر. ئۆز ئارالەردە پاراكەندەلىككە مۇپتەلادۇر. ھەددى بولماسكى، بىزلەرنىڭ تۆفەمىز-

گە لەشكەر تارتقاي. ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن كافىرلەرغە ئىتتىپا-
قات قىلماغىمىز خوپ ئەمەس. ئى غازى بولغايكى، بۇ كافىر-
لاردىن يۈز ئۆرۈگەيمىز. ئىسلام، فەتھىگە دەلالەت قىلادۇر»
ئەمما بۇ كىشىكى ھەق سۇبھانە ۋەتەئالا مۇقەددىراتى ئەزە-
لى ۋە شەقاۋەت بەدبەختلىق سەرنەۋىشت قىلغان ئەردى.
ھەرگىز بۇ سۆزلەر تەسىر قىلمادى. لېكىن ئىزھار ئەيلەمەي
ناھايىتى مەئقۇل كۆرگەن بولدى. «بىر نەچچە كۈن مۆھلەت
تەۋەققۇف قىلسەلەر، تاكى كافىرلارنىڭ پاراكەندەلىگى زاھىر
بولغاي» دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى.

ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ قوبۇل قىلدىلەر. ئارادا بىر
نەچچە كۈن ئۆتتى. ئاخىر بۇ ئەلچى كافىر پاتاچى غازىبەك-
كە، ئىشىكاغا نىياز بەككە. تۆرەسىنىڭ خەت نامەسىنى كۆر-
سەتتى. بۇلار بىجاندىل قوبۇل تۇتۇپ، خىيانەت مەسلىھەتىن-
نى ئاراغا سالدى. مەشۋەرەتلەرى ئاخىر قارار تاپتىكى: «ئور-
دادا ھەرگىز تۇتقالى بولماس. چەراكى يەتتە يۈز كىشى مۇ-
كەممەل مۇسەللەھ ھەممە ۋاقىت ھازىردۇرلەر. ئەلچى بىزنىڭ
ئۆيدە ئاغرىغان بولسە، خاجەمنى تەكلىف ئەتسەك، ئاغرىقنى
كۆرگەلى ناچار كېلۇرلەر. قالماقلار مۇھەييا تۇرسەلەر شۇبۇ
ھىيلەلەر بىلە قەيدكە سالغالى بولۇر. يەنە سۈرەتدە ئوخشا-
ماس» دېيىشىپ ئىتتىفاق قىلدىلەر. ئەلچى كافىر غازىنىڭ
ئۆيىگە كېلىپ، ئاغرىغان ئاۋازەسىنى چىقاردى. بۇرۇنقى قارا-
خان ئورنىدا تۇرغان قالماقنى، سوداگەر قالماقنى، پىنھان
چار بىرىپ ئالىپ كەلدى. ھەممە ئەسباب ئالات بىلە مۇھەيي-
يا قىلىپ تۇردىلەر. غازى توققۇز بارىپ، ھەزرەتى خاجە
جاھان خاجەمنى تەكلىف ئەتتىلەر. ئەرز قىلدىكى: «تەقسىر
پادىشاھىم، بۈگۈن بارىپ مېنىڭ كۈلبەخانەمدە سورۇن تۈز-

سىقلەر، ئەنچى كافىر قاتتىق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ. ئەلا-
ماتىدىن ئۆلگۈدەك نىشانە بىلگۈرەدۇر. (تۆرەنىڭ يارلىقى
بار ئىدى. ئېيتۇر ئىدىم، تامغەسى بار ئىدى، كۆرسەتۇر ئىدىم، ئۆلۈپ
كېتىپ بارادۇرمەن) دەپ ئىزتىراپ قىلادۇر يەنە بىر ھېساب
بىلە نورۇز كۈنىدۇر، مەركەپ چاپدۇپ ئىدىم نە بولغايىكى
بۇ كۈننى ئاندە ئۆتكەزسەلەر» دەپ بىسيار مەئىقۇل كۆرسە-
تىپ تەكلىق ئەتتى. ھەزرەتى خاجەم بارماققە ۋەدە بەردىلەر،
ئەمما بۇ غازى توڭگۇز چىققاندىن كېيىن، پادىشاھزادەلەر
ئوردا ئۇلۇغلەرى جەمئى بولۇپ، بارۇرنى مەنئى قىلدىلەر.
ئايدىلەركىم: «ئى پادىشاھىم، بۇ غازىنىڭ مەككارلىقىنى
بۇرۇندىن تەجرىبە قىلغان. مۇنىڭ ئىشى ھەم مەكر - ھىيە-
لەدۇر، باۋەر قىلغۇلۇق ئېمەس. ئەلچى كافىرنىڭ ئەۋزائى
ھەم بۇزۇق ئەردى. دەست دارازلىقدىن يانغۇدەك ئەھۋالدە
ئېمەس. ئول ۋەجھىدىن كاشغەردىن يۇسۇف خاجەم بۇ بارى-
دىن خەتلەر يىبەردىلەر. بىتەقدىر ھەزرەتلەرى بارسەلەر،
دۈشمەنلەر دەستى دارازلىق قىلسەلەر، بىزلەر ھەزرەتى يۇسۇف
خاجەمغە نە جاۋاب بەرگۈمىز دۇر» دەپ بىھەدە بىشۇمار مەنى-
ئى ئەيلەدىلەر. ئەما غازى كور مەكر - ھىيلەلەر بىرلە ئەل-
چى كافىرغە نەچچە جام ئانار شەربەتى ئىچۈردى. بىسات
بالىن سالىپ ياتقۇزدى. ھەزرەتى خاجەم پادىشاھنىڭ مۇھەم-
مەد ئابدۇللا باكاۋۇل دەپ بىر كوھنا سال كىشىلەرى بار
ئەردى. ھەممە خادىملەردىن پېشقەدەم، ساددە دىل كىشى ئەر-
دى. ئۇنى چىرلاپ بارىپ، ئەلچىنى كۆرسەتتى. كۆردىكىم،
ئاھ - ۋاھ قىلادۇر. بىر كاسە قەي قىلادۇر.
ئورنىدا تىنچ ياتالمايدۇر، بىسيار ھالىنى تەڭ كۆردى. كافىر
ھەم ئېيتتىكى: «خاجەم مېنى كېلىپ كۆرسەلەر، بىر سۆز

بار ئىدى ئېيتۇر ئەردىم. كېسىلىم قەۋى، سەھەتلىكنىڭ
ئېھتىمالى يوق. ئىلدام بارسەڭىز، پاتراق كەلسەلەر كۆرۈشۈپ
قالساق» دەپ ئىزتىراپ قىلدى. تاشقارى چىققاندىن كېيىن
تەكىد قىلدىكى: «كۆردىڭىز، ھالى تەڭدۇر. خاجەم پاتراق
كەلسەلەر، ئۆز زەبانىدىن ھەر نىچۈك سۆزى بولسە ئىشىتسە-
لەر ۋە مېنىڭ كۆڭلۈم تەسكىن ئارام تاپسە، مەن ھەم بۇ
بەدنام بولۇردىن قورقامەن» دەب بىسيار تەكىد قىلدى.
ئەمما بۇ ھالەتدە ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ، بۇ جەمئىنىڭ
جاۋابلەرىدە ھەقايىقى مەئارىفى ئىلاھى دەرياسىدىن مەست
مۇستەغرەق بولۇپ، تەكەللۇمغە ئەغىز - زەبان ئاچىپدۇرلەر-
كى: «ئىنشائاللا بۇ دەۋرىدا ئۈمىد باركى، بىزنىڭ تارەۋىيمىز-
غە زىيان يەتكۈزەلمەسلەر. بەلكى بۇلارنىڭ فوتۇرلەرىدىن
بىزلەرگە دەرىجەئى كامال ئەتا قىلغايىكى، دۇنيا ۋە ئاخى-
رەتدە ئىنىڭ بىرلە سەر ئەفراز بولغۇمىزدۇر. چۇنانچە
كەلام مەجىددە خەبەر بېرىپدۇركى: ‹ئەسائەن تەكرەھۇ
شەيئەن فەھۇ ۋە خەيرۇن لەكۇم› يەئنى ‹بىسيار نىمەر-
سەلەركى بارىسىزلەرنىڭ زەبۇنلۇغىنى تەمە قىلغانلەرىڭىز.
بەس ئول نىمەرسە ھەقىقەتدە سىزلەرگە خەيرىيەت ياخشىلىق-
دۇر› مۇڭە ئوخشە بىسيار نىمەرسەلەر باركى، سىزلەر دوست
تۇتادۇرسىزلەر ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىلىق تەمە قىلادۇرسىزلەر،
بەس ئول نىمەرسە دەرھەقىقەت ھەسرەتدۇر. ئەمما بىر نەچ-
چە كۈن چىدايىڭىزلەر سارغارۇر، ئەندۇھ غەم تەشۋىش يەتې-
كۈرۈر. لېكىن ئەندەك مۇددەتتە ھەزرەتى ئەرھەمۇر راھىمىن
بۇ ئەندۇھ غەمنى كۆتەرىپ، ئۇنىڭ تەدارىكىدە ئەجر ئەزىم
بىرلە مالامال قىلۇر. چۇنانچە ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ
ئېيتىپدۇرلەر: ‹ئىزازاقەت بىكەلبەلۋا فە فەككىر فى ئەلەم نەش-

رەھە ۋە ئۇسرۇن بەينە يۇسرەينى ئىزافەككەر تەھۇفەفرەھ،①
مەزمۇنى بىرلە ھەممە شائىرلار ئېيتىپدۇرلەركى:

بەيت

ھۆسنى كار ئەز ھەسەدى كاشۇناسان مەخفى ئەست،
ھەلقەئى دەۋرى شىكار ئەفكەن يۇسۇف چاھەست.

يەئنى دۇشمەنلەرنىڭ ھەققىدە ھەددىدىن ئارتۇق زەبۇنلۇق قىلادۇر، لېكىن ئىشنىڭ ھۆسنى تادارىسكى ئۇلارغە مەخفىدۇر. بىلمەيدۇركى، ئۇنىڭدىن چەندان دەرىجەئى تەرەققى بولۇر. چۇنانچە ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرادەرلەرى ھەسەد ۋە ئاداۋەت چاھىغە سالدىلەر ئول چاھ دەرىجەسى مىسرغە پادىشاھ بولۇپ، ھاجەت ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئالدىلەرىغە بارۇنى بىلمەدىلەر».

ئەمما ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ مۇبارەك كۆزلەرىگە ياش ئالىپدۇرلەر. قەترەلەردەك ساچىپ گەۋھەر لەۋزىلەرى بىرلە تەكەللۇم باشلەدىلەركى: «ئى ئەھلى بەيت، خانىدان ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى، ئەجلىمىز بۇلار قوللارىدە ئېمەسدۇر. پات فۇرسەتىدە ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا بىزلەرگە بىر ۋەقىت ئاتا قىلۇركى، بۇ كافىر لەئىنلار ئىتائەتىدىن خالاس بولغايمىز ۋە قارا يۈزىمىزنى ئاقارتىپ، تىغ ئىسلامنى قولىمىزغا ئالىپ، كافىرلارغە بىئىبا تىمارتىقايمىز. ۋە دىن ئىسلامنى تازە ئەيلىگەيمىز، ئاندىن پات فۇر-

① بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەندە، «ئەلەم نەشرەھ» نى تەپەككۇر قىل، ۋاللا تەئالا،« ئىككى خوشلۇق ئوتتۇرىسىدا بىر خاپىلىق بار» دېگەن.

سەتدە مەشرىق تەرەپدىن بىر گۇرۇھ كەلگەي. ئاندەك لىقايمى بىرلە بۇ شەھەرلەر ئۇلارنىڭ تەسەررۇفلەرىگە كەلگەي، ئۇل ۋەقتىدە فەتھى زەفەر ئۇل تەرەپدە بولغاي. نەھۇسەت بىزلەر تەرەپدە بولغاي. ئەگەر بىزنىڭ تەرەپدىن رۇستەمى داستان مەيدانغا كىرسەلەر، ئۇلارنىڭ بەچچەئى سەۋاردىن شىكەست يىگەي. ئەگەر فىلى مەھمۇد بىزدىن مەئرىكە ئالسەلەر، ئۇلارنىڭ پەشەزەخمە خوردەلەرى نۇشدىن زەخمە يىگەي. بەس بىزنىڭ ئەجەلىمىز ئۇل گۇرۇھىنىڭ قولىدا دۇر. نەسلىمىز مۇنقەتى بولماغىمىز ھەم ئۇلار قوللەرىدە دۇر. نە ئۇلاردە رەھم بولغاي، نەشەفقەت، بەلكى ئادەم ئۆلتۈرمەك فەخر سەنەدلارىدۇر» دەب ئەۋۋەل تەرتىپ بەرگەن مۇسەممەنلەرىدىن بىر - ئىككى بەندنى زىكرى قىلدىلەر:

«ئاخىرى بىر كۈن ئەجەل دامىغە تۈشكەي جانىمىز،
ئەيلەبان بىچارە ئاجىز قويماغاي ئارمانىمىز،
دەردىمىزنى ئېيتۇشۇرغە قالماغاي ئىمكانىمىز،
تاپماغاي تەغيىر بىزلەرنىڭ خەتى نىشانىمىز،
باشىمىزدە سايەبان بولغاي بىزنىڭ ئىمانىمىز،
يەر يۈزىنى لالەزار ئەتكەي تۆكۈلگەن قانىمىز،
بارچە يار مۇئتەقىدلەر كۆپ يىگەي ئارمانىمىز،
قانىمىزنى ئىچكۈچى بىر نەچچە خۇنخۇارئى كۆكۆل.»

ھەزرەتى خاجەم پادىشاھىنىڭ ئاجىزەلەرىنىڭ بىر ئوغۇللەرى بار ئىدى. ئۇلارنى «قىران خاجەم» ئاتار ئىدىلەر. ئەسلى ئىسىملەرى ھەسەن خاجە ئىدى، ئاندىن يەتتە ياشىدە ئىدىلەر. ئەنۋات — تۈرلۈك كەرامەتلەرى ھەر كۈنى زاھىر بولۇر ئىدىلەر. گاھى بىھىشتى - دوزىخىلەر كىفشىمنى

ئېلغاپ، گاھى غايىپ ئىشلەردىن خەبەر بېرىپ بەچچەلەر بىلە
ئويىنار ئەردىلەر. ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ بۇ بەچچەتى ئۆز-
لەرى تەربىيە قىلىپ، سىرخان ئوقۇر ئەردىلەر. بىسيار زىي-
رەك ئەردىلەر. بەزى كارامەت زاھىر قىلغان ۋەقتىدە، بازار
تائامىدىن يىدۇرۇر ئەردىلەر. ھەر ئىتىمدالغە كەلتۈرۈر ئەردى-
لەر. بۇ فەرزەندە ئالدىلەردە ئولتۇرغان ئىكەن، كەنارلەر-
غە، پىشانەلەرىغە بۆسە بېرىپ ئېيتادۇرلەركى: «كاشكى بۇ
ماتەم مۇسىبەتى بىزنىڭ بىلە تەنھا كەتسە ئىكەن ۋە بىزنىڭ
ۋە بالىمىز ئۆزىمىز بىلە ئۆتسە ئىكەن. سىزلەردەك بىگۇنالەر-
غە تاشماسە ئىكەن. چەراكى بۇ ئالەمى كەۋنى فەسادنىڭ
ھېچ لەززەتىنى تاتماغان ۋە راھەتلەرىنى كۆرمىگەن ئەردىڭ-
لار. ئەمما بۇ بەلايى ئەزىم ئىلكىدىن ھېچ خالاسلىق بولماس
ۋە بۇ ھادىسە قويىندىن نە سىز ئامان تاپقايسىز نە بىز
ۋە نە ئۆزگەلەر، يەلكى بۇ ئىقلىملەرنىڭ تەمامەسىغە لەرزە
ۋە زىلزىلە تۈشكەي. بىزلەرنىڭ ئىنتىقامىمىزغە نەدوست
قالغاي خەيش ۋە نە بېگانە نە زالىم ۋە نە قاتىل ۋە نە
خۇنخۋار ھەممىلەرگە يەكسان خەتەر ئەزىمدۇر» ئەمما بۇ
سۆزلەر تەسىرىدىن ئەھلى بەيت خادەملەرغە جەزبە ھاسىل
بولدىكى، ھېچ كىمدە تاقەت ۋە ماجال قالمادىكى، ئۆزىنى
سەبر بىلە تۇتقاي. گويا بۇ ساراي ئىچىدىن قىيامەت ئۆرلە-
دى. ھەممەدىن گىريە فىغان ۋاۋەيلا مۇسىبەت ساداسى فەلەك-
نى پۇر تۇتتى، بەزىلەر بىخۇد، بەزىلەر بىھۇش، بەزىلەر مۇر-
غى بىسمىلدەك يۇمالانۇر ۋە بەزىلەر ۋەجد سامادە تۇرغان
ھالەتى ئەردى. مۇھەممەد ئابدۇللا باكاۋۇل كىرىپ، ئەلچى
كافىرنىڭ ھال ئەلامەتىنى ۋە غازىسىنىڭ تاپشۇرغان سۆزىنى
بايان ئەيلەدى. گويا قاينار قازانىغە سۇ قۇيغانىدەك بولدى-

لەر. ھېچ كىشىگە بۇ سۆز خوش كەلمەدى. بەلكى شەھابىددىن باكاۋۇل بىر زەھەر چەشمە كۆرسەتتىكى كۆڭلىدە كۆچۈردىكىم: «بىر ۋەقتى بولغايكى، سەندىن ئىنتىقامىمنى ئالغايمەن ...»

ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ بۇ جەمئىنىڭ مەنشىلەرىنى قوبۇل تۇتمادى. «ھەممەلەرىڭىز ھازىر ۋە نازىر تۇرغايسىزلەر» دەب ئېيتۇر سۆزلەردىن سىپارىش قىلىپ، ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەمنى ھەمراھ ئەيلەب، خادىملەردىن ئوردا پاسبانلىقغا قويۇپ، ئاز كىشى بىرلە سۇۋارە بولۇپ، «ۋە مەن يەتتە قىلىلاھۇ» ① نى ئوقۇپ، غازىنىڭ نامۇبارەك فاسادخانەسىگە يۈردىلەر. غازى ئەۋۋەلقىدىن سەد چەندان، زىيادە تەۋازۇئ ئىكراملەرنى بەجا كەلتۈردى. ئۆيگە ئالىب كىردى، كۆردىلەركى، كافىرلار تۆشەكدە ياتىپدۇر بى-ئاراملىق بىرلە. لېكىن مەكر - ھىيلەسىدىن چەندان تۈرلۈك ئاداۋەت ۋە خىيانەتلەرى نەھادىدىن زاھىر بولۇپ تۇرادۇر. غازى ئاندىن ھەم زىيادە. ئەمما ھەرگىز ئىزھار قىلمادىلەر. ئەندەك سائەت ئۆتۈپ، بىر نەۋبەت چاي كالتۇرۇپ، نەچچە كافىرلار كىرىپ كېلىب، ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەم پادىشاھنى تۆرە يارلىغى دەپ تۇتۇپ، خەنجەرلەرنى ئالىب، مېھمانخانەسىگە ئالىب كىردى ۋە تاشقارقى دەرۋازەنى ئېتىپ، خىزمەتكە كەلگەن خادىملارنى تامام بەندكە سالدى. ئەرز ئولكى: «ئورداغە كىشى خەبەر بەرگەي، ناگاھ ئۇشول غافىللىقدا بارىپ تاراج قىلغايمىز» ئەمما ھەزرەتى سىددىق خاجەم پادىشاھ بىر نەچچەلەرى ئوردا سىفىلەرىغە چىقىپ قاراپ تۇرغان ئەردىلەر. غازىنىڭ دەرۋازەسى نامايان كۆرۈنۈر

---

① «كىمكى ئاللادىن قورقىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ.» قۇرئان كەرىم، سۈرە تەلاق، 2 ـ ئايەتتىن

ئەردى. كۆردىلەركىم، بىر غۇلغۇلەئى ماجىرا مەلۇم بولدى. دەرۋازەنى ئەتتى. تەھقىق بىلدىلەركى، بۇ مەككار بەركارلىق قىلدى. ئىش ئۆزگە بولدى. بۇلار ھەم ئوردا دەرۋازەسىنى مەھكەم بەند ئەيلەپ، ئەسباب ياراق جەڭنى مۇھەييا قىلىپ، ھازىر تۇرغان ئەردىلەر. كافىر مۇسۇلماندىن ئىككى - ئۈچ يۈز كىشى ئورداغە يۈگۈردى. دەرۋازە مەھكەمدۇر. ئىلگەرى بارغاننى يۇقارىدىن ئاتتىلەر. ناچار ھەممە كىشى ئارقەسىغە ياندى. فۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بىر تەرەفنى شىكاف قىلىپ، ھەزرەتى سىددىق خاجەم پادىشاھ، شاھابىددىن باكاۋۇل باش بولۇپ، قىرىق نامدار دىلاۋەرنى ھەمراھ ئەيلەپ، شەھەرنىڭ تاشىغە چىقىپ، خوتەن تەرەفكە ئەزىم بولدىلەر. خادىملەرىدىن مۇھەممەدى مىراخورنى كاشغەرغە يىبەردىلەر - كى، تا ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھغە خەبەر قىلغاي.

ئەلقىسسە، راۋى ئانداغ رىۋايەت قىلۇرلەركىم: ھەزرەتى سىددىق خاجەم پادىشاھنىڭ كەينىلەرىدىن كافىر مۇسۇلمان دىن بەش يۈز كىشى كەتتى كى تۇتۇپ يانغاي. تا دەريايى زەرەفشان بويىدا يەتتى. بۇلار ھەممەلەرى كۆزلەرىنى كۆكگە تىكتى. مۇناجات قىلدىلەر:

## مۇناجات

ئاللاھ تۇرا ئەزىز مىدارەم بەس،
ئاللاھ دەرىن زەمان بىغەر يادەم رەس.①

① ئىلاھا سىنى ئەزىزلەيمەن، بۇ زاماندا پەرۋادىمغا يەتكىن.

مۇناجاتلىرى دەرگاھى ھەقدە قوبۇل تۇشتى. ھەممەلەر-
گە جۇرئەت ھاسىل بولۇپ ئارقىغا ياندىلەر. بۇ ھالەتدە
كافىرلار ناسەزاغە ئاغىز ئاچىپ ئات سالدىلەر. شاھابىددىن
باكاۋۇل ئانداغ تىر ئەنداز ئەردىلەركى ئاتقان ئوقى ھەر-
گىز خاتا كەتمەس ئەردى. شول مەھەلدە بىر تال ئوق ئات-
تى نىيەتى غازات دەپ. ناسازاغە ئاچقان ئاغزىنى نىشانە
قىلدى، كافىر باشىنى قاچۇرغۇنچە ئاغزىددىن كىرىپ گەردە-
نىددىن چىقتى. ئوقنى تىشلەپ باشى تۆبەن يىقىلدى. بۇ ۋاقى-
ئە كۆرۈپ ھەممەسىنىڭ بەدىنىگە لەرزە تۇشتى. ھەيبەتى
ھەق ۋاقە بولۇپ ئارقاغە ياندى. ھەزرەتى سىددىق خاجەم
پادىشاھ دىلاۋەرلەرى بىرلە ھەتتە شۇكۇرسەنا بەجا كەلتۇرۇپ،
خوتەن سارىغە يۈزلەندىلەر. يىقىن يەتكەن مەھەلدە، غازى
توگگۇزنىڭ بىر خادىمى خوتەن تەرەفىدىن كېلىپ ئۇچرادى.
ئانى تۇتۇپ بىر ئاتى بىلە قويا بەردىلەر، ئۇشبۇ سۆزنى
ۋەسىيەت قىلدىلەركى: «بارىپ غازى جولى خۇرغە ئېيتقىلكى،
دادام پادىشاھىمغە ئازار بەرمىگەي. بىر تار مويىغە خەلەل
يەتكۈزمىگەي. بۇ سۆزگە زەررە خىلاپلىق قىلسە، قەسەم
خۇداغەكى، غازىنىڭ خوتەن ئىچىدەكى ئەھلى - ئەيال، ئۇ-
رۇق - قەياشلەرىنى ياركەند دەرۋازەسى ئالدىغە ئالىب كېلىب،
قويدەك بوغۇزلاپ، قانىدە تۇگگۇرمەن يۈرۈتمەسەم، ياركەندى-
نىڭ سىبغىللەرىدىن ئوشۇقچە چالمە قويماي، ھەممىنى قەتل-
ئام ئەتمەسەم، ئاتىم سىددىق خاجە بولماسۇن» دەب سىيا-
سەت قىلدىلەر.
ئەمما ھەزرەتى سىددىق خاجەم پادىشاھ شەھەرگە
يەقىن كەلگەن ھالەتدە ھەممە ئەھلى مەملىكەتلەر ئىستىقبال
ئېيلەدى. ئەئىزاز - ئىكراملار بىلە داخىل شەھەر بولۇپ،

ھەزرەتى خاجە شەمسىددىن خوجەمغە مۇلاقات بولۇپ، بۇ ۋاقىئەنى بايان قىلدىلەر. غازىنىنىڭ ئوغلى خوتەنگە ھاكىم ئىدى، شول سائەت ئۇنى تۇتۇپ قەيدگە تارتتىلەر ۋە يەنە بىر ئوغلىنى ئۆزگە قەياشلەرىنى ھەم تۇتۇپ بەندكە تارتتىلەر. ئىلىدىن كەلگەن قىپچاق قىرغىزلەرى خوتەن ئىچرە بار ئەردىلەر. ئۆمەر مىرزا ئاتلىغ بىر سەردارى بار ئەردى، بۇلارغە غازىنىنىڭ ئوغلىنىڭ تالانىنى بۇيرۇدىلەر. ئەمر قىلدىلەركى: «تەمام قىرغىزلار، خوتەن خەلقىدىن لەشكەر راست بولغاي!» بىر كۈن ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە لەشكەر جەمئى بولدىلەر.

ھەزرەتى خاجە سىددىق خاجەم پادىشاھ يەتتە مىڭ لەشكەر بىرلە ياركەندگە قەدەم قويدىلەر. غازىنىنىڭ ئوغلانلەرىنى ھەممە تابىئاتلەرىنى قول - پۇتلەرىغە بەند سالىپ، كىچەسى قارا ئۆي تىكىپ بېرىپ قىرغىزلارغە تاپشۇردىلەر. قىرغىزلار ئازاب - ئوقۇبەت بىلە ئالىب يۈردىلەر.

ئەمما ھىكايەت ئىشتىمەك كېرەككى، مۇھەممەدى مىراخوردىن، شول ياركەنددىن يۈرگەن فەيشەنبە كۈنى ئەردى ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ئۇششاقلەرىدىن يۇسۇف ئاتلىغ بىر كىشى يولدىن قوشۇلدى، ئىككۆلەن كېچەلەپ يۈرۈپ، ئازىنە كۈنى چاشت ۋاقتى بىلە يان ئىشىكتىن كاشغەرغە كىرىپ، ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھغە مۇلاقات بولۇپ ۋاقىئەنى بايان ئەيلەدىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھنىڭ غەزەبلەرى جۇش ئۇرۇپ دەست بەزانۇ سوقتىلەر. شىجائەت تومۇرلەرى جۇمبۇشقا كەلدىلەر. ھەر تارمويلارىكى بەدەنلەرىدە بار ئىدى نەشتەر ئابدار بولدى. خىلفەتى سابىرغە ئەمر قىلدىلەركى، بۇ ئىككى خادەمنى پىنھان ئاسراڭىزلەر.

تاكى دۈشمەنلەر ۋۇقۇف تاپماغايلەر. ئۆزلىرى تاۋابىئلىرى
بىلە قارا قىرغە چىقىپ، خىمە ۋە بارگاھ تىكىپ تۈشتىلەر.
كاشغەرنىڭ ئۇلۇغلارى ئاندە چىقىپ مەشۋەرەت ئەيلەدىلەركى،
بىر گۇرۇھ قىرغىزلار ئىلىدىن كېلۇر ئىمىش دەب ئاۋازەسى
بار ئەردى. ھالا كەلگەن ئەرمىشلەر بەتەقدىر كېلىپ، فۇقەرا-
رەئاياغە ئازار بېرۇر ئېھتىمالى بار ۋە ھەم ياركەندە ئول
مىقدار ئامانلىق يوق ئەرمىش. لەشكەر جەمئى بولغاي، ھەر
تەرىقەلىق بولسە، ئۆزىمىزنى راست قىلىب تۇرغايمىز. تاكى
تەپرىقەلىق زاھىر بولماغاي. لەشكەر توپلۇنۇشقا جار بەردى-
لەر. بىر ئىككى كۈن ئىچرە ئاغىر لەشكەر جەم بولدى.
ئىككى كۈندىن كېيىن مۇھەممەدى مىراخور بىلە يۇسۇفنى
ئالىب چىقتىلەر. بۇلارنىڭ قوللارىغە خەت نامە بەردىلەر.
مەزمۇنى بۇكى:

«ئى غازى، فاتاجى، ئاگاھ ۋە دانا بولغىلكى، سەن
بۇرۇنقى ھالىڭنى فەرامۇش قىلغانسەن. ئۇيقۇدا ئەرسەڭ بىدار
بول! يا مەست مەجنۇن بولساڭ ھۇشيار بول! قەسەم خۇدا-
غەكى، ئەگەر ئاكام پادىشاھىمنىڭ بىر تار موييغە خەلەل
يەتكۈزسەڭ يەتمىش پۇشتۇڭغىچە ئىستەپ جەمئى قىلىپ،
قەباق ئاتقۇ دەرۋازەسىنىڭ ئالدىدا قويدەك بوغۇزلاپ،
قانىدا تۇگۇرمەن يۈرۈتۈپ، ياركەندنىڭ تەمامەئى خەلقىنى
ئەسىر ئەيلەپ، شەھەر سېپىللارىنى ۋەيران قىلىپ، گۆردە-
لارىنى ئاسمانغە سارۇماسام، يۇسۇف خاجە بولماغايمەن»
دەپ ھەيبەت سىياسەتنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ، بۇ كىتابەتكە
دۈرج قىلىپ بۇ ئىككىنىڭ قولىغە بېرىپ ئەيدىلەركى: «بۇ
خەتنى غازىغە بېرىپ ئىبا قىلماي، يۈز چەنداندىن مۇندىن
زىيادەرەك سۆزلەرنى ئېيتقايسىزلەر. ھەددى بولماسكى، سىن-

لەرگە خىيانەت نەزەرى بىلە قاراغاي.»
ئەلقىسسە، بۇ ئىككەۋلەرى نامەنى ئالىب ياركەند سارى
رەۋان بولدى. ئىككى يەردە نۇكتەھان يولچىلەرى بۇلارغە
مۇتلەق جۈرئەت بىلەن نەزەر قىلمادى. شەھەر دەرۋازەسى
ئالدىغە باردى، دەرۋازە مەھكەم ئەردى. فەرياد قىلدىلكى:
«دەرۋازەنى ئاچقايسەن. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھنىڭ
ھۆكۈم يارلىغى بىرلە نامە كەلتۈردۈم. ئۆزلەرى لەشكەرى
بىگەران بىلە ئارقەدىن كېلەدۇرلەر. چۇست دەرۋازەنى ئاچ-
قايسەن» دەپ فەرياد قىلىپ ئەيدىلەركى: — ھېچ كىمدە
ئىختىيار قىلمادى كى تەۋەققۇپ قىلغاي. ئەلەلخۇسۇس ياركەند
خەلقى بۇ ئىشقەرىزالىغى يوق باھانە تاپالماي تۇرغان ئەردى،
كىشىدىن ئىزنى - رۇخسەت تىلەمەي دەرۋازەنى كۇشادە قىل-
دىلەر. بو ئىككەۋ كىرىپ غازى قاشىغە بىسىبا كىردىلەر.
كۆردىلەركى، ئەلچى كافىر باشلىغ غازىنىڭ ئۆيىدە جەمئى
بەگلەر ئولتۇرۇپدۇر. نامەنى غازىنىڭ قولىغە بەردى. ئەئى-
زاز - ئىكراملار بىلە نامەنى ئوقۇدى. بەدەنلەرىغە لەرزە
تۈشتى. قالماقلار سۆزلەرىدەك سۆزلەشىپ، بۇ ئىككەۋلەن
سىياسەتنى ھەددىدىن ئاشۇردى. ئون مىڭ لەشكەر بىرلە ھەز-
رەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ ئاتلاندىلەر. ئەتراپ جاۋانىپ-
دىكى قىرغىزلارچە كىشى بۇيۇردىلەر. ھەر تەرەپدىن كېلىپ
قوشۇلۇپ تۇرادۇر دەپ بايان ئەيلەدى. نە قالماقلاردە، نە
ياركەندلىكتە قۇۋۋەت تاقەت مەجال ھالى قالمادى. مۇندىن
ئىلگەرى ھەزرەتى سىددىق خاجەم پادىشاھنىڭ خوتەن يولىدا
غازى خادىمىدىن ئايتقان سىياسەتلەرى يېتىپ ئەردى. بۇ
ئىككى تەرەپ سىياسەتدىن ئەقل ھۇشى ئەدەم يولىنى تۇتتى.
مۇھەممەدى مىراخور بىلەن يۇسۇفگە كامال تەۋازۇئ بىلەپىش

كەلدى ۋە يەنە ئارقەدىن پەيدەر پەي خوش كىغەكىبەگدىن
نامە يەتتى. بۇ نامەدە ئىلگەركىدىن زىيادەراق سىياسەتىلەر
بىلە پۈتۈپدۇركى:
«ئى غازىبەگ، سىزنىڭ شۇملۇغىڭىزدىن تەمام ياركەند
ۋە ھەفتاد پۈشتىڭىز نىست نابۇد بولادۇر. ھەم ئىككى كۈن-
لۈك فانى دۇنيا ئۈچۈن ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ، كافىرغە
ياۋەرلىك قىلىب، ئەۋلادى پەيغەمبەرگە بۇ تەرىقەلىق جەفا
ۋە خىيانەتلەر يەتكۈزدۇرسىز. ئاخىرەتدە خۇدا ۋە رەسۇل
ئالدىدا ھالىڭلار نە كەچكەي؟ ھەزرەتى يۈسۈف قادىرخان
غازى ۋە ئىماملار جەڭلەرى ۋەقتىدىن تا بۇ دەمغىچە خوتەن
خەلقىنىڭ باشىمىزدىن بۇ بەدنام ئۆتكىزمەيدۇ. ئاندا ھەم
سىزدەك بىر - ئىككى مەككار ھارامزادە نابكارنىڭ شۇملۇ-
غىدىن يەنە خوتەن خەلقىغە يەتەدۇر. قىيامەتغىچە بۇ بەد-
نامدىن قۇتۇلالماسمىز. سىزگە ھەمدەم يار بولغانىمىزدىن
بىزار بولدۇم. ئانداغ دىياردىن ھەم كەچتىم. تەمانى ئالەم-
نىڭ خىجالەتى ماڭا يۈزلەندى. بۇ ناماقۇل فىلنى قىلىب-
دۇرمەن دەب ئۆزرە بىسيار قۇللۇق بىشۇمار ئەيلەب، يەنە
بۇ ئىش تەدارىكىدە ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھنى
تەخت سەلتەنەتدە بەر قارار ئەيلەب، گۇناھىڭىزنى تىلەسە-
ڭىز بۇلار ھەم ئەھلى كەرىمدۇرلەر. گۇناھىڭىزنى كەچۈر-
گەيلەر ۋەئىللا ئۇنى قىلماسىڭىز ئۆز ۋە بالىڭىز ئۆز گەر-
دەنىڭىزغەدۇر. نامە تەمام.»
ئەمما غازى فاتاجى بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ، نادامەت
فۇشمان بولۇپ، ۋەھشەتدە غىزادىن قالدى. بۇ خەبەر
نامەلەرنى ئوردا خەلقى ئىشتىپ، بىر ھەمەتىلەرى يۈز
چەندان قۇۋۋەت تافىپ، تەخى ھەم مەھكەم تۇتۇپ مەردانە

تۇردىلەر. غازى ئۆز خەلقىنى مەكر - ھىيلە بىرلە قىلماقچە ياساپ، ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ئولتۇرغان ھوجرىنىڭ ئالدىغە ئالىب كېلىپ، سىياسەتلەر قىلدۇرۇپ ۋە يەنە ئۆزى مەنئى قىلغان بولۇپ، مەن خاجەملەر ئۈچۈن جان پىدا قىلادۇرمەن. ئۇلارغە ئازار بەرگۈنچە ماڭا يەتكۈزگىل دەب ياندۇرار ئەردى. بۇ ھالەتدە خوتەندىن كىشى كەلدى: «ھەزرەتى سىددىق خەجام تەمام ئەھل - ئەيالىنى ۋە خىش ئەقرەبالەرىنى ۋە جەمئى خادەم ۋە ھەشەمىنى، غازىنىڭ خوتەندەكى ھاكىم بولغان ئوغلىنى قوشۇپ ئەسىر قىلىب، بىر بىرىگە چىركاپ چاتىپ، قىرغىزلاردىن، خوتەن خەلقىدىن يەتتە مىڭ بەشيۈز لەشكەر بىرلە كېلەدۇرلەر. ئەسىر ئەيلەگەنلەرىنى ياركەنت دەرۋازەسى ئالدىدا قەتل قىلۇرمىشلار».

غازى بۇ خەبەرنى ئىشتىپ، ھوشى كاللەسىدىن كەتتى. قالماقلارنى شەھەر ئىچىدەكى باغغە تۈشۈرگەن ئەردى. بۇ كافىرلار بىرلە ئىشى ھەم قالمادى. شۇبۇ كېچە ئىككى شەمشەر ئوغلىدىن ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھغە كىرگۈزدى. ئەرز قىلدىكى «مۇبادا كافىرلار ھۇجۇم قىلىب شەھىد قىلادۇرمىز دېسە بىز ھەم قويماسمىز. بەھەر تەقدىر زور قىلسە، ئىشىكنىڭ ياندە تۇرتۇپ تۇرغايسىلەر، كىرگەننى قەتل قىلغايلار».

ئەلقىسسە، غازى يار ئاشنالەرنى بەلكى ياركەنت دانىشمەندلەرنى جەمئى ئەيلەب، ۋاقىئەئى ھال سوردى. بۇلار ھەممە ئىتتىفاق قىلدىلەركى: «بۇ دىيارلار ئەلەلخۇسۇس ياركەنت ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلى ئەلەيھىر رەھمەنىڭ مەنزىل مەقاملەرىدۇر. بۇ مەملىكەتلەر ئۇلارنىڭ

ئەھلى ئەۋلادلەرىنىڭ دۇئا ـ تەلەبلەرىنىڭ بەرىكاتى بىرلە
ئاباد ۋە مەمۇر بولادۇرغان، بۇ بەد خىيانەتلىك سىزلەردىن
ۋاقىئە بولدى. مۇنىڭ شۇملۇغىدىن ئاخىر سىزلەرگە نە
ھالەتلەر كېلۇر ئىكىن ۋە بۇ دىيارلەرغە نە ھادىسەلەر ۋە
نە بالالەر كېلۇر ئىكىن. ھالا ھەم بۇ ئىشنىڭ تەدارىكى
ئولكى، ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ھەلىم ۋە مۇلايىم ۋە
ماكارىمۇلئەخلاق زات بابەركاتدۇرلەر. كەرىملەرىگە سارغىنىپ
كەلا مۇللانى شەفى كەلتۇرۇپ، گۇناھىڭىزنى تىلەسەڭىز،
شايەدكى ئۆتكەيلەر. شۇ بۇ ھالدا بىر قارا قالغايسىز،
سىزگە شىكەستە بەرمەسلەر ئىنشائاللاھ» دەپ مەشۋەرەت
كۆرسەتتى. غازى بۇ مەشۋەرەتكە خۇشدىل بولۇپ، شۇرۇئ
ئەيلەمەككە قەدەم قويدى.

ئەمما ھېكايەت دىلپەزىر ئىشىتمەك كېرەك، ھەزرەتى
يۇسۇف خاجەم پادىشاھ ئۇشول كۈنىكى نامە يىبەردىلەر.
ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەمنى بەش يۈز كىشى بىرلە
بارچۇق تەرەفكە يىبەردىلەر. زاھىر باھانە ئولكى، سىبىرىق
قالپاق قىرغىز كېلۇر ئىمىش. ئۇلارنىڭ سەرراھىنى ئالغاي.
لېكىن مەئنى باتىن ئول ئەردىكى، بىناگاھ ھەزرەتى خاجە
جاھان خاجەم پادىشاھنى ئالغە ئېلىپ يۈرسە، بارىپ جەمەئ
قىلىپ ئاجراتىپ ئالغايلەر. ئەمما ھەزرەتى خاجە يۇسۇف
خاجەم ئەزىزلەر بۇ كېلەدۇرغان قىرغىزلار ئىسلىدە ۋەئىدە
قىلىشقان، ئول ۋەجىدىن كۆڭۇللەرىدە قىرغىزلاردىن ھېچ
تەشۋىشلەرى يوق ئەردى. بەلكى پاتراق كەلمەكىكە ئىز
تىراپ قىلۇر ئەردى. پىنھانەن كىشى ئىبەرۇر ئىدىلەركى
پاتراق كەلگەيلەر. قىرغىزلار ھەم سۈرئەت قىلۇر ئەردى.
لېكىن خەلق بۇ ئەسرارىدىن غافىل ئەردى، بەلكى تەشە

ۋىشىدە ئەردىلەر.

ئەلقىسسە، قىرغىزلار تېز تۈنىد ئۆزلەرىنى ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھنىڭ خىزمەتلەرىگە يەتكۈزدىلەر. ئەتراف ئالەمدىن ھەممە لەشكەرلەر جەمئى بولغان ئەردى. قىرغىزلار ھەممە خىزمەتنى ئۆز گەدەنلەرىگە ئالىب، خادىم قەدىملەرنى قارىشىلبال ئەيلەدىلەر. ھەممە خەلققە ھەيرەت يۈزلەندى. ئۇشبۇل كۈنى ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاق ھەممە ئۆلۈما ۋە فازىل ۋە ئۆمەرا، مەۋالى مەملىكەتنى جەمئى ئەيلەب بىتەرىق مەشۋەرەت تەكەللۇم ئاغاز قىلدىلەر: «ئى سەرداران كاشغەر. ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى، ھەزرەتى ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا ئىنسانىنى ئۆزىنىڭ ئىبادەتى ئۈچۈن خولىق قىلىبدۇر «ۋەما خەلەقتۇلئىنسە ۋەلجىننە ئىللا لىيەئبۇدۇن» ① قاچانغىچە كافىرلار ئىتا ئەتىدە بولۇپ، ئۆمرىمىزنى ئۇلار خىزمەتىدە سەرف ئەيلەگۈمىزدۇر. ئۆمر ئاخىرغە يېتىپدۇر. قايسى يۈزىمىز بىرلە ھەقتەئالانىڭ دەرگاھىغە يۈز كەلتۈرگۈيمىز؟ سوئال ھىسابلەرغە ئۇشبۇ نامە سىياھلىق بىرلە نەتەرىقەلىق جاۋاب بەرگۈمىزدۇر؟ ئاندا ھەسرەت نادامەتنىڭ سۈدى بولماسە كېرەككى ئىش ئىلگەرى بولغاي. بىزلەرنى ھەقتەئالا ئەر خەلق قىلىبدۇر. ناموس ئەرمەسمۇكى ئۆزۈن ئۆمرىنى خۇدا دۈشمەنى پەلىد كافىرلارنىڭ فەرمانى بىرلە ئۆتكۈزگەيمىز؟ بەندەگە غازاتنى فەرز قىلىبدۇر. ئەلھەمدۇ لىللاكى مۇسۇلمانلار ھالا بۇ ۋەقتىدە كافىرلار بىرلە مۇقابىلەت بولغۇنچە ۋە بەرابەرلىك قىلغۇنچە قۇۋۋەتلەرى بار. چەراكى كافىرلار ئىچرە تەفرىقەلىك ۋە پاراكەندەلىك

---

① «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» قۇرئان كەرىم، سۈرە زارىيات، 56 - ئايەت.

بىنىيادۇر ھەم ئىككى گۇرۇھ قىرغىزلار كافىرلار تەرەپتىن
يۈز ئۆرۈپ مۇسۇلمانلەرغە قوشۇلدى. ھالا بىر گۇرۇھى
خوتەندە قارار ئالدى. يەنە بىر گۇرۇھى كاشغەردە بۇرۇنقى
ۋاقىتدا ئىتائەتدىن ئۆزگە چارە يوق ئەردى. بۇ ۋەقتىنچە
ناچار ئىنقىياد ئەيلەدۇق. ئەمدى لايىق سەزاۋەر ئولكى، بۇ
كافىرلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلام ئەلەمىنى باشىمىزغە كۆتەـ
رىپ، فەتھى ئىقبال شەمشەرىنى كافىرلار سارى تارتقايمىز
ۋە قارا يۈزىمىزنى ئاقارتىپ، دىن شەرىئەت ئىشىنى تازە
ئەيلەگەيمىز. ئاخىرەتىمىزغە خىجالەتسىز بارغايمىز. سالھايى
سال ۋە قىرەن ھالى بىشۇمار ئەردىكى، بۇ نىيەت غازات ۋە
فەتھى ئىسلام قەسىدى ھەرگىز كۆڭلۈم گۇشەسىدىن كەتمەس
ئەردى. ھەر بارە ئارزۇ قىلۇر ئەردىم، كاشكى بىر ۋەقت
ۋاستە بەرگەي ئەردى. بۇ كافىرلار ئىتائەتلەرىدىن خالاس
بولۇپ، تەخت سەلتەنەتدە تۈمۈرخاننى ئولتۇرغۇزۇپ، مەمە-
لىكەت كار بارىنى ئۇلارغا سپارىش قىلىپ، ئۆزىمىزنى
گۇشەگە تارتقايمىز. ئاتا - بابامىز رەسىم قائىدەلەرىچە دۇئاـ
گويلۇق تەرىقەسى بىرلە ئۆمرىمىزنى تائەت ۋە ئىبادەتدە
ئۆتكەزىپ، بىرنەچچە يىل كافىرلار تەدارەكى تەلافەسىنى
بەجا كەلتۈرگەيمىز. ئەلھەمدۇلىللا ئول ۋەقت ھالا مەۋجۇد
بولۇپدۇر، ئۈمىد باركى مەقسەدىمىز تەمامىغە يەتكەي. فىلھال
ئەمدى مەشۋەرەت سىلەردەدۇر. ئەگەر بۇ نىيەتنى مەئقۇل
كۆرسەڭىزلەر كېلىڭلار! ئەھدى پەيمانەمىزنى تازە قىلالى،
ئاللاھىدە دەست بەيئەت قىلالى» دەپ شېرىن زەبانلىق
بىرلەدۇر ۋە دىلسۇز ئەلفازلار بىرلە ئىبارەت - بۇ سۆزنى
تەقرىر قىلدى. ئەمما بۇ جەمئىيەتنىڭ ساداسى سىھەلەرى
فەرياد - فىغانى ئاۋازىنىڭ ناداسى قۇيۇن مۇنارى يەڭلىغ

گۈمبەزى گەردۈننى پۈر تۇتتى. يەكبارە ھەممە لەرگە گىرىيە زارى يۈزلەندى. سائەتتىن كېيىن ھەممە ئۆزىگە كېلىشىپ، جاۋابغە زەبان كۇشادە قىلدىلەر: «ھالا بەدەن ئىچرە بىر جاندۇر، ئەگەر مىڭ جان بولسە ھەم فىدايى ئىسلام ئولغاي. ئەمدى ئۆلسەك ئارمانىمىز يوقتۇر ۋە فەتھى ئىقباللەرى سەدىقە ۋە نىسارى بولغاي. ئۇمىد باركى ئاخىرەتتە شەھىد، غازىلار سەفلەرىدە مەشھۇر بولغايمىز» ھەممە بىجاندىل دەست بىيئەت قىلىب، ئەھدى پەيمانلەرىنى تازە ئەيلەب مۇبارەكباد ئەيلەدىلەر. ئول مەرگە ئارايى مۇخلىس فەساھەت ۋە شىرىن كالام ئاخۇن ئەئلەمى كاشغەر موللا مەھمۇد بۇ جەمئىيەتنىڭ تەۋفىقلەرىغە فاتىھە ئوقۇدىلەر. ئەمما ئول ۋەقت ئۈچ يۈز قالماق شەرراس فىرقەسىدىن سوداغە كېلىپ «سوكسى تاغ پەھلۇسىدەكى شىپىردەخىمە - بارىگاھ تىكىپ تۇشكەن ئەردى ۋە شەھەردىنمۇ قالماقلار بار ئەردى، لەشكەرى ئىسلامىغە رۇخسەت بەردىلەر: «بارىپ كافىرلارغە ئىمان ئەرز قىلغايسىزلەر. ئەگەر قوبۇل قىلسە خوپ، ئەگەر ئىبا قىلسا قەتل قىلغايسىزلەر، چەراكى جەزاسىدۇر» دەب فەرمان قىلدىلەر. شەھەرگە كىشى يۈبۈردىلەر، مۇناد قىلغاي، كوچا - بىكرچە، گۈزەر - بىگۈزەر: «دەۋردۇر، دەۋرى ئىسلامدۇر» دەب نەققارە كانايلارنى شادىيانە باشلادىلەركى، ھەر يەردە ئىككى كىشى مۇلاقات بولادۇرلەر. ئەۋۋەل دىن ئىسلامنى مۇبارەكبادلىق قىلىشىپ مۇسافىھە قىلىشادۇرلەر. ئەمما ئول كۈنى ھەر بەندە ۋە ئازاد، ئەر - خاتۇن ئانچە خۇشدىلكى جان بەدەنلىرىگە سىغمايدۇر. گويا كى ئىككى ئالەمنىڭ مۇرادىنى قولغا كەلتۈرۈپدۇرلەر.

ئەلقىسسە، لەشكەرى ئىسلام كافىرلار ئوتاغلەرىغە كەلـ

گەن ھالەتتە خەبەردار بولۇپ، كافىرلار جەڭگە جىددىلىكە مەشغۇل بولدىلەر. مۇسۇلمانلار كافىرلەرگە بىباھانە ئازار بېرەلمەي تۇرغان ۋەقت ئەردى. يەكبارە كافىرلارغە ھۇجۇم قىلدىلەر. بىر سائەتتە كافىرلارنىڭ دىماغلەرىدىن دىمار چىقاردىلەر. قەتل ئام ئەيلەدىلەر. بىر نەچچەسى ئۇستۈن ئارتۇچ تەرەپى بىرلە كەنارە تۇتتىلەر. ئارقەدىن قوغلامىمادىلەر. ئەمما شەھەر ئىچىدەكى قاراخان ئورنىدا تۇرغان قالماقلەر بىئازار كافىر ئەردى. ھەر بىارە مۇسۇلمانلەرغە نەفئى يەتكۈزمەككە راغىپ ئەردى ۋە ھەممە ئەلچى كافىرلار كەلگەندە، ئىنىڭ بەدخىيانەتلىكىدىن، ئەۋزائى بۇزۇقلۇغىدىن ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھغە خەبەر بەرگەن ئەردى ھازىر بولغايلار دەب. ئول ۋەجھىدىن بۇ كافىرلارنى ئۆز دىيارىغە سەلامەت چىقاردىلەر. «تاكى كۆرگەننى ئايتقايسەن» دەب. ھەممەنىڭ كۆڭلى تەسكىن قارار تاپتى. قىرغىزلار ھەم ۋەھىمىدىن چىقماس ئەردىكى: «بىزلەرگە فەند بېرىپ، قالماقلەرغە تۇتۇپ بېرۈرمىكىن دەپ. ئەمما بۇ ئىشلاردىن فارىغلبال بولۇپ، ياركەندكە لەشكەر تارتماقنىڭ ئەزمىگە مەشغۇي بولدىلەر.

ئەمما ھىكايە ئىشتمەك كېرەك. ياركەندىن: ئەمما غازىنىڭ بۇ قىلغان بەدخىيانەتلىكىگە كامال، خىجىل بولۇپ، ئىككى تەرەفنىڭ سىياسەتلەرىدىن قورقۇپ، ھېچ سۈرەتتە يەنە ئىلاج تاپالماي، كالامۇللانى باشىغە كۆتەرىپ، ھەزرەتى خاجەم پادىشاھنىڭ ھوجرەلىغە كىردى. پايىگاھدا تۇرۇپ قۇرئاننى شەفئى كەلتۈرۈپ، گۇناھىنى تىلەدى. ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ قۇرئاننىڭ تەزىمىنى بەجا كەلتۈرۈپ گۇناھىنى كەچۈردىلەر. غازى ئەيدى: «تەقسىر پادىشاھىم ھەزرەتلەرى

دىن كۆڭلۈم تەسكىن تاپادۇر. لېكىن پادىشاھزادەلەردىن
قورقارمەنكى، مۇبادا ئازار يەتكۈزمىگەيلەر».
ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ئەيدىلەر: «سىزكى كالامۇل-
لانى شەفىئ كەلتۈردىڭىز. مەن رازى ئېمەس. ئول كىشىدىن
سىزگە ئازار بەرسە، بەلكى سىزنىڭ ئازارىڭىز مېنىڭ ئازار-
رىم بولسۇن» — دەپ ۋەدە بەردىلەر. غازى يىغلادى، كالا-
مۇللانى سىينەسىگە تۇتۇپ تۇرۇپ: مېنىڭ ئەھدى پەيما-
نىمغە كالامۇللا گۇۋاھ بولسۇن. باقى ئۆمرۈمنى ھەزرەت-
لەرىنىڭ خىزمەتلەرىغە سەرىپ قىلىپ دوستلارىغە دوست،
دۈشمەنلەرىغە دۈشمەن بولۇپ، ھازىر غايىب «قەۋلەن فىئلەن
نىيەتەن» ① مەندىن خىيانەت ۋاقىئە بولسە، بۇ ئەھدى
پەيمانىمغە ئۆمرۈم بارىچە ۋەفا قىلماسام، خىلاف قىلسام
جازام كەلامى مەجىد مېنى ئۇرغاي. دۇنيا ۋە ئاخىرەتدە
يۈزۈم قارا بولسۇن» دەب قەسەمياد قىلدى.
ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ ھەم كەلام
مەجىدنى قوللارىغە ئالىب: «مەن ھەم سىزنىڭ ھەققىڭىزدە
خىيانەت قىلماغايمەن. مېنىڭ ھەم ئەھدى پەيمانىمغە كالا-
مۇللا گۇۋاھ بولغاي» دېدىلەر.
ئەلقىسسە، ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەمنى سورۇنخانە-
سىگە تەكلىف قىلىب بەلەند تەخت قويۇپ، تەخت سەلتەنەت-
دە ئولتۇرغۇزۇپ جەمئى ئۆلۈما ۋە ئۈمەرا ھەم چوڭ - كى-
چىك ياركەند خەلقى ھەممە تەمام بەيئەت بەردىلەر. ئول
كۈنى خوشھاللىقتىن گويا قىيامەت ئاشكارا بولدى. ھەركىشى-
كى كېلەدۇر ئىسلامنى مۇبارەكباد ئېيلەب بەيئەت قىلادۇر
يىغلايدۇر. ھېچكىم گىريەدىن خالى ئەرمەس، خۇشدىللىق

① «سۆز، ھەرىكەت ۋە نىيەت جەھەتلەردە»

ھەددىدىن زىيادە ئۆچۈن گىرىيە يۈزلەنىۇر. ئاسمان - زېمىن
ھەم تاغ - تىڭىز خوشاللىقدىن گىرىيە ناك ئىدى، مۇنادى-
گەرلەرگە فەرمان قىلدىلەر. كوچە - بىكوچە، گۈزەر - بىگۈ-
زەر مۇنادى قىلادۇركى: «ئىسلام دەۋرى، ھەزرەتى خاجە
جاھان خاجەم دەۋرى» دەپ فەرياد قىلادۇر. نەققارەچىلەر
ھەم زوق - شوق بىرلە ئانداغ شادىيانە چالادۇرلەركى،
گويا مۇرغانى ھاۋا، ماھىيان دەريا جۇشقە كىرىشىدۇرلەر.
ئۆلۇمالار ئىسلام فەتھى خاسىدە ئايەت، ھەدىس ئوقۇيدۇرلەر.
شائىرلار مۇبارەكبادلىق ئۆچۈن قەسىدە ۋە ئەشئار ئوقۇي-
دۇرلەر. ھەر تائىفە، ھەر فىرقە بىر - بىرلەرى بىلەن مۇ-
بارەكبادلىق قىلىشادۇرلەر. ھەممە ئۆمەرالار ئەرز ئەيلەدىلەر-
كى: «ئەلچى قالماق باشلىغ كافىرلارغە فەرمان بولسە، قەتل
ئام ئەيلەسەك» ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم ئەيدىلەر:
«كافىرلارنى جەڭدىن بۆلەك ھالەتدە ئۆلتۈرمەك نادۇرۇست
ۋە نارەۋادۇر بەلكى كافىرلارنى ئۆز ھالىغە قويۇپ، شەھەر-
دىن چىقارغايسىزلەر ۋە لەشكەر ئارقەسىغە كىرگەي. ئەگەر
ئىمان كەلتۈرسە ئامان تاپقاي. ئەگەر ئىمان ئېيتماسە جەڭ-
دە ئۆلگەنى ئۆلگەي. قاچقانى ئامان تاپقاي. ھۆكمى - شە-
رىئەت شۇ بۇدۇر ۋە ھەم فەرزەندە ۋە بەند ۋە جىسگەر
پارەئى خاجە مۇھەممەد باباق ئىلىدە كافىرلار ئىچرە دۇرلەر.
بىز مۇندىن زىيادە بۇ كافىرلارغە ئوقۇبەت ئەيلەسەك، ئى-
نىلك ھەققىدە خوپ ئەرمەس» دېدىلەر.

ئەلقىسسە، ئۆمەرالار كافىرلارغە بىرەر ئات بېرىپ دەر
ۋازەدىن چىقاردىلەر. لەشكەر ئارقەسىغە كىردى. جەڭدە ئۆل-
گەنى ئۆلدى، قالغانى سالامەت قالدى. يەنە بەش يۈز قال-
ماقلار مەدەد بەرمەك ئۆچۈن بىخەبەر كېلىۈر ئەردى ئەمما

قوشۇلۇپ بەدەر كەتتى. ئەمما مۇسۇلمانلار كافىرلار جەڭلە-
ردىن فارىغ بولۇپ، ھەزرەتى خاجە جاھان غازى خاجەم-
نىڭ ئەئزاز ئىكراملەرىنى بەرسەبىل كامال ئەيلەب، ئورداغە
ئالىب كىرىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدىلەر. ئول كۈنى نورۇز
ئىدى. گويا ئۈچ نورۇز بولدى: بىرى، نورۇز فەتھى ئىسلام.
بىرى نورۇز سەرى سال (يىل بېشى)، بىرى ھەزرەتى خا-
جەم پادىشاھ قەيدىدىن خالاس بولۇپ، ئىسلامنى ئاشكارا
قىلىب تەخت ئىسلامدا ئولتۇرغانلەرىنىڭ نورۇزى. ئەمما غا-
زى دېيۇز بۇ ئىشلاردىن فارىغ بولۇپ ئەرز قىلدىكى: «ھەز-
رەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ كاشغەردە ئىسلام ئاچىپ دۇر-
مىشلەر ۋە ياركەندكە لەشكەر تارتماقنىڭ غەمىدە ئەرمىشلەر
دەپ خەبەر كېلىپ ئەردى. شاھزادەلەردىن بىرلەرىغە رۇخ-
سەت بەرسەلەر، بارىپ ئىسلامنى مۇبارەكلەپ لەشكەرنى مەد-
ەتى ئەيلەسەلەر، ھەزرەتى خاجە سىددىق خاجەم پادىشاھ
خوتەن سارى تەشرىف ئەيلەگەن ئەردىلەر. ئاندا بىزنىڭ
ئەيالىمىزنى ئەسىر ئەيلەب، خوتەن ئۆمەر مىرزا باشلىقىن
قىرغىزلاردىن لەشكەر جەمئى قىلىب كېلۇر ئىمىشلەر دەپ
خەبەر كېلىپ ئەردى. ئوردا ئۇلۇغلەرىدىن بىروگە يارلىق
بولسە، تاكى بارىپ بۇ خوشخەبەرنى يەتكۈزسە، لەشكەرنى
مەنئى ئەيلەب، بىزنىڭ ئەھلى - ئايالىمىزنى ئۆز ئورنىدا
جابەجا ئەيلەب، ھەزرەتى سىددىق خاجەم رۇجۇئ ئەيلەسە-
لەر» دەب ئەرز قىلدى. ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادى-
شاھ قوبۇل تۇتۇپ، كاشغەرغە دامادلەرى ئۆمەر خاجەمنى
رەۋانە ئەيلەدىلەر. خوتەنگە مۇھەممەد ئابدۇللا باكاۋۇلنى
مۇھۆرلۈق نىشان كىراملەرنى بېرىپ فەرمان ئەيلەدىلەر.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى ئۆمەر خاجەم كاشغەرغە بىشارەت

يەتكۈزدى. ھەزرەتى يۈسۈپ خاجەم قارا قىسىردا ياركەند
ئەزمىگە لەشكەر ئامادە قىلىپ تۇرغان ئەردىلەر. ئۇمەر خا-
جەم كېلىپ بىشارەت يەتكۈزدى. ئىسلامنى مۇبارەكبادئەيلەپ،
ھەزرەتى يۈسۈپ غازىخان خاجەم پادىشاھ باشلىغ ھەممە
ئۆلۈما ۋە ئۆمەرا كاشغەر ھەزرەتى ئۇمەر خاجەمدىن يار-
كەند ئىسلامىنى ھەم مۇبارەكبادلىق ئەيلەدىلەر. بۇ خەبەر
خوشنى ئىشىتىپ، ھەممەلەر ھەمدۇسەناغە تىل قويۇپ، شۈك-
رى سەنا بەجا كەلتۈردىلەر. كەمال خوشلۇق خۇررەملىق
بىرلە، ھەزرەتى ئۇمەر خاجەمغە نەچچە كۈن مېھماندارلىق
قىلىپ رۇخسەت بەردىلەر.

ئەمما ھېكايەت ئىشتمەك كېرەك، مۇھەممەد ئابدۇللا باكا
ۋۇلدىن: كەمال سۈرئەت ئىزتىراپ بىرلە خوتەن سارى ئەزم
قىلدىلەر. ھەزرەتى سىددىق خاجەم خوتەندىن لەشكەر ئالىپ
يولدا كېلۇر ئەردىلەر. مۇلاقات قىلىپ ياركەند ئىچرە بول-
غان ۋاقىئاتنى بايان قىلدى. بىشارەت يەتكۈزدى، غازىنىڭ
ئەھلى - ئەيالىغە ئازار بەرمەسلىككە مۆھۈرلۈق خەت كىتا-
بەت كۆرسەتتى. لېكىن مۇھەممەد باكاۋۇلنىڭ سۆزىنى ئىتى-
بار قىلمادىلەر ۋە خەت مۆھۈرنى قوبۇل قىلمادى. بەلكى
سەرزەنىش قىلا باشلادىلەركى: «ھەزرەتى خاجە جاھان
خاجەم ئەلەيھىر رەھمەنى غازى بىلە بىر بولۇپ باشلاپ
بارىپ، شۇبۇ ھادىسەلەرنى پەيدا قىلدىڭىز. ئەمدى بۇ ئىشغە
قەدەم قويۇپدۇرسىزكى، غازى ئەھلى - ئەيالىنى خەت يا-
ساپ، بىزنىڭ قولىمىزدىن خالاس ئەيلەپ كۆڭلىنى تەشۋى-
شىدىن فارىغ ئېتىپ ۋە نە غەرەزلەرنى پەيدا قىلغاي» ئە-
لەلىنىۋسىن شەھابىددىن باكاۋۇلنىڭ، بۇ كىشى ھەزرەتى
خاجە جاھان خاجەم پادىشاھنى غازىنىڭ ئۆيىگە ئالىپ

بارغانغه بسيار گاهشى بار ئەردى. ئىختىيار قىلىدىنگى ئازار يەتكۈزگەي. ئەمما ھەزرەتى سىددىق خاجەم ئازارنى قوبۇل تۇتمادىلەركى، پەدەر بۇزۇرۇكۋارىنىڭ خادىملەرىغە ئاھانەت يەتكۈزمەك ئەدەپدىن ئەرمەس، شۇبۇ ئوقۇبەت بەسكى بىر لاغىر ئات بېرىپ، خىزمەتكار بەرمەي، تەنھا لەشكەر ئارقەسىدىن مېھنەت تەمام بىرلە كەلگەي دەپ فەرمان قىلدىلەر. مۇھەممەد ئابدۇللا باكاۋۇل مۇنداغ كەلگەنىگە يۈز مىڭ پۇشمان بولۇپ، نادامەتلەر قىلىپ، تۈرلۈك رەنج - مېھنەتلەر بىرلە يولدا كېلەدۇر. ئىككىسى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئەردى. ئول شەمئى ئەنجۇمەنى فەساھەت ۋە ئافتابى فەلەكى ھەلالەت، ئەئلەمى ياركەند ۋە مۇقتەدايى دىلپەزىر يەنى ئاخۇن ئۆمەر باقىنى بۇيرۇپ ئەردىلەر، بۇلار ھەم مۇلاقات بولدىلەر ۋە بايان ۋاقىئە ئەيلەب خوشخەبەر يەتكۈزۈپ، غازى، فاتاچىنىڭ ئەھلى - ئەيالىنى ئاخۇن مۆھۆرلۈق خەت كۆرسەتتىلەر، لېكىن بۇ ئاخۇننىڭ سۆزلەرى ۋە خەتلەرى بىلە شەك تەرەددۇددىن چىقمادىلەر ۋە ئىيتادۇرلەركى: «غازى مەكر - ھىيلە پۇرفۇنۇن كىشىدۇر. ئاخۇنغە ئىلتىجا قىلغان بولسە، ناچار سۆزىنى قوبۇل قىلىب كەلگەن بولغايلەر. مۆھۆرنىڭ ئىتىبارى يوقتۇر. چەراكى ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ دۇشمەن قولىدا ئەسىردۇرلەر. مۆھۆرلەرى ھەم دۇشمەن قولىدادۇر. بىزگە غەلبەت پەند بېرىپ شىكەستە بېرەي دەيدۇر ياكى شەھەرگە ئالىب كىرەي دەيدۇر» دەپ ئاخۇندىنىڭ سۆزىنى قاتارغە ئالمادىلەر. شۇبۇ تەرەددۇدە ياركەند شەھىرىنىڭ ئالدىغە باردىلەر. ھەممە ئاكابىران شەھەر ئىستىقبال پېشباز قىلدىلەر. لېكىن بۇلارنىڭ كۆڭلى ھۇنۇز تەسكىن تاپار ئالمايدۇ. ئاخىر

ئۆمەر مىرزا ئۆز تابەلەرىدىن شەھەر ئىچرە كىشى يىبەرىپ، ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم ئەزىز تەخت سەلتەنەتىدە بەر قارار ئىكەنىنى كۆرۈپ كېلىپ خەبەر بەرگەنىدىن كېيىن، كۆكۈللەرى تەسكىن تاپىپ شەھەر ئىچرە داخىل بولدىلەر. ھەزرەتى خاجە شەمىسىدىن خاجەم، ھەزرەتى خاجە سىدىدىق خاجەم باشلىغ ھەممە سەرداران، سىپاھ سالاران، خوتەن ئۆمەر مىرزا باشلىغ ھەممە قىرغىزلار، ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھىنىڭ ئىسلاملەرىنى مۇبارەكباد ئەيلەپ ئاياغلەرىغە يىقىلدىلەر. گىريە زارلارىنى ھەددىدىن ئاشۇردى. ھەزرەتى خاجەم بۇلارغە بىسيار نەۋازىشلار كۆر-سەتىپ، ئىلتىفات تەمام بىرلە سەرۇپاي پادىشاھانە ئاتا ئەي-لەدىلەر. ھەزرەتى سىددىق خاجەم پادىشاھ ھەمد نەئەت ۋە ئەلقاب بىرلە، مۇۋاپىق ھال بىر قەسىدە ئېيتىپ ئىدىلەر. بۇ قەسىدەنى ئوقۇغاچ بىسيار خۇشاللىق ئەيلەب ۋە مۇبا-رەك پىشانەلەرىگە بۆسە بەردىلەر. ئاندىن رۇئايى خەيرى قىلدىلەر. تەبەرۇكەن بۇ قەسىدەنى كىتابقە دۇرج قىلىندى تاكى يادىگار قالغاي:

## شېئىر

ئى سىفاتىڭ بەھرى ھەم بىھەد ئېرۇر ھەم بى كەنارە
ماسە ۋائەرمەس سېنىڭ زاتىڭ مەسەللىك پايىدار.

زاھىرۇ باتىنمۇ سەن، سەن ئەۋۋەلۇ ئاخىرمۇسەن،
بىزگە غەفلەتدىن ئېمەسدۇر زاتى پاكىڭ ئاشكار.

يارەسۇلەللا تۇفەيلىڭ بولدى بارچە كائىنات،
ئايەتى لەۋلاك ئېرور شاھىد ئاڭا ئى كامىگار.

يۈزى زۇلفۇڭ ۋەسفىنى ياد ئەيلەگەيدىن زۇلجالال،
نازىل ئولدى سۈرەئى ۋەللەيلى بىرلە ۋەششەمار.

ئەيپۈھەل مۇززەممىل ئولدى زاتى پاكىڭغە نەۋا،
رەھمەتەن لىلئالەمىن ھەر بارە قىلدى بىرۇبار.

تاڭلا ئولتۇرساڭ شاپائەت تەختى ئۈزرە ئى شەفىد،
قىلماغايسەن مەن كەبى ئاسى قۇلۇڭنى شەرمسار.

ئول ئەبۇبەكرى سىددىق دىنگە تەسدىق ئەيلەدى،
ھەم يەنە ھىجرەت چاغى ھەزرەتكە ئەردى يارى غار.

ئەدل بابىدا ئېرۇر فارۇق يەكتايى جاھان،
بولمادى ئول بولمايىن شەرئى پەيەمبەر ئاشكار.

سىبغەتۇللاھ ۋەسفىنى ھاجەتكى زىننورەين ئېرۇر،
مەنبەئى ئىلىم ھەيا ۋە ھىلىم ھەم ساھىب ۋىقار.

ئەيدىلەر ھەزرەتى خوشكىم شاھى ھەيدەر شەنىدە،
«لافەتائىللا ئەلى لاسەيفە ئىللا زۇلفىقار» ①

① «لافەتائىللاھ ئەلى، لاسەيفە ئىللا زۇلفىقار — ياشلار ئىچىدە ئەلى ھەممىدىن يۈرەكلىك، باتۇر، قىلىچلار ئىچىدە زۇلفىقار (ھەزرەتى ئەلىنىڭ قىلىچى) ئەڭ ياخشىدۇر.»

ۋەھر كېچىپ تاپتى شاھادەت ھەزرەتى شاھى ھەسەن،
ھەزرەتى شاھى ھۈسەيىن ئولدى شەھىدى كەر بالا.

..................................................

ئەھلى بەيىت ئولدى خاۋارىجلار ئارا بەس خارۇزار،

يەتمەس ئەردى بۇ ئىككى شەھزادەگە مۇنچە ئەلەم،
مۇندا كۆپ ھېكمەتنى ئىزھار ئەيلەدى پەرۋەردىگار،

بىرى ئۆلكىم تاكى ئۇممەتلەرغە بولغايلار شەفىئ،
بىرى بولغايلەر بۇ ئالەمدە شەھىدى نامدار،

ئالىمۇلغەيب ئول تۇرۇر ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاپ ①
ئۆزگە ھېكمەتلەرنى بىلگەي مېڭدىن بىر بى نامدار،

تامۇشەققەت چەكمەيىن ئەيش تەرەپ مۇمكىن ئېمەس،
غەم بەلا راھەتنى تەۋئەم خەلق قىلدى كىردىگار،

«ئەرشىياھ» شاھىنشاھا ساڭا غەملەر يەتمەسە،
بولماس ئېرۇر دىنى ئىسلام ئاشكارئى شەھرىيار،

غەمدە مەھۋە بولغان كۆڭۈل شاد ئولدى لۇتفۇڭدىن يەنە،
گۈل توزۇپ كۈز پەسلىدە گويا ئاچىلدى نەۋباھار،

---

① غايىبنى بىلگۈچى ئاللادۇر، ھەرنەرسىنىڭ توغرىسىنى ئۇ ھەممىدىن
يەكرەك بىلگۈچىدۇر.

ئىپتۇتۇچى ۋاقىت تول ئۆز ھالىغا شۈكرى ئەتمەگەچ،
نەچچە كۈن بولدى كۆزۈڭگە تۇتىيا يارۇدنيار.

ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ تەكەللۇم ئەيلەدىلەركى: «ئى فەرزەند جىگەر گۇشە، جەددى بۇزرۇكۋارىڭىز ھەزرەتى ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە زەھەر بەرگەنىنىڭ، ھەزرەتى ئىمام ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دەشت كەربالادا بوغۇزلاپ شەھىد قىلغانىنىڭ بائىس ھېكمەتىنى بايان قىلالىدۇرسىز، ئەمما ئۆزىڭىزگە كېلەدۇرغاننى مۇئايىنە كۆرسەڭىز، ۋاقىئات ھالاتلەرنى قايسى ئىبارەتلەر بىلەن ئادا قىلغايسىز ۋە ئىنىڭ ھېكمەتلەرىنى كىملەر بايان قىلۇر ئىكەنلار» دەپ، كۆز مۇبارەكلەرىدىن قەترە ـ قەترە ياشلار ئاقىزە باشلادىلەر. ھەممە ئەھلى مەجلىسكە خاموشلۇق يۈزلەندى. گوياكى ھاتىفىدىن «ئۇسكۇتو لىھۆكمىللاھى»① نىداسى ئىشتىلدى. سائەتىدىن كېيىن ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ئەزىز يەنە تەسەللى خاتىرە ئۈچۈن، كەلامى گەرەھ كۇشا ۋە فەرەھ ئەفزا بايان ئەيلەب، مەئانى مەجلىسنىڭ سۆخەن سەراسى يەنى ئەلى شىر مولەققەب سىنەۋايى دىۋانلەرىدىن تەرتىپ بېرىپ دىل كۈشانى بۇ چەمەننىڭ كۆكۈللەرىنگە قۇۋۋەت بەرمەك ئۈچۈن ئىنايەت قىلدىلەر.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خاجە جاھان ئەزىز خوتەندىن كەلگەن سىپەھسالاران لەشكەرگە مەجلىس مەشرەب قىلىنىب، ئىلتىفات خۇسرەۋانە، سەرۇپاي پادىشاھانە ئەتا ئەيلەب، ھەزرەتى خاجە شەمسىددىن خاجەم بارچەسىغە رۇخسەت بەردىلەر. ئۆمەر مىرزانى ۋەزىر جۈملە تۇلمۇلك ئەيلەپ، مۇ-

① ئۇسكۇتو لىھۆكمىللا — خۇدانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇڭلار.

قام ئەلادا تۇرۇن بېرىپ، جاھ نەشنى ياركەند ۋىلايەت ئەيلەپ، تەمام مەملىكەتلەرنىڭ كار بارىنى ئاگا تاپشۇرۇپ، مۇۋاپىقەتى شەرىئەت غەررا ھۆكم سۈرۈپ، رەئايا فەقىرلارغە داد ئەدلىنى پىشە تۇتۇپ، ھەق سۇبھانە ۋە تەئالاغە شۈكرى سانالەر بەجا كەلتۈرۈپ، ھەمىشە ئۇلۇمالار بىلە سۆھبەت تۈزۈپ، ئىبادەتكە مەشغۇل بولدىلەر.

ئەلقىسسە، داستان دىلپەزىر ئىشتمەك كېرەك ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم ئەزىزلەردىن: ھەزرەتى خاجەم پادىشاھنىڭ ھادىساتى ئەييام تەشۋىشىدىن فارىغۇلبال بولۇپ، جەنۇبىدەكى قىرغىزلارغە ئەلچىنامە ئىبەرىپ، لەشكەرى ئىسلامغە يارى بەرمەككە دەلالەت قىلدۇر ئەردى. دەرۋىش باكاۋۇلنى ئەندىجانغە بۇيرۇدىلەر ۋە نامە پۈتتىلەر. مەزمۇنى بۇكى: «ئى ئەندىجان ۋىلايەتلەرىنىڭ ھاكىملەرى، ئى سەرداران قىرغىز ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى، بۇ دىيار موغۇلىستان شەھەرلەرى سالھاي سال ۋە قەرنھايى بىشۇمار ئىدىكى، كۇففار مۇشەددەدلەرگە مۇسەللەت بولغان ئىكەن. كافىرلار زۇلۇم - سىتەملەرى مۇسۇلمانلارغە ھەددى ئەندازەدىن ئاشقان ئەردى. ئەلھەمدۇلىللاكى، مەدەدى ئىلاھى تەۋفىق نامۇتە ناھى يارى - ياۋەر بولۇپ، دىن ئىسلامنى فەتھى كۇشاد ئەيلەدۇك ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمەك بىرلە بىئەبا تىغ تارتتۇق. ھەزرەتى ھەق سۇبھانە ۋە تەئالادىن ئۈمىد باركى، ئەگەر بەخت - ئىقبال يار بەرسە، كافىرلارنىڭ ماكان ئەسلىلارىغە لەشكەر تارتىپ بارىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ نەچچە يىللىق ئىنتىقامىنى ئالغۇمىزدۇر. ئەگەر ھەمىيەت كۆرسەتسەڭىزلەر ئىسلامغە يارى بەرگەيسىزلەر. نامە تامام.» قوشچى ئۇرۇغىدىن قىرغىزلار سەردارى قۇبات مىرزاكى ئۇنىڭ شىجا-

ئەتىكىدىن باھادۇر ئاتار ئەردىلەر. ئاڭا ھەم نامە پۈتۈپ
ئىبەردىلەر: «ئى قۇبات مىرزا، سىزنىڭ ئاتا - باباڭىز بىز-
نىڭ ئاتا - بابامىزغە مۇرىد - مۇخلىس بولۇپ كەلگەن.
ئەلەلخۇسۇس ئاتاڭىز غالىچەبى ئەۋۋەل شەمئى مەجلىس ھى-
دايەت ۋە ئەختەرى بۇرجى فۇتۇۋۋەت ۋە خىش بۇزۇرۇكۋار،
ھەزرەتى خاجە ھەسەن ئەلەيھىر رەھمەنىڭ لەش-
كەرى ئىسلامىنىڭ سىپەھ سالارى بولۇپ كەلگەن. تىغى غازات
بىرلە بۇ كۇففار مەلئۇنلارنىڭ سەدراھىنى نەچچە بارە تۇت-
تۇپ، دىماغلەرىدىن دەمار چىقاردىلەر. ئىرانلارنى غازات
ئۈچۈن خەلق قىلىپدۇر. ئەگەر ئىختىيار قىلساڭىز، قەبىلە-
ڭىز بىرلە تەشرىف قەدەم ئەيلەب، دۇنيا ۋە ئاخىرەتدە
غازاتىنىڭ ئابرۇيى - ئىززەتى بىرلە سەرافراز بولۇپ، غازى-
لار سەفلەرىدە باش كۆتەرگەيسىزلەر. غازاتىنىڭ تۈزى مۇژ-
دىغە نەھايەت يوقتۇر. نامە تامام ۋەسسالام» ۋە ھەزرەتى
سەييىدى ئالىي مۇستافا ۋە مۇۋەئى شەجەرەئى ئەلى مۇرتىزا
ھەزرەتى خاجە ھەسەن ئەلەيھىر رەھمەنىڭ يارەنى-
لەرىدىن ئاخۇند موللا مەسجىدى، ئاخۇن موللا نورۇز
باشلىغ مۇرىد - مۇخلىسلاردىن جەمئى ئەزىم بار ئىدى.
ئۇلارغە نامە پۈتدىلەركىم شۇبۇ مەزمۇندەكى: «ئى خىشى
بۇزۇرۇكۋارىم يارەنلەرى، سىزلار نەچچە يىلدىن بېرى جەلاي
ۋەتەن خانە ۋەيران سەرگەردان بولۇپ، غۇربەت مۇسافى-
رەتدە دەر بەدەر شەھەر بىشەھەر كېزىپ يۈرۈرسىزلەر. بۇ
ھالەتدە كافىرلار زۇلۇم - سىتەملەرىدىن ۋە جەبرىلەرى
سەبەبىدىن گىرىفتارسىزلەر. ئەلھەمدۇلىللاكى، بۇ كافىرلەر-
نى ھەم بەرھەم ئۇردۇق. بۇ دىيارلارنى كافىرلار مۇسەللە-
تىدىن خالاس ئەيلەب ۋەشۇم قەدەملەرىنى پاك ئەيلەدۇك،

قولىمىزغا تېگىش ئىسلامنى ئالىپ، كاپىرلار سارى يۈزلەندۇق.
بىز سىزلەرنىڭ قەلبىڭىزلەرۋە مۇرشىدىڭىزلەر بىرلەن بىر
جان، بىر تەن ئىدۇق. ئارادا غەيرى يوقتۇر، بىر دەريا سۈيىدىن ۋە
بىر دانىنىڭ رىزەسىدىندۇرمىز. كېيىنكى ئىسلامغا يارى بەرگەيـ
سىلەر. دىيارىڭىزلەرنى تەسەررۇپ قىلغايسىزلەر. نامە تامام.»

ئەلقىسسە، بۇ نامە بىرلە دەرۋىش باكاۋۇلنى ئەندىجان
يولىغا رەۋان ئەيلەدىلەر.

ئەمما ھېكايەت ئىشتىلەك كېرەك، ھەزرەتى يۈـ
سۈپ خاجەم ئەزىزلەرنىڭ زەۋجەئى سالىھەلەرى بار ئىدىكى،
جەمىلە ئاغاچە ئاتار ئەردىلەر. بىسيار ساھىبجامال، خۇشرۇي،
خۇشگۇي، خۇشخۇي، سۇمبۇل مۇي، ئەنبەر بۇي ئەردىلەر،
لەتافەت ئۇزار ۋە خۇش رەفتار، گۇلئەنداز تاۋۇس، خۇش
خەرام، غۇنچە دەھەن، سەمەن زەقەن، سەرۋى قەد، نازۇك
مىيانە، تاق ئەبرۇ، ئاھۇ چەشمە. ئەمما تەرىق تەۋسىپلىرىـ
نى كەما ھەققىھا ئادا ئەيلەسە، ئەلبەتتە ئىبارەت كەما يەنـ
بەغى يارى بەرمەس.

ئەلقىسسە، بۇلار ھەزرەتى يۈسۈپ خاجەم پادىشاھ ئەـ
لەيھىر رەھمە ئىلىدە ئىكەنلەرىدە ھەمراھ ئىدىلەر. ئاخىر
نەۋبەت ئىلىدىن تۇشكەنلەرىدە ئاقسۇغىچە ھەمرا كەلگەن،
ھەزرەتى يۈسۈپ خاجەم پادىشاھ ئىز تىراپ بىلە كاشغەرـ
غە تەشرىپ قىلدىلەر. ئاقسۇدا تەۋەققۇپ بىرلە ئىقامەت
قىلغان ئەردىلەر. مەھەل يارى بەرمەگەن ئەردىكى ئىلىغا
ئىبەرتىپ ئالدۇرۇپ كەلگەيلەر. ئەمما ئابدۇۋاھھاپ شەقى
ئەزەلى ۋەقتىنى غەنىمەت سانىپ بۇلارغە قەست قىلادى.
بۇلار ھەم ھويلىغە قامىلىپ نەچچە كۈن جەڭ قىلىشتىلەر.
ئاخىر ئابدۇۋاھھاپ شەقى ئەزەلى قالماقلارنى، ئاقسۇ خەلقـ

نى يىغىپ قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ جەڭ قىلدى. ئاخىر بىر كېچە فۇرسەتنى غەنىمەت تاپىپ، ئاقسۇ ئىشىكاغەسى مىرزا مۇراد بەگ، شاڭ بېگىسى مىرزا شىرداق بەگ، كەلگىن ھاكىمى مىرزا ئابدۇللا بەگ بولار، خانىدان مۇرىد - مۇخلىسلاردىن ئەردى، ئاغاچەنى پەللە ئۈچ يولى بىرلە كاشقەر تەرەفگە كەنارە تۇتتىلەر. ھەزرەتى ھەق سۇبھانە ۋەتەئالا ئابدۇۋاھھاب شەقى ئەزەلىنىڭ لەشكەرىغە غەفلەت يۈزلەندى. بۇلار ئابرۇي — ئىززەت بىرلە كاشغەرغە تەشرىف قىلدىلەر. ھەممە ئەھلى شەھەر ئىستىقبال ئەيلەپ، ئەزاز - ئىكرام بىرلە ئوردىغە تۈشۈردىلەر. ھەزرەتى خاجە يۈسۈف خاجەم ئەلەيھىر رەھمە بۇلارنىڭ بۇ قىلغان ھىممەتىگە ۋە ۋە شىجائەتىگە تەھسىن ۋە ئافىرىنلەر قىلىپ، كامال خۇشلۇقدىن نەچچە كۈن مەجلىس قۇرۇپ، ئەيشى-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلەر. بۇ ھەمراھ كەلگەن بەگلەرگە خىسرۇۋانە سەرۇپاي، پادىشاھانە ئاتا ئەيلەپ بىسيار ئىلتىپاتلەر قىلدى. ئەمما ھەزرەتى يۈسۈف خاجەمنىڭ ئەيشى-ئىشرەتلەرى دۇرۇ دارازغە تارتتى. چۈنانچە ھەزرەتى سىددىق خاجەم پادىشاھ مۇخەممەسلەرىدە بايان مۇۋافىق ھالدۇر.

### بەيت

فەتۇھى بەزمى ئىشرەت تۈز، كېلىپ ئى مۇغبەچە مەيسۈز،
مېنى قىلمە خىجىل بۈگۈز مەگەر ئەگىردۇرمەن گەر تۈز.
قۇياشىدەك جام مەي يەتكۈزكىم بولغايمەن كېچە-كۈندۈز،
مۇغەننى بىر نەۋا تۈز، تۇت نەۋائى نەغمەئى كۆرگۈز،
ئاياقچى كاسە تۇت توققۇزكى ئارامى جاھان كەلدى.

ئەلقىسسە، بىر نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ۋەقىق بولدىلەركى، ھەزرەتى يۈسۈپ خاجەم پادىشاھنىڭ مۇبارەك بەدەنلىرىدە ئاسار ۋەرەم زاھىر بولۇپتۇر، ئىللەتى ئىستىسقا ئەلامەتى زاھىر بولۇپتۇ. فىلھال ئىلاج دەۋاسىغا سەۋەپ قىلدىلەر. ھۆكۈما ۋە تەبىبلەرنىڭ ھېكمەتلىرىگە يۈزكەلتۈردىلەر. ئەمما ھەزرەتى يۈسۈپ خاجەم ئەلەيھىر رەھمە بەنۇرى فەراسەت مەلۇم ئەيلەدىلەركى، كېسەل بىھۇدلۇق تەرەفكە يۈزلەنمەيدۇر. نەزرە تەسەددۇق پىشە تۇتتىلەر. ھەممە ئۆلۈمالارنى جەمئى قىلىپ، مەنزۇرات فاراۋان مەبلەغ مالامال بىرلە خەتمە رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، خەتمە خاجەگان ۋە خەتمە ئالىشان ئىلتىماس ئەيلەدىلەر. بۇلارغە خەتمەدىن فارىغ بولغاندىن كېيىن، ئەفسۇس تەكەللۇم ئاغاز قىلدىلەركى: «ئەي ئۆلۈمالار، ۋارىسۇلئەنبىيالار غەنىمەت گۈش بىرلە ئاڭلاغايسىزلەركى، ئۆمرۇم ئاخىرغە يېتىپتۇر. ئۆمرۇم يار بەرمەدى» دەپ جىگەر سۆز، جان گۇداز ئىبارەتلەر بىرلە سۆزىنى تامام قىلدىلەر. ئەمما ئۆلۈمالار دۇئايى خەير قىلىپ، شىفايى سەھەتلەرىنى تەلەپ قىلىپ، تەسەللى خاتىرە ئۈچۈن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئوقۇپ، گىريە زارى بىرلە چىقتىلەر. ھەزرەتى يۈسۈپ خاجەمنىڭ بەدەنلەرىنىڭ ئۇششۇغى ھەر كۈنى زىيادە بولۇر ئەردى. ئەسلا سەھەتنىڭ نىشانەسى يوق، ھەزرەتى خاجەم فىدەئىر ئەندىشە قىلدىلەركى، ئاتا ۋە ئەجدادىم ئاياغلەرىغە ئۆز جەسەدىمنى ئۆزۈم ئالىپ بارغانىم بىھراق. ھادىسە يۈزلەنگەندىن كېيىن مۇنداغ تومۇز ھاۋادا جەسەد يۆتكەمەك بىسيار مۇشەققەت، دەپ ئەمر قىلدىلەركى: «تەمام مەملىكەت جەمئى بولغايلەر، چار بەرگەيسىزلەر، ئۇلۇغ

ئاش قىلغايسىزلەر. چەمىنى ئەھلى مەملىكەتكە فاراۋان يەت-
كەي» بارچە ئەھلى مەملىكەت چەمىنى بولدى. ئۆلۈما ۋە
ئۈمەرا ۋە پەقىر-ئاياغا ئاش فاراۋان ماھازەر گۈنا
گۈن قويدىلەر. ئەدناسى بەش تۈرلۈك، ئەلاسىغا توققۇز
تۈرلۈك ئاش كەلدى. تەئامدىن فارىغ بولغانىدىن كېيىن،
ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم ئەزىزلەر بۇ جەمىئىغە خىتاب قىلىپ
ئېيتتىكى: «ئەي يارانلار، بۈگۈن رۇبىرۇۋىدا ئەلفىراقدۇر.
سالھاي سال ئەردىكى، سىزلەر بىرلە ھەمسۆھبەت ئەردىم.
ھەققى كالام، ھەققى تائاملىق بىرلە سىزلەرگە ھەمسۆھ-
بەت ئەردىم. داد سوراغىڭىزلەرنى سورۇدۇم. ھۆكۈمەت
سۈردۈم. ئەمدى سىزلەردىن ئىلتىماسىم ئولكى، ھەرقاي-
سىڭىزلەر كۆڭلۈڭلەر مەندىن ئازوردە بولغان بولسە، مېنىڭ
سەبەبىمدىن قەستەن يا سەھۋەن زۇلۇم-سىتەم يەتكەن بول-
سا، ئەزبىرايى خۇداكەچۈرگەيسىزلەر. مەندىن بىھىل رازى
بولغايسىزلەر. ماڭا تەقدىر ئىلاھى شۇ بۇ ئىكەن. كۆڭلۈم
بۇ دۇنيا فانىنىڭ راھەت-لەززەتىدىن ۋە بىھۇدە مەتلۇب-
لەرىدىن ساۋۇپدۇر. مەيلى ئاخىرەت ئالەمىغە يۈزلەنىبدۇر.
كېرەككى ئۆز جەسەدىمنى ئۆزەم ئاتا-ئەجدادلەرىم ئاياغلى-
رىغە ئىلتكەيمەن. قازاغەرازلىق بەرگەيمەن، مېنىڭ ئور-
نۇمدا فەرزەندلەرىمنى كۆتەرگەيسىزلەر. سىزلەرنى، فەر-
زەندلەرىمنى خۇدارەسۇلغە، ئاتا ئەجدادىمغە تاپشۇردۇم. سىز-
لەر بىرلە ئەلۋىدا ئەلفىراق» دەپ سۆزىنى تامام قىلدىلەر.
ئەمما بۇ جەمىئىدىن فەريادۇ ئەفغان ئۆرلەدىكى ھېچ كىشى ئۆزھا-
لى بىرلە قالمادى. سائەتدىن كېيىن بۇ جەمىئىلەر قوپۇپ
ئەرز قىلدىلەركى: «يا پادىشاھى ئالەم، خۇدايى تابارەك ۋە
تەئالا مۇبارەك بەدەنلەرىغە شىفالىق ئاتا قىلغاي، ھەممىمىز

غۇلام كەتمىگىنلەرىدۇرمىز. بىزنىڭ گەردىنىمىزدە ھەق ھو-
قۇقلىرى باركى بەدىنىمىزدەكى تار مويلارىمىزدىن فۇزۇنراق.
كىرەككى رىزالىقلىرى ھەزرەتلىرى تەرەفلەردىن بولغاي؟
ھەزرەتلىرىنىڭ خوشنۇدلۇقى بىزلەرگە ئىككى جاھاندا ئاب-
رۇي سەرمايەدۇر» دەپ گىريە زارى بىرلە ئۆيلىرىگە يان-
دىلەر. ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ ئەھلى بەيتلىرى
بىلە ھەم ۋىدا قىلدىلەر. ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم،
ھەزرەتى خاجە مۆمىن خاجەمنى ئۆز مەقاملىرىغا تەيىن
ئەيلەپ، كاشغەردە ئىقامەتكە تەيىن قىلدىلەر. ئىككى نۇردى-
دەلىرىكى ھەزرەتى خاجە قۇتبىددىن ھەزرەتى خاجە بۇر-
ھانىددىن ئەردىلەر. بۇ ئىككىلىرىنى ھەمراھ ئەيلەب يار-
كەندكە بارۇرغا تەيىن قىلدىلەر. ئەسباب سەپەرنى تەييار
قىلىب، سەفەرنى مۇھەييا قىلىشنى ئىختىيار ئەتتىلەر. ھەم-
مە ئەھلى مەملىكەت ۋىدا ئەتمەك ئۈچۈن ئەرگەشتىلەر.
بەزىلەرگە نېرى، بەزىلەرگە بېرى رۇخسەت بەردىلەر. ھەز-
رەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم بىرلە ھەزرەتى خاجە مۆئمىن
خاجەمنىڭ پىشانەلىرىگە بۆسە بېرىپ، مۇبارەك كۆزلىرىگە
ياش كەلتۈرۈپ ئەيدىلەركى: «ئى جىگەر پارەلىرىم، سىزلەر-
نى خۇدا رەسۇل، جەد بۇزۇرگۋارلىرىمغە تاپشۇردۇم. دىدار
قىيامەتكە باقى قالدى. نەجافا ۋە جەۋرى باشىڭلىرىغا ۋە
نەچچە تۈرلۈك مېھنەت - مۇشەققەت كېلۇر ئىكىن ۋە قاي-
سى غەم - غۇسسەگە مۇپتەلا بولۇرسىزلەر ئىكىن. قالىن دۇش-
مەن قاتىللار ئاراسىدە قالارسىزلەر. مېنىڭ ماتەمىمنى تۇ-
تۇرمۇسىزلەر ئىكىن ۋە يا ئۆزىڭىزلەرگە كەلگەن بالا ئاپەت
ھەيرانلىقىدە قالۇرمۇسىزلەر ئىكىن؟ نىچۈك جەلاي ۋەتەن
خانە ۋەيران بولۇرسىزلەر ئىكىن ۋە قايسى دۇشمەن خۇن-

خۇارغە ئەسىر گىرىفتار بولۇرسىزلەر ئىكىن؟ ئەمدى سىزلەر-
گە ماتەم مۇسىبەتنىڭ ئىپتىداسى شۇبۇدۇر. گىرىيە زارى
سىزلەرگە فەرز ئەين دۇر».

بەيتى ناسىر ئېلى:

رەفىقەم ئاھ، يارەم گىريەئى داغى دىلەم ھەمدەم،
تەكەللۇف بەرتەرەف ئىي شوخ سۇلايمان ئىنچۇنىن بايەد.

بەيتى ناسىر ئېلى:

ھۇنۇزئىن ئەۋۋەلى ئىشقەست داغۇگىريە كەمتەر كۇن،
كى ئىن توفان رەسۋايىست ئالەم گىرمىگەر دەد. ①

بەيتى نەۋايى:

فىراق كۈنلەرىدۇر كۆزلەر ئەمدى قان يىغلاڭ،
بىلۇرمەسىزكى بۇيۇن نەكىشىدىن ئايرىلەسىز.

ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمە فەر-
زەندلەرىغە ئەلۋىدافى ئامانىللاھ دەب رۇخسەت بېرىپ،
يوقۇرغى يولى بىرلە ياركەند ئەزمىنى ئىختىيار ئەتتىلەر.
ئەمما پەسلى سەرەتان ئەردى. ھاۋا تەپتى زەرھى جەھەن-
نەمدىن خەبەر بېرىپ تۇرادۇر. گوياكى قىيامەت سەھراسى
دەك ئاتەش ناك، كىپەللەرى كۆچەيدى. نەبزەلارى مويىدىن
بارىكراق، تەگدىل بولدىلەر. نە ئىلگەرى يۈرگەيلەر. نە كې-
يىن، يولدا ناچار تەۋەققۇف قىلدىلەر.

---

① يىغا ـ ھەسرەتنى ئازراق قىلغىنكى. بۇ تېخى ئىشقنىڭ ئاۋۋالى، بۇ توپان دۇنيا تۇتقان كىشىنى رەسۋا قىلىدۇ.

بەيتى نەۋايى:

يەتمەكلىك ئىرۇر مۇشكۇل مەقسەدگە نەدىن كىم بارە
كۆز خىرە، تۈن تىيرە، ئات ئاقساق يول تايغاق.

ئەمما ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ تاڭلاسى: «ۋاقىت بامداد سەفەرگە ئەمادە بولۇڭلار» دەپ ئەمر قىلدىلەر. تەبىبلەر نەيزىلەرنى كۆردىكى ئاسار سەھەتلىك ئاندەك زاھىر بولۇپدۇر. ھەممەلەرى ھەيرەتتە بولدىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم ئەلەيھىر رەھمە ئەيدىلەر: «ھەزرەتى ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا فىلجۇملە شىفالىق ئاتا قىلدى. ئۇمىدىم باركى، مېنى مۇنداغ يەردە تەگلىكگە سالماس. ئاپا ئەجدادىم ئاستانەلەرنى كۆزۈمگە سۈرمە ئەيلەپ، ئاكا پادىشاھىمنىڭ دىدارلەرىغە مۇشەررەف بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىنتىقال رىھلەتنى كۆز تۇتارمەن» دەپ ئەزمى راھ ئەيلەدىلەر. ياركەنددىن خەلق دەمبەدەم ئىستىقبال قىلىپ تۇرار ئەردىلەر. ئاخىرۇلئەمر ياركەند شەھرىگە يېقىن يەتتىلەر. ھەممە شاھزادىلەر ئىستىقبال ئەيلەدىلەر. خاھلادىلەركى، ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەنى تەخت رەۋان بىرلە شەھەرگە ئالىپ كىرگەيلەر. ئەمما ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ قوبۇل تۇتمادىلەر. لىباس شاھانە كىيىپ، كەمەر بەندەنى مەھكەم باغلاپ، ئات بادە رەفتارغا سۇۋارە بولۇپ، جەۋلانبازلىق بىرلە شەھەرگە داخىل بولدىلەر. بۇ قىلغان ھىممەت ـ شىجائەتلەرىگە ھەممەلەر تەھسىن ۋە ئافىرىن ئوقۇدىلەر.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ، ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھغە ئوردا سەھنەسىدە مۇلاقات

بولغانلەرى كويا شۇڭا ئوخشاركى، ھەزرەتى يەئقۇپ
ئەلەيھىسسالام، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىسسا-
لامغا مىسىردا مۇلاقات بولغان مەسەللىك ياكى زىمىس-
تان فەسلىدە ئوركار، ستارەلەرى توقال ۋاقتىدا ئايغا مۇ-
قەررەب بولغان مەسەللىك ياكى سەرەتان فەسلىدە ئاي
بىلەن كۆن مۇقەررەب بولغان مەسەللىك ياكى فەرھاد بىرلە
شىرىن بىر مەجلىسدە ھەمنەشىن بولۇپ بىر - بىرلەرىدىن
دىدار جەمالىغا بەھرىمەند بولغان مەسەللىك بۇ ئىككى
ئەزىزلەر بىر بىرلەرى بىرلە شۇنداغ مىھر - مۇھەببەت بىرلە
مۇلاقات بولدىلەركى، مۇنى سۇفەت قىلسە سەھفەئى بەيازغا
ئەسلا سىغماس. بىر - بىرلەرىنى قوچۇشۇپ، بىسيار گىريە
زارى بىرلە پۇرسىشى ھال قىلىشتىلەر. ئاندىن تەمام ئەھلى
ئەيال ۋە ئەھلى بەيت كۆرۈشتىلەر. ئاندىن بىيىگانە كىرگە-
لى ئەسلا يول بولمادى. كىرىپ ساراي ئالدا تەخت ئىز-
زەتىدە بەر قارار بولدىلەر. ئۇمەرا ۋە ئۆلۇمالەر ۋە ھەم
ئەشرەفلەر، ئاكا بىرلار كىرىپ فاتىھە خانىلىق قىلدىلەر.
ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ ۋەقت بىستەرى
بالىن ئۇزرە ئولتۇرۇپ، بىتەرىقى ھىكمەت كىسەللەرىنى پەر-
ۋىش قىلۇر ئەردىلەر. پادىشاھزادەلەر دائىم خىزمەتىدە بول-
دىلەر، زەئىفە پادىشاھلار ئەلئەلخۇسۇس ئۇلۇغ ئەزىزىم ئاتلىغ
بىر ھەمشىرەلەرى باركى بىسيار ساھىبجامال، ساھىب فەرا-
سەت چالاكى سۇخەن فەھىم مۇفىدان ئالىمە شائىر ئەردىلەر.
ھۇنۇز مۇبارەك كاكۇللەرى زۇلفىلىغ مەرتىبەسىگە يەتمىگەن
ئەردى. مۇشكى رەڭدىن كافۇر رەڭلىق دەرىجەسىگە
يۈز كەلتۈرۈپ ئەردى يەئنى مۇبارەك ساچلەرى ماش بۇ-
رۇنجى رەڭ ئەردى، ئۆزلەري ھۇنۇز دامەنى پاكلەرىغا ھىچ

كىرۋە غۇبار يەتمەگەن ۋە ھېچكىمنىڭ دىماغ مەشامىغا بويى
يەتمەگەن، غۇنچە بەدەن پەستەلەرىگە بارە نەسىمى ئەسمىگەن.
كاكۇللەرى زۇلفى زەنجىرىنىڭ ھەلقە دامىغا ھېچ سەددى
ئىلىنماغان ئەردى ۋە شائىرەلىقدە بەھرى تامامىلەرى بار ئەر-
دى. ئەكسەر ھەزرەتى سىددىق خاجەم پادىشاھ شېئىرىنى
بۇلاردىن كەسب تەلىم قىلغۇر ئەردى. ھەزرەتى يۇسۇف خا-
جەم پادىشاھنىڭ ئىككى ئاجىزەلەرى بار ئىدى: بىر - بىر-
لەرىدىن ئافتاپ رەشىك ئىلتۇر ئەردى. يەنە بىرلەرى ماھى
تابان ئەردىلەركى، پەرىلەر خىجالەتدىن تاپ تۇتالماي، كۆھى
قابدا گۇشە تۇتار ئەردى. يەنە بىرلەرىدىن ھۆرى بېھىشت
شەرمەندە ئەردى، بىرلەرىنىڭ ئىسمى شەرىفلەرى زوھرە بې-
گىم ۋە يەنە بىرلەرىنىڭ ئىسمى شەرىفلەرى زۇبەيدە بېگىم.
ھەزرەتى خاجەم پادىشاھنىڭ كىچىك ئوغلانلەرى ھەزرەتى
مۇھەممەد خاجەم پادىشاھ نىسبەت قىلغان ئەردى. ئالتە ئاي-
دىن كېيىن ھەزرەتى مۇھەممەد خاجەم ئىلىغا چىققان
ئەردىلەر.

ئەلقىسسە، بۇ ئىككى ئاجىزە ئۇلۇغ ئەزىزىم پادىشاھ-
نىڭ خىزمەتلەرىدە ئەردى. ھەمىشە بۇ ئۈچ ئەزىزىم ھەز-
رەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھنىڭ خىزمەتلەرىدە كېچە -
كۈندۈز ھازىر ۋە نازىر ئەردىلەر. كېچەلەرى سەھەتلىككە
يۇزلەنمەدى. بەلكى كۆڭۈللەرى بۇ فانى دۇنيادىن ئۈزۈلۈپ،
ئالەمى ئاخىرەتكە زەۋق - شەۋقلەرى كۈندىن كۈنگە زىيا-
دە ئەردى. بەزى ۋەقتىدە ماتە قەددەم بۇزۇرۇكلەر ئەرۋاھلەرى
كېلىپ، تەكلىف ئېتىپ مۇنتەزىر تۇرغانلەرىنى خەبەر بېرۇر
ئەردى. بۇرۇن كاشغەردە كېسەل بولغانلەرىدە ھەم شۇبۇ
تەرىقەلىق ئەرۋاھى تەييبەلەر بىلە سۆزلەشىپ، گاھى كېچە-

لەردە بىرغىنە، خاددىمنى ھەمراھ ئەيلەپ، ھەزرەتى ھىۋسەيىن
فەزلۇللاھ بۇزرۇكنىڭ ئالدىداقى شىبىردە تا ۋەقتى سەھەر
تامامى ئەرۋاھ بۇزۇرگان بىرلە مەجلىس قۇرۇپ، بۇلارنىڭ
مەسلىھەت مەشۋەرەتلەرى بىرلە ئىش قىلۇر ئەردىلەر. بۇ
كىسەللەرنىدەمۇ ئەرۋاھلار ھازىر بولۇپ ئېيتۇر ئەردىلەركى:
«يا فەرزەند، ھەممىمىز سىزگە مۇنتەزىر دۇرمىزكى پاتىراق
بىزگە قوشۇلغايسىز. ھەزرەتى ھەق سۇبھانەۋەتائالانىڭ چەنـ
دان ھېكمەتلەرى باردۇركى، تا مادامكى ھاياتسىز ئول ھېكـ
مەتلەرگە ۋۇجۇدىڭىز مانئىدۇر. ۋۇقۇئىداپىماس لېكىن ئول ئىشـ
لارنىڭ ۋەقتى ياۋۇق بولغاندۇر. كېرەككى سىز ئەمدى بىزـ
نىڭ تەرەفىمىزگە يۈزلەنگەيسىز. كېلىپ سىزگە خەلق قىلغان
مۇقام مەرتىبەگە ساھىبلىق قىلغايسىز» دەپ بىشارەت يەتكۈـ
رۇر ئەردى. ئول جەھەتدىن ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم
پادىشاھنىڭ مەيلى نەزەرى ھەممە ۋەقت ئاخىرەت تەرەپكە
ئەردى. ئەھلى ئالەمگە كۆڭۈل بەرمەي ئۈزۈلگەن ئەردىلەر.
ھەر كىشىگە مۇلاقات بەرمەس ئەردىلەر. ئەمما ئۈچ ئايغىچە
شۇبۇ تەرىقەلىق روزىگار كەچۈردىلەر.

ئەمما قىسسەئى غەمگۇسار داستان ئىشىتمەك كېرەك.
ئىلى مەۋزەئىدىن: داباچى كافىر شول زاماندا قالماقلار تۆـ
رەسى ئەردى. مەملىكەتى بىسيار موزەبزەب فاراكەندە ئەردى.
ئول ۋەجھىدىن ئامۇرسانا دېگەن كافىر غەمۇ تۆرەلىك نىسبەت
بېتەر ئەردى. ئىتائەت ئەيلەمەي دەۋايى تۆرەلىك قىلىپ
خاقانى چىنغە مۇلاقات ئېتىپ، داباچىدىن شىكۋەلەر باشلەـ
دى ۋە لەشكەر ئىلتىماس قىلدى. ئىلى مەۋزەئى مەملىكەتنىڭ
جىزيە، باج خىراجىنىڭ ۋەدىسىنى بەردى. بۇرۇندىن چىن
كافىرلارى ۋە بۇ قالماق كافىرلار ئارالارىدە مۇنازىئەت تەـ

ھامىلەرى بار ئىدى. بىر ـ بىرىنىڭ كەينلەرىدە ئەردى.
لېكىن مەھەل يارى بەرمەس ئىدىكى ئىنتىقاملەرىنى ئالغايلەر.
خاقانى چىن ئامۇرسىناغە ئىلتىفات ئەيلەپ لەشكەر بەردى.
ئامۇرسىنا لەشكەرى چىننى باشلان چۇست چالاك ئىلى مەۋ-
زەئىغە يۈزلەندى. ئىلى ئىچرە ئاۋاز تۈشتى. ئامۇرسىنا
چىندىن لەشكەر ئالىپ كېلۇر ئىمىش، دەپ. بۇ ئاۋازدىن دا-
باچىغە لەرزە تۈشتى، چەراكى مەملىكەتى ئىچرە فاراكەن-
دەلىك، تەپرىقەلىق بار ئەردى. تاقەت قىلمادىكى ئىنىڭ
بىرلە باراۋەرلىك قىلغاي ۋە ئۇتتۇراسىدە لەشكەر سەف تارت-
قاي. ناچار ئۆز مۇقەررەبلاردىن ئۈچيۈز سۇۋارەنى ھەمراھ
قىلىپ قاچىپ كەنارە تۇتتى. ئەمما ئامۇرسىنا لەشكەرى چىن
بىلە كېلىپ ئىلى تەختىغە چىقىپ ئولتۇردى. مەملىكەتنى
تەسەررۇفىغە ئالدى. ئەمما داباچى كافىر ھېچ تەرەفكەبار-
رۇرنىڭ مەسلىھەتنى تاپماي، ئاخىر قازايى ئاسمانى ۋە تەق-
دىرى رەببانى گۈزەرىنى شەھرى ئۈچ تەرەفىگە تۈشۈردى.
جاسۇس ئىبەردىكى: «بىزگە ئۈچ خەلقى يول بېرەدۇرمۇ يا
يوقمۇ؟ ئەگەر باش پاناھ بولسە ئۈچقە كىرسەك. ئەگەر پاناھ
بولماسە كەتسەك» دەپ. ئول ۋەقتىدە شەھرى ئۈچقە خا-
جەسى بەگ ھاكىم ئەردى. ۋەقتنى غەنىمەت بىلىپ جاسۇسنى
ئىلتىفاتقە مالامال قىلدى. ياخشى ئىززى بىلە ياندۇردى.
لېكىن شەھەرنى چەندان مۇستەھكەم مۇكەممەل قىلدىكى،
ھەر بىرلەرى شىرى نەر ۋە ئەژدەر ھەقتە سەرلەرغە پەنجە
ئۇرغاي. بۇلارنى پىنھان مۇھەييا قىلىپ، ئۆزى يۈز كىشى
بىرلە داباچىغە ئىستىقبال قىلدى. چەندان مەكر-ھىيلەلەر
جىلۋە بەردىكى، گوياكى ئاتا ئوغۇلغە، بىر تۇغقان ئاغائى-
نىگە ئوخشە مېھرىبانلىق قىلدىكى سۆفەتكە سىغماس. بۇ

سادده كافىرلار مكىر ـ ھىيلە نى فەھىم قىلالماي شەھەرگە داخىل بولدى. كافىرلار تاما مەسى داخىل بولغاندىن كېيىن، دەرۋازە نى مەھكەم ئېتىپ بەزىسىنى ئۆيدە، بەزىسىنى كوچە- دە مەھبۇس قىلىپ بەندگە سالدى. بۇ ئەسىرلەرنى داباجى باشلىغ ھەممەسىنى تېز-تېز ئىلىغە يەتكۈزۈپ، ئامۇرسىدا باشلىغ چىن لەشكەرنىڭ سەردار ربەئىسلەرىغە تۆھپە تۇتتى. بۇلار بەسى خۇشھال لىققىلىپ داباجىنى خاقانى چىنغە ئىبەر- دى. ئىلىنىڭ مەملىكەت نەۋئى سەرەنجام بەردىلەر. ئەمما ياركەند، كاشغەرنى ئىشتائەتگە كىرگۈزۈپ مۇسەخخەر قىلماق- نىڭ پىيىگە تۈشتى، قالماقنىڭ جۇست جويىغە تۈشتىلەر، مەشۋەرەت ئاراغا سالدىلەر. بەزىلەرى: «لەشكەر كەشلىك مۇشكۇلدۇر، قالماق ئىچى تەفرىقە، چىن لەشكەرى يىراق يولدىن كېلىپدۇر، دەرمانسىز دۇرلەر، ئول يەرگە يەتكۈزمەك بىسيار ھەرەجدۇر. يەنە تەقدىر يەتكۈزگەن بىلە ھەم يۈسۈف خاجەم پادىشاھ بىسيار زېرەك ۋە دانىشمەند كىشىدۇرلەر، تەدبىر فاراسە تلىكدۇر، مۇسۇلمانلار ھالا كامال قوۋەتدە دۇرلەر، بارىپ فەتھى زەفەر تاپماق بەسى مۇشكۇلدۇر. بەلكى شىكەستەنىڭ ئېھتىمالى بار. يىراقى ئول تەرەفدىن قول يىغىلغاي» ئەمما ئابدۇۋاھاپ خاسى بەگ ۋە بىر نەچچە ئىنىنىڭ چۆرىلەرىدىكىلەر مەشۋەرەت ئاراغە سالدىلەركى: «ئارى، لەشكەر يەتكۈزمەك مۇشكۈل، لېكىن بىر ئاسانھى- لەسى باركى، ھەممەدىن بەھرىراق ئولدۇر. سۇرەتى ئولكى كاشغەر خاجەلەردىن ئىلى ئىچرەئىككى خاجە باركى، ھەمە- مە لەرنىڭ پىر پېشىۋاسىنىڭ يادىگاردۇرلەر. ھەممە خەلق ئاتا ـ باباسىنىڭ مۇرىد ـ مۇخلىسلەرىدۇر. ئەلەلخۇسۇس كاشغەر خەلقى ھەممەدىن زىيادەرەكدۇر. چىن لەشكەردىن

بىر سەردار، قالماق لەشكەردىن بىر سەردار تابەلەرى بىر لە
ئەلچىلىك قىلىپ، بۇ ئىككى خاجەنىڭ بىرى قاتىلسە ۋەئىيت-
سىكى: تامام مەملىكەت ئىلى قالماقلەرى تابىئى خاقانى
چىن بولدى. بۇ خاجەلەرنى بۇ شەھەرلەرگە خاجا قىلدى،
دەب شۆھرەت بېردىلسە، ئاق دەستار جەڭ-جېدەلسىز خاقا-
نى چىننىڭ ئىستائەتىگە ئاسانلىق بىرلە كىرەر. مەملىكەت
مۇسەخخەر بولغاندىن كېيىن خاجەلەرنىڭ تۇرار تۇرماسىنى
خان ئۆزلەرى بىلۇر» دەب مەشۇەرەت كۆرسەتتى، ھەممە-
لەرگە بۇ مەشۇەرەت ئىتتىفاق تۈشتى. بۇ مەسلىھەتكە ئە-
مەل قىلىب ھەزرەتى خاجە يەھيادىن، ھەزرەتى خاجە ئافاق
پەرزەندلەردىن، ھەزرەتى خاجە ئەھمەد خاجەم ئىككى قال-
ماقدىن تۇغۇلغان بالانى ساقلاپ ئالىب ئىدىلەر. ئىنى قال-
ماقلار خاجەنىڭ بالاسى دەب ساقلار ئەردىلەر. بەزى كورباتىن-
لەر ھەم خاجەزادە دەر ئەردى. تا نەچچە مۇددەتتىن بىر-
رى ئەسىر ۋارساقلار ئەردى. ئابدۇۋاھاب خاجەسىنىڭ ئىخ-
لاسى ئەقىدەسى بار ئىدى. ئەمما ھەزرەتى ھەق سۇبھانەۋە
تائالا بۇلارنىڭ ئىخلاسلىقلىرىدە چەندان ھېكمەتلەر قىلغان
ئەردى. ئول ھېكمەتلەر بۇلارنىڭ خالاسلىقىغە مۇۋاپىق ئەر-
دى. تا ئۇنىڭسىز مەملىكەت بەرپا ئېمەس ئەردى. بەس
تەقدىر ئىلاھى بىرلە كافىرلار بۇلارنىڭ ئۇلۇغىنى ئىككى
تائىفە ئەلچى كافىرلارغە قوشۇب ئىلىدىن تۈشۈردى. بۇ ئەل-
چىلەر ئاقسۇغە كەلدىلەر. ئابدۇۋاھاف بەگ ئاقسۇ خەلقىنى ئا-
لىپ، ئالدىغا بارىپ ئالىب كىرىپ مېھماندارلىق قىلدى. بىر
نەچچە كۈن ئاقسۇدا تۇرۇپ، ئاندىن ئۇچ شەھرىگە ئۆتتى.
ئۇچدا بىر نەچچە كۈن ئىقامەت قىلدى. ئەمدى كاشغەرغە
بارۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئاراغە سالدىلەر. ھېچكىمدە تاقەت

بولمادىكى، كاشغەرغە بارماقنىڭ مەشۋەرتىنى ئېيتقاي، بەل-
كى: «شۇبۇ ئۈچ شەھەردە ھەم ھەزرەتى يۈسۈپ خاجەمنىڭ
ھەيبەتلەردىن ئامانۋە خاتىرجەم تۇرۇشىمىزنى خۇدا بىلۇر.
چەراكى ياركەند، كاشغەر، خوتەن خەلقى كەمال سەرجەم-
ئىيەتدۇرلەر ۋە ھەم ئەتراف جەۋانىپدەكى قىرغىزلار جەم
بولغان ئەرمىش. ئىسلام ئاچقان ئەرمىشلەر، سىزنىڭ مۇن-
دىن كافىرلار ئەلچىلەرى بىرلە مۇنداغ بىسەرەنجام ئازلەش-
كەر تارتىشمىز بۇ شەھەرلەرنىڭ خاكلەرنى ئاسمانغە سورۇپ،
ھاباتەن مەنسۇر قىلۇرلەر» دەپ شۇبۇ تەشۋىشدىن، غەم-
غۇسەدىن ھەيران ۋە سەرگەردان تۇرغايلەر.

ھىكايەت داستان جان گۇداز ياركەندىن ئىشتىمەك
كېرەك:

ھەزرەتى يۈسۈپ خاجەم ئەلەيھىر رەھمەنىڭ كېسەللەرى
ھېچ ۋەجھى بىرلە بىھبۇدلۇققە ئۆزگەرمىدى. بارغانچە تە-
نەززۇلغە تۈشتى. روزىگار ئالەم ھەر تەرەف ئاتەش فىتنە-
سىگە تۈشتى. ئەنۋائى تۈرلۈك شور ئەنگىز خەبەرلەر يەت-
كۈزدى. بەزىلەر ئېيتۇر ئەر: «ئىلى دىيارى بۇزۇلۇبدۇرمىش،
خاقانى چىندىن لەشكەر كېلىپ، ئامۇرسىنانى ئىلى تەختىغە
ئولتۇرغۇزۇپ داباچىنى شەھرى چىنغە ئىبەرىبدۇرمىش.
ھالا كاشغەر، ياركەندنى مۇسەخخەر ئەيلەمەك ئۈچۈن، لەش-
كەر چىن ئۈچ شەھرى بىرلە كېلىپ ئاقسۇ شەھرىنى مۇسە-
خخەر قىلىپدۇرمىش. ئەمدى بۇ شەھەرلەرگە فەتھ ئۈچۈن
كېلۇر ئىمىش» دەپ شۇم خەبەر تاپتى. بەزىلەر: «يەنە
قالماق باش كۆتەرىپ، لەشكەر بىرلە كېلىپ ئۈچ، ئاقسۇنى ئا-
لىبدۇرمىش» دەپ، بۇ تەرىقەلىق فاساد ئاۋاز سۆزلەر شۆھرەت

تاپتی. بۇ سەبەبتىن ھەممە ئەھلى تەدبىر لەر ۋە ئەھلى مەس-لىھەتلەر جەمئى بولۇپ مەشۋەرەت ئەيلەپ، ھەزرەتى خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋانغە ئەرز ئەيلەدىلەركى: «يا پادىشاھى جاھان پاناھ، بۇ مەملىكەت ئىچرە چەندان شۇم خەبەرلەر باردۇركى، ئىش ئىلاجى ۋۇقۇئ تاپماسدىن ئىلگەرى كېرەك، كېيىن پۇشايمان سۇد بەرمەس. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھىنىڭ كېسەللەرى بىسيار نازۇكدۇر. ئول خەلق لەشكەرى مۇندا كەلسە، بىز لەرنى بىزا بىتتەقى-لۇر ۋە ھەم بەزى دۇشمەن بەددىيانەتلەرنىڭ زەبانى ئۇزرە مەملىكەتدارلىق سۇسلۇق خوپ ئەرمەس. دۇشمەنگە ئۇزىنى غالىپ كۆرسەتمەسلىك سۇننەتدۇر. لايىق سەزاۋار ئولكى لەشكەر جەمئى بولۇپ، ئاقسۇ بىلە ئۇچ ئۇزەسىگە بارسە، ئول مۇسۇلمانلەرغە ھىمايەت بولۇپ، كافىرلار تەسەررۇفلە-رىدىن ئاجراتسە، كافىرلار بىلە سەف-بىسەف مۇلاقات بولسە، ئەگەر مۇسۇلمانلار — لەشكەرى ئىسلام غالىپ بولسە فەھۇۋەلمۇرادكى كافىرلارنى قوزغاپ تا ئىلىغىەيە تە-كۆزۈپ يانارلەر. ئەگەر لەشكەرى كۇففار غالىپ بولسە يا-نىپ كېلۇر. ئەگەر ئارقەسىدىن ئەرگەشىپ مۇندە ھەم كەلسە، بى-قەدرى ئىمكان جەڭ قىلىشا كۆرەرمىز، قۇچا قىلاشىپ، يارىشىپ كۆرەرمىز» دەپ مەشۋەرەتنى بايان قىلدى. ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ بۇ مەشۋەرەتكە سۇكۇت قىلدىلەر، ئۇ-لار مەشۋەرەتنى ھەددىدىن ئۆتكەزدىلەر. نەۋجۇۋانشەھزادە-لەرنى بىسيار دەلىر ۋەراغىبئەيلەدى، سەرىھ جەۋاب بەر-مەدىلەر. بىسيار ئىزتىراپ قىلىپ دالالەت قىلدىلەر. ئۇچ كۈندىن كېيىن بارغاي، دەپ رۇخسەت بەردىلەر. يۇسۇف خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمە شۇ بۇ ۋاقىئەدىن لەشكەرنى ئىشتىپ

مەنئىنى ھەددى نەھايەتگە يەتكۈزدىلەر. ھەرگىز رۇخسەت
بەرمەدىلەر: «ھەد بولماسكى لەشكەرى كۇففار بۇ يەرلەرگە
ئۆزدىچە قەدەم قويالماس. ئەمما بۇ لەشكەر شىكەستە يېسە
ئەرگەشىپ كېلۇر. گوياكى بارىق باشلاپ چىرلاپ كەلگەندەك.
چەراكى بىزنىڭ لەشكەرگە بەزى كىشىلەر ئارالاشدۇركى ئۇ-
لار ئىستىمادىغە يارامास بىۋەفا خەلقدۇرلەر ۋە ھەم كېيىسلىم
قاتتىغدۇركى سەھەتنىڭ ئېھتىمالى يوق. ھالا بۇ لەشكەركە شى-
لىكنىڭ مەھەللى ئەمەسكى، دوستلارنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، دۈش-
مەنلەر شاد. بۇ سەبىر تەھەممۇلنىڭ ۋەقتىدۇر.» دەپ مەنئىگە
دالالەت قىلدىلەر. ھەزرەتى خاجە جاھان قەددەسەللاھۇ سىر-
رەھۇ ھەم قوبۇل ئەيلەدىلەر. لېكىن خەلق ئۆز ئىختىيارىغە
قويمادى. ناچار لەشكەر جار بەردىلەر. ھەزرەتى يۈسۈف
خاجەم پادشاھنىڭ سەمئىلەرىگە ئاگلا تمادى. لەشكەر چۇنان
جەمئى بولدىكى ئەدەدگە ھېسابغا يەتمەگەي. قىرغىزلاردىن
ھەم لەشكەر بىشۇمار جەمئى بولدى. بۇ لەشكەرنى ھەزرەتى
خاجە يەھيا خاجەم باشلاپ باروۇر بولدىلەر. ھەزرەتى يەھيا
خاجەم بۇ ۋەدەدىن ۋۇقۇف تاپىپ ياركەند لەشكەرنى، يې-
گىھىسار لەشكەرنى ئالىپ كاشغەرگە تەشرىف كەلتۈردىلەر.
لەشكەرگە رۇخسەت بەردىلەركى، شەھەرگە مەيل ئەتمەي،
ئارتۇچ يولى بىرلە شەھەرى ئۈچ سارى يۈزلەندى.
ئەمما قىسسە جان گۈداز ھېكايەت شەئبەدە باز ئىشىت-
مەك كېرەك، ياركەنددىن: ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادشاھ-
ئەلەيھىر رەھمە ئالەم فانىدىن ئالەم باقىغە رىھلەت قىلىب،
رۇھمۇبارەكلەرى ئالەمى ئۇلياغا ئەرۇج قىلدىلەر. ھەزرەتى
خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھمە بۇ لەشكەرنىڭ بارىشىنى قوبۇل
قىلمادىلەر. لېكىن غازى مۇرتەد باشلىغ تەمامى ئۈلۈماۋە

ئۈمەرالار ۋە قىرغىزلار بەلكى ھەممە شەھزادەلەر بۇ لەشـ
كەرنىڭ يانماغىنى راۋاكۆرمەدىلەر: «ئۇشبۇ ھالدا بارغانى
بىھـراق تاكى بىزنىڭ ئارامىزدىكى تەفرىقەلىق مەلۇم بولـ
ماسىدىن ئىلگەرى لەشكەر يېتىپ تاقابىل بولسە، ھىممەت
جۇرئەتلەرىگە نۇقسان يېتەر» ھەزرەتى خاجە جاھان جەيىن
مەسلىھەتلەرىنىڭ ئىتتىپاقلەرىدىن باش تارتماي ناچاررىزا
بەردىلەر. دەرھال تەزىيەت ۋە سەلتەنەتنامە پۈتدىلەر. بۇ
نامەنى شەھزادەلەردىن ئۆز دامادلارىدىن سوفى خاجەغە
بەردىلەر. ۋەسىيەت ئەيلەدىلەركى: كاشغەرگە بارىپ بىر
كۈن تۇرۇپ، تەزىيەتنامە ئوقۇپ، تەزىيەت ئەيلەگىل. بىر
كۈن ئاھالى ۋە ماۋالى مەملىكەتنى جەم ئەيلەپ مەنشۇر-
نامە ئوقۇپ، خاجە ئابدۇللانى تەخت سەلتەنەتدە بەرقارار
ئەيلەگەيسىز.

ئەلقىسسە، نەسرۇللا خاجەم ئەسباب ئەزىم سەفەر راست
ئەيلەپ، تېز تۇند كاشغەرغە تەشرىپ ئەيلەدىلەر. ھەزرەتى
خاجە يەھيا خاجەم بىرلە مۇساھىب بولۇپ، شەھەرگە داخىل
بولۇپ، ئوردىغە نۇزۇل ئەيلەدىلەر ۋە تامامى سەرداران
مەملىكەت ھەممە ئىستىقبال ئەيلەگەن ئەردى ۋە ياركەنددىن
بارغان ئۇلۇغلار ھەم خەتمە قۇرئان قىلىپ، دۇئا - تەكـ
بىر ئەيلەدىلەر، بۇ خەتمەدىن ۋەفات مۇسىبەت خەبەرنى
فەھم ئېتىپ يەكبار گىريە ۋە پۇرشۇر ئەيلەدىلەر، ئاۋاز
گىريە فەلەك سەھنىنى پۇر تۇتتى. سائەتدىن باشلاردىن
تەزىيەتنامەنى ئالىپ، ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەمغە تۇتـ
تىلەر. مەزمۇنى ئولكى: «كۇللۇ نەفسىن زائىقە تۇلمەۋت» ①
ھۆكمى بىرلە ھېچ فەرزەندى ئادەم بەلكى ھەممە زىجان

① «ھەر بىر جان ئۆلۈم ئاچچىغىنى تېتىيدۇ.»

بۇ دائىرەئى مەۋتتەدىن باش تارتالماس، قايسى ئەنبىيا ۋە قايسى ئەۋلىيا ۋە قايسى ھۆكۈما ۋە دانا ۋە جاھىل نىجات تاپىپدۇر. ئەجەل ئىلكى ئاڭا دامەنگىر بولادۇر ۋە قايسى نادانلارنى ئايرىپ ئىمتىياز ئەيلەپدۇر، بەلكى. شاھ، گادا، كافىر، مۆئمىننى بۇ بارەدە يەكسان تۇتادۇر. ھېچكىم بۇ كەيفىيەتتى مەرگدىن خالى ئەرمەس. ھالا بىرەۋگە بۇگۈن بولسا تاڭلاسى يەنە بىرەۋگەدۇر.

بەيت

گەرچە ئۆمرى نوھ ھەم بولسە بىرەۋگە بىر كۈنى،
يۈز تۈمەن ھەسرەت بىلەن ناكام ئاخىر كەلگۈسى.

ئى فەرزەند خاجە ئابدۇللا، ئەلھۆكمۇلىللاكى قەزاغە رىزا ۋاجىپدۇر. سەبر تەھەممۇلدىن ئۆزگە ھېچ سۈرەت مەلۇم ئېمەس. بەندەدە نەھەد بولغايكى پەرۋەردىگارنىڭ ئىشىغە ئىتىراز ئەيلەگەي. ھەر نىچە گىريە ۋە زادى قىلغانىنىڭ ۋە يەقا چاك ئەيلەب، يۈزنى خەراش ئەيلەگەنىنىڭ، ئۆزىنى يۈز پارە ئەتكەنىنىڭ ھېچ سورى يوقتۇر. بەلكى بەندەچىلىكگە رىزا ۋە تەسلىم ئەيلەمەگەنىنىڭ نىشانىسىدۇر. ئى فەرزەندە، قىلىچۇملە سۆز ئاقىلغە كىپايەدۇركى، «ئەلئاقىلۇ يەكفىھىلئىشارەتۇ» ① كىبرەككى، ئۆكاڭىز خاجە مۆئمىنغە ۋالىدەڭىز بەيانغە ۋە جەمئى ۋە تاۋابىئلەرگە پەند نەسىھەت بىرلە تەسەللى خاتىر بەرگەيسىز. ۋەقت مەھەل بىسيار تەڭدۇر. قالغانلارنىڭ سالامەتلىكىنى بىسيار غەنىمەت بىل-

① «ئاقىلغە ئىشارەت كۇپايەدۇر.»

گەيسىزلەر. ھەق سۇبھانە ۋەتائالادىن ئۈمىدىم باركى، ئەگەر
جان بەدەن ئىچرەدۇر ھەرگىز سىزلەرنىڭ تەربىيەتىڭىزلەر-
دىن خالى بولماغايمەن. نامە تەمام» بۇ نامە تەسەللىنى
ئوقۇغاچ ھەممەلەرگە قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. گىريە ۋە زار-
دىن فارىغ بولدىلەر. جەمئى ئەزىم ھەم تارقاشتىلار، تائىلا-
سى ئەلەسساباھ نەمام ئەھلى مەملىكەتلەرگە جار بەردىلەر.
ھەممە كاشغەر ئاھالى چوڭ - كىچىك جەمئى بولدىلەر. بۇ
جەمئىنىڭ ئىچىدە ھەزرەتى خاجە نەسرۇللا خاجەم باش-
لارىدىن مەنشۇرنامەنى ئالىب، ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خا-
جەمغە تۇتۇپ بەردىلەر. نامە خۇان بارىپ زىمىن ئەدەپنى
بۇسە قىلىپ، ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەمدىن نامەنى
ئالىب، ئاۋاز بەلەند بىرلە ئوقۇدى. مەزمۇنى شۇبۇكى:
«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم. ئىننى جائىلۇ كەفىلئەرزى
خەلىفە» يەئنى تۇمەن مىڭ ھەمدۇ سەنا ھەزرەتى جەبپار
ئەئزەم ۋە پادىشاھى ئەكرەمنىڭ نىشالەلەردۇركى، سۇلتانى
ئادىل ۋە ئۈمەرائى فازىل ئىھسانى ۋە ئەدلى كەرەمى بىرلە
رەئايا فۇقرالەرنى بۇ ئالەم فانىدە خاتىر جەمئى ئامانلىق بىرلە
تۇتۇپ، تەۋانالەردىن ناتەۋانلەرغە زۇلۇم - سىتەم يەت-
كۈزمەي ئەمنەتدە فارىغلبال ئەيلەدى ۋە ئەدەتىز شۈكرى
سىپاس ئول شاھىنشاھى مۇتلەق ۋە مەبۇدى بەرھەق نىيازىكى،
پادىشاھى ئىسلامنىڭ بۇ ئالەم زاھىردىكى مۇتەبىئەت ۋە
ئىنقىياد ئەيلەگەن خەلق مۆئمىنلەرنى ئاخىرەتدە شۇل پادى-
شاھنىڭ ئەلىيمىنىڭ سايەسىدە جەمئى ئەيلەپ، بىھىشت سارى
خەرام قىلدۇردى. ھەر كىشىكى پادىشاھ ئىسلامغە بويسۇن
سۇنمادى بۇ دۇنيادا باغىلىق بىرلە رەسۋا ئەيلەب، قىيا-
مەت كۈنى يۈزمىڭ ئەزاب - ئوقۇبەتلەرگە گىرىفتار ئەيلە-

دى. چۈنانچە ھەدىس نەبەۋىكى: «مەن ماتتەۋەلھەم يەئ-
رىفۇ ئىمامە زەمانىھى فەقەد ماتە مەيتەتەن جاھىلىيەتەن»
يەئنى كىشىكى ئۆلۈپدۇر تانۇمايدۇ، ئۆز زامانىدەكى ئىسلام
پادىشاھىنى. بەس بىتەھقىق ئۆلۈپدۇر مۇردار جاھىلىيەتدە. يۈز
مىڭ سەلەۋاتبا بەركەت ئول سەييىدى كائىنات ۋە خۇلاسە
مەۋجۇدات يەئنى ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ
ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە سەدەقە فىداسىدۇركى ئىككى ئالەم خەل-
قىنى ھىدايەتكە باشلەدى. ۋەسىراتەل مۇستەقىم يول كۆر-
سەتتى ۋە قىيامەتدە سەرداران مەملىكەت ئادالەت شۇئار
ئۇمەرائى شەرىئەتى غەررا ھۆكمى بىرلە قائىدە قانۇن كۆر-
سەتىپ، مەملىكەتكە نىزام بەردى. سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە ئەلا
ئالىھى ۋە ئەسھابىھى ئەجمەئىن. ئەمما بەئد: ئادىمان كاش-
غەر دانا بولۇڭلار! سالھاي سال ئەردىكى كافىرلار ئىنتائەتىدە
روزىگار كەچۈرگەن ئەردۇك، بىر نەچچە مۇددەت بولۇپدۇر-
كى، ئەلھەمدۇلىللا ئىسلام ئەلەمىنى باشىمىزغە تارتىپ، ئائى-
نەئى دىن ۋە مىللەتنى تازە ئەيلەب، بۇ دىيارلارنىڭ ھۆكۈمەتىنى
ھەزرەتى ھەق سۇبھانەۋەتەئالا ھالا بىزلەرگە ئەتا ئەيلەب-
دۇر. يۈسۈف خاجە قىبرىنداشىم بەندەچىلىكنى بەجا كەلتۈ-
رۈپ، جان ئامەنەتنى ساھىبىغە تاپشۇردى. ئەمدى نۇردىدەئى
جىگەر پارەسى فەرزەند خاجە ئابدۇللانى تەخت سەلتەنەتكە
لايىق كۆرۈپ، پادىشاھ خاجە ئات بەردۇق. ھەر كىشىكى
بۇ پادىشاھ خاجەنىڭ ئىتائەتىگە داخىل بولۇپدۇر دۇنيا ۋە
ئاخىرەتنىڭ سەرمايە ئىززەتىگە داخىل بولۇپدۇر ۋە نىجات-
لىق تاپىپدۇر. ھەر كىشىكى ئىنىڭ ئىنائەتىدىن باش تارتىپ-
دۇر بۇ دۇنيادا غارەت ۋە تاراجغا ۋە ئەھلى ئەياللارىنىڭ
ئەسىرلىكىگە ۋە قەتلىگە ئۆزىنى راۋا تۇتقاي. خۇدا رەسۇل،

ئابا ئەجدادىم قاشىدا شەرمسار بولۇپ، گىرىفتار جەھەننەم
بولغاي ۋە يەنە ئولكى، ئى فەرزەندە خاجە ئابدۇللا، مۇ-
سۇلمانلارنىڭ داد-سوراغلىرىنى ئەدالەت بىلە ھۆكۈم سۈ-
رۈپ، شەرىئەتپەرۋەر بولغايسىز ۋە يەنە سىزنى سەردار
لەشكەر بولغاي دەپ ئەردۇك. ھالا بۇرادەرىڭىز خاجە مۆ-
مىن كاشغەر لەشكىرىنى باشلاپ خاجە يەھيا بىلە تېز-
تۇند بارغاي. نامە تەمام.»
بۇ ئولتۇرغان جەمئىي ئەزىم نامە مەزمۇنىغا ئىتائەت
قىلىپ، ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھنى زىلچەئى
كەرىماغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىر تەرەفىنى ھەزرەتى يەھيا خا-
جەم پادىشاھ، بىر تەرەفىنى ھەزرەتى خاجە نەسرۇللا خا-
جەم، بىر تەرەفىنى ھاكىم خوش كىپەكبەگ، بىر تەرەفىنى
ئەئلەم ئاخۇن موللا مەھمۇد باشلىغ ھەممە ئۆلۇمالار كۆتە-
رىپ تەختىسەلتەنەتدە ئولتۇرغۇزدىلەر ۋە ھەممەلەرى يەك-
بارە پايەگاھىغە تۆشۈپ مۇبارەكباد ئەيلەدىلەر. ئۇلۇغ ئىش
قىلغان بۇ جەمئىنى زىيافەت قىلدىلەر. ئەمما ھەزرەتى خاجە
ئابدۇللا خاجەم ھۆكۈم قىلدىلەركى: «تۆمەرالار، ھەر نە بار-
لەرى ئۆز تابەلەرىنىڭ لەشكەرىنى جابدۇپ يۈرسۇنلەر» بەس
تۆمەرالار لەشكەرنى جابدۇپ يۈرۈتتىلەر. ھەزرەتى خاجە
مۆمىن خاجەم ھەم ئامادەئى سەفەر بولۇپ، بەشكىرەم مەۋ-
زەئىدە ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەمىغە قوشۇلدىلەر. ئەمما
بۇ لەشكەرگە سەر ھېساب باردىلەر. چۇنان سەر جابدۇقكى،
گويا بۇ شەھەردەكى ۋەتەنلەرىنى تاشلاپ، ئول شەھەردە
ۋەتەن تۇتادۇرلەر. ھەر كۆچۈردە ئەرتەدىن ئاخشامغە تەبى-
رەيدۇرلەر. شەھزادەلەر مەشۋەرەت قىلدىلەركى، مۇنداغ
ئېغىرلىق بىلە مەنزىلگە يەتكەلى بولماس. ئەلەلخۇسۇس

دۈشمەنگە روبىرو بولغاندا بەرابەرلىك قىلغىلى بولماس دەپ ئەمىر قىلدىلەركى: «ھەر كىشى ئۆزىنى يەڭگىتسۇن» لېكىن لەشكەر ھەر نېچچە سۈبسۈك بار ئەيلەگەندەك بولدى. دەر ھەقىقەت يەڭگىلەنمىدىلەر. ئاخىرۇلئەمر مەنزىل مۇراھىلەتەي قىلىپ، ئاقساي يولى بىرلە شەھەرى ئۇچقە ياۋۇق باردىلەر. ئەمما بۇرھانىددىن ئىبنى خاجە ئەھمۇدا كافىرلار قولىدىن ئاجراپ، گىرىفتارلىقدىن خالاس بولۇپ، ئەيىشى فاراغەتكە مەشغۇل بىخەبەر ئەردى. خاتىرىگە كەچمەس ئىدىكى، كاشغەر ياركەنددىن فىلھال لەشكەر كېلۇر دەپ شۇبۇ بىخەتەرلىكدە گەرد ــ غۇبار پەيدا بولدى. گەرد ئارىسىدىن چەندان پۇركالە ئەلەم زاھىر بولدى. ھەر بىر كىشى مىڭ كىشىگە نىشانە بىرەدۇر بولغاي:

قىتئە

چۈن رەقىبلەر دىللەرى سەدفارە بولدى خەۋفدىن
ئۆرلەگەچ گەردۇ غۇبارى لەشكەرى سۇلتاندىن.
بى خىرەلەردىن كېتىپدۇر ھوش، تەندىن جانلەرى،
بەلكى ئازمىش دىن ئىلە ئىماندىن.

ئەلقىسسە، خاجە بۇرھانىددىن ئۆز لەشكەرىنى جەمئى قىلماققە ئامادە بولۇپ تۇرغاي. ئەمما داستان ئىشتمەك كېرەك: خاجە يەھيا بىرلە خاجە مۆئمىن بۇ سىپاھ لەشكەر بىرلە كېلىپ، ئۇچ شەھرى ئالدىغە مەقدەمى لەشكەر جابەجا ئەيلەدى. مەشۋەرەت قىلدىلەركى: «ئەۋۋەل ئەلچى يىبەرگەيمىز، تاكى ئۆز جاۋابىلەرىدىن بايان ئەيلەگەيلەر.

ئەگەر قوبۇل بەيئەت قىلسە، فەھۇلمۇراد، ئەگەر بولماسە
ئاندىن ئامادە جەڭ بولغايمىز» دەپ كاشغەردىن بەشكېرەم
ھاكىمى مەھرەم بەگنى، ياركەندىن توختى بەگنى، ئۇمەر
مىرزادىن بىر سەردار قىرغىزنى، مۇڭ ئۆرۈغىدىن بىر سەر-
دار قىرغىزنى ھەر قايسىسىنى ئۆز تابە ھەشەمەلەرى بىلە
ئەلچىلىككە ئىبەردىلەر. نامە مەزمۇنى ئولكى: «ئى خاجە،
سىز بىلىك ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ! نەچچە مۇددەتى بىقەرار
غە قەرىنلەر بىشۇمار ئۆتۆپدۈركى كافىر بەدكارلار ۋە
زالىملار قولىدا مۇتابىئەت گەرەھى بىلە قىلىبدۇرمىز، ئولار
ھۆكمىنى بىزلەر ئۆزرە جارى قىلدى. نائىلاج فەمانىنى تۇ-
تۇپدۇرمىز. ھالا ھەزرەتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئالانىڭ فەز-
لى كەرەمى بىرلە بىز مۇسۇلمانلارغە فەتھى نۇسرەت ئاتا ئەي-
لەدى، ئەمدى سىزگە سۆخەن دىلپەزىر ئولكى سىز ھەم كا-
فىرلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئىسلامغە يارى بەرگەيسىز. بۇ شە-
ھەرلەر ياركەند، كاشغەر شەھەرلەرىگە دەرۋازەدۇر، كىرەك-
كى سىزلەر ئۈچ خەلقى ئىسلامغە يارى بەرسەڭىزلەر، مۇن-
دىن ئاقسۇغە ئابدۇۋاھاف بەگ قاشىغە بارساق، ئول ھەم
ئىسلامغە يارى بەرسە، ھەممەمىز ئىتتىپاق ئۈشبۇ شەھەرلەر-
نى مەھكەم قىلساق ۋە كىشى يىبەرىپ كافىرلار ھالىدىن خە-
بەر ئالساق، ئەگەر كافىرلار ئاراسى يا ھەم تەفرىقە پۈر
تەشۋىش بولسە، ۋەقتىنى غەنىمەت ساناپ لەشكەر تارتساق،
ئەگەر فەتھى نۇسرەت يارى بەرسە، كافىرلارنى ئىمانغە دە-
ۋەت قىلساق. ئەگەر ئىمان كەلتۈرسە فەھۇۋەلمۇراد. ئەگەر
ئىمانغە كىرمەسە، بىزەربى تىغ بەزىسىنى ئەسىر، بەزىسىنى
قەتل قىلساق. نەچچە يىلدىن كافىرلار ئاراسىدا ئەسىر گى-
رىفتار بولغان سەييد زادەلەرنى ۋە خانلارنى كافىرلار گى-

رىغتارلىغىدىن خالاس ئەيلەپ، خانلارنى تەخت ـ سەلتەنەتـ
كە ئولتۇرغۇزۇپ ۋە جەمئى خاجالەر بۇرۇنقى تەرىقە قائىدە
بىرلە ھەر قايسىمىز ئۆز ئاتا ئەجدادىمىز ئاياغلەرىدە گۆشە
تۇتۇپ، دۇئاگۇيلۇق تەرىقەسى بىلە تائەت ۋە ئىبادەتكە
مەشغۇللۇق قىلساق ۋە ھەر شەھەر ھاكىملەرى ئۆز مەنسەپـ
لەرىنى ئىسلام تەرىقەسىدە بەجا كەلتۈرۈپ ئەمەل قىلسا ۋە
نەچچە يىلدىن بېرى كافىرلار ئىتائەتىدە قىلغان گۇناھ ئىشـ
لارغە تۆبە ئەيلەب، ئۆمرىمىزنى ئىبنىڭ تەدارىكىدە تەلافەـ
سىدە بەجا كەلتۈرگەيمىز ۋە جىھاد غەزات ئەيلەمەك بىرلە
قارا يۈزىمىزنى ئاقارتساق دەب ھەمىشە فىكىر ـ خىيالىمىز
شۇبۇردۇركىم، كىبرەككى ئى خاجەسى بەگ، سىز ھەم شۇبۇ
ياخشى نىيەتكە ئىتتىپاق ئەيلەپ قوبۇل كەلام قىلغايسىز.
تاڭلا روزى مەھشەردە ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا ھۇزۇرىدە
ۋە جەددى بۇزرۇكۋارىم ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەلـ
لەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا يۈزى قارالىقدىن ئۆزـ
نى خالاس ئەيلەب، غازىلار سەفلەرىدە جايىڭىز بولغاي سىز.
چەراكى ھەدىس نەبۆۋىكى: «مەن ماتە ئەلاما ئاشە ۋە ھەـ
شەرە ئەلاما ماتە» يەنى كىشىكى نە تەرىقەدە زىندەكارلىق قىلسە،
ئوشۇل تەرىقەدە ئۆلار، كىشىكى نە تەرىقەدە ئۆلسە، شۇ تەـ
رىقەسەدە قوپار، ۋە يەنە ھەم «مەن ئەھەببە قەۋمەن فەقەد
ھەشرە مەئەھۇم» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇئەلەيھى
ۋەسەللەم ئەيدىلەر: «بىر ئالەمدە ھەر تەۋمنى دوست تۇتسە، بەس
بىتەھقىق شۇنىڭ بىرلە قوپار» يەنە ھەدىسكى: «مەن بەئەسە
ئەلامەد سەھھەبە» يەئنى بۇ دۇنيادا كىم بىلە ھەمسۆھبەت
بولسە، ئىنىڭ بىرلە قوپار. ۋە يەنە ھەدىسكى: «ئەد دۇنيا
مەزرە ئەتۇلئا خىرەتى» يەئنى بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ تېرىلـ

خۇزارىدۇر، ئاخىرەت ئۈچۈن ئۈزۈقماكاسىدۇر. يەئنى ھەقتە
ئالانىڭ رەھمەتىدىن ئۈمىددار، ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھۇ
ۋەسەللەمىنىڭ شاقائەتىدىن ئۈمىددار بولغان كىمەرسە، بۇ
ئالەمدە ئەمەل سالىھ قىلغاي، سالىھ ئەمەلىنىڭ ئەفزەلى غاـ
زاتدۇر. بەس ئىككى كۈنىلۈك دۇنىيانىڭ راھەتى ئۈچۈن ۋە
ئاسايىشى ئۈچۈن ئاخىرەتىنىڭ ئەبىدەل - ئەبەد ئازاب ئوـ
قۇبەتىگە گىرىفدار بولماغلىق ئاقىللار ئىشى ئەرمەس، كىـ
رەككى ئاقىللار ئىختىيار قىلغاي ئىككى دۇنيانىڭ راھەتى دۆـ
لەتىنى، دۆلەت راھەتى ئىسلامىدۇر. دۆلەتى كۇففار دۆلەت
ئىمەس. چەراكى بىھۇدە ئاقىبەت ۋەيرانىدۇر. ھالا ھەم سىز
قوبۇل ئىسلام ئەيلەب، جان دىل بىرلە ئىستىقبال قىلساڭىز،
قەسەمكى سىزگە ھىچ دەخلە بەرمەي، ئۆز دىيارىڭىزنىڭ ھاـ
كىملىغىنى بىرىپ، بىتەرىقە سىپە سالار ئىسلام ئەيلەب، توغ
نەقىقار ئەلەم، كارناي بەرگۈمىز دۇر ۋە يەنە ھەم فەھىم
فاراسەتىدە مەسلىھەت مەشۋەرەتىدە بىنەزىر ھەم تەڭىڭىز يوق
كىشىدۇرسىز ۋە يەنە ۋەزىر جۈملە تۈلمۈلك ئەيلەب سىزنىڭ
مەشۋەرەت مەسلىھەتىڭىز بىرلە سەرانجام بەرگۈمىزدۇر. بۇـ
رادەرىڭىز ئابىدۇل ۋاھاف بەگكە ھەم شۇبۇ ۋەئدە دۇر ۋە
ئىللا. ئەگەر تابە بولماسىڭىزلەر نەچچە گۈرۈھ لەشكەركى
ياركەند، كاشغەر، يېڭىھسار ۋە نەچچە گۈرۈھ قىرغىزكى قىپـ
چاق، سارىخ قالپاق، نايمان، چوڭ باغىش ئوتتۇز ئوغۇل بۇ
تائىفەلەردىن لەشكەر بىھىساپ ۋە بىئەدەد بىرلە ئۆزىڭىزلەرـ
گە كەلدۈك ۋە يەنە نەچچە مىڭ كىشى بىرلە قوباد مىرزاكى
باھادىر ئاتارلەر ئول ھەم ئارقەمىزدىن كېلەدۇر. بۇ لەشكەر
بىرلە بۇ شەھەرنىڭ گەردىنى ئاسمانغە سورۇپ، خەلقلەرنى
يەسىر ئەيلەگۈمىزدۇر. چەراكى با ۋۇجۇد ئىسلام مۇسۇلمانـ

لاردىن يۈز ئۆرۈپ كافىرلارغا ياۋەرلىك ئەيلەسە، بىسە-
بەبى شەرئەت جائىزدۇركى، ئۇلارنى غارەت-تاراج ئەيلەپ
ۋە ئەسىر قەتل ئەيلەمەك. ئەمدى ئەسباب جەڭگە ئامادە
بولماق كېرەك. تاكى ساقى فەلەك جامى مۇرادنى بىزلەر-
گە تۇتقاي ياكى سىزلەرگە، نامە تەمام ۋەسسالام.

## بەيت

ئى رەقىب كۆڭلى قاتتىغ جەڭنىڭ ياراغىنى تۈزەت،
باۋەر ئەتمەس سەن ماڭا يۈزمىڭ نەسىھەت بى ئەسەر.
تا قاچان تاشدەك كۆڭۈللەر يۇمشاتۇر سۆزلەردىگۈم،
ياكى تەقدىرى ئىلاھىدىن زەفەردۇر يا خەتەر.»

بۇ نامەنى ئېلىپ تەيىن بولغان ئەلچىلەر رەۋان بول-
دىلەر. فىلھال بارىپ نامەنى خاجەسى بەگكە مۇلاقات بول-
دى. خاجەسى بۇرھانىددىنگە ئالىپ باردى. بۇلار كۆردىلەر-
كى، بارگاھى شاھانە بەرپا قىلىپدۇر. لەشكەرلەرى خىتاي،
قالماق ئارالاش، بەزىلەر مۇسۇلمان سۈرەتىدە كافىرلار ئەۋ-
زائى كافىرانە ئۈجب كىردارلىقىدە تۇرلۇك تائىفەلەر كۆر-
دىلەركى، بويى دىيانەت ئىسلام بۇلاردىن كەلمەيدۇ. نا-
گاھ بارگاھ ئىچرە كىردىلەر. كۆردىلەركى، ئوتتۇرادا بۇرھا-
نىددىن ئولتۇرۇپدۇر. ئوڭ سول ئۇمەرايى زالىم شۇئار ۋە
سەردار بەدكىردار ئولتۇرۇپدۇر. فاسىدكەشلەر ۋە قاباھەت
ئەندىشە بىرەھىم قاتىل ۋە گىنە بوي، سەخت دىل، زۇھەل-
فەشانە، مىررىخ سالاپەت ھەم بەد بەخت بەد شەقاۋەت ئىمان
بىدىن خەبەر ئىسلامدىن بىسەبەر تائىفەلەر ئولتۇرۇپ-

دۆرلەر. جاھانى فىتنەۋەردۇر، كىتە بۆلارنىڭ خەبىس با-
تىنلىرىدىن مەۋج ئۇرادەر ۋە پىشانەئى شورلارىدىن توفان -
توفان بۇغزى ھەسەد ۋە ئاداۋەت ئافتاپىدەك زاھىر بولادۇر.
يەنە بۇ تائىفە ئۇلاردۇركى كاشغەردىن شىر مۇھەممەدنىڭ
ئوغلى ئابدۇراھمان، يۇسۇف بەگ، ئابدۇساتتار بەگ، مۇسا
بەگ. خۇدايارنىڭ ئوغلانلەرى مۇھەممەد ئىمىن، ياركەندى-
دىن قارغەلىق مىر نىياز بەگ ئوغلى مىر ئوراز بەگ، دۆلەت
خاجە، ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇۋاھاف بەگ، خاجەسى بەگ، ئىنى-
سى ئۆمەر بەگ. ئابدۇۋاھافنىڭ ئوغلى ئابدۇساتتار تاز،
ئابدۇخالىق بەگ، مۇزەففەر بەگ. ئۈچ بەگلەرى، كۇچا ھا-
كىمى ئاللا قۇلى، مۇھەممەد يار بەگ، سايرام ھاكىمى، دو-
لان ھاكىمى سائادەت توڭگۇز — بى سائادەت. ئىلا بەگلەر-
دىن رەھمان قۇل، فەرمان قۇل تاز، ئابدۇرىھىم بەگ، قىر-
غىز ئابدۇللا بەگ. مۇندىن ئۆزگە ھەممە ئۆمەرا ۋە سىپاھ-
لەر بىسيار دىۋانە ۋەش سوفى نام كافىر بەدكىردارلار تا-
ئىفەلەرى رەھمەتى لەئنەتى ئەجدەر نىياز سوفى، نەشتەر
نىياز سوفى ۋە يەنە جاھىل سۇرەت تۆرلۈك ئاخونلار موللا
ئىۋەر، موللا قۇتلۇغ ساقال كور، موللا بارات كور، قەسىم
كور، مىر نوروز خەزىنچى، سارىخ ياساۋۇل، ئىلياس مىرا-
خور، مۇندىن ئۆزگە ھاممە دەبدەبە تۆرلۈك بىنام سوفى
توڭگۇزلار بىسيار ئەردى. قالماقدىن ۋە ئىكچىن جايساڭ يار-
كەندە قاراخان بولۇپ ئولتۇرغان قالماق ئۇنى ھەزرەتى
خاجە جاھان خاجەم ئەلەيھى رەھمە چىقارىپ قويا بەرگەن
ئەردىلەر. ئۇشول بىر مىڭ قالماق بىرلە ئامۇرسىنا يارلىغ
بىرلە كەلگەن ئەردى. خاقانى چىنىنىڭ لەشكەرىدىن تۇرۇم-
تاي كۆكەك ئاتلىق بىر كىشى بىر گۇرۇھ تائىفەلەر بىرلە

كەلگەن ئەردى. ئۇشبۇ جەمئى ئىچرە بۇ مەزكۇر ئەلچىلەر كېرىپ، زېمىنى ئەدەبنى بۇسە قىلىپ، نامەنى تۇتۇپ بەردى. ئوقۇپ مەزمۇن نامەنى ئېشىتىپ ھەممەسى مەسخىرەگە زابان ئاچتىلەر: «بۇ ياركەند ئىسھاقىيە خاجالەرى خىيالى خام بىرلە بۇ يەرلەرگە كېلىپدۇر. ئۆزلەرىنىڭ ئىستىداد چاغىنى بىلمەيدۇر.

### بەيت

نامەئى ئەزھەدى خۇد ھەددى كامالەست بەس،
ساھىب كارمۇلك بى زەۋالەست بەس.①

ئەگەر بۇلار بۇ ۋاقىتتادىن بىخەبەر بولغايلاركى، ئامۇرسىنا خاقانى چىن قاشىغە بارىپ، خىتاي لەشكەرىنى كەلتۈرۈپ، ئېلى تەخت سەلتەنەتى ئۈزرە تۆرەلىك مۇقامىدە ئولتۇردى، داباجى ئۇچقە كەلگەن ئەردى، ئۇنى تۇتۇپ سىلسىلە بىلەن خانى چىنغە يەتكۈزۈلدى. ئېلى ئىچى ھالا جابەجادۇر. بەلكى نەچچە مىڭ خىتاي ئېلى ئىچرە بەر زىيادەتى مۇھەييادۇر، خاقانى چىن، ئامۇرسىنا بۇ شەھەرلەرنىڭ خاجەلىغىنى، سەلتەنەتىنى بىزگە ئىلتىفات قىلدى. بۇ ئىسھاقىيە خاجەلەرنى يار دىيارىدىن ئىخراج ئەيلەب ئېلىغە چىقارۇر بولدى. ئەمدى ئول خاجەلەرگە ئامۇرسىنا خاقانى چىننىڭ يارلىغىدىكى ئىسلامدىن يانىپ، ماگا ئوخشە تابىئى كافىران بولۇپ تەخت سەلتەنەتنى قويۇپ ئېلىغە چىقىپ تۆرەدىن، ئامبانلاردىن ئۆلۈم گۇناھىنى تىلىسۇن. ئەگەر ئانداغ

① ھەر نامىغا ئۆزىنىڭ چېگرىسىنىڭ كامالىتى كۇپايە قىلىدۇ. ئىش ئىگىسىگە بولسا مۈلكىنىڭ زاۋال بولماسلىقى كۇپايە قىلىدۇ.

قىلمىسا، ئىككىنچى جايساڭ بىر مىڭ قالماق لەشكەرى بىر-
لە تۇرۇمتاي بىر مۇنچە خىتايلار بىرلە ئەلچىلىك تەرىقە-
سىدە بەلگۈ بولۇپ كەلدى. ئون مىڭ قالماق چېرىسىكى ئاق-
سۇدا قالدى، بۇلار بىرلە بارىپ خاقانى چىن ئامۇرسىنا يار-
لىغىنى يەتكۈزۈپ، لەشكەر تەقى جەمئىي ئەيلەپ، بۇ خاجا-
لەرنى ئاناسىنىڭ قورساقىدەكىغەچە يارىپ، قويدەك بوغۇز-
لاپ قەتل ئەيلەگۈمىزدۇر. ئەگەر شۇبۇ سۆزگە خىلافلىق قىل-
ساق، خاقانى چىننىڭ غەزىبىگە گىرىفتار بولغايمەن» دەپ
كافىرلار رەسمىچە قەسەمىيات قىلدى.

ئەلقىسسە، بۇ سىياسەت ئەڭگىز ۋە غەزەپ ئامىز سۆزلەر-
نى ئىشتىپ، ئەلچى بولۇپ بارغان بەگلەرنىڭ ۋە قىرغىزلارنىڭ
ھوشى كەتتى. بۇ ئەلچىنىڭ تولاسىدە مېھرى ــ ۋەفا
يوقلۇقىدىن دۈشمەن مەھەل تاپماسلىقىدىن يۈرۈر ئەردى.
ھەزرەتى خاجە يۇسۇف خاجەم پادىشاھنىڭ ۋاپاتلەرى خە-
بەرنى يەتكۈزدى. خاجە بۇرھانىدىن تەرەفىگە قۇۋۋەت بەر-
مەككە سەئيي قىلىب، قوبۇل بەيئەت ئەيلەب ئىتائەت قىلادى.
مەھرەم بەگ باشلىغ بىر نەچچەسى قالماققە باش تۇتۇپ،
ئەسلا ئۇلار قاشىدىن چىقمادى. توختى خەزىنىچى ۋە بىر
نەچچە قىرغىزلار ھەر قايسى ئۆز قەبىلەسىنى باشلاپ، بۇ-
زۇلۇپ كەلمەككە ۋەدە بەردى. ھەزرەتى يەھيا خاجەم بىلە
خاجە مۆئمىن خاجەم پادىشاھنىڭ لەشكەرىگە ئۆزىنى ئالدى.
بۇ شەھزادەلەر بۇلاردىن ۋاقىئە سورىدىلەر، بۇ مەككارنەر
ۋاقىئەنى يۈز ئانچە زىيادە بايان قىلدىلەر. شەھزادەلەر
ھىممەت جۈرئەتلەرى بىرلە تەكەللۇمغە زەبان ئاچتىلەر:
«ئەيىۇھەننىاس! بىزلەر ھەق سۇبھانە ۋەتائالانىڭ رىزالىغى
ئۈچۈن ئىسلام ئاشكارا قىلىب، كافىرلاردىن يۈز ئۆرۈپ،

ئۇلار سارى تېغ تارتىپتىمىز، ئەمدى بۇ قەۋلىمىزدىن ئەگەر-
چە يۈز چەندان بولسە ھەم يانماسمىز. ھالا بىر جاندۇركى
ئەگەر يۈز جان بولسە ھەم خۇدا رەسۇل ھەققىدە ئىسلام
ئۇچۇن فىدا ئەيلەگۈمىزدۇر. ئەگەر بىزنىڭ ئەجەل شەربەتى-
مىز تەقدىر ئىلاھى بىرلە بۇلار ئىلكىدە بولسە، مەرھابا
يۈز مەرھەبا. جەددى بۇزۇرۇكۋارىمىز ھەزرەتى ئەمىرۇل مۆئ-
مىنىن ئىمام ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قالغان ئانا سۈتىدىن
ھالال مىراسىمىزدۇر، ھالال مۇرادىمىزدۇر سىيادەت ئەۋلاد پەيغەم-
بەرلىك ئابرۇيىنى قولدىن بەرمەي، خۇن ئالۇدە تەنلەرىمىز بىرلە
قىيامەت كۈنى شۇ ھەدايى كەر بالا سەفلەرىدە ھازىر بو-
لۇپ، خۇدا ۋە رەسۇل ئالدىلەرىدە ئىنتىقام ۋە خۇن باھايى
شاھادەت تەلەپ قىلغۇمىزدۇر. نەچچە مۇددەت ئەردىكى،
ئىشرەت جامىنى دەۋران گاھى بىرلە سۈرۈپ، ھەم دۆلەت
ئىززەت بۇراقى تەۋسنغە سۈۋارە بولماق تەخت سەلتەنەت
ئۇزە غۇرۇرلۇق دىن بى جاھ قەدەم قويغان ۋە نەفسى سەر-
كەشنىڭ ئىنانىنى قايتۇرماسلىق بىرلە مەسىيەت گۇناھ چىر-
كىدىن بۇ تېنىمىزدە ئەگەر ئالۇدە بولۇپ قالغان بولسا،
شاھادەت سابۇنى بىرلە ئۆزىمىزنى پاك ئەيلەگۈمىزدۇر.

### بەيت

جان فىدادۇر تا شاھادەتنى نەسىب ئەتكەي خۇدا،
كىم ھۇسەينى كەر بەلايىمىدىن ماڭا سۈننەت ئېرۇر.
پاك ئېتەي ئىسيان غۇبارىن نە ئۇچۇن غەملىغ ئۇلاي،
بىر كۈنى ئاخىر بۇ جان تەنگە ئەجەل زەخمەت بېرۇر.

بۇنداغ سىيادەت ئامىز سۆزلەردىن سۆز دەپ بولىماس
بىھۇدەدۇر. خاجە بۇرھانىدىن كافىرلارنى ھىمايەت قىلماي
ئۆزلەرىچە بۇ دىيارلارغە كەلگەن بولىسە، بىزنىڭ قەرىندا-
شىمىز ئەردىلەر. ئۇلارغا كۆز قاراقىدە يول بېرىسپ، بىجا-
نىدىل ئەزاز — ئىكراملەرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، قايىسى شە-
ھەرىنىڭ تەخت سەلتەنەتىنى ئىختىيار ئەيلەسە، ئانىدە بەر
قارار ۋە پايەدار ئەيلەب، ئۇلار خۇشلۇغىن ئىستەپ، بىقەدە-
رى ئىمكان دۇشمەنلەرى دەفئىگە سەئيى كۇشىش قىلغۇمىز
ئەردى. ھالا ئۇلار دىيار ئىسلامغە كافىر لەشكەرىنى باشلاپ
كېلىپ، كافىرلار ئەمرىنى سىياسەت بىرلە يەتكۈزەدۇر. بىز-
لەر قاياشچىلىقتىن بىزاردۇرمىز. شەرىئەت غەررا ھۆكمىگە
تابىئەدۇرمىز. ھەر نېمەرسەكى شەرىئەتتە جائىزدۇر، بىز
ئۇنى راۋا كۆرگەيمىز. ئەمدى بۇ فەلەك دەرۋار ئىنان مۇرا-
دىنى ئۇلار قولىغە بەرگەي، ياكى بىزلەرگە. خاجە بۇرھا-
نىدىن بۇ يەرلەرگە كەلگەندىن بىخەبەر ئەردۇق. بەلكى
بىزنىڭ قەسىردىمىز مۇراد قولىغە كەلىسە، ئۇلارنى كافىرلار
ئىلكىدىن خالاس قىلماق ئەردى. بىزلەر چاغلامايدۇرمىز.
ئۇلاردىن بىزلەر ھەققىمىزدە بۇنىچە بىۋاپالىق جاپالار كەل-
گەي دەپ ئۇمىد يوق ئەردى. ئەمدى قازاغە رىزا بەرمەك-
لىك بىزلەرگە ۋاجىپدۇر. ھەرنە تەقدىردىن كەلسە كۆزدى-
مىز كۆرگەي» دەپ تىغ كىنەنى بەللەرىگە باغلاپ دۇشمەن
سارى مەھكەم يۈز كەلتۈردى.

بەيت

رىزا بەردىم قەزاغە ھەرنەكىم كەلتۈرسە بەختىمدۇر،
قاچانغىچە كۆڭلى قاتتىغ ياردىن ئازار تارتقايمەن.

قىلۇر ئەردىم ۋەفانى كۆپ تەمە، ھەر بىرگە يۈز ئاتىدىن،
كېلۈر بولدى جافالار جەۋرى كۆپ بىزارى بولغايمەن

ئەلقىسسە، بۇ شەھزادىلەر لەشكەرى كەمال سەر جابدۇق ئەسباب ئالاتى ـ ھەرب رەسا ۋە ئات ـ مەركەپلەرى سېمىز، ھېچ كەمسىلسىكلەرى يوق ئەردى. لېكىن كۆڭۈللەرى مەيۇسكى، ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھىمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلەرىنى ئىشىتكەن قالماقلار باش تاقىپ لەشكەر جەمئى ئەيلەگەننى ھەم خىتاي لەشكەرى مۇڭغا يارى بېرىپ، بۇرھانىددىننى باش قىلىپ لەشكەر ئىبەرگەننى ۋە بۇلار سىياسەقلەرىنى ئىشىتسەلەر قالماقنىڭ بۇرۇنقى غالىپلىقى ھالىنى ئاڭلاغان بۇ شەھەرلەر تاقابۇل بولالماسلىقنى كەما ھەققەھۇ كۆرگەن ۋە بىلگەن باۋۇجۇد ئۇنىڭ ئۆزەسىگە قالماقلار كەلتۈرەلمىگەن لەشكەر چىن ھىمايەت بولسە، مۇنداغ ئارقەسى ئۇلۇغ ۋە بۇنيارى لەشكەرگە جۈرئەت قىلىپ، بەرۇ بولماقنىڭ ئاقىبەتى نېچۈك بولۇر ئېكىن؟ دەپ ھەممە كۆڭلىگە تەشۋىش يۈزلەندى. ئەلەسخۇس قىرغىزلار، قالماقلار زەربىلەرىنى بىسيار يىگەن، بۇلارنىڭ ھېس ھەركەتلەرى قالمادى. پۇراد تەمەلەرى ئولجە غەنىمەت ئەردى ۋە بۇ قالماقلاردىن ئولجە ئالماقتىن تەمە مۇنقەتي قىلدىلەر. ئەمما خاجە بۇرھانىددىن بۇ ئەلچى بولۇپ بارغانلارغە بىسيار ۋەدە بەرگەن ئەردى: «ئەگەر سىزلەر دەلالەتسىزلەر بىرلە ئول تەرەف لەشكەردىن خاھى قىرغىز، خاجە بۆلەك كىشى بىزلەرگە يارى بەرسەلەر خانىغە، تۆرەگە خەت سۈنۈپ، تامامى مەملىكەتىنى ئۇلارغا تاپشۇرالى. خاقانى چىن تۆرەدىن ئىنئام ـ ئېھسان ئالىپ بېرەلى ۋە دۇنيا پاراۋان

بىلەن پۇشتىدىن تاپۇشتىغىچە قالغۇنچە مال پاراۋان بېرىپ
غەنى قىلالى. ئەگەر ئات باشىچە ئولجە غەنىمەت ئالسە،
ھېچ كىشى تەنە تەئەررۇز قىلماسۇن. كاشغەر، ياركەنددىن
ھەر كىشى تۆرەنى، خاقاننى، بىزنى دېسە ئاتا ئىنئام ئېھ-
سان بەرمەك بىرلە مەنسەپ ئالى بېرەلى. يەتتە پۇشتىغى-
چە قىزدىل تامغە بىرلە تەرخانلىق نىشان بېرەلى» دەپ بە-
زى ئەلچىلەرغە رۇخسەت بېرىلگەن ئەردى. بۇ بەد دىيانەت
ئەلچىلەر شۇبۇ ۋەدىلەرنى لەشكەرگە بايان ئەيلەمەك بىلە،
بەزى ئىمانى سۇست كىشىلەر ئىسلامى زەئىفلەرنىڭ كۆڭلى
ئول تەرەفكە مايىل بولدى. ئەلەلخۇسۇس بۇ نابكارلار جان
دىللەرى بىرلە مائىل بولدى. ئەمما بۇ خەبەر شۇم ھەمە-
مە لەشكەرگە ئاڭلانىپ، مەسلىھەتلەرى قارار تاپىپ بۇزۇل-
غۇنچە، بۇرھانىددىن لەشكەرنى ئۇرۇپ كۆشتە - پۇشتە ئەيلەر
چىقاردىلەر. نەچچە مەرتىبە ئۈچ دەرۋازەسىغە قوغلاپ بار-
دى. ئاتا نەچچە قالماقدىن يەرلىكدىن بولۇپ يىگىرمە بىر
تەن دەرەكەئى دوزاقتا قارار ئالدى ۋە نەچچە تەن جارا-
ھاتدار بولدى. چەراكى بۇلارنىڭ ئاتلارىنىڭ تولاسى ئو-
رۇق، ئەسباپلەرى ناچار ئەردى. يېقىن ئەردىكى، بۇلارنى
بىر ساتەتدە زىر ۋۇ زەبەر قىلغاي. لېكىن لەشكەرى ئىسلام-
دىن بىر كىشى دەرىجە شاھادەت تاپىپ ئەردى. ئۇشبۇ ھا-
لەتدە بەزى مەككارلار ھەزرەتى شاھزادىلەرگە مەشۋەرەت
كۆرسەتتىكى، ئەندەك ئارقەغە يانىپ بەرسەك تاكى ئۈچ
لەشكەرى ئىلگەرەك كەلسە، ئاندىن سوڭ قورشاپ ئالساق، بىر
كىشى ھەم خالاس بولماس دەپ ماقول قىلدى. لەشكەر ئەن-
دەك كېيىن ياندىلار. تاغلىقلار ۋەقتنى غەنىمەت ساناپ
موڭ ئۇرۇغى ھۇجۇم بىرلە ئۈچ لەشكەرى سارى ياندى.

ھەر تەرەفدىن سەپنى بۇزۇپ، ئۆچ لەشكەرگە قوشۇلاۋەردى. ھەزرەتى شەھزادىلەر كۆردىلەركى، لەشكەر بۇزۇلدى. ئول تەرەفنىڭ لەشكەرى بارغانچە قۇۋۋەتلەنىپ، ھىمايەتچى زىيادە قىلىپ ئىلگەرى كېلەدۇرلەر. بۇ شەھزادىلەرغە تاقەتى تەۋەققۇف قالمادى. دۈشمەن لەشكەرىدىن زىيادەرەك، ئۆز لەشكەرىدىن غەمناك بولدى. ناچار «ئەلفىرارۇ ممالا يوتاقومىن سۇنەنىلمۇرسەلىن» (بەرداشلىق بېرىشكە بولمايدىغان نەرسىدىن قېچىش پەيغەمبەرلەر سۈننىتىدىندۇر.) مەزمۇنىغە ئەمەل قىلىپ ئارقەغە ياندىلەر.

ئەمما قىسسەئى داستان ئىشىتمەك كېرەك: ئۆچ لەشكەرنىڭ بىر ھەممەتلىرى يۈز بولدى. بەزى ئادەملەر ئارقەغە كىردىلەر. ئانچۇنان كەمىنلار قىلىپ بۇلارنى سايدىلەر، ئاز كىشى خالاس بولدى. بەزىسىنىڭ باشى يورۇق، بەزىسىنىڭ ئەزاسى سۇنۇق، بىرسىنىڭ ئاتى ئاقساق، بەھەزار مۇشەققەتلەر بىرلە، ئالات جەڭلەرىنى تاشلاپ خىمە بەرگاھلارىدىن ۋە زاد راھلە سەفەر جابدۇق ۋە ئوزۇقلەرىدىن ئاجراپ، بەزىلەرى پىيادە، بەزىلەرى بەرەھنە كاشغەرگە كەلدىلەر ۋە نەچچە فىرقە تاغلىقلاردىن بۇ لەشكەر ئىچىدە بار ئەردى ۋە بەزى فىرقەسى لەشكەرى ئۆچقە قوشۇلۇپ قاچىپ، كاشغەر شەھرىگە كەلگۈنچە بۇلاڭچىلىق قىلدى.

بەيت

يۈز تۈمەن لەنەتلەر ئولسۇنكى بۇرەقىبلەر جانىغە،
ھەم قۇرۇپ تۈخمى ھەم ئوت تۈشكەيكى خانۇمانىغە.

ئاشنالىق قىلماڭىز كىم ھېچ ۋەفاسى يوق تۈرۈر،
نە ۋەفاسى بولغاي ئۇلكىم ئەھد ئىلە پەيمانىغە.

نە ھايا قىلغاي خۇدادىن ياكى ئالەم ئەھلىدىن،
ئەيلەمەك تەسدىق ئۈنىڭ ئىسلامى ۋە ئىمانىغە.

تائىتى ئەرمىش ئوغرىلىق ھەم قاراقچىلىق ھۈنەر،
ھەم ھارامخورلۇق قىلۇر ھەم كورنەمەك سۇلتانىغە.

ئاشنالىق دۈشمەنىدۇر، مېھرىبانلىق قاتىلى،
بىرنى تاراج، بىرنى قەتل ئەيلەپ يەنە ئىسلامىغە.

كۆڭلى قاتتىغ شۇملۇغى ئاخىردا قىلغاي شەرمسار،
كۆز تۇتۇپ رەھىمدىن ئول قىزىلمۇق قىلۇر شەيتانىغە.

ھېچ قەۋمى سادىق ئۇشبۇ سۇفەتدە بارمىدۇر،
كافىر تەرسامۇ ئار ئەيلەر ئۇلار قىلغانىغە.

ئەلقىسسە، بۇ ئىككى شەھزادە ئۇلۇغ لەشكەر بىرلە بارىپ، ئاز كىشىدىن شىكەستە يەپ، تەمامى ئەسباب ئالات-تى، خىمە بارگاھلارىنى تاشلاپ ياندىلەرىغە بىسىيار نا-مۇس قىلىپ، ھەزرەتى يەھيا خاجەم پادىشاھ كاتتە يايلاق بىلە فەيزئاباد بىلە ياركەند لەشكەرىنى ئالىپ ياركەندكە يۈردىلەر. ھەزرەتى خاجە مۆمن خاجەم پادىشاھ كاشغەر لەشكەرى بىرلە كاشغەرغە يۈردىلەر. بىرەۋنى ئىلگەرى چاپاغان يۈرۈتتىلەر، ئۇ كېلىپ ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھغە بولغان ۋاقىئەنى بايان

ئەيلەدى. بۇلار ئەزبىرايى غەزەپتىن دەست بەزانۇ سوقتىلەر، خەلق ئارادە نامۇسىدىن فەسىل شادىيانە چالدۇردىلەر. بىلدىلەركى، ھەممە خەلق لەشكەر شىكەستە يەپدۇر. چەراكى ئون سەككىز كۆنلۈك مۆھلەت بىرلە كېتىپ ئەردىلەر. ئون ئۈچ كۆندە بۇ ۋاقىئە ئاڭلاندى. شول كېچەسى ھەزرەتى مۆئمىن خاجەم پادىشاھ ھەم يان ئىشكىدىن شەھەرگە كىردىپ، ھەزرەتى پادىشاھ خاجەمغە ۋاقىئەنى بايان قىلدىلەر. ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ بىسيار فەرىشانلىق بىرلە زەبان ئاچتىلەر: «نەچچە مۇددەت ئەردىكى سەئادەت ئەكبەر بىزنىڭ تەرەپىمىزدە ئەردى. ھالا ئۇنىڭ ئورنىغە نەھۇسەت يۈزلەنگەن مەلۇم بولادۇر. ھەر نەكى قازائى ئاسمانى كەلسە ئاتا رىزادۇرمىز. ھىلە تەدبىر كارغە كەلمەس.

تەدبىر بىلە تەقدىرى خۇدا ئۆزگە بولۇرمۇ؟
تاشنىڭ خېتى يامغۇر سۇيى بىرلە يۇيۇلۇرمۇ؟
بۇ قۇشۇكى ئىنىڭ قەستىدە بولسا سەيياد،
ئۆز مەيلى بىرلە تۇشمەگۈچە قوش تۇتۇلۇرمۇ؟»

دەب ھەزرەتى مۆئمىن خاجەمغە تەسەللىي خاتىر بەردىلەر. ئەمما ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەم ياركەند لەشكەرى بىرلە ياركەندگە باردىلەر. ئۇلار ھەم بىر كىشىنى جاپاغان يۈرگۈزۈپ ئەردىلەر. بۇ ھەم سۈرەتى ھال تەقرىر قىلدى. ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ تولا فەرىشانلىق قىلمادىلەر. «قازاغە رىزا ۋاجىپدۇر. ھەرنەكى تەقدىر ئىلاھىدىن كەلسە، ئۇنى تارتماي ئىلاجى بولماس، بەندەدۇرمىز تەقدىر ئىلاھىغە رىزادۇرمىز» دەب خاتىر بايان قىلدىلەر. ئەمما ئەھلى تەدبىرلەر مەشۋەرەت كۆرسەتتىلەر-

كىم: «مۆڭگۈ ئوتاغىدا ھەرنەگى قالىپدۇر. ئەر كىشىنى ۋاپا-
قىسىنى ئاتلاتماي ئۆچقە بارغان خەلقنىڭ قولى ئىشقە تېپ-
گىسىپدۇر. بىزلەر ئۆچۈن ياخشى خىزمەتلەر قىلىپدۇر. خىش
ئەترەبا — يار ئاشنالارنى مېھمان قىلادۇرمىز ۋە سەرۇپاي
بېرەمىزدۇر، دەپ چىرلاساق كەلگەي، تۇتۇپ قەيدكە تارت-
ساق ئو تاغنى لەشكەر بارىپ تاراچ قىلسە، ئەسىر ئەيلەسە
جەزاسى ئۇشبۇدۇر» دەپ مەلۇم قىلادى. ھەزرەتى خاجەم
پادىشاھ ئىزنى بەردىلەر.

ئەلقىسسە، تاغلىقلارغە قاسىد ئىبەردىلەر. ئۇشبۇ مەز-
مۇن بىلە چىرلاپ كەلدى. تۆت يۈز سۇۋارە ئەرنى ئورداغە
سولاپ قەيد بەندگە سالدىلەر. ئو تاغلارنى لەشكەر بارىپ
تاراچ ئەيلەدى. بەزىسى قولغە تۈشتى، بەزىسى قاچىپ تاغ-
قە ئۆزىنى ئالدى. نەچچە فىرقە كىشىلەر بار ئەردى، تولاسى
قاچتى، ئوغرىلىقچە كېلىپ، ياركەندنىڭ سەھرالەرنى قاب-
راقچىلاپ ئالغالى تۇردى ئەمما ئۆمەرنىڭ ئۇرۇغى ۋەھ-
شەتدىن بەرھەم يەپ كەنارە تۇتتى. لېكىن قاراقچىلىق قىل-
مادى.

ئەمما ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەم خىجالەت بىرلە
كېلىپ، ھەزرەتى خاجەم پادىشاھغە مۇلاقەت بولۇپ تەقسىر
قويدىلەر. ئولارغا ئىلتىپات شاھانە سەرۇپاي ئاتا ئەيلە-
دىلەر. ئەمما ھەمىشە لەرى زەبانى مەلامەتنى بەزلەرغە ئا-
چىپ دەشنامغە ئۇردىلەر. ئەمما بۇلار ھارامزادە مەككار
غەددار ئەردى. مەكر - ھىيلەدىن بىسيار يىغلەدى. ئېيت-
تىلەركى: «ئەي پادىشاھىم، نېچۈك يۈزى قارالىقدۇركى كى-
شى، ئەۋلادى پەيغەمبەردىن يۈز ئۆرىگەي؟ ئىسلامدىن باش
تارتقاي؟ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھەفتاد پۇشتىغە لەنەت ئالغاي؟

بىر نەچچە ئەۋباش يامان خەلق بۇ ئىشنى باشلاپدۇرە
بىز ئۇلاردىن بىزار، خۇدا بىزاردۇر. ھالا ھەم جازاسىنى
بىز بىرالى، ئول قىلغان گۇناھىنىڭ تەداركىنى قىلىپ، بىر
تەرىقە بىرلە ئول خەلققە بىر زەربە يەتكۈزۈپ كەلسە فە-
ھۇۋەلمۇراد. ئەگەر ئۇ ناماسە ئەھلى ئەيالىنى ئەسىر ئەيلەپ
تاراج قىلالى؛ ئوقۇبەتلەر بىلە قەتل قىلالى؛ بۇ تاغدا قا-
چىپ يۈرۈپ قاراقچىلىق قىلادۇرغان خەلقنى بىز بارىپ ئا-
لىپ كېلەلى؛ دۈشمەنگە مۇقابىلە بولالى؛ ئىسلام ئۈچۈن
جان فىدا قىلالى» دەپ يۈز مىڭ ئەھد پەيمانلار بىلە قە-
سەمياد قىلىپ قۇرئان دەرمايان قىلدى. ھەزرەتى خاجەم
پادشاھ بىسيار نەرمدىللىق، ناھايىتى ھىلىم ۋە ھەم كۆڭۈل-
لۈك قىلىپ تەۋەككۇلغە ئېتىقادلىق فەراسەتكۆي ئەزىز ئەر-
دىلەر. بۇلارنىڭ سۆزىنى راست ئەقىدە قىلدىلەر. بەزىلەر
ھەر چەندە مەنئى قىلدىلەر. لېكىن ھەزرەتى خاجەم پادى-
شاھ قوبۇل قىلمادىلەركى: «ھەرگىز مۇسۇلمان ئەھدى فەي-
مانىغە ئەمەل قىلماس بولۇرمۇ؟ ئەلەلخۇسۇس قەسەمياد
قىلغاي، قۇرئان دەرمەيان ئەيلەگەي. ئەگەر ئېنىڭ ئىسلا-
مىدا شەك بولسىمۇ، بىزنىڭ ئىسلامىمىزدا شەك يوق. ئول
قۇرئانغە ئەمەل قىلماسە، بىز تەسدىق ئەيلەيلى، بۇلارنىڭ
ھەرنەكى ئەشياسىدىن ئات - ئۇلاغى ياركەند خەلقىغە تۈشە-
كەن ئەردى. ئۇنى بەتامام تاپشۇرۇپ بېرىپ، تۈزۈمىغە
تاپشۇردۇم. ئابا ۋە ئەجدادىمىزنىڭ رۇھ پاكلارىغە تاپشۇر-
دۇم» دەپ ئۇلارغا رۇخسەت بەردىلەر. ئەمما نىجىس كا-
فىرلار دەرۋازەدىن چىقىپلا بۇلاڭچىلىق قىلدىلەر. قاراقچى-
لىق قىلا باشلاندى. بارىپ تاغ ئىچىدەكى جاماەلەرىغە
قوشۇلۇپ ھۇجۇم بىرلە كېلىپ، ياركەند سەھراسىدەكى

مەزاپاتلارنى تاراج ئەيلەپ ئەسىر قىلغالى تۇردىلەر. مۇسۇلمانلار ھېچ ۋەجھى بىرلە باش چىقارالمادىلەر. ئەمما ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ بىسيار پەرىشان خاتىرە بولۇپ، پەلەككە خىتاب قىلىپ ئېيتادۇرلەركى: «ئى گەردۇن مەككار غەددار، بۇ قەلەمۇن شەئبەدە بازلىق ئەيلەدىڭ. قايسى بىر مېھنەت جەۋرەڭگە تەھەممۇل قىلايىن. قايسى بىر غۇسسە ۋە غەم ھەۋادىساتىنىڭ ۋە ھەر بارانىغە نەدەپ نىشانە بولغاي. قەرىنداشىمنىڭ ماتەم پىراقى ۋە مېھر ئىشتىياقى ھونۇز قىرىق كۈنگە يەتمەي، ئول تەرەپىنىڭ ھاۋاسىنىڭ پىكىر - خىيالىنى ئېيتايىنمۇ؟ يا پەلەك ناپكارلارنىڭ زۇلۇم — ستەملەرىنى ئېيتايىنمۇ؟

## شېئىر

مەن غەرىپ ناتىۋانغە جەۋرى يەتكۈزدى پەلەك،
تاقىتىم يوق ئىشلارنى باشىمغە كەلتۈردى پەلەك.

كاشكى ئۆز باشىمغە بۇ غۇسسە يەتكۈزگەي ئىدى،
يۈز كىشى باشىدىن ئارتۇق غۇسسە يەتكۈزدى پەلەك.

ھېچ بەنى ئادەم ئارا باشىمغە كەلگەن كەلدىمۇ،
جۈملە ئەنۋائى بالا تەنھا ماڭا ئۇردى پەلەك.

ئول شاھەنشاھ ئەرشىغە كەلگەن تۈگەنمەس ئېيتسام،
چۈن شەھىدى كەربەلادىن جەۋرىن ئاشۇردىلەر پەلەك،
كاشكى غەم - غۇسسە ۋاقتىدا قەرىنداشىم يۈسۈپ

خاجە بولغاي ئەردى، بۇ ئاغىر يۈكنى مەندىن كۆتەرگەي ئەردى ۋە ئىلاجىنى قىلغاي ئەردى. ئەمدى مەلۇم بولادۇر بىزنىڭ دەۋرىمىز ئۆتۈپ، نەھۇسەت بىزلەر سارى يۈز كەل-تۈرۈپدۇر، ھەر ئىشنىڭكى قىلادۇرمىز، بۇ ئەكسى نەتىجە بېرا-دۇر، تەدبىر ئىلاج ئەمدى بىزگە تەۋەككۇلدىن ئۆزگە ئەر-مەس. قەزاغە رىزا ۋاجىپدۇر.

بەيت

ھەر نېچە ماڭا جەۋرى — سىتەم كەلسە پەلەكدىن،
نەچارە قىلاي تۇردۇمۇ ھەرگىز يانارىم يوق»

ھېكايەت پەرىشان ھال قىسسە پۇر غۇسسە مۇقاتىل ئىشىمەك كېرەك، ئۈچ شەھىردىن: ئول كۈنكى ئۈچ لەشكە-رى ھەزرەتى خاجە مۆئمىن خاجەم پادىشاھنىڭ لەشكەرىگە شىكەستە بەردى. بىسيار ئولجە غەنىمەتكە مالامال بولدى. ئەسباب جەڭ ۋە خىمە بارىگاھ ۋە نەچچە قاتار تېيۋە ۋە يىل-قى ە زادى رائىلەتى سەفەرگە ساھىب بولۇپ تەخت ئىز-زەتگە بەر قارار بولدى. تابىئە ۋە خادەملەرى بۇ ئەشيا-لارنى كۆرۈپ، كەرامەتى خاجە بۇرھانىددىنغە ھەملە قىل-دىلەر. بىر ئەقىدەلەرى يۈز بولدى ۋە ئىشتىھايى نۇفۇس-لەرىنىڭ كۆزى ئاچىلدى. دۇنيا مال خوشھالىقىدىن مەست لايەئقۇل بولدى.

بەيت

بەخت ئەگەر يارى بېرۇر دەرۋىشنى سۇلتان ئەيلەمىش،
ھەر كۈنى كۈندىن زىيادە ئىززەت فاراۋان ئەيلەمىش.

ئەختەر تاپالمىش ئەگەر ئىمداد قىلمىسە كېچەسىگە،
گەرچە ئول مۇرى زەئىپ، ئانى سۇلايمان ئەيلەمىش.

مەملىكەت ئىچرە شاھىنشاھ ئەيلەب تەنلەرگە جان،
بەلكى جاندىن ئاشۇرۇپ جانلارغە جانان ئەيلەمىش.

ساقىيا ئۈزگىل كۆڭۈل بۇ تەختى بەخت ئەيرۇسىدىن،
شاھنى مۇفلىسى لەھزەدە مۇفلىسنى سۇلتان ئەيلەمىش.

ئەلقىسسە، خاجە بۇرھانىددىننە ئابەۋۇاھاف شەقى ئە-
زەلى بەدكىردار نابىكار ھارامزادەئى رافىزە باشلىغ بىر
نەچچەسى مەشۋەرەتلەر ئاراغە سالدىكى: «ئارقادىن يۈرسەك
لەشكەرىدىن مۇندا بولۇپ قالغانلارنى ۋە يولدا قالغان-
لارنى ھەمراھ ئەيلەپ كاشغەر ئۆزرەسىگە بارساق، ھەممە
قىرغىزلار بىزگە يار بەرەلك ئۈچۈن بىزگە كىرەر، كاشغەر
خەلقىنىڭ تولاسى مۇرىد مۇخلىسدۇرلەر، ئول ھەم بىزلەرگە
ياۋەرلىك قىلغۇر. كاشغەر تەفرىقەلىقدە بىجەئۇ، بىجەلەك فەت-
ھى بولغۇر. ئەگەر بۇ ھالەتدە بارماساق ئۇلار تەفرىقەلىقدىن
خارىج بولۇپ باش تاپىپ بىزلەرگە لەشكەر تارتىپ كېلگۇر-
لەر. بىر مىراقى ئولكى، بىز ئۇلار ئۆزەسىنە بارساق ئامان
بەرمەي شىكەستە بېرۇرمىز. تېزتۇند ئەزم قىلغايمىز. ئەگەر
كاشغەرنى قولغا كەلتۈرسەك، يەركەند شەھرى سەھل ئاسان-
دۇر» دەب مەشۋەرەتلەر ئەيلەدى. بۇ مەشۋەرەت خاجە بۇر-
ھانىددىن باشلىغ ھەممەگە مەرغۇپ تۈشتى. ئوشۇل ساعەت
فەرمان قىلدىكى: «ھەممە خەلق تېز - تۇند ياركەند لەش-
كەردىن تەيپار زادە راھىلە خىيمە بارگاھ بىرلە سەفەر

ئەزمىن مۇھەييا ئەيلەب كاشغەرغە يۈرگەيلەر»
ئەمما داستان فىتنە ئەڭگىز ۋە قىسسە ھايى ۋەھىمە
ئامىز ئىشتىمەك كېرەك، كاشغەردىن — ھەزرەتى خاجە ئاب-
دۇللا خاجەم بىلە ھەزرەتى مۆئمىن خاجەم پادىشاھىمدىن:
لەشكەرلەرى شىكەستە يەپ كەلگەندىن كۆڭۈللەرىگە شىكەستە
يەتتى. مەملىكەت ئىچرە فىتنە ئەڭگىز فاساد ئىشلار يۈز
كەلتۈردى. خاجە بۇرھانىددىن كېلەدۇرمىش دەب خەلق ھەر
تەرەفدىن ئىستىقبالغە يۈزلەندى. مەنئى بىرلە راست كەل-
مەدى. بىرنى مەنئى قىلسە، ئۈنى پىنھان بارغانىنى مەنئى
قىلسە ئاشكارا كېتىپ بارادۇر. ئاشكارا تەنبىھ قىلسەلەر،
پىنھانەن كېتىپ بارادۇر. ھېچ ۋەجھى بىرلە مەنئى راست
كەلمەيدۇر. ئول ۋەقتدە ساھىبقىران غازى ھەزرەتى خاجە
ھەسەن خاجەم ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋانىنىڭ مۇدرىد خەلفە-
لەرىدىن ئاخۇن موللا مەجىدى، ئاخۇن موللا نورۇز باشلىغ
ھەممە يارانلارغە قۇباد مىرزا لەئىنەتىكى ھەزرەتى يۈسۈف
خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمە ۋە رىزۋان نامە بىرلە دەر-
ۋىش باكاۋۇلنى ئەندىجانغە ئىبەرگەن ئەردىلەر. بۇلار بۇ
نامەنى قوبۇل تۇتۇپ تەشرىف قىلغان ئەردىلەر. ئاخۇنلار
داخىل بولۇپ شەھەرگە كىرىپ ھەزرەتى ئابدۇللا خاجەم
پادىشاھغا تەزىيەت يەتكۈزۈپ، قۇرئان خەتمە قىلىب، گىر-
يە زارى قىلدىلەر. تەزىيەت يېڭى باشىن ئۆرلەدى. گويا
قىيامەت تازە بولدى. سائەتدىن كېيىن ھەزرەتى خاجە ئاب-
دۇللا خاجەم پادىشاھ ئاخۇنلەرغە ئىلتىفاتلار قىلىب: «ھەر
قايسىڭىزلار ئۆز تابەلەرىڭىز بىرلە جەمئى بولۇپ قىلانلە-
رىدە سېغىنلەرىدە ئامادە مۇھەييا تۇرغايسىزلەر» دەب سىپا-
رىشلەر قىلدى. قۇباد مىرزانىڭ ئىستىقبالغە خادىملەرنى

بەش كىشى بىرلە رەۋان ئەيلەدىلەر. قالغانلارنى سېپىللەگە ۋە يوللارگە بۆيۈردىلەر.

ئەمما ئىشتەك كېرەك، ئابدۇل مەجىد غەددار مەككار مۇناپىق كور نەمەكدىن، ھەزرەتى يۈسۈپ خاجەم ئەلەيھىرەھمەۋەر رىزۋان ئۆز پەرزەنتلەردىن ياۋۇقراق بىلىپ تەربىيەتلەر قىلىۋر ئەردىلەر. ھەممە ئوردا خادەملەرى مۇنىڭدىن رەشك قىلىۋر ئەردىلەر. ئېيتۇر ئەردى: «ئى پادىشاھىم، ئابدۇل مەجىدكە ئوردا ئىچرە يول بېرىپ تەربىيەت قىلغانلەرى ئاگا ئوخشاركى، ھەزرەتى ئەلى كەرەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ ئابدۇراھمان ئىبنى مۇلجەمنى ئوردىلەردە تەربىيەت قىلىپ، ئاخىر ئىنىڭدىن بىۋەپالىق بىرلە خىيانەت تاپقانغە ئوخشايدۇر. مۇنىڭ چېھرىدا ۋەپانىڭ نىشانەسى بولماس. ئاخىر ھەزرەتلەرى ھەققىلەردە خىيانەت كەلمەي قالماس» دەپ ئەرز ئەتكەن ئەردى. ھەزرەتى يۈسۈپ خاجەم پادىشاھ ھەم ئېيتقان ئەردىلەركى: «ئارى، مەن ھەم بىلەدۇرمەن، دۈشمەن زىيرەك، لېكىن غەرەز فەھىم، شايەدكى ئىش كۆنى مەردۇد قىلغايمىز» دەپ ساقلاغان ئەردىلەر. ئەلھەق مۇنىڭدىن بۆ تەگلىك ھالەتدە بىۋاپالىق سەر ئوردى. ھەممە ئۇمەرالارغە بىۋاپالىق مەسلىھەتنى ئۆرگەتتى شەھزادەلەرگە ھەممەدىن ئىلگىرى يۈز ئۆرۈدى قۇبادغە ئىستىقبال قىلىپ، ھەزرەتى ئابدۇللا خاجەم ئىبەرگەن خادىملەرنى ھەرگىز قۇبادنىڭ گەردىغە يولاتمادى. قۇباد كەمرى خىزمەتنى بېلىگە باغلاغان ئەردى. ۋەسۋەسە بىرلە يولدىن چىقاردى.

### بەيت

ئادەمی شەیتان یۈز چەندان یامان ئىبلىستىن،
بارچە خەلق ئەیلەر ھەزەر ۋەسۋەسەئى شەیتانشەرىدىن.
ھەق دېدى خەنناسىنى شەیتان سۈپەت ئىبلىستىن.
لېك شەیتان ئادەمی شەیتاننىڭ ۋەسۋاسىدىن.

ئەلقىسسە، قۇبادغە چەندان مەنقۇللارىنى كۆرسەتتىكى، ئىنانى ئىختىيارنى قولىغە ئالدى، ئول جۇملىدىن بەزى سۆزى شۇبۇكى: «ئى مىرزا، ھەزرەتى يۈسۈف خاجەم پادىشاھ ئالەمدىن رىھلەت قىلدىلەر، ئەھلى ئەياللەرى بى سەردۇرلەر ۋە يەنە ھەم بۇلار تامام ئەسباب ئالاتى جەڭنى شەھرى ئۇچقا لەشكەر تارتىپ بارىپ، شىكەستە يەپ تاشلاپ كەلدىلەر. قىرغىزلار تامام خاجەبۇرھانىددىنغە كىرىپ كەتتىلەر. كاشغەرلىلەر ھەم تامام يۈز ئۆرۈپ بۇرھانىددىنغە كىردىلەر. ئەگەر سىزلەر بۇلارغا ياۋەرلىك قىلىغان بىرلە بۇلار مەملىكەتدارلىق قىلالمايدۇ. بۇلار بىرلە مۇۋافىق بولۇپ كاشغەرغە ھاكىم بولىشىڭىزدىن خاجە بورھانىددىن بىلە مۇۋافىقەت قىلىپ كاشغەرغە ھاكىم بولغانىڭىز بېھىراقدۇر. چەراكى بۇ شەھزادىلەر شەھەرنى تاشلاپ چىقادۇرلەر. چەڭچىدەلىسىز ھاكىم بولادۇرسىز ۋە يەنە ھەم ئۆلى مۇددەتى مەددىن بېرى ئوردا غە خوش كىفەتلىك بەگگە يىغىلغان ۋە ھەر تابەلەرغە يىغىلغان دۇنيا فاراۋان بار. بۇ مال - دۇنياغە سىز ئىگە بولارسىز. ئولجا سىزنىڭ، دەپ تەدبىر يول كۆرسەتتى. ئولجا غەنىمەتنىڭ ئاتىنى ئىشىتىپ ئەردى ئۇ

كىشى گوياكى ئېرىپ سۇ بولدى. خەيرەت ھىممەتىدىن قالىپ
ئىنسانى ئىختىيارنى تامام بەردى.

بەيت

پەست ھىممەت بارمىدۇر ياۋالار كەبى دەۋران ئارا،
بىۋەفا ۋە جافا بەد ئەھدى بەد پەيمان ئارا،

ھەم نىجىسۇ ھەم خەبىسۇ ھەم ھەرىس ھەم خەبىس
بى ھىممەت، بى مۇرۇۋۋەت، بىھايا شەيتان ئارا.

زالىم خۇنخۇۋار ئېرۇركىم بىر دەرەم ئولجا ئۈچۈن،
يۈز كىشى قەتلىنى كۆزگە ئىلىمغاي مەيدان ئارا.

ئەلقىسسە، مۇنافىق ئابدۇل ئەجدە قىرغىزلارغە شۇ-بۇ مەئقۇلنى ئۆرگەتتىكى: «بىز بۇ ئىككى خاجەلەرنىڭ ھېچ قايسىسىغە دۈشمەن ئەرمەسمىز ۋە ھەر بىرلەرى ئەۋ-لادى پەيغەمبەر ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمدۇرلەر. ھېچ قايسى تەرەفگە ئوق ئاتماي كۈتايە تۇتادۇرمىز» دەپ ھەز-رەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ ئىبەرگەن خادىملەرغە بۇ جاۋابنى بېرىپ ئۆزىنى يىگانەۋار كۆرسەتتى. ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ قۇباد مۇنافىقنىڭ بۇ مىكر ئامىز جاۋابىنى ئىشتىپ، مۇبارەك دىللەرى مەيۇس بولدىلەر. بۇرادەرلەرى بىرلە ھال ئەھۋال بايان ئەيلاشادۇرلەر: «بۇ نېچۈك مۇشكۇللۇكدۇركىم، بىزلەرگە يۈز كەلتۈرۈپدۇر. ئاتامىز مۇسبەتلەرىدىن ھونۇز قىرىق كۈن ئۆتمەي، نە

ھادىسىلە پىش كېلىپتۇر، ماتەم مۇسىبەت داغى ھىجراننى
ئېيتا يىلىمىز يا خانە ۋەيرانلىق خەۋەرىنى ئېيتا يىلىمىز؟ بار
كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋەتى قۇباد دېگەن پەلىددە ئىدى. ئول ئىس-
تىمادغە يارامدى. بۇ كىلەدۇرغان خەلق بىرلە كاللا -
بەر كاللا ئۇرۇشۇپ، بولماغاندا شەھەرنى تاشلاپ چىقىشاق
كېرەك ئىدى. ئەگەر جەڭ - جېدەل قىلىشالى دېسەك لەش-
كەرىمىز بار، ھىماتىمىز يوق. تەمام قىرغىزلار ئۇلارغا يارى
بېرەدۇر. كاشغەرلىك ھەم تولاسى مۇرىد - مۇخلىس، ئۇ-
لارغە كۆڭۈللۈك، بەلكى ئېھتىمال باركى بىزلەرگە قەسد
قىلىپ تۇتۇپ بەرمەگەي. ئەگەر بىر مەرتىبە روبىرو بول-
مايلا تاشلاپ كەتسەك، ئەرەنلىك نامۇسىدىن قورقارمەن،
خەلقنىڭ مەلامەتىنىڭ نىشانى بولورمىز» دەپ بىسيار پە-
رىشانلىق قىلدىلەر.

ئەمما خاجە بۇرھانىددىن كېلىپ ئارتۇچ مەۋزەسىغە
كېلىپ تۈشتى. يەكبارە ھەرنە بارلارى ئالدىغە چىقدىلەر.
ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم تەخت سەلتەنەتدە ئولتۇرۇر-
غە تەرەددۇدلەر قىلىپ، ناچارغە يىرەت جۈرئەت كۆرگۈزۈپ
تۇرغان ھالەتئەردى. ئابدۇل مەجىد گۇستاخانە ئوردا خا-
دىملەرىدىن ئېيتىپ كىرگۈزدىكى: «ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خا-
جەم پادىشاھ ئەمدى تەخت سەلتەنەت مەنسۇبىنى قويۇپ بەر-
سۇنلەر. ئىگەسى كەلدى، ئۆزلەرىنى بىلىپ خالى قىلغايلەر.
ھەممە ئەھلى كاشغەرنىڭ ئارزلەرى ئۇشبۇدۇر. ئەگەر قو-
بۇل قىلماسەلەر خەتەردۇر. ئاقىلغە ئىشارەت كۇفايەدۇر»
دەب سىياسەت ئامىز سۆزلەر قىلدى. ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا
خاجەم پادىشاھ بۇ غەلىز گۇستاخانە سۆزنى ئىشتىپ بىس-
يار پەرىشان بولدىلەر ۋە يەنە ئابدۇل مەجىد مۇنافىق

تۇمەن لەبىدەكى شىبىردە تۇرۇپ راۋاقىقە خىتاپ قىلىپ نادا قىلدىكى: «ئى شەھزادەلەر! ئەمدى تەختنى خالى قىلىپ بەرسۇنلەر. ئىگەسى كەلدى، ھەق، مەركىزىدە تۇرغاي. تەۋەققۇفنىڭ مەنىسى يوق» دەپ ئاۋاز بەلەند بىرلە قىچقاردى. ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ راۋاقدا ئەردى. سەمئى شەرىفلەرىگە تۇشتى. ئوقىيانى قوللەرىغە ئالىپ نەچچە بار كەشىش بەردىلەر. ھازىرلار مەنئى قىلدىلەر. لېكىن بۇ ھەم بىر يەردە قارار ئالماي جەۋلانبازلىق بىرلە تۇردى. ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھلىق قىلىپ ئېيتتىلەركى: «بىۋەفاسەن. بۇ خىيانەت بىۋەفالىقنى بىزلەر ھەقىقىمىزدە قىلاسەن، ئۆزۈڭگە قىلاسەن.

ھەسرائ

ھەرجاكى نەمە خورى نەمەكدان مەشكەن.
(تۇز يېگەن ئورۇننىڭ تۇزلۇقىنى سۇندۇرما!)

بىزلەر ساڭا تۇز بېرىپ ياخشىلىقلار قىلغان. ئابا ئەجدادىم بىرلە تۇزۇمغە تاپشۇردۇم. سەن ئۆز غەرىزىڭدە كېلەدۇرغانلارغە خىزمەت شايەستە قىلادۇرمەسەن دەرسەن. ئىنشائاللا بىزگە قىلغان كورنەمەكلىك شۇملىغىدىن چەندان بەلا ۋە ئافەتگە قالغايسەن. ھەرچەندە فۇشمان نادامەتلەر قىلغايسەن سود بەرمەگسەي، بىزگە بۇ خانەۋەيرانلىقنى خاھلايسەن. ساڭا يۈز چەندان كەلگەي» دەپ نەفەس قىلدىمەر. ئول ئەردىكى، ئۈچ ئايغە قالماي مال ئەشياسىنى تاراج قىلىپ، ئەھلى ئەيالىنى بەزىسىنى قۇبادنىڭ خەلقى

ئەسىر قىلدى، بەزىسىنى ئۆلتۈردى. ئۆزىنى ئىتلاردەك كوچەلەردە باغلاپ يۈرۈپ خارلىق بىلە ھەتتا قىلدىلەر. ئەمما ھەر پۇشمان نادامەتلەر قىلدى، سود بەرمەدى.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەرزىۋان نەچچەند فىكىر خىياللار قىلدىلەر. ھېچ ۋەجھىدە ئىقامەت ۋە يا ئوتتۇرۇ چىقىپ روبىرو بولماقنىڭ سۈرەتىنى تاپمادىلەر. ناچار ۋالىدە بۈرادەرلەرى مەشۋەرەت ئەيلەشىپ، تاشلاپ چىقماقنى قارار بەردىلەر. ھاكىم خوش كىنەكبەگدىن مەسلىھەت سورىدىلەر.

ئول ئېيتتىكى: «ھەق مەسلىھەت ئولكى ئىقامەت قىلماقنىڭ جايى يوق. ئەمدى ۋەقت غەزات مۇسافىرەتدۇر. تەسەۋۋۇر قىلماسۇنلەركى، ئەمدى راھەت ۋە ئاسايىش يوق. يا بۇرۇنقىدەك دۆلەت كامرانلىق سۈرگەيمىز. ئەمدى ۋەقتى ۋىداد ۋە فىراقدۇر ئەمما سەفەر ئىختىيار قىلسەلەر، ھەرگىز ياركەنت سارى خىرام قىلماسۇنلەر. ئاندا جان قۇتقازغالى بولماس. ياركەنت ھەم بىزلەردىن قۇتۇلماس. بەر تەقدىر غالىبلىق بىرلە بۇ جامائەنىڭ قولىغە تۈشسە، ھەتتا جاھادەتتىن قول يىغماس. نەسلى مۇنقەتى بولۇر. ئەلاسى ئولكى ئەندىجان سارى ئەزم قىلسەلەر بىزلەر ھەم خىزمەتلەرىدە بولۇپ ھەمراھلىق قىلساق، بۇلار بىزلەردىن ئېھتىيات قىلسە، ياركەنتگە لەشكەر تارتالماس. شايەد ئۈمىد باركى ئۆز ۋەقتىدە يەنە بىر تەرەققە بىرلە بىز شەھەرلەرنى قولغە كەلتۈرگەلى بولۇر ۋە يەنە ھەم تابىئە خانەداندىن ھەر كىشىكى ئۆلارنىڭ قولىغە تۈشسە قەتلىغە مانىئ بولۇر» دەپ ئەندىجان تەرەفكە بىسيار دەلالەتلەر قىلدى.

## شېئىر

ئەمدى شاھا دەۋرى غۇربەت بىلە ئەندۇھى فىراق،
تەركى شەھەر خانە ئەيلەب ئەزم ئېتتىڭ شامۇ ئىراق.

بىۋەفا دۇنيا ۋە دۇنغە پىشبانىڭ ۋەقتىدۇر،
تاشلاڭىز بۇ كەرۇ فەر ئايۋانۇ، كايۋانۇ رەۋاق.

نەچچە شاھ ناكام ئۆتكەزدى بۇ تەختى سەلتەنەت،
سىزدىن ئۆتسۇن قالسۇن بولسۇن بىرەۋگە ئىشتىياق.

نەچچە يىل ئىشرەت مەيىن شاداب خۇش نۇش ئەتتىڭىز،
نۇش ئېتىڭ ھەم زەھرى زىنھار قىلماڭ تەمتىراق.

نەچچە تۈرلۈك ئاپەت، ئەنۋائى تۈرلۈك ھادىسە.
ئەمدى يوق جاندىن ئىلىككىم ئەلۋىدا ئى ئەلفىراق.

سادىقا بارمۇ دىگىل بۇ ۋەقت ئۈمىدى نىجات،
كىم ھۇجۇم ئەيلەپ رەقىب قۇردىلەر بىزلەرگە تۇزاق.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ ئە- لەيھىر رەھمەۋەررىزۋان خوش كىفەكبەگىنىڭ مەشۋەرەتىن ئاڭلاپ جاۋابىدا ئېيتتىلەركى: «ئى ئۆمەراھاكىم، مەشۋەرە- تىڭىز بىسيار مەرغۇبدۇر ۋە مەقبۇل ئازادە ساۋاپ، لېكىن ئول غەم شەرىف باكام قىبلەگاھىمنى تاشلاپ كەتمەك مەرغۇب

ئىمەس. قىيامەتخىچە كەم دىللىق، كەم ھىممەتلىك، بىۋەفا-لىق تۆھمەتىن قىلىۇرلەر. ھالا سىزلەر بۇ تەرەفكە چىقسالەر، بىزلەردىن رازى بولسۇنلەر. ئۆلارنى نارازى ئەيلەمەك بىزلەرگە ھارامدۇر. ئەمما رىزالىقلەرى بىرلە ئۆلمەكلىك بىزلەرگە ئابرۇي جاھاندۇر.

قىتئە

دۆلەت ئىستەپ ئىستەمەك دۆلەت قۇشىنىك سايەسىن،
تىكسە بىر كۈن كۆك سارى سايەئى دىۋارى بەس.

كۆزۇ كۆڭلۇم خوشلۇقىدىن خال لەبىدىن ئىستەمەك،
ھىجرىدە كۆڭلۇمكى داغى دىدەئى خۇنبارى بەس.»

بۇ جاۋاب بى ئىنايەت بىلەن خۇش كىفەكىبەگ بىلە خەيرديات قىلدىلەر.

ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھ-مە ئۇل كىچەسى ئۆزلەرىنىڭ خاس مەھرەملەرى بىرلە ئەسباب سەفەرنى مۇھەييا قىلىپ، بۇرادەر مەھرەم ئەسرار-لەرى بىلە خەيرداد قىلىشىپ، يان ئىشىك دەرۋازەسى بىر-لە فۇل ھەشەمنى ئالىب، ياركەند سارى خىرام قىلدىلەر.

ھەزرەتى يۇسۇف خاجەمپادىشاھنىڭ ۋەفاتلەرىدىن قى-رىق كۈنگىچە قىرىق كىشىنى تەيىن قىلغان ئەردى. بۇ قىرىق كىشىدىن ھەر كىچەسى نەۋبەت بىلە ئۇن كىشى قونۇپ تىلاۋەت قىلۇر ئەردى. بۇلار ئالتۇنلۇق سارايىنىڭ ئىچىدەكى ھۇجرىدا ئەردىلەر. ئىككى كام قىرىق كۈن بول-

غان ئەردى. ھۇجرانىنىڭ ئىشىكىگە زەنجىر سالىپ چىققان ۋالدىلەر. بۇلار ئەرتەسى ئافتاپ تۇلۇق قىلغۇنچە ئولتۇرۇپ ئەردىلەر. قاراقچى بۇلاڭچىلار كىرىپ ئىشىكلەرنى ئاچىپ ھۇجرىغە كىردىلەر. ئاخۇنلار كۆردىلەركى: ھەر بىرى بىر ئادەمخور، قوللاردا يوغان غۇلدا. يۈرەكلەرىگە لەرزە تۈشتى. بى تەئەللۇق بارىپ بىساتىخانەنى قۇرئان — سىپارەنى تالاپ كەتتى. ئاخۇنلاردىن قۇۋۋەت مەجال كېتىپ قاچىپ چىقتىلەر. كۆردىلەركى: ئوردا ۋەيران بولۇپدۇر. بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق، يەنە بىرىنىڭ يان ياغىچى سۇنۇق. گوياكى چۆل قالغان مەسچىتدەك بىھەزار مۇشەققەت كەنارە تۇتتىلەر. ھالا ھەم ئول جۇملەدىن بەزى ئاخۇنلار باردۇركى ھونۇز بۇ ۋەقتىغىچە زەھرەمىزگە كەلمەيمىز، دەپ ھىندايە قىلاشادۇرلار. ئەمما خەبەردار خەلق دۇنيەغە مالامال بولدىلەر. ئەمما خۇش كىفەكبەگ ھەممە ئەھلى ئەيال ۋە خەيىل خەشەمى بىرلە ئەزمى سەفەر ئىختىيار قىلىپ، سۇ دەرۋازەسى بىلە چىقىپ، تۈمەن يولىدەكى يولچە كېتىپ بارۇر ئەردى. ئابدۇل مەچىد مۇنافىق ھارامزادە سەگ دۈشمەنلەرگە خەبەر بېرىپ، ھازىر قىلغان ئەردى، يەكبارە ئۇلارنىڭ سەزراھىنى ئالىب، ھەمله قىلا باشلەدى. بۇ بىچارەنى بىر ھاك يارىغە سولاپ بىتەمام ئەمۋال ئەشيالارى بىرلە ئەسىر قىلدى. خۇش كىفەكبەگ ئۆزى زەنفەسى بىلە ئونچە كىشى بىلە ئىلگەرى خالاس تاپتىلەر. ئەزدىم شاھ ئاتلىغ بىر ئوغلى يارنىڭ كەۋاكىدە فىنھان بولدى. بىر نەچچە كۈن ئۆزىنى ساقلاپ، بىر نائىنساف خادەمغە ئۇچرادى. نائىنساف كورنەمەك خاجە بورھانىدىنغە تۆھپە تۇتتى. بىر نەچچە مۇددەت تىتىن كېيىن قەتل قىلىب، گۆشىنى پۇشۇرۇپ ناشىتالىققە يېدى.

ئەمما ئابدۇل مەجىد مۇنافىق داغۇلىغە بەردار ئىدى. ھەز-
رەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم شەھەردىن چىقار چىقماس نەق-
قارە شادىيانە ئۇرۇپ ھەممە ئەل بىلدىلەركى: «ئالەم ئۈز-
گىچە بولۇپدۇر» شەھەر ئىچرە چۇنان شۇرىش توشتىكى خو-
رۇكەلان تەشۇىشتە بولدىلەر ۋە بەزىلەرنىڭ كۆڭلى بىسيار
خۇشۇەقت. تاڭلاسى ئەلەسسەباھ ئابدۇل مەجىد باشىغە ئو-
تاغە سالىچىپ، ئوردا ئالدىدەكى سەھنەگە كېلىپ ئۇلۇما ۋە
ئۈمەرالارنى جەمئى قىلىپ ئېيتادۇركى: «ئابدۇل مەجىد مۇ-
نافىق توڭگۇزنىڭ قولىدىن ئىش كېلەدۇرمۇ ئىكەن؟ كۆردى-
ڭىزلارمۇ» دەپ قىلغان ھىيلەلەرنى فەخرمۇ باھات قىلدى.
ئاخۇن ئەئلەم مۇللا مەھمۇد پىنھان ئېيتادۇركى: «ئى رافى-
زە، بىلگەيسەنكى ساڭا نىلار كېلۇر ئىكەن. كەلگۈنچە ئالدى-
راپسەن.

### بەيت

ئىككى ئەيلەرسەن بىرىدۇگە، بىرگە يۈز ئامادە بول،
تائىلىك ئازاردىن يىغ، غۇسسەدىن ئازادە بول.

ھەر كىشى ئازار ئېتەر ئاخىر ئاڭا ئازارى كۆپ،
ياخشىلىقنى پىشە قىل ئالەم ئارا شەھزادە بول»

ئەلقىسسە، ھەممە ئۇلۇما ۋە ئۈمەرا جەمئى بولۇپ بۇرھانىددىننىڭ ئىستىقبالىغە يۈرۈدىلەر. بۇلار مۇلاقات بولۇپ كۆردىلەركى:

شېئىر

ھال ئەھۋال ئۆزگىچە، ئەۋزايى ئەتۋار ئۆزگىچە،
گۇفتى گۇفتار ئۆزگىچە، ئافئالى كىردار ئۆزگىچە.
خادىمى خەيلى ھەشەمنىڭ كارى بارى ئۆزگىچە،
تابىئە مەتبۇئلەرغە رويى دىدار ئۆزگىچە.
پىرۇ، مۇخلىس ئۆزگىچە، ئۇستاد شاگىرد ئۆزگىچە،
ئاشىقانە تالىبى مەھبۇبى دىلدار ئۆزگىچە.
مەسنەدى ئىرشاد تەختى سەلتەنەت خار ئۆزگىچە،
ھەم ئىرادەت ھەم ئىنابەت ۋىردە ئەزگار ئۆزگىچە،
پۇرسەشى ھال ئۆزگىچە، ھالى مۇلاقات ئۆزگىچە.
ئىلتىفاتى، خەيرىباد سادىقا يار ئۆزگىچە.

بۇلار بۇ تەرىقە بىرلە مۇلاقات ئەيلەپ ياندىلەر. تاڭلاسى خاجە بۇرھانىددىن كېلىپ كاشغەر شەھىرىگە داخىل بولدى. تەختكە چىقىپ بەرقارار بولدى. قالماقلار بىرلە چىن ئەلچىسى كېلىپ، كاشغەر شەھرى ئىچرە بىسيار مۇزەبزەب ۋە فەراكەندەلىك ۋاقىئە بولدى. ئەكسەرى خەلقە «قاراتاغى» دەپ تۆھمەت بولدى. بەزى دىۋانە ئاسى سوفىلار ۋە تاغدا جىرىدا يۈرگەن يابا خەلق ئەۋج تاپتى، بۇلاردىن يۈرت خەلقىغە بىسيار تەشۋىش يەتتى. بۇرھانىددىنغە ئەرزىنى يەتكۈزەلمەدىلەر ۋە ھەم نىسبەت مەئاش قەدرىنى كۆرسەتتى ۋە بەزى دانالار كۇفرانە نىسبەت قىلغانلەرىكە تەۋبە تەزەررۇئ قىلدىلەر.

ئەلقىسسە، ئابدۇل ۋاھاف شەقى ئەزەلى بەدكىردار

نابىكار ھارامزادە رافىزە تاغلىق ۋەھمان قۇلى
بىلە كاشغەر ئۆمەرالارى ۋە بىر نەچچە دانا شەككاكلەر
جەمئى بولۇپ مەشۋەرەت ئاراغە سالىدىلەركى: «پەيدەر
پەي لەشكەر ياركەند سارى يۈرسە، ھالا خاجە تەشۋىشدە
دۇرلەر. يۈرەكلەرىدە زىلزىلە، بەدەنلەرىدە لەرزە. شۇ بۇ
ھالەتدە ئارام بەرمەي بارسە، ئاسانلىق بىرلە فەتھى بولۇر.
ئەگەر مۇندىن كېيىن قالسە تەدبىر ئىلاجئەيلەب، بىزلەرگە
نۇقسان يەتكۈزگەلى قەدەم قويارلەر. ئەئلاسى ئولكى كاش-
غەرغە لەشكەر جار بېرىلسە، تېزتۈند ياركەند سارى ئەزم
قىلساقمىكىن» دەپ مەشۋەرەتنى بايان قىلدى. خاجە بۇر-
ھانىددىنغە مەقبۇل بولدى. فىلھال لەشكەر يۈرگەي، دەپ جار
بەردى. قۇباد خاجە بۇرھانىددىنغە ئىستىقبال قىلىپ خىز-
مەت قىلماغلىق ۋەدىسىنى بەردى. بۇرھانىددىن ھەم يار-
كەند فەتھ بولغاندىن كېيىن، كاشغەرنىڭ ھاكىملىغىنى بې-
رەي، دەپ ئەردى. بۇ قۇباد مەردۇدنى سىپەھسالار لەش-
كەر قىلدى. لەشكەرى كاشغەر، ئاقسۇ، ئۈچ، كۇچار، دولان
نەچچە يۈزلىگەن كىشىلەر يەكبارە ئەدەدى بىنىساپ بىرلە
ياركەندكە يۈردىلەر.

ئەمما قىسسە جاھان كۈزەر ۋە ھېكايە داراز ئىشىتى-
گىزلەر ياركەندىدىن، ئاقىلانە پۇر دىل ئاسار ۋە راۋىيانى
گەردۇن دىدە ئەنۋار ئول كۈنىكى ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا
خاجەم پادىشاھ ھەزرەتى خاجە مۆئمىن خاجەم پادىشاھ تابە
مۇئەللىقاتلەرى بىرلە ياركەندگە داخىل بولدىلەر. ھەز-
رەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ ھايات دۇنياۋى تەخت
سەلتەنەتدىن مۇبارەك دىللەرىنى فارىغ ئەيلەدىلەر. ئەمر
قىلدىلەركى: خىمە بارگاھىنى شەھەرنىڭ تاشقا
تىككەيسىزلەر دەپ جەمئى ئەھلى ئايال، خەيلى ھە-

شەم تابەلەرى بىرلە چىقىپ ئاندەبەر قارار بولدىلەر. ئۆمەرا
ۋە غازىللار ھەممە ئۆلىما چوڭ - كىچىكنى جەمئى قىلىپ،
ئۇلۇغ ئاش قىلىب بۆلارنى مېھماندارلىق ئەيلەپ ۋىدائ
خەيرديداد قىلماق ئۈچۈن مۇبارەك زەبانلىرىنى سۆزگە كەل-
تۈردىلەر: «ئەييۇھەننناس! ئى ئۆلىما ۋە ئۆمەراۋە فوزۇلا
ۋە ئىي چوڭ - كىچىكلەر، جان قۇلاغىڭلار بىرلە ئىشتىڭلەر!
نەچچە مۇددەتتىن بۇيان قىرانلار ئۆتتىكى سىزلەر بىرلە
ھەققى تەئام، ھەم كالام بولدۇم. سىزلەر بىلە ھۆكۈمەت
كامرانلىق سۈردۈم. ئازارىكى بىزلەردىن سىزلەرگە يەت-
كەن بولسا قەۋلەن يا فىئلەن خاھى قەستەن خاھى سەھۋەن
كەچۈرگەيسىزلەر، ئىنتىقام تەلەپ قىلغايسىزلەر.
مەن رازى، ئابا ئەجدادىمدىن باشلاپ تا بۇۋەقتىغىچە
سىزلەردىن زەررە چاغلىق خىيانەت بىۋەفالىق
ۋاقئە بولماپدۇر. ھالا ھەم سىزلەرنىڭ مەملىكىتىڭىزلاردىن
ئابادلىق، مەمۇرلۇق خالى بولماغاي. ھەزرەتى ھەق سۇبھا-
نەھۇ ۋەتائالا بەركەت نەسىپ ئەيلەگەي. غەرەز بۇ رىزا-
لىقدىن خاجە ئافاق نەسلىدىن بۇرھانىددىن كېلىپ، خاقانى
چىن ئەلچىسى، قالماق ئەلچىسى بىرلە كېلىپ، كاشغەرنى
مۇسەخخەر قىلىپدۇرمىش. ئېھتىمالى باركى، ياركەندگە قەدەم
قويغاي. بەر تەقدىر قەدەم قويسە، ئارادە جەڭ - جېدەل
ۋاقئە بولۇپ، ئىككى تەرەف مۇسۇلمانلارغە زۇلۇم جەبرۇھە-
رەج بولۇر. ئەگەر ئىتتىفاق قىلالى دىسەك ئەلھەمدۇ لىللا ئىسلام-
دۇرمىز. ئۇلار بىرلە كافىر ئارالاش. ئاخىر ۋەقتىمىزدە
ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ كۇفرىغە تابە بولماغىمىز مۇناسىپ
ئەمەس ۋە ھەم ئۇلار باۋەر قىلماس. ئاخىر جەڭ مۇنازىئەت-
كە تارتۇر. مۇناسىپ ئولكى ئەھلى ئەۋلادىمىز، تابەلەرىمىز

بىزلە ھەج زىيارىتىگە ئەزىم راھ ئەيلەسەك، ئىنشائاللاھ نې-
سىپ قىلغاي. بۇرۇندىن ھەم ھەرەمەين — شەرىفەيىن
كۆڭلۈم كۆشەسىدىن چىقماس ئەردى. لېكىن ۋەقىت يارى
بەرمەس ئەردى. ھالا ياخشى ۋەقتىدۇر. ھەم بائىس ئۇلكى
قەدىم ئەيامدىن ئۇلارنىڭ ئاتا ۋە ئەجدادى بۇ مەملىكەتكە
مۇسەللەت بولسە، بىزنىڭ ئاتا ئەجدادىمىز چىقىپ بەرگەن.
ئەگەر بىزنىڭ تەرەف ئەۋج ئىتىبار تاپىسپ مەسنەدى ئىر-
شاددا ئولتۇرسە ئۇلارنىڭ ئاتا ئەجدادى چىقىپ بەرگەن.
ھالا نەچچە مۇددەت بولۇپتۇر. بىزلە بۇ مەملىكەت ئۈزرە
تەخت سەلتەنەتدە ئولتۇرۇپ ھۆكۈمەت كامرانلىق
سۈرۈپ، ھېچ ئارزۇ تەمەننا قالمىدى. ئەمدى نەۋبەت ئۇلار-
نىڭ.

## بەيت

دەۋرى مەجنۇن گۈزەشت نەۋبەتى ماست،
ھەر كەراپەنج رۇز نەۋبەتى ئۇست①

ئارزۇ تەمەننالارى مۇندىن ئۆزگە ئىمەس. ھەر كىشى
ئارزۇسىغە ۋاسىل بولغانى خوپ ۋە ھەم مەملىكەتنىڭ تەر-
تىبى سەئىد ئەكبەر ئۇل تەرەفدە، نەھۇسەت بىزلەر تەرەفدە
مەلۇم بولادۇر. بىز ئەمدى ئۆزىمىزگە ۋە يا غەيرىگە جەۋرى-
سىتەم يەتكۈزمەگەيمىز. بۇ كىلىمات پۇر تەسىرنى بايان
ئەيلەدى. ئەمما غەرىق - فەرياد فىغانى بۇ جەمئىيەتدىن

① مەجنۇننىڭ نەۋبەتى ئۆتتۈپ كەتتى، نەۋبەت بىزنىڭدۇر ھەركىشىگە بەش كۈن-
لۈك نەۋبەت كېلىدۇر.

فەلەك سەھنىگە ئۆرلەپ، خىمە ۋە خەرگاھ ـ بارگاھ پەركا-
نىنى پۈر تۈتتى. سائەتتىن كېيىن ئاخۇن ئۆمەر باقى باشلىق
ھەممە ئۆلىما غازى بەگ باشلىق ھەممە ئۆمەرا ئېيتادۇرلەر-
كى: «ئى پادىشاھىدىن پاناھ، ھەزرەتلەرىدىن ئايرىلىپ، بىز-
لەرگە ھايات دۇنياۋى ھارام ۋە مەئىشەت ۋە تەمەتتۇئات
روزىگارى ئالەم ھارامدۇر. ئەگەر ئىختىيار قىلسالەر ياركەند
خەلقىنى ھەمراھ ئەيلەسۇنلەر. ھەممەمىز بەيئەت قىلالى.
ئەگەر بىزنى قويۇپ تەنھا سەپەر ھەج ئىختىيار قىلسەلەر،
ئەسلا رىزالىقىمىز يوقكى تاشلاپ كېتەرگە، ئۇلار ھەرگىز بۇ
دىيارلارغا قەدەم قويماسلەر. كاشغەرنى ئالغانلىسەرىغە رىزا
بولادۇر. بۇرۇندىنمۇ ئاتا ـ بابالەرى كاشغەرغىسە رازى بول-
غان. ئول ۋەجھىدىن كاشغەر مەدفۇن قىلىب ياتقان. ياركەند
سىزلەرنىڭ ئابا ـ ئەجدادلارنىڭ ماكانىدۇر. ئول ۋەجھىدىن
بۇ يەرنى ئىختىيار قىلىب، مەدفۇن قىلىب ياتىپدۇرلەر. كا-
فىرلارنى بىزلەرگە قويۇپ بەرسۇنلەر. بىز جازاسىنى بىرالى
ۋە ئەگەر بۇرھانىددىن كافىرلار بىرلە ھەمراھ قەدەم كەلتۈر-
سەلەر بىزلەر ئۇلاردىن ھىچ پەرۋايىمىز يوق. جەڭ قىلىشا
كۆرەرمىز. ئۆلسەك شەھىد، ئۆلتۈرسەك غازى. ھالا بىر جان-
دۇر يۈز جانىمىز بولسە فىدائى ئىسلامدۇر. قوچاغلاشىپ،
قىچاغلاشىپ ئۆلەرمىز، ھەرگىز ياتماسمىز. ئىسلامدىن تانماي-
دۇرمىز. شەرئىدا راۋامۇدۇركى بۇ تەرىقەلىق تۇرغان خەلقنى
ھەرنە بولساڭ بول دەپ تاشلاپ كەتمەكلىك. ئۇلارنىڭ ئەل-
چىسى ۋە يارلىقى بىلە كېلەدۇرغان ئىمىش. ئەگەرچە كافىر
يارلىغى بولماي سادە مۇسۇلمانلار كەلسە ھەم ھۆكمى شەرئى
ئولكى، بىزلەر مۇسۇلماندۇرمىز، پادىشاھىمىز مۇسۇلمان. مۇ-
سۇلمانلار ئۆزەسىگە لەشكەر تارتىپ، جەڭ ـ جىدەل ئەيلەش-

مەكىلىك بىنەسبى شەرئى گۇناھ ئۇلاردىدۇر، سەۋاپ غەزات پەزىلەتى ھەجدىن زىيادەدۇر» دەپ دەلىل - ھۆججەت بۇرھان كۆرگۈزۈپ، ئەھد پەيمانلارنى قۇرئان قەسەم بىلەن يەنە تازە ئەيلەپ سەفەر مەنئى قىلدى.

ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادشاھ بۇلارھۆكۈم شەرئىنى دەرمەيان قىلغانىدىن نائىلاج بىچارەۋار نىيىتى ئىقامەت قىلىپ قازاغە رىزا بېرىپ ھەرنە تەقدىر ئىلاھىدىن پېشە كەلسە، ئاڭا بويۇن سۇنۇپ شەھەرگە داخىل بولدىلەر.

شېئىر

ھەر نەكىم كەلسە قەزادىن باشىمە بولغۇم رىزا،
بولماغاي ئالەمدە ھېچ ئىش زەرۋەچاغلىق بى رىزا.

كى ماڭا تەقدىردۇر يا دۈشمەن ئىلكىدە ئەجەل،
بارمۇدۇر تەقدىردىن قاچىپ قۇتۇلماغلىق راۋا.

نە ماڭا تەنھا ئېرۇر بەل ئەھلى ئەۋلادىم بىلە،
بولغۇمىز مىراس گىرانى شەھىدى كەر بالا.

ۋەقتى ئېرۇر كىم دۈشمەن بولغاي ھەم زىمىنۇ - ئاسمان،
بىر جاۋابى تاپماغۇم گەر ئەيلەسە يۈزمىڭ نادا.

خانۇمانىمدىن كېچىپمەن بەلكى جانىمدىن گويا،
كەلتۈرۈپ يۈز ھادىسە ئەنۋاﺋ تۈرلۈك يۈز بەلا.

تەشنەلەب دۇرمەن، ئېرۇر ئەمدى ماڭا جامى ئەجەل،
ئەشرەبۇ يا ئەجيۇھەلئەتشان ① كېلۇر ھەردەم نىدا.

سادىقا شاھىنشاھا ئەرشتە يەتمىش جەۋرى كۆپ،
ئۈز كۆڭۈل دۇنيا ئىلىدىن بولمە ھەرگىز ئاشنا.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان سەبرە تەھەممۇلنى پىشە تۇتۇپ، تەۋەككۇلنى خۇداغە قىلىپ ياركەند مۇزافات سەھرا خەلقلەرىنى شەھەرگە داخىل ئەيلەب قەلئەدارلىق ياراغىنى راست قىلىپ، قاراۋۇل چەنداۋۇل قويۇپ، ئامادە مۇھەييا تۇرغان ئەردى. خەبەر يەتتىكى: «كاشغەر تەرەفىدىن گەردۇ - غۇبار پەيدا بولدى. ئىنىڭ ئاراسىدىن فەۋج - فەۋج، گۇرۇھ - گۇرۇھ لەشكەر زاھىر بولدى» دەپ. ھەزرەتى خاجا جاھان خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان مەملىكەتنىڭ تەمام كاربارىنى لەشكەر جەڭ قىتال مۇھارىبەنىڭ ھۆكۈمەرانلىقىنى غازىمەككارغە تاپشۇردىلەر. ھەممە ئەر، ھەممە سىپەھسالار ئىسلام لەشكەر ئەيلەب ۋە ھەممە كاربان ياركەند ئاغا ئەنجام تاپتى.

ئەمما ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھغە ھەممە مەلامەت زەبانى ئاچتىلاركى: «مۇنچە ھەم كەم ھىممەت كەم جۈرئەتلىك بولۇرمۇ؟ بىغەيرەتلىك فەلانى يەردە ياغى كېلۇر ئىمىش دەپ يىراقتىن ئىشىتىپ بىلەن ھۈركۈپ ۋە چۆچۈپ قاچىپ كەلگەي. ئىرانلەرگە نامۇس ئەمەسكى بىر پارە، ئىككى پارە ھەملەلىشىپ دۈشمەن تەرەفى غالىپ، قەۋى بولسە

① ئەشرەبۇ يائەييۇھەل ئەتشان — ئىچىڭلار ئەي ئۇسسۇزلار.

ناچار زۆرۇرەتتىن كەنارە تۇتۇپ، ئەزىمەق قىلماق كىرەك، دۆزلارى شىجائەتتىن لاپ - قافلارى بار، ئەمما كىرەك لازىم ۋەقتىدە ھىچ كارغە كەلمەيدۇر» دەپ ھەممەلەرى سەرزەنىشلەر باشلەدى. ئەلەلخۇسۇس بۇ مەلامەت غازى توگگۇزدىن زىيادەرەك چىقىشقا تۇردى.

ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادشاھ بىلە ھەزرەتى خاجە مۆئمىن خاجەم پادشاھ بۇ مالامەت خىجالەتتىن بىلىش كۆتۈرە لمەيدۇرلەر. گۇناگۇن پەرىشانلىق ۋە خاتىر مالالليق يېتەر ئەردى.

## بەيت

قايسى بىر دەردىم بايان ئەيلەيكى قايسى كۆلفەتى،
بىلمامەن ئايا كەلمەگەي مۇنداغ بىرەۋگە مىھنەتى.

ماتەممى ئېيتايىنمۇ كىم مۇسبەت غۇسسەسى،
يادەينىمۇ خانە ۋەيرانلىق بالا ۋە شىددەتى.

بارچە غەم بىر سارى ۋە بىغەم رەقىب تەگى دىل،
يەتكۈرۈر ھەردەم مەلامەتلەردىن تۆمەنمىڭ زەخمەتى.

سادىقا شەھزادەلەرگە يوق جەفايى قالدىمۇ،
نى ۋەفا قىلدى ماڭا خەيالى ھەشەمنىڭ دۆلتى.

ئەلقىسسە، كاشغەر لەشكەرىدىن سەردار فەۋج - فەۋج ياركەند ئۆزرە كېلىپ تۇردى. بۇ كەلگەنلەرنى ھەم تۇتۇپ

ئەسىر ئېلىپ، ياركەند ئىچرە قەسەيدگە تارتىشلەر. تا ئۇن
كېچە شۇبۇ سۈرەتلىك بولدى، ھەتتاكى ئەسىرلەر بەش-
ئاللە يۈزگە يەتتى. ئونىنچى كۈنى دەبدەبە ئەسئەسە بىرلە
بۇرھانىددىن كەلدى. تەممەم ئۇمەرالەرى ھەم كەلدى. ھەز-
رەتى خاجە يەھيا ئۈچ لەشكەرى يانىپ ئون كۈندىن سۇڭ
ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ ياركەندكە تەشرىف
ئېلىدىلەر. ئون كۈندىن كېيىن كاشغەر لەشكەرى ئىپتىدائى
يۈز كۆرسەتتى. ئون كۈندىن كېيىن بۇرھانىددىن كەلدى.
ئەمما ئول كۈنكى خاجە بۇرھان كەلدى. شەھزادەلەر باش-
لىغ ياركەندىن نەچچەندە دىلاۋەرلەر ئىككى - ئۈچ مىڭ
كىشى بىرلە مۇقابىلە بولدى. ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم
پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان بولارغە چۇنان ۋەسىيەت
قىلدىلەركى: «زىنھار سەد زىنھار، كاشغەرلىكلەرگە ئوق رەۋا-
نە قىلماڭلار. تاكى ئۇلاردىن بىر سادايى ئاڭلانغاي. ئاندىن
شەرىئەتنىڭ رۇخسەتى بىرلە ئوق ئاتىلغاي ۋە ئىللا ھەركى-
شىكى بىرىنچى ئوق ئاتسە، مەن ئىككىدىن دۇنيا ۋە ئاخى-
رەت رازى ئەرمەسمەن» دەپ بىسىيار سىياسەتلەر بىرلە چە-
قارغان ئەردىلەر. ئول ۋەجھدىن بولار سەف تۈزۈپ تۇردىلەر.
ئوق ئاتمادىلەر ۋە مەيدان ئىچرە جەۋلانبازلىق قىلمادىلەر.
تەۋەققۇف بىرلە سۈكۈت قىلدىلەر. ئەمما ئول تەرەفدىن بىر-
نەچچە دىلاۋەر جەۋلانبازلىق قىلدى. قست - قست ئاۋازى
بىلە ھەملە قىلدى. ئاۋازى قست - قت ئالەمنى پۇر تۇتتى.
بۇ ئاۋازنى ئېشىتىپ نەچچە كىشى شەھەرگە خوشخەبەرگە
يۈردى. بۇ خوشخەبەرنى غازىنىڭ ئوغلى يەتكۈزدى. ھەزرە-
تى خاجەم پادىشاھ بۇ بىشارەتنى ئېشىتىپ شۈكرىلەر بەجا
كەلتۈردىلەر ۋە ئېيتادۇرلەركى: «نەچچە مۇددەتدىن بېرى

كۆڭلۈم كوشىسىدا بۇ فىكىر خىيالدا غەمسىم بار ئەردىكى، نى-
چۇك مۇسۇلمانلىرىغىدۇر، ئول خەلق ئاللاھ ئاۋازى بىرلە
كەلسە، بۇ تەرەف لەشكەرى ھەم ئاللاھ ئاۋازى بىرلە ھەملە
كەلتۈرسە، ئارادە جەڭ قىتال ۋاقىئە بولسە، ئول تەرەفنىڭ
ھەقىقىدە نىچۇك بولۇر ئىدى ۋە ھەم ئەندىشىدە ئەردىم.
ئەلھەمدۇلىللاكى بۇ ئەندىشە بىر تەرەف بولدى. ۋەھىمىدىن
ئازاد بولدۇم. ئەمدى جەڭدىن قول يىغماڭىزلار. مەردانەلىك
بىرلە ئىتىڭلار! ئۆلسەڭلار شەھىد، ئۆلتۈرسەڭلار غازى. ياﺋاللاھ
ياﺋاللاھ يارەسۇلەللا ۋاھۇسەينا ۋاغەرىبا ۋايىتىما ئاۋازى بىرلە
كارى زار قىلىڭلار!» دەب جەڭگە رۇخسەت بەردىلەر. بۇ خە-
بەر تاشقارى جەڭگاھقا يەتتى، بۇ خەبەرنى ئىشىتمەك بىرلە
بۇلارغە جۇرئەت ۋەغەيرەت ھاسىل بولدى. «ياﺋاللاھ»، «يا-
رەسۇلەللاھ» ئاۋازى بىرلە ھەملە قىلدىلەر. مەيمەنەنى مەي-
سەرەگە گاھى مەيسەرەنى مەيمەنەگە، بۇ دەريانى لەشكەر-
دە بۇلار شىناۋەرلىك قىلادۇرلەر. بۇ ئاۋازلاردىن كاشغەر-
لەرنىڭ يۈرەكلەرىگە لەرزە تۈشتى. بەدەنلەرىگە زىلزىلە
پەيدا بولدى. ھەيبەت ۋاقىئە بولدى. ھىچ يۈرەكلەرى يوق-
كى، بۇلارغە بەرابەرلىك قىلالىغاي. ئەلەلخۇسۇس شەھزادە
ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا ئىبنى ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم
پادىشاھنىڭ دىلاۋەرلىكى تەئرىفى كىيىن كېلۇر. ئەمما شەھ-
زادىلەردىن بىرنەچچە دىلاۋەركى، شىجائەت مەيدانىنىڭ جەڭ
ئەندازى، جۇرئەت ۋە مۇبارىزەت مەيدانىنىڭ چالاك ئاغاز
مەرد ئەفكەنى، ھىممەت بابىدا يەكتا ۋە غەيرەت بارەسىدەبى
ھەمتا، سىيادەت نەسەب، شاھادەت تەلەب، تالىبى ئاسارى
ۋىلايەت يەنى ھەزرەتى خاجە ئىنايەت خاجەم پادىشاھكى
ۋاستە بىرلە ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھىمغە

داماد ئەردىلار، ئىتىقادلەرى تازە ئەردى، ھەر بسارە ئەف-
سۇس قىلۇر ئەردىكى: «ھەق سەد ھەقكى ئۆمرى شەرىف زا-
يەئ كىتىپ بارادۇر، ھىچ ياخشى ئەمەل مەندىن مەۋجۇد
بولمادى، كاشكى بۇ ھىممەت جۇرئەتنى سەرف ئەتكەلى بىر
جىھاد غازات مەۋجۇد بولسە ئاخىر ئۆمرۇمدە بۇ ئاق سەقا-
لىمنى خۇن ئالۇدە ئەيلەب، جانىمنى فىدايى ئىسلام قىلسام» دەب
ھەمىشە سۇبھى شام بەلكى ئەلسەدەۋام ئارزۇدا ئىردىلەر.
بۇ جەڭ مەۋجۇد بولغاچ جانى ياشاردى. بىر ھىممەتى مىڭ
بولدى. پەھلىۋانلىق تومۇرى جۇش قىلدى، مەيدان ئىچرە
گويا بىشە ئىچىدەكى شىردەك جەۋلانبازلىق قىلىب، گاھى
نەيزەئى يالماندا، گاھى شەمشەر ئابدار، گاھى تەبەر كە-
مەن ئەنداز، گاھى تەبەر زەينى جان گۇدار قايسى ھەر
بەگە مەھەل يارى بەرسە، ئانى كارغە كەلتۈرۈپ، لەشكەر
ئىچرە سائىقەدىن گويا بىشە گۈزەرى ئەيلەگەندەك سۈرۈپ
كوشتەدىن پۈشتەلەر قىلۇر ئەردى.

## شېئىر

ئالەم ئىچرە ھەرنە ئەيلەب تاكۆتەرگىل ياخشى ئات،
كۆرگىل ئەجرىن ئاخىرەتدە باقى ئەرەمەس بۇ ھايات.

گەرچە تافساڭ نوھ ئۆمرى ۋە سۇلايمان دۆلتى،
كەلگەي ئاخىر بىر كۈنى پەيكى ئەجەل بولغۇڭ مامات.

كىمكى بۇ دۇنيابەندىن قىلدى ۋە فانى ئەھلى جۇد،
نە بەقە بولغاي ئاڭا ۋە نەماڭا بولغاي نىشات.

تارت ئېتەك سىلكىنىپ ئەجۇزى دەھرىنى قىل ئۈچ تالاق،
قېرى بىرلە سازاۋەر ئەتمەك جۇۋان بارمۇ ئۇيات.

ئاقىل ئەرسەڭ ئى بۇرادەر تاشلا ئۆزلۈك بارىنى،
كىم ئەجەل يۈز كەلتۈرۈردىن ئىلگەرى ئۆزى تەلات.

جانى مانىڭدىن كېچىپ جانانىغە قىل جاننى فىدا،
تاڭلا كۆرگەيسەن شاھادەت ئەجرىنى قىلغاي غازات.

سادىقانە ياخشى ئىش ئەيلەپ ئۆتتۈپەۋر شاھلار،
ئۇردى كافىر ئاغزىغە نەۋجۇۋان دەر ئەردى قانات.

ۋە يەنە بىر دىلاۋەر شەھزادىلەردىن ئول شىر غەر-
ران ۋە چابۇك سۇۋەر مەيدان شىجائەت مەئىرىكە گىران، دىل سۇۋار چالاك ئەنداز جۇرئەتى سەييار زىت بابىدا نا-
يابى جەھان، ھىممەت بارەسىدە نادىرەئى زەمان، دانىش فاتانەت زېرەكلىكدە بى نەزىر ۋە بىسيار دىل پەزىر رايى مەشۋەرەت ۋە مەسلىھەت نىزام مەملىكەتدە خۇرشىددەك روشەن مۇرەببىي مەردۇمان ئەئلا ۋە ئەدنا يەنى ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەمكى بۇرادەرزادە ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەررىزۋان ئىدىلەر. لېكىن بەجايى فەرزەند ھەممە كار مەملىكەت بۇلارغە يەقىن. ئەمما جەڭ كۈنى رۇستەمى داستان ۋە سام نەرىمان بۇلارنىڭ كارى زارى تاماشاسىدە ئەقىللەرى ۋە فەھىم ئىدراكى بى-
ماجال بولۇر ئەردى.

## بەيت

بولسا ئەردى رۇستەم، ئەۋلادى رۇستەم ئول كۈنى،
كىم نېچە مەيداندا فەرياد ئەيلەسە چىقماس ئۈنى.

ئۇتروده گەرشاسىبۇ، تەھمۇس تۇھمۇتىنلار قاچىڭ،
بىر يولى چابۇك سۇۋارىم قەتل ئېتەر ئانى مۇنى.

قىلسە تىرئەندازلىق مەيدان ئارا قانىن تۆكەر،
ئالەم ئەھلى گەر ھۇجۇم ئەتسە تۇمەن مىڭ بىر يولى.

سەف بەسەف جەۋلان قىلۇر جاندىن كېچىڭ ئى زاھىدا،
شۇرۇ - شەرپەيدا قىلۇر بىر تەڭ سالاھىيەت تونى.

سادىقا سەن كىمسەنۇ ئول شاھى مەدھى كىم تۇرۇر،
لىك شاھ مەدھىن دېمەك رەسمى گەدادۇر قانۇنى.

ئەمما ئۆمەرالار جۈملىسىدىن نامدار دىلاۋەر مۇبارىزلاردىن ئول شىپىر پىشە شىجائەت، نەھەڭگى پۇرشۇر، دەريايى ئەۋجى بەلاغەت، ئەژدەر ئاتەش ئەندازى زەمان، پىشە رەۋى دەلىرانى جەھان ئەسالەت نەسەب ۋە شەرافەت ھەسەب مىرزا مۇرادكى ئىشىك ئاغە ئاقسۇ ئەردى. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ نەۋبەتى ئاخىر ئول كۇفرى ئاباد ئىلى مەۋزەئىدىن نىيەتى غەزات ئەزبىرايى فەتھى ئىسلام كاشغەرغە تەشرىف قىلغانلەردە ئاقسۇدىن بىللەكېلىپ ئەردى.

## شېئىر

كەلتۈر جامىڭنى تۇت ساقى پەيا پەي،
ئىچىپ سىر مەست ئولۇپ بىرنەچچە سۆز دەي.

بولۇپدۇر گەرم ئاتەشگاھى جەڭگاھ،
كۆيەر نامەرد ئاندە خاھى، ناخاھ.

دەلىران فەھلىۋانان شىرسەفدەر،
ئىرانلار بولمىش ئاندىن چۇن سەمەندەر.

چۇ ئوت كۆيدۈردى ئول نەمرۇد مۇردار،
خەلىلۇللا ئۇچۇن ئوت بولدى گۈلزار.

چۇ نامەرد جانىدىن بىزار بولغاي،
ئىرانلار ئۇيقۇدىن بىدار بولغاي.

كى مىرزا بولدى بۇ كۈن شىر بىشە،
ۋە يا بولدى بوران ئول خەيلى بىشە.

ۋە ياكىم بولدى مىرزا فىلى مەھمۇد،
ئەدۇ خەيلىنى ئەيلەب نىست نابۇد.

ۋە يا پۇركەپ ئاغزى چۇن تۇشتۇرى مەست،
قىلىب ئەل پايمال زىرو پاپەست.

گاهی ئوڭ، گاهی سول چۆن گاهی ئوتروۇ،
قىلىپ جەۋلان ئول خوش خۇلىق نىكۇ.

قاچىپ ئەل ئىككى يانغە كوچە ئەيلەب،
ئىچۇككىم كىرەك قەسدى رەمەھ ئەيلەب.

سالىبان خەلق ئارا يۈزشۇر ئاپەت،
يېتىپ جانلەرغە ئاندىن يېنىش رەھمەت.

ئەدۇ خەيلىغە سالىپ شورو غەۋغا،
بەسى جانلارنى تەندىن ئايرىپ ئاندا.

تامام ئولماس ئەگەر تەئرىق قىلسە،
ۋەرۇققە سىغماس ئول تەۋسىق قىلسە.

كەل ئى سادىق كى مەقسەد سارى يۈرگىل،
نەچە كىملەر دېدىڭ بۇ سۆزدە تۇرغىل.

غەنىمەت ۋاقتىدۇر سۆزنى تامام ئەت،
تىلەرسەن تاڭلا ئىشنى ۋەسسالام ئەت.

تامام ئەت سۆزنى بۇ ۋەقتى غەنىمەت،
كى بىلمە تاڭلا ئايا بارەۇ فۇرسەت.

دىيارى مەملىكەتدە ھاكىمىڭ خوپ،
سېنىڭدەك ناتەۋانغە شەپقىتى كۆپ.

خۇسۇسەن ۋالىدە بەس مېھرىبانى،
ئەجەب دانە كەمالى فەھىم رەسائى.

مۇسۇلمان ئىلمى تالىبقە خەرىدار،
ھىكايەت قىسسەگە ئاشىقى زار.

ئەزىز شاھلەرغە ساھىب ئىخلاس،
ماشايىخ ئەۋلىياغە ساھىبى خاس.

خۇسۇسەنكىم ئەزىزلەر سەرگۈزەشتى،
بەسى مەھبۇب ئاڭا مەرغۇپ تۇشتى.

خەبەردار ئولسە سەردارى ۋىلايەت،
نەخۇش ئىززەت ئەمەسمۇ تۇرفە دۆلەت.

كىشى مۇنداغ مەھەلدە قىلماسە سۆز،
قىيامەتدە دېگەي ئانى سۇخەندۇز.

يەنە قويغىل قەدەم مەقسۇد سارى،
سۇخەن ئاغار قىلغىل ئەمدى بارى.

مۇبارىزلار پىرىدۇر ئابدۇللا بەگ،
ئەدۇغە زەخمە ئۇرادە شىرنەردەك.

ئاتاسىدۇر ئۇنىڭ مىرزاد سوخى،
بۇ جەڭدىن يوق ئىدى بىم ۋە خەۋفى.

بۇ ئاقسۇ ئىچرە ئول كەلفىنگە ھاكىم،
مۇرىدلىقتا ئىدى ھەرلەھزە مەھكەم.

شىجائەتدە دىلاۋەردۇر يىگانە،
دىلاۋەرلىكدە رۇستەمدىن نىشانە.

غازات ئىچرە تۇتۇپ كۆڭلىنى ئاگاھ،
ئاغىزدا ۋا ھۇسەينا ۋا غەرىبا.

ئۇرار ئۆزنى ئەدۇغەبى تەۋەققۇف،
ئېتىپ، سانجىپ ئەدۇنى بى تەكەللۇف.

تامام خالقدىن ئارتۇق ئېتىقادى،
خالىسەن لىللاھ ئىدى جەڭ جىھادى.

نەخۇشدۇر كىمسە گەر تاپسا شاھادەت،
ئىككى دۇنيادىن ئارتۇق كۆپ شارافەت.

قىلۇر ئەردى خاجەم ھەر بارە ۋەئدە،
كۆرەر ئەجرىن مۇرىدلەر ھەشرە گاھدە.

يەنە مىرزالاردىن ئول مىرزا شىرداق،
قويۇبدۇر شىرلار كۆكسىگە يۈز داغ.

چۇنان مەردانىلىكدە ئەردى ئول تاق،
كېسىپ باشىن خىتايى، جۈملە قالماق.

دەلىرانە كىرەر مەيدانغا چالاك،
كۆيەر ئەل جانى تىغىدىن چۇخاشاك.

ئاغا ئۆز جانىغە خەۋفى قاچار بار،
شەھىدلىك نىيەتىدە ئەردى ئۇل زار.

ئەگەرچە يالغۇز ئەرسە ئۇل خۇدا يار،
①..............................................

يەنە بىر مىرزا ئابدۇل ۋاھاف ئەردى،
ئەجەب بازۇي ھىممەت يارى بەردى.

قىلىبان زىكرىنى ئاللاھ - ئاللاھ،
رەسۇلەللاھ ھۇسەينا ۋە شەھىدا.

يەنە ئوردانىڭ ئۇل خەيلى ھەشەمدىن،
دىلاۋەر ھەم مۇبارىز مۇھتەشەمدىن.

شىجائەتلىك شاھىبىدىن باكاۋۇل،
باھادىر، پەھلىۋانى بى تاقابۇل.

سىپەسالار قەۋمى چابۇك ئەنداز،
دېگەيمەن بىرىلىپ شۇبارە پەرۋاز.

دەلىران دىلاۋەرلەر دەلىرى،
دېيسە بولماس ئاغا رۇستەم نەزىرى.

① ئەسلى قولىيازمىدا بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

ئىرۇر تۇل چابۇكى ـ چابۇك سۇۋاران،
گۇرۇھى لەشكەر ئىچرە شىرۇ غەرران.

باباسى كىم ئېرۇر ئۆشتۈر خەلفە،
زوھور ئەردى كارامەت ئەجىبىيە.

شاھابىددىن ئىدى ئانىڭ زوھورى،
كامال مەست بۇغراچۇن شۇتۇرى.

ئەدۇنىڭ لەشكەرى زەربىدە نالان،
چىقارۇر ئەھلى جەڭدىن فەرياد ئەفغان.

گاھى ئوق، گاھى سونى پىشە ئەيلەب،
گاھى ئۇقرۇنى كۆشتە ـ پۈشتە ئەيلەپ.

دىلى جانى بىلە ئاللاھ گۇيان،
قىلىب دۈشمەننى سەرگەردانۇ ھەيران.

بار ئەردى دەست بازۇدا بەرابەر،
نېچە ھەم ئوردا خەيلىدىن دىلاۋەر.

سۇخەننە بولماغاي ھەدى كەنارە،
ئەگەر نام بىنام ئەتسەم شۇمارە.

يەنە قىرغىز دىلاۋەرلەر ئىدى بار،
ئەرۇس ئاتلىق توقال ھەم خاجەم يار.

## مۇبارىز پەھلىۋان نامىدارى،
## بايان مىڭدىن بىرى بەردىم نىشانى.

ئەلقىسسە، بۇ دىلاۋەرلەرمۇ بارىزلاردىن بەزىلەرى بۇ مەيداندا جەۋلانبازلىق قىلىپ، بىر نەچچەنى قەتل ۋە بىر نەچچەنى جەراھەتناك قىلىپ، ئاتلارىنى قولىغە تۇشۇرۇپ، خاجە بۇرھانىددىن لەشكەرىنى بىر فەرسەخ① ئارقەغە ياندۇرۇپ، فەتىھ نۇسرەت بىلە شەھەرگە ياندىلەر. ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ بۇلارغە دۇ ئاي خەيرى قىلدىلەر. ھەممە ئەھلى شەھەر جەزم قىلدىلەر. لەشكەرى ئەدۇ ئاز ئىكەن. تاڭلا لەشكەر جەمئى قىلىپ چىقىپ، لەشكەرى كاشغەرنى ھەبامەنسۇر قىلغايمىز دەپ بۇ فىكىر خىيالدا ئەردىلەر. ئۇردادەكى ئۆگزەسىدىن ۋە شەھەر سېپىللارىدىن كۆردىلەركى، لەشكەرى كاشغەر گۇرۇھ - گۇرۇھ، فەۋج - فەۋج كېلىپ، شەھەر سېپىلىنىڭ چاھار ئەترافىنى قورشاپ تۇشتى. ئەھلى شەھەر ئەندىشەگە قالدىلەر. شەھزادەلەر ھېچ قايسىسى ئىستىراھەتنى راۋا كۆرمەدىلەر. چەنداۋۇل ئاتلانىپ ئول كېچە شەھەرنى نەچچە دەۋر قىلدىلەر. ئەگەر بۇ كېچە شەھەر بۇزۇلماسە نەچچە ۋەقت شەھەردارلىق قىلغالى بولۇر، ئۇمىد تۇتقالى بولۇر دەپ كامال پاسىبانلىق قىلدىلەر.

### بەيت

يارەب ئۇشبۇ كېچەكىدەك ۋەھىم غەم بولمايمۇكىن؟
سۇبھىغە تاشام ئەندۇھى نەدەم بولغايمۇكىن؟

---

① بىر فەرسەخ — يەتتە كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان ھەم بەيىتنى ئوقۇدى:

دەھرىنىڭ شەكلىنى كۆركىم بولدى ھالى ئۆزگىچە،
بىلمان ئايا بارمۇدۇر ئۇنىڭ خىيالى ئۆزگىچە.

*

ئى فۇتۇھى ئەرشىيا تەڭرى قاناھىگە ساغىن،
①..............................................

بۆكىچەنى ۋەھىم — تەرس بىرلە ئۆتكەزدىلەر. بۇرھانىدىن لەشكەرى بىسيار جەمئى بولدى. ئىلىسى، ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچ كاشقەر، دولان، تۇرپان، يېڭىسار ۋە نەچچە تەئىفە قىرغىزلار قوشچى ئۇرۇغىدىن قۇباد لەشكەرى بىرلە ئۇرۇق قىپچاقدىن سوفى مىرزا، ھېكىم مىرزا، ئۆمەر مىرزا، چوڭ باغىش بۇلار ھەممەلەرى لەجكەرى بىرلە لەشكەرى بىھىساب جەمئى بولدى. بىر كېچە — كۈندۈز ئىشبۇ سۈرەتدە تۇردى. ئاندىن لەشكەر ھەر تەرەفگە تارقادى. تۆرتىنچى كۈنىدە ياركەند شەھرىدىن لەشكەرى بىگەران جەمئى ئەيلەب لەشكەرى كاشنەر بارا بەيدە سەف ئاراستە قىلدىلەر. بۇ ئىككى تەرەف لەشكەرىدىن تەبل، نەققارە، نەفىرە، چەڭ شەرناي ئاۋازى بى ئەنداز بىرلە گەردىشكە كەپگۈردىلەر.

## شېئىر

سەفلەر ئارا ھەر يەردە سوقار جەڭگى جىگەرلەر،
مەنىسىنى بۆكىم جەڭ كۈنىدە ئىلغانۇر ئەرلەر.

① ئەسلى قولىيازمىدا بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

ھىممەتلىك ئىرانلار ئىچىگە توشۇپان جوش،
مەيدان ئارا جەۋلانىباز ئېتىپان سىنە يارارلار.

جاندىن كېچىپان نەئرە تۇرۇپ ھەملە قىلىپان،
شىرانە، دەلىرانە كىرىپ تىغ ئۇرارلار.

خاتۇن سۇپەت ھىيزە ھەسەل خۇنىسى تەبىئەت،
بىھىممەت ئىرانلار ئىچىدىن گۇنجى قاچارلار.

ئەسلىكى جىگەرلىكدۇر ئىچىگە توشۇپان جوش،
مەيدان ئارا جەۋلانىباز ئېتىپ دىننى سىپارلار.

غەيرەتلىك ئىرانلار بۇ كۇنى ئۆزگىچە سادىق،
ياخشىدۇر بى غەيرەت ئىزىدىن ئەتمۇ قاچۇرلار.

ئەلقىسسە، بۇ ئىككى دەريايى لەشكەر چۇنسان تەرتىپ بىرلە سەف ئاراستە قىلدىلەر. پەھلىۋان باھادۇر نامدارلارنى بەزىسىنى مەيمەنەگە، بەزىسىنى مەيسەرەگە ۋە بەزىسىنى پىشى رەۋى لەشكەر قىلىپ مۇھەييا ئەيلەدىلەر ۋە بۇلار ئادىغە توق ئەنداز ماتىق ئەندازلارنى سالىپ بىجىگەر، بىدىللارنى ئارقەغە سالىپ، شەھزەدەلەر ئۆزلەرى تۇغ تۇبىدە قارار ئالدىلەر. ئەمما ئىككى تەرەفدىن ھەردانە مەردلەر، مۇبارىزلار ئىككى سەف ئاراسىدىن مەيدان ئىچرە جەۋلانبازلىق قىلىپ، گاھى مەيمەنەگە، مەيسەرەگە، گاھى مەيسەرەنى كۆزلەپ، گاھى ھەممەتلەرى تۇغيان قىلغانىدا، ئات يۈگۈرتۈپ جەڭ ئەندازلىق كۆرسەتۈر ئەردى. بۇ ئىككى دەريايى لەش-

كەرنا ھسپتە ئاھستە ئارالاشىپ، «مەجمە ئۇلبەھ‑
رەيىن» بولدىلەر. ئەمما مەيدان ئىچرە قۇچاغلاشىپ، قى‑
چاغلاشىپ گاھى نەيزەئى يالىدانى، گاھى تىغ ئابىدار ئىلە
ھەۋالە قىلىشىپ، گاھى تەبەر جان ستانىلەرنى گەردەشكە
كىيگۈزۈر ئەردىلەر. بۇ مەيدانجەڭگاھ گويا تونۇرى ئاتەش
بولدىكى، شەرارەسى كۆك سارى باش تارتتى. ئەجەل بۇلۇ‑
تىدىن ئۆلۈم يامغۇرى ياغا باشلادى. چەررەندە ــ پەررەندە
تاماشاغە كۆز ئاچتى. كەررۇبىيان ــ رۇھانىيان فەرىشتەلە‑
رى نەزارە سېلىشقا باشلادىلەر. لەشكەرى ياركەندىدىن ئاۋاز
ئاللاھ ــ ئاللاھ، يارەسۇلەللاھ، ۋەھۇسەينا ۋاشەھىداۋاغەرىبا
نىداسى كېلۇر ئەردى. بۇ نىدانىڭ ھەيبەت سەۋلەتىدىن
دۇشمەنلەرنىڭ يۈرەكلەرىگە لەرزە تۈشتى. ئەمما كاشغەر
لەشكەرىدىن «قىت ــ قىت» دىن بۆلەك ھېچ سەدايى چىقماس
ئەردى. چەراكى ئەكسەر كۆھىستانى يەنى تاغلىقلار ئۇلاردە
دىن ئىسلامدىن بەھرە يوق ئەردى ۋەنە سىلە رەھىم بولغاي،
بۇلارنىڭ بىر نەچچەسى سىپەسالار لەشكەرىدىن دىيانەت‑
نى ۋە ئىمان ئىسلامنىڭ خەراب ۋە تاباھ بولۇردىن بىخە‑
بەر ئەردى. يەنى ئابدۇۋەھاب شەقى ئەزەلى، رەھمان قۇلى
بەدبەخت ۋە ئابدۇللا بەدسىرەت، ئابدۇكېرىم بەد ئەھدى،
ئابدۇساتتار بەد شەككاك، ئوسمان بەدشۇمار، مۇنىر قال‑
ماق، سارىغكور كاشغەرىدىن بىر نەچچەلەرى ئالاھازەلقىياس.

## نەزم

تۇت ئى ساقى ماڭا جامنى دۇبارە،
زەمانى جەڭدۇرۇر ۋەقتى نەققارە.

قىلۇرمەن شىكۋەلەر مەككارلاردىن،
نە بەدكىردار ئول خۇنخۇارلاردىن.

بار ئىدى بىر نەچچە سەردارى لەشكەر،
دىيانەت بەلكى ئىمان بىخەبەرلەر.

شەرىئەتنىڭ خارابىدىن ئىشى يوق،
تەرىقەت ئىستەگۈچى ھېچ كىشى يوق.

كېچە - كۈندۈز ئۇلارغە كارى ھەربە،
ئاداۋەت ئەيلەمەكتۇر بەزى كىنە.

خۇدانىڭ بەندەسىگە جەۋرى ئەيلەر،
بۇ باتىن كۆزلەرىنى كور ئەيلەر.

فەساد ئىشلارغە ئول بىسيار مايىل،
بىرەۋنى باشلاماققە تۇرفە كامىل.

ئاداۋەت سارىغە بۇ مەسلىھەتلەر،
سەلاھى كارىغە كەچ مەسلىھەتلەر.

ئىككى شەھلەر ئارا شەككاكىدۇرلەر،
سالۇرغەكىن بەسى چالاكىدۇرلەر.

ۋەزىر ئەر بولسەمۇ مۇنداقلار ئەۋباش،
دېسە شەھ: بوركىن ئال، كېسەر باش.

ۋەزىر ئاقىل ئېرۇر شەھلەرغە نىئمەت،
ئىككى دۇنيادا ئاندىن ئىستىراھەت.

ئادالەت ئوتى ئۆچمەس تا قىيامەت،
كۆرەر ئەجرىن تاڭلا بىنەھايەت.

ۋەزىرزالىمۇ خۇنخۇار بولسە،
خىيانەت بابىدا مەككار بولسە.

يېتەر زۇلۇم، بەلا شەھلەرغە بەدنام،
نىزامى مەملىكەت تاپمام سەرەنجام.

رەئايا خەيلى شەھدىن خوشنۇد ئولماس،
خارابى مۇلك ئالۇركىم ئەيىۋھەسەننىاس.

بەسى شەھلەر بولۇركىم ساھىب ئىقبال،
ۋەزىرى ئاقىلدىن ئول نىكۇھال.

سۇلايمانغە رەۋاج شانۇ شەۋكەت،
چۇ ئاسىق بۇرخىيا ساھىب كەرامەت.

ئەرەستۇدىن چىقىپ ئاتى ئىسكەندەر،
ئالىب تەدبىردىن ھەم بەھر - ھەم بەر.

بولۇپ نۇشىرۋان سۇلتانى ئادىل،
ئەبۇ زۇر جۇمھۇرى دانا سەبەب بىل.

بىرىپ سۇلتان ھۇسەينغە ياخشى ئاتى،
نەۋايى مىر ئىلى شىرى ھىراتى.

ۋەزىرى بەد بەيانغە ھاجەت ئەرمەس.
مسال ئەتمەك ئەيان ھاجەت ئەرمەس.

بۇلار ئۆز شاھىغە يەتكۈردى بەدنام،
ئۆزى گۇمراھ بولۇبات بولدى گۇمنام.

خۇداياكىمكى سەردارى ۋىلايەت،
ۋەزىرى ئاقىلى دانا نىسىپ ئەت.

خارابى مۇلك بولماي ھەم رەئىيەت،
رەۋاج شەرئىدىن ئولغاي دىيانەت.

بىھەمدۇللاھكى ھالاخۇش زاماندۇر،
ھەممە خەلقى خۇدا ئامىن ۋە ئاماندۇر.

ئىنانى سۆزنى تۇت سادىق سۆزۈڭگە،
قايىاندا يۈرگەسەن كەلگىل ئۆزۈڭگە.

جاۋانىب دۇشمەن چۇن ۋەقتى تەگدۇر،
مۇ قابىل دوست دۇشمەن ئەينى جەگدۇر.

بۇ مەزكۇر جەمىئدىن بەزى دىلاۋەر،
مۇبارىز ئەردى گويا شىر سەفدەر.

ۋە ياكىم ئەھرەمەن زادەدۇر ئول،
چۇكۇھىقافدىن بۇ دەيىۇز دۇرئول.

بىرىدۇر دىۋە ئەسۋەد بىرى ئىفرىت ،
ئۇرۇپ نەئرە سادايى لەھزە قىت ـ قىت.

مۇسۇلمانلارغە سالىپ شور ئافەت،
شەھىد ئەيلەب مىڭۇ مىڭىنى جارەھەت.

مۇسۇلمانلارنى دۇر قاتتىغ بالايى ،
بولۇپ دەججال سىرەت بىر جەفايى.

قىلىب خورەكنى مۇسۇلمان كۆشتە ئەيلەب،
شەھىدلار تۆدە ـ تۆدە پۇشتە ئەيلەب،

ئۆلاردە يوقتۇرۇر ھەرگىز رەھىم شەفقەت،
ئىچىدە بەئزى كىنە بۇر ئاداۋەت .

ئىلاھى بولماغاي مۇنداغ گۇرۇھى،
باياباني تەفەككۇر دەشت كۇھى.

ئاگا قىلمە مۇسۇلمانى دۇچارى،
قىلۇر كافىر ئاتىڭ فەيلىغە كارى.

ئەلقىسسە، بۇ جەڭدە بىسيار ئىككى تەرەفنىڭ دىلاۋەرلەرىدىن بىسيار خونرىزلىق ۋاقىئە بولدى. ياركەند لەشكەرى غالىپلىق بىلە كارزار ئەيلەب، ھەتتاكى ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ ئىككى فەررەڭ مىلتىقلارى بار ئەردى. توققۇز ئەرشىدىن، بۇ مىلتىقلار ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم

پادىشاھدىن يادىكار قالغان بىر فەرسەخدىن ھەرگىز نىشا-
نەنى خاتا قىلماس ئەزدى. بۇ مىلتىقلارنى كارغە كەلتۈردى-
لەر. بۇرھانىددىن، باي دۆبەنىڭ تۆپەسىدە يىقىلىشىپ تۇر-
غان ئەردى. ئوق ئەلەمدارنىڭ ئاتىغە تەگدى. ۋەھشەتىددىن
قورقۇپ ئارقەغە ياندى. بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ياركەند دىلا-
ۋەرلەرىگە جۈرئەت - ھىممەت ھاسىل بولدى. جەۋلانبازلىق
كۆرگۈزۈپ، مەيدان ئارا قالغان لەشكەرنى سۈرۈپ ياقاغە
چىقاردىلەر. خاجە بۇرھانىددىن لەشكەرىگە شىكەستە يەپ
يەگىلىك يۈز كەلتۈردى. بۇ ھالەتدە قۇباد قىرغىز بەگ ئۆز
تائىفەسى بىرلە ئۇتروۇ يۈرۈپ، ياركەند دىلاۋەرلەرىنىڭ سەد
راھىنى توستى. ناچار بۇ دىلاۋەر ئىنان باۋەر قەتارلەرىنى
قايتارىپ توختاتىپ تۇردىلەر. ئول ۋەقتدە ئافتاب ئالەم تاب
مەغرىب تەرەفگە مەيل ئەتتى ۋە شەفەق خۇن ئالۇدە لىباس-
لەرى بىرلە نامايان بولدى. ئاسماندا ستارە كەۋاكىبدىن
فانۇسلار نامايان بولدى. كەچ بولغاچ بۇ ئىككى لەشكەر
تەبل - بازگەشتە چالىپ ئارقەغە ياندى. مەنزىللەرىدە قە-
رار ئالدىلەر. ياركەند لەشكەرى ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خا-
جەم، ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەم پادىشاھ غازى باشلىغ
تامام لەشكەر ئابرۇي بىرلە شەھەرگە كىردىلەر. ھەزرەتى
خاجە جاھان خاجەم پادىشاھنىڭ ھۇزۇرلارىدە بايان جەڭ
ئەيلەدىلەر. ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ بۇلارغە دۇئايى خەيرى
قىلىپ خوشنۇد بولدىلەر. ئەمما بۇ لەشكەرى كاشغەر، يار-
كەندكە مەقدەمە تۈزۈپ، ئىپتىدائەن قەدەم كەلتۈرگەن ھىن-
دا ھالى ۋە مەۋالى مەملىكەتى ياركەند ھەممەلەرى با ئىت-
تىفاق ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھغە بائىتتىفاق
پىنھانەن ئەرز ئەتكەن ئەردىلەركى: «يا پادىشاھى ئالەم، بىز

ئۆزىمىز مەخفى مۇبارەك نەمشى شەرقلەرنىڭ مەلئۇم قىلالا-
دۇرمىز. ئەلبەتتە بىجانىدىل قوبۇل قىلىشايلەر. ئەرز ئۆلكىسى:
بەندە گانى ئاستانەدىن بۇرھانىددىن خاقان ئەلچىسى بىلىسە
قالماقلەر ياۋەرلىكى بىرلە غەيرى ئەز ياركەند تەمامى مۇ-
غۇلستان دىيارلەرنى تەسەررۇفلەرىگە ئالدىلەر. ئەگەرچە يار-
كەند ۋىلايەتى تەنھادۇر. ئەمما پايتەخت مۇغۇلستاندۇر. ھەم-
مە شەھەر لەشكەرىگە مۇقابىلەتدە بەرابەردۇر. شەرتكى، ئۆز
ئىچىمىزدىن تەفرىقەلىق ۋە خىيانەتلىك زاھىر بولماسە. لې-
كىن بۇ خىيانەت ئۆزگەلەردىن زاھىر بولماس. ئەگەرچە
بولسە ئېتىبارى يوق. مەگەر بۇ خىيانەتنى ئىككى كىشىدىن
گۇمان قىلادۇرمىز. بىرى ھاكىم غازى بەگ، بىرى ئىشىك
ئاغە نىياز بەگ. ئەگەرچە بۇرھانىددىنغە ئىخلاسى كەمدۇر.
ئەمما ئېتىقادىدا ۋەفا يوقتۇر. بۇ دىنىنى دۇنياغا ساتقىندىن
يانماس. بۇرۇن ھەم بىۋافالىقنى زاھىر بولغان. ئەھدى پەي-
مانىغە ئېتىماد قىلغالى بولماس ۋە ھەم ئىستىدادى ھەم كۆپ-
دۇر ۋە خەيلى ھەشەمەلەرى بىسياردۇر. ھەر فۇنۇندا كامىل
ۋە مەكەممەلدۇر، ئەگەر بەر تەقدىر خىيانەت قىلسە كەمالىغە
يەتكۈزەدۇر. ئەمما نىياز بەگنىڭ خىيانەت قىلۇرىنىڭ ۋەجى
ئۇلكى، قەدىمدىن خاجە بۇرھانىددىنغە ئاتا ۋە ئەجدادلارى-
غە كۆپ ئىخلاسى بار ۋە نەزرى نىيازى يېتىشىپ تۇرغان
ۋە ھەم جامائەلەردىن باھادۇر بەگنىڭ ئوغلانلەرىدىن نە-
چەندلەرى ئۇچقە لەشكەر بارغاندا بىز تەرەفلەرىمىزدىن يۈز
ئۆرۈپ، خاجە بۇرھانىددىن تەرەفلەرىگە كىرىشىپ قالدىلەر.
ھالا ئۇلار لەشكەر بولۇپ كېلىپدۇر. ھەر بار شەھزادەلەرغە
نەسەزا ئېيتادۇر. ئىچكەرى - تاشقارىدىن بولۇپ خىيانەت
قىلۇر ئېھتىمالى ھەم بار، ھەم جامائەلىك ۋە خەيلى ھەشەم

ۋە تابەلەرى باردۇر. تەئەللۇقاتلارى ۋە قۇۋۋەت ئىستىدادلارى بار. بۇ ھەم خىيانەت ئەيلەسە كەمالىغە يەتكۈرۈر. كېيىنكى پۇشـمان سۇد بەرمەس. ئىش ئىلاجى ۋۇقۇئىدىن ئىلگەرى كېرەك. ئەمدى بىزلەردىن دەشۋەرەت مەسلىھەت ئولكى. بۇ ئىككىلەرنى تۇتۇپ بىر يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويساق، مەملىكەت كارىغە دەخلى بولماسە. ئەگەر بەر تەقدىر ئىسلاھى بىرلە زەفەر تاپساق كېيىن مەنسەپلەرىنى ئەتا ئەيلەسەك بولۇر» دەب ھەممە ئەھلى مەملىكەت ئەرز ئەيلەدىلەر.

ھەزرەتى خاجە جاھان پادشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان بۇلارغە فەسىھ زەبان بىلەن ئەيلەركى: «ئى ياران ۋەلىيى نىئماتان مەئقۇل ئېيتاسىزلەر ۋە بىزلەرگە مەملىكەتكە كۆيۈپ ئېيتاسىزلەر. لېكىن مەن بۇ ئىككىنىڭ ھەققىدە بىسيار ياخشىلىق قىلغان ۋە لەزىز تۇز بىسەرگەن. غازى بىزنىڭ ھەققىمىزدە خىيانەت قىلماسلىققە قەسەمى ئىسمۇللاھ بىلە قەسەمياد قىلغان ۋە كەلامۇللا دەرمايان ئەيلەگەن. شايەدكى ئەھدىگە ۋەفا ئەيلەگەي، خىيانەت قىلماغاي. چەراكى مۇسۇلمان- مۇسۇلمانغە مەھزە گۇمان بىلە ئازاد بەرمەك خوپ ئەمەس. ئەگەرچە قۇرئان، قەسەمغە ئول ئىتمادە قىلماسە، بىز ئېتىقاد قىلايلى. ئەگەر باۋەر قىلماسە، خىيانەتلىك قىلسە خۇدا رەسۇلغە ۋە جەددىمغە تاپشۇردۇم. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جازاسىنى تاپۇر. ئەمما نىياز بەگنىڭ ئايشە ئاتلىق بىر ئاجزەسى مىنىڭ نىكاھىمدادۇر. ھەققى قەرەبەت خىشلىك ئارادە سابىتدۇر. شايەدكى ئول ھەم خىيانەت قىلماغاي. بەر تەقدىر ئەگەر خىيانەت سادىر بولسە، ئانى خۇدا ۋە رەسۇلغە ئابا ۋە ئەجدادىمغە تاپشۇردۇم ۋە بەرگەن تۇزۇمغە تاپشۇردۇم. ئاخىرەتتە جازاسىنى تاپۇر.

## نەزم

ئەيكى تاپتىڭ بىر نەمەك زىنھار بولمە كورنەمەك،
بۇ نەمەك ئاخىر ساڭا بەرمەي جازاسى قويماغاي»

بۇ جەمىئىي يەنە ئەرز قىلدىلەركى: «ئەگەر باۋەر قىلماسەلەر بۇنى قىلغايلاركى، بۇ ئىككىسىگە ئۇشبۇ ئوردا ئىچىرە خىمە بارگاھ تىكتۇرۇپ، كېچە-كۈندۈز شۇبۇ جايدا ھاكىم، ئىشكاغەلىق قىلسەلەر، تامام مەملىكەتنىڭ كوڭلى ئارام تاپادۇر.» ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ ئەيدىلەر: «بۇ سۆزنى قوبۇل قىلدىم» دەپ ئۇشۇل كۈنى خانە راست ئەيلەپ ھاكىم، ئىشكاغە ئاندا مۇتەۋەتتىن بولدى. بىر نەچچە كۈن ئاندا فەن-فەنۇن ھىيلە تۈزۈپ تۇردىلەر.

ئەمما ھېكايەت ئىشىتمەك كېرەك. خاجە بۇرھانىددىن، راۋى ئانداغ ئېيتىپدۇرلەركىم: بۇ جەڭ قىتالدىن كېيىن خاجە بۇرھانىددىن ئەركان دۆلەتنى جەمىئىي ئەيلەب، ئولۇغ قول ئابدۇۋاھاف شەقى ئەزەلى، ئىنىسى ئۆمەر، ئوغلى ئابدۇساتتار تاز، ئابدۇخالىق ماز، كوچا ھاكىمى خۇدابەردى، ئىنىسى ئاللا قۇل، مەممەت يار، سايرام ھاكىمى ھېلى بەگ، دولان ھاكىمى سادەت بەگ، ساغرۇغۇ رامان قۇل، فەرمان قۇل، ئابدۇرېھىم، قىرغىز ئابدۇللا، سول قول شىر مەممەت ئىمىن، ئوغلى ئابۇراھىمان يۈسۈف بەگ، ئىنىسى ئابدۇساتتار مۇسا بەگ، بەشكېرەم ھاكىمى، پەيزئاباد ھاكىمى مىرنىياز، ئابدۇرېھىم خۇدا يارنىڭ ئوغلى مەممەت ئىمىن ئوتتۇرۇدا ئىككىنچى جايساڭ تۇرۇمتاي، كاررەۋانە تىزگۈز سۆرەتلىك سىفىلاردىن:

قالماق رەھىمتى، ئەژدەرنىياز، نەشتەرنىياز، شەككاك سوفى، ھەككاك
سوفى، موللا قۇتلۇق، موللا ئىدۋەر سەقال، سوفى بارات، موللا قەلەم
مىرنوروز، ساردىخ ياساۋۇل ئىلىياس خۇنخور، قىرغىزلاردىن: قۇبادرافىـ
زە، قىپچاق سوفى، قىرغىزمىرزا، ئۆمەرتۈز ھارامى مۆلك تاتاخىردا
ئولتۇرغان ئەردى. بۇ جەمئىي سەردارلەرى ئاراسىغە مەشـ
ۋەرەت سالدى: «بۇ ياركەند شەھىرىنى نېچۈك تەدبىر بىرـ
لە ئالغالى بولۇر ۋە قايسى تەرىقە بىرلە كۆڭۈل تەسكىن
تاپۇر. ئەگەر جەڭ جېدەل قىلالى دېسەك ئول خەلق ئۆز
ئىختىيارىغە كەلىمەگۈنچە چىقىپ جەڭ قىلمايدۇر. شەھەرنىڭ
سېپىلىغە ياۋۇق باراي دېسە ئېتىپ يولاتمايدۇر. بەر تەقـ
دىر جەڭ قىلسەلەر بىزلەرگە غالىپلىق قىلادۇر. ياۋۇقدۇركى
بىزنىڭ لەشكەرگە شىكەستە بەرگەي. ئەمدى مۇنىڭ ئىلاجى
نەدۇر؟» دەب سورىدى. بۇ جەمئىي ھەممەلەرى ئېيتادۇركى:
«بۇ ئىش ئىلاجى ئول بولغايكى، بۇ تەرەفدىن ئول خەلققە
ئەلچى كىرگەي. خاقانى چىن ئەلچىسىدىن بىر ئىككىنى، ئامۇـ
رىسانىڭ خەلقىدىن بىر نەچچەنى ھەمراھ ئەيلەب، نامە ئالىب
كىرگەي. بۇ ياركەند خاجەلىرى قالماقنىڭ دەبدەبە ۋە ئەسـ
ئەسەسىنى ۋە زەربىنى بىلگەن ۋە خىتاينىڭ نەھايەتسىزلىـ
كىنى كەماھەققەھۇ بىلگەن، ئىشىتكەن. شايەدكى بۇ نامەنىڭ
سىياسىتىدىن قورقۇپ، قول باغلاپ ئالدىمىزغە چىققاي ياكى شەھەرـ
نى تاشلاپ قاچقاي» دەب مەشۋەرەت بايان ئەيلەدى. بۇ مەشۋەرەت
ھەممىگە مەقبۇل بولدى. ئوشۇل سائەت سىياسەت ئامىز نامە يازىپ،
موللا ساقى سەرتىراشنى تۆرت قالماق، ئىككى خىتاي بىر نەچچە يەرـ
لىكلەر بىرلە ئەلچىلىككە ئىبەردىلەر. بۇلار دەرۋازەئى شەھـ
ھەرگە بارىپ ئەلچىلىكىن ئەئىلام ئەيلەب، رۇخسەت بىرلە
شەھەرگە كىردىلەر. ئۇلار ھەزرەتى خاجە جاھان ئەلەيھىر

رەھمەۋەر رىزۋان ئوردائىي ئالىيلارىغە كەلدى. ئوردا ئۈمە-
رالەرى بۆلارغە كامال ھەقارەت تەرىقەسى بىرلە دەزبەندە-
دىن زەمىنى ئەدەبنى بۆسە قىلدۇرۇپ، ھەزرەتى خاجە جاھان
خاجەم پادىشاھنىڭ ھۇزۇر نەزەرلەرىغە ئالىب كىردىلەر. بۇنا بىكالار
ھەزرەتى خاجەم پادىشاھنىڭ دەبدەبە ئە سەمەسەلەرنى تاماشا قىلماق
بىرلە ھەيبەت ۋاقىئە بولۇپ، بەدەنلىرىگە لەرزە تۈشتى، ھەيرەتدە
قالدىلەر. سائەتدىن كېيىن ھۇشىغا كەلدى. كۆز ئېچىپ قارادىلەركى،
ئول شەھنىشەي مەجلىسى فەساھەت ۋە خۇرشىدى ئاسمانى ئادالەت،
ئەختەر بۇرج فەتۇۋەتى گۆھەر كانى مەلاھەت يەنى ھەزرەتى
خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان
ئافتابى تابان يەگلىغ توقۇز قايەلىك بەلەند تەخت ئۈزرە
بەرقارار بولۇپدۇر. ئوڭ قولىدا رەۋاج دەھەندەئى شەرىئەتى
غەررا ۋە رەھنما مايى مەردۇمى سەلاتىن فۇقرا يەنى ئۆلۇ-
ماي ساھىب كىرام ۋە فۇزۇلائى ۋاجىبۇل ئىھتىرام زەئىملەمى.
ياركەند ئاخۇن ئۆمەر باقى ئاخۇن، ھاجى ئابدۇللا ئاخۇن،
ھاجى ئۇبەيدۇللا ئاخۇن، موللا ئابدۇلقاھىر ئاخۇن، شاھ
ئابدۇلقادىر ئاخۇن تا ئاخىر ۋە چەپ قولىدا غازى ھاكىمى
ياركەند ئىشكاغە نىياز بەگ، شاھ ياقۇپ بەگ. ئاندىن ئۆزگە
ھەممە ئەمىران جابەجا ئولتۇرۇپدۇر. ئاقىرۇ ئەمىرلاردىن
ھەم مۇخلىس خانىدان مىرزا مۇراد بەگ، مىرزا شىرداق
بەگ، مىرزا ئابدۇللا بەگ، مىرزا شاھ مىراد بەگ، مىرزا
زۇلفىقار بەگ، مىرزا نىياز بەگ. كاشغەردىن ئوفال نىياز
بەگ، ياركەنددىن سەييد زادەلەردىن ھەزرەتى خاجە ئابدۇل-
لا خاجەم، پادىشاھ خاجە يەھىيا خاجەم، ھەزرەتى خاجە
سىددىق خاجەم پادىشاھ، ھەزرەتى خاجە مۆئمىن خاجەم پا-
دىشاھ تەمام شاھزادىلەر رىزۋانۇللاھى تەئالا ئەلەيھىم ئەج-

مەئىن ۋە ئۆمەرادەلەر مىراب مىلك بېگى ۋە پەرۋانەچىلار ۋە
ئۆمەرالار سەفلەرىدە جانەشىن بولۇپدۇرلەر ۋە ئوتتۇرۇدا ئىسم تەخت
ئۆزرە ئافتابى ئەۋجى سەئادەت ۋە ماھتاب بۇرجى شەرافەت خۇرشىد
تەلئەت ۋە مۇشتەرى سائادەت شەھزادەلەر ئولتۇرۇپدۇرلەر.
ھەزرەتى خاجە قۇتبىددىن خاجەم، خاجە بۇرھانىددىن خاجەم
(مەشھۇر ئەركە خاجەم ئاتار ئەردىلەر) ۋە دامادى ھەزرەتى
خاجە جاھان خاجەم، ئۆمەر خاجەم، سوفى خاجەم، نەسى-
رۇللا خاجەم، خاجە ئىنايەت خاجەم، بۇ شەھزادەلەر ھەر
بىرى سەيادەت باغىنىڭ نەۋنەھالى سەرۋىرانى ۋە
سەلتەنەت گۈلىستانىنىڭ نەۋشىگۇفتە بەركەمالى بۇ شەھزادە-
لەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ نۇرلەرى گويا كى ئاسماندا ستارەلەر
قىران ئالەم رەۋشەن ئەيلەگەن مەسەلىك ئالەمگە پەرتەۋ
سالۇر ئەردىلەر، بۇلارنىڭ ھالى ئىسلامىدىن نەچەند دەر-
ۋىشلار بەھرە تاپىپ دىللەرى روشەن ۋە مۇنەۋۋەر بولۇپ،
راھ تەرىقەتدە كامىل بولۇر ئەردى. قال ئىسلارىدىن نەچەند
تالىبىل ئىلىم يارانلار فەيز ئالىب راھ شەرىئەت مۇستەفە-
ۋىنى ھاسىل قىلۇر ئەردى. ئەلەلخۇسۇس ھەزرەتى خاجە
سىددىق خاجەم قۇتۇھى ھەر ئىككىلا ئىلىمگە مايىل مۇكەممەل
ئەردىلەر. بۇ شەھزادەلەردىن بىر سەف كېيىن، ئىۋەز خەلىفە،
ئابدۇراھمان خەلىفە، مۇھەممەد ئابدۇللا باكاۋۇل، شاھابىد-
دىن باكاۋۇل، فولاد قۇزى خەلىفە، مىرزا ئابدۇل ۋاھاب،
مىرزا ئابدۇل مەننان، مۇھەممەد ۋەلى دورغە، ھەمدەم باكا-
ۋۇل، سالىھ خەلىفە، مۇھەممەد مىراخور، موللا مۇھەممەد كې-
رەك ياراغ، تەلاكى باھادۇر، كاشغەر خاجەلەردىن خاجە ئاب-
دۇللا خاجەم، خەيلى ھەشەملەرىدىن سابىر كېرەك ياراغ
دەرۋىش باكاۋۇل، خاجەش خاجە خاجەم، نەزەر خاجە، ئە-

رۇش مىرزا، توقال مىرزا، تۇرسۇن قاشقە، قۇمۇل باھادۇر، خوتەن شاھزىيا ۋىددىن خەلىفە، خاجەلاق، خەلىفە توختى خاجە — ئاق بۇرۇت مۇندىن ئۆزگە ھەم خەيلى ھەشەملەر ھەم ھەر قايسىلەرى ئۆز ئورۇنلارىدا جابەجا تۇرۇپدۇرلەر. گاھىلار مەقام جىلۋەسىدە، گاھىلار قىيامىدا. ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم ئەلەيھىر رەھمەۋەررىزۋانىنىڭ مۇبارەك گۇشەئى چەشمەلەرىگە مۇنتەزىر ئامادە تۇرۇپدۇرلەر.

ئەلقىسسە، بۇ ئەلچى ناكەسلەر بۇ ئاستانەنى ئۆپۈپ ۋە گەردلارىنى كۆزلەرىگە سۇرتۇپ، كەمال ۋەھىمە ئەندۇھ بىرلە باشلارىدىن نامەنى ئالىب تۇتتى. ھەزرەتى خاجە جاھان غازى رەھمەتۇللاھ مۇبارەك چەشمەلەرى بىرلە ئىما قىلدىلەر. مۇنشىئى ئىسلام نامەخۇان شاھ فۇرخەندە فەرجام نامەنى ئالىب، سالاسەتى ئەلفاز ۋەفەساھەت بىرلە ئاۋاز بەلەند بىلەن نامەنى ئوقۇدى. ئىپتىدائى نامە مەزمۇنى ئولكى:

«ئى خاجەئى جاھان ۋەئى ئاد - مان ياركەند، ئاگاھ ۋە دانە بولۇڭلاركى ۋە سىزلەرگە ئەۋۋەلا خاقانى چىن يارلىقى ئىككىنچى ئامۇرسىنا يارلىقىسكى، بۇ دىيارلارغە نەچچە قەرنى بولۇپدۇر قالماقنىڭ تابىئەئى بولۇپ كېلىپ ئەيدىڭىزلار. سىزلەرنى بۇ دىيارلارغە قالماق تۆرەسى جىزيە باج خىراجىنى ھەر ئاي، يىل چىقارىپ تۇرماق ۋەئەدەسى بىرلە ئىبەرگەن بولسە ھالا بائىس نەدۇركى، سىزلەر بۇلاردىن رەد گەردان بولۇپ، بۇلار سارى تىغ تارتقايسىزلەر ۋە قەتلىنى رەۋا كۆرگەيسىزلەر. نېچۈك كۆتەھ ئەندىش ۋە كەم فىكىرلىككى، مۇنداغ بىھۇدە ئاقىبەت ۋەيرانە ئىشلارنى قىلغايسىزلەر ۋە خىيال خام بىرلە ئەمەل قىلغايسىزلەر. بۇ ۋاقىئە ئەزىمنى تەفسىلى ئىشتمەگەنسىزلەر. بىخەبەرسىزكى فەند تۈر-

غان داباجى تۆرەلىكدىن نائىلاج تەخت سەلتەنەتدىن ئايرىل-
دى. بەلكى ئۇنى سەلاسىل ئەغلال بىرلە چىن دىيارىغە ئىلىت-
تىلەر. خاقانى چىن يارلىقى بىرلە ئامۇرسىنا تۆرەلىك سەل-
تەنەتىدە ئولتۇردى. ئىشىر لەشكەرى چىن، ئىلى ئوتراسىدا
قالدى. تامام قالماق ئىشى نىزام تاپىپ سەرانجام بىلە
جابەجا بولدى. هەر دىيارىكى ئۇلار تابىئىدە ئىكەن. هەممەلە-
رى يەنە ئىتائەت قىلدىلەر ۋە جىزيە - باج نەسىبەئى خان-
دۇر، ئول بىر نەچچە ملك كىشى ئىبەردىكى، بارىپ دىيار -
دىيارلارنى تەخت تەسەررۇفىگە ئېلىنگلار. خاقان تۆرەنىڭ
يارلىقىنى يەتكۈزۈڭلەر. هەركىم قوبۇل قىلسە خوپ، ئەگەر
قوبۇل تۇتماسە بىقەدرى ئىمكان قۇدرەتىڭلار بارىچە غازات
تاراج قەتل قىلىڭلار. جەزاسىنى بېرىڭلار. ئەگەر قۇدرەتىڭ-
لار يەتمەسە خىتاي، قالماق بولۇپ، بۇ ئىككى گۇرۇهدىن
بولۇپ، گۇرۇھ - گۇرۇھ، لەك - لەك لەشكەرى گەران بارىپ،
تامامى ئەهلى دىيارنى بەلكى چاهار پايلارغىچە قەتل ئام
ئەيلەب، قىرق گەز يېرىنى ئويۇپ، دەريايى زەرافشانغە قويۇپ
نابۇد ئەيلەگۈمىزدۇر، دەب ئۆز دىنىدە قەسەمياد قىلدى. هالا-
سىزلەرگە مەنغەئەتلىك سۆز ئولكى دەرهال تىغ ئاداۋەتىنى
تاشلاپ ۋە هەممە ئەهلى مەملىكەتلەرنى باشلاپ، هەممەمىز
باش ئۇرۇپ خاندىن، تۆرەدىن سىزلەرنىڭ گۇناهىڭلارنى
تىلەگەيمىز. شايەدكى ئۆتسەلەر بىر يەردە بىر شەهەرنى
سىزلەرگە ئىتىلغان قىلغايلار. بىزلەردىن هەقىقى قەرابەت
خىشلىق ئۇشبۇ بولغاي. ئەگەر بۇ سۆزنى قوبۇل تۇتماسىڭىز-
لار ئۆز گۇناهىڭلار ئۆز گەردەنىڭىزلارغە، ئۇشبۇ لەشكەرىمىز
هەم نەچچە شەهەر خەلقىنى نەچچە قىرقە قىرغىنز. قالماق،
خىتاي پەيدەر پەي ئارقەمىزدىن لەشكەر يېتىپ كېلۇر. ئەن-

دەك لەھزىدە شەھرىڭىزلارنى بۇزۇپ ئالىب سىفىللارنى ۋەيـ
ران قىلغايمىز. تەمام خانەلەرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، ئەھلى ئەۋلادىڭىزلار بىرلە دەريايى زەرەفشان لىبىگە ئېلىپ قويدەك بوغۇزلاپ، دەريايى پۈرخۇن جارى قىلغايمىز. جەـ
سەدلارنى ئۆرتەپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى شەمالغە بەرگەيمىز. تا قىيامەتغىچە تەنبىھ بولغايكى، ھەرىكىم ئۆز خانىسىدە — تۆرەسىگە تىغ تارتىپ يۈز ئۆرۈمىگەي، نامە تەمام.»

## بەيت

ئى بۇرادەر ئاگاھلىقىم سۆزنى قوي،
تاقاچان بىھۇدە ئىشلارغە قىلارسەن جۇستجۇي
ھەرنە قىلغىل دىن - ئىسلامىڭنى قولدىن بەرمەگىل،
ئاخىرەت دەپ ئالىمى باردۇركى دەرلەر ئەمدى توي.

كارى دۇنيا ئىستە بان بىجا قەدەملەر ئۇرماغىل،
ھەر كۈنى چاھى پالاكەتكە يىقىلمىش دۇر بۈگۈن.
خاھى ياخشى، خاھى يامان ھەر ئىشكى قىلماسەن بۈگۈن،
بىرگە تۆرت ئونىنى تەمە، يوقتۇركى رەپتارى موي.

تۇرماغىل ناجىنس ئىلە سۆھبەتكە ئىنىڭ شۇملۇغى،
ئىككى ئالەمدە سىنى مەردۇد ئېتەر ئى زىشت خۇي.
يار قابىلىنى ئىزىز جاندىن كىشى بىلەمىسۇ كىم،
ئاندىن ھاسىلدۇر ئاگا كەسبى كەمالى رەڭگۇ بۇي.

نەچچە بەدتىنەت كېلىپ يولدىن چىقارمىش شاھىنى،
لىك بۇ بەدنام شەھ بويىنغە بولدى گۇفتگۇي.

ئەھلى ئالەم بارچەسى فەقىدادۇرلار بەسى،
سادىقا ئەقىل فاراسەت ئىستە كۆرگىل رەڭگۇ بۇي.

بۇ نامە فەساد مەزمۇنىنى ئىشىتىپ ئۇل شاھى ئادالەت
پاناھ نىزام ۋە سىيادەت پاناھ پادىشاھى ئىسلام يەنى
ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان
قەھرى غەزەپ بىرلە ئەمر قىلدىلەركى: «نامەسىنى يىرتىپ
ئوتقە سالغايسەن!» خادەملار رىزە قىلىپ ئوتقە سالدىلەر.
ئاندىن ھەزرەتى خاجەم پادىشاھ مۇبارەك پىشانەلەرىگە نەچە-
چە يەردىن چىن گەرەھ سالىپ بۇ نابىكار ئەلچىلەرگە خىتاب
قىلىپ ئېيتتىلاركى: «سىزلەرنىڭ خاجەڭىزلار ۋە خان تۆرە-
ڭىزلار بىھۇدا نامەئەقۇل سۆزلەر ئېيتىپدۇر. كەمال ناقسۇل-
ئەقل ئىكەنلەر. مىسال مەشھۇردۇركى: «ئۆزۈڭنى ئەر بىلسەڭ،
يەنە بىرنى شىر بىل» ئاقىل ئولدۇركى، ئىشنىڭ ئاقىبە-
تىگە قارىغايسەن. سالهاي سال ئەردىكى نائىلاجلىقدىن بۇ
كافىر پەلىدلار ئىتائەتىنى قىلدۇق، ئۆمرىمىزنى بۇ فانى دۇنى-
يانىڭ ئەسباب مەئىشەتى ئۇچۇن، سەرف ۋە ھەيف قىلىپ ئۆت-
كەرىپدۇرمىز. ئەمدى ئۇ ئىشىنى ئوشۇل بەرباد دەۋر ئۆتكەن
ئۆمۈرنىڭ تەدارىكى ۋە تەلافى بىلەن بەرباد قىلىپدۇرمىز.
بىزلەرنىڭ بۇ فانى ئالەمدە ھىچ تەمەننا ئارزۇمىز قالغانى
يوق كى، نەچچە يىل بۇ تەخت سەلتەنەتىنى ئەيشى كامە-
رانىلىق بىرلە نەفسى سەركەشگە ئىنانى ئىختىيار بېرىپدۇر-
مىز. جەمئى مۇراد دۇنيەۋىدىكى بار ئەردى ئالەمدە ھەمەسى-
سىنى بىر - بىر نەزەرىمىزدىن ئۆتتۈپدۇر. بىزگە ھەم بۇ
ئىشىمىزدىن مەقسۇد ئولكى يەنە دۆلەت دۇنيەۋى بولغاي.
ئانداغ ئىمەسكى مەقسۇد سەۋابى غازاتدۇر. دۆلەتى ئاخىرەت

ۋەتتۇر. ئىرانلارنى غازات ئۈچۈن خەلق قىلىپتۇر. سەۋابى غازات سىزلەرگە مەخپى بولسە، بىزلەرگە ئاشكار چەراكى كەلام خۇداۋەندە ۋە ھەدىسى نەبۇۋىدە ئوقۇپ كۆرۈپتۇرمىز. ھەممە ئىبادەتنىڭ ئەفزەلىدۇر. بىزلەرگە غازات ھەم شاھادەت مۇيەسسەردۇر. قايسىكى نېسىپ بولسە ئۆز قىسمەتىمىزدۇر. ئەمدى بىزلەردىن كىشى گۇمان قىلماغايكى، يەنە كافىرلار ئىتائەتىگە ياتۇرمىكى دەپ، ئىنشائاللا ئۈمىد باركى رەھمەتى جان ھەلقۇمدادۇر كافىرلار ئىلە قۇچاغلاشىپ، قىچاغلاشىپ ئۆلەرمىز. يەنە ھېچ ئىتائەتنىڭ ئېھتىمالى يوق!...

## نەزم

كەلتۈرۈر ھىممەت جۈرئەتلەرىم ھەرگىز سىلەرگە ئوخشاماس،
بازۇي قۇۋۋەتلەرىم ئەۋۋەلقىلەرغە ئوخشاماس.

سىز گۇمان قىلماڭكى ئەمدى سەرسەرى يۈز كەلتۈرۈر،
لەھزە ـ لەھزە ھىممەتىم غەيرى ئەلگە ئوخشاماس.

ھۆكمى شەرئى مۇستافادۇر كىمكى مۇنكىردۇر ئاڭا،
«قىت» دەپ جەڭ قىلغانىڭ ئىسلام ئېلىگە ئوخشاماس.

جاھى ئىززەت ئارزۇسى يوقتۇر بىز «ئەرشى» كۆڭلىدە،
بى مەھاسىل سۆزلەرىڭ ھىممەت ئېلىگە ئوخشاماس.

ئاقىل ئەرسەڭ مۇنقەتىئ قىل ماسىۋەللادىن كۆڭۈل،
بىھۇدە ئاپىغان سۆزۈڭ ھىممەت ئېلىگە ئوخشاماس.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى ئىشان خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھـ
مەۋەررىزۋان بۇ ئىستاب ئامىز سۆزلەرنى ئېيتىپ ئەلچىلەرگە
رۇخسەت بەردىلەر. بۇلار يۈزمىڭ ۋەھىمە بىلە ئۆزلەرىنى
ياقاغە ئالدىلەر. بارىپ خاجە بۇرھانىددىنغە ۋاقىئەنى بايان
قىلدىلەر. ھەممە سەردار لەشكەرگە مەيۈسلۈق، نائۆمىدلىق
رو بەردى ۋە قىرغىزلارغە سۇستلۇق يۈز بەردى. بۇلار شۇ
فىكىر - خىيال بىرلە تۇردى.

ئەمما ئىشتىمەك كېرەككى، خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھـ
مەۋەررىزۋان ئەلچىلەر ياندىن كېيىن يەنە ئەركانى دۆ-
لەتنى تۈزۈپ، ھەممەلەرنى جەمئى قىلىپ، مەشۋەرەت ئارا-
غە سالدىلەر: «ئى ئۇلۇغ ئۈمەرالار! بىزلەر نىيەت خالىس
بىرلە خۇدا رىزالىغى ئۈچۈن، ھەزرەتى رەسۇل سەللەللاھۇ
ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرىئەتى غەررالارى رەۋاجى ئۈچۈن
كافىرلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلام ئەلىمىنى باشىمىزغە كۆتە-
رىپ، غازات تىغىنى ئول پەلەدلەر سارى ھەۋالە قىلغان ئەر-
دۇق. بىر نەچچە ئىشلار ۋۇقۇئ تاپتىكى، ئىنىڭدىن مەلۇم
بولادۇر، بىزلەرنىڭ ئىشىمىز رەۋنەق تاپمايدۇ. ئەۋۋەل ئۈچ
شەھەرگە لەشكەر بارۇر بولىدى. ئول ھالەتدە يۈسۈف خاجەم
قەرىنداشىم ئالەمى فانىدىن ئالەمى ئۇقباغە رىھلەت قىلدى.
مۇنداغ ئىشلارنى زەبتى مەسلىھەت بىلە فەيسەل بېرۇر كىشى
ئول ئەردى. ئۇنىڭدىن ئايرىلدۇق. ئاندىن ئۈچقە بارغان لەشـ
كەرگە يەزى نابكارلار پەند بەرمەك بىرلە لەشكەر شكەستە
يەپ ياندى. ئۆزلەشكەرىمىزنىڭ ئالات - جابدۇغى ئىلەدۆشـ
مەن لەشكەرى سەرى جابدۇق بولدى ۋە يەنە ئولكى بىزنىڭ
باباقلار خاجە ئابدۇللا بىلەن خاجە مۆئمىن كاشغەردىن بىر
نەچچە مەككارلەر فەند بەرمەك بىلە ئۆز ۋەھمىدىن شەھەرنى

باشلاپ كەلدى. كاشغەر قولدىن چىققتى. دۈشمەنتەقى غالىپ
بولدى. ئۆمەرنى، مۆمىنى، سوفى مىرزانى قەۋمى ئۇرۇغلارى
بىرلە ئىنئام ئىھسان بىرلە تەربىيەت قىلىپ، سەرجابدۇق
قىلدۇق. ئول كورنەمەكلەر دۈشمەنگە قوشۇلدى ۋە يەنە
يۈسۈف خاجە قەرىنداشىم دەرۋىش باكاۋۇلنى ئەندىجانغە
ئىبەرىپ ئىنئام ئىھسانلار بېرىپ، قەباد ئۇرۇغى بىرلە چىر-
لاپ كەلدى. ئول ھەم كورنەمەك بولۇپ دۈشمەنگە قوشۇل-
دى. بىزلەرگە مازاھىم بولدى. ھالا ئەمدى ئىش ئاڭا تار-
تىپدۇركى، نەچچە قىرقە كىشىلەر ۋە نەچچە شەھەرلەر ھۇ-
جۇم ئەيلەپ، ياركەند شەھرىنى قورشاپ تۇرۇپدۇر. ئەلچى-
لەرنىڭ ناممەسىنىڭ مەزمۇنى مەلۇمدۇركى ئاڭلادىڭىزلەر.
ئەمدى بىزلەرگە مەسلىھەت مەشۋەرەت ئولكى، بىزلەر ئەۋ-
لاد مۇئەللىقاتىمىز بىرلە ھەج يولىغا كىرسەك، ئەگەر نىسىپ
بولسە فەھۋەل مۇراد ۋە ئىللا بىز خەلققە يا مۇندىن ئۆز-
گەلەرگە ھەرج يەتكۈزۈپ تىغ ئۇرسەلەر دەرىجە شەھادەت
تاپقۇمىزدۇر. ھەرنە بولساق بىز ئەھلى ئەۋلادىمىز بىرلە
بولالى. بىزلەر خالى قىلىپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن مە-
لىكەتكە ئەيىپ يەتمەس. ھالا مەلۇم بولادۇركى بۇ فەلەك
دەۋرانىنىڭ نەھۇسەتى بىزلەر سارى يۈزكەلتۈرۈپدۇر. سە-
ئىد ئەكبەر ئول لەشكەرگە يۈزلەنىپدۇر. ئەگەرچە بىزنىڭ
تەرەفدىن رۇستەمى داستان، سام نەرىمان مەيدانغە كىر-
سەمۇ زەفەر ئېھتىمالى يوق. ئەمدى ناچار قازاغە رىزا بې-
رىپ، ئۆزنى كەنارەگە ئالماق كېرەك. ئەگەر ئەجەل مۇقەد-
دەراتىمىز شۇبۇ قەۋمنىڭ قولىدە بولسە غەم يوقكى، دەر-
جەئى شەھادەت تاپقۇمىزدۇر. ھەرنە بولساق بىز ئەھلى ئەۋ-
لادىمىز بىرلە بولالى. بىزلەر خالى قىلىپ قويۇپ بەر-

گەندىن كېيىن مەملىكەتكە ئەيىپ يەتمەس. ئەگەر ئەجەل يەتمەگەن بولسە خالاس ئولغۇمىز دۇر، دەپ لەفزى شىردىن بىر لە سۆزنى تامام قىلدىلەر.

## شېئىر

بىۋەفا سەن ئى فەلەك گەردۇنى كەج رەفتارسەن،
شىكۆەلەر قىلغۇم سېنىڭدىن مۇنچە كىم غەددارسەن.

مۇنچە هەم نادان بەدتىنەت مۇرادىن بەرگەيسەن،
ئالىي هىممەت مەردى دانا هەققىدە مەككارسەن.

زۇلۇم پىشەكىنە كەشلەر سارى سەئدى ئەكبەردىلىك،
فەتهى نۇسرەتنى نېسىپ ئەيلەب ئاڭا غەمخارسەن.

قايدا بىر ئازادە ۋەش بولسە قىلىۇرسەن پۇرخەتەر،
نەهسى ئەكبەرنى نېسىپ ئەيلەرسەنۇ ئەييارسەن.

شاهلار شەهزادەلەر قانىن تۆكەرسەن نەدەرىخ،
نەئەجەپ بى رەهمى سەن خۇنرىزسەن خۇنخوارسەن.

كىمكى بولسە ئەندەكى ئىدراك ئۇنىڭ سەن دۇشمىنى،
كىمكى شەككاك نىجىسۇ فىتنەدۇرسەن يارسەن.

سادىقا گەر ئۇشبۇ دۇر كارى فەلەككە ئىمتىياز،
نە ئۇمىد ئەيلەرسەنۇ ئەلۋەتتە خارۇ زارسەن.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ بۇ ئىختىيار ھەجنى خەلق ئىچرە ئىنايەت قىلغانلاردىن، بىر چەمىشىدىن غەرىق قىغان كۆك گۈنبەزدىن ئۈتتى. ھەممەلەرى ئاۋاز بەرلەند بىرلە گىريە باشلەدى. ساھەتدىن كېيىن گىريەدىن فارىغ بولۇپ: «زەفەر قەتىھى ئىقبال ئىككى غۇلام چاكارلارى ئولغايكى، ھەزرەتلەرىدىن مەيۇسلىق، نائۇمىدلىق لازىم ئەرمەس. باتىس نەدۇركى ئۈزلەرىنى ئاتەشى فىتنە فاساددىن توفانى ھادىسە بەلادىن كەنارە تۇتقايلار. بىزلەرنى ئوت ئىچرە تاشلاپ قويغايلار، بىزلەرنى بۇ ئوت ئىچىدە كۆيدۇرۇر، سىزلەرنى ھەم كۆيدۇرۇر. بەلكى بىزلەرنى سىزدىن كېيىن كۆيدۇرۇر. تەفرىقەلىك خوپ ئەرمەس. ئەمدى ھەممە كىشى بىر جان، بىر تەن بولۇپ غەيرەت ھىممەتنى يەكبەر سەرف ئەيلەيلى، بىر - بىرىمىز ھەققىمىزدە جان بەرگۈمىزدۇر، ياكى كۆي مۇرادنى بۇ ھەۋەس چەۋگانىدىن بىز ئالماتكەيمىز، يا دۈشمەنلەر ئىلتىكەي ۋە لېكىن بۇ ھەممەدىن بۇراق مەسلىھەت ئولكى بىزنىڭ تەرەفدىن ھەم خەسم لەشكەرى سارى ئەلچى چىقارغايمىز ۋە نامە يازىلغايكى تەقسىرىدىن دۈشمەنلەر جىگەرلەرى سۇ بولغاي. سىياسەت ۋە ھەيبەتىدىن يۈرەكلەرى پارە - پارە بولغاي. دانىشمەندلەردىن بىر ۋە بىر نەچچە خەيىل ھەشەملەر ئىلە نامە ئىلتىپ جاۋاب يەتكۈزگەي» دەپ مەشۋەرەت ئارادە سالدىلەر. ھەزرەتى خاجە جاھان ئىلەيىر رەھمەۋەر رىزۋانكە بۇ مەشۋەرەت مەرغۇب تۈشكەچ، كاتىب مۇنشىغە نامە يازارغە فەرمان ئەيلەدىلەر. ئوشول ساھەت مۇنشىلار نامە راست ئەيلەدىلەر. سالىھە ئەھلىدىن بىر نەچچە چاكار نەۋكەرلەرى بىرلە ئەلچىلىككە ئەمر ئەيلەدىلەر.

ئەلقىسسە، سالىھ خەلىفەم دەبدەبە ئەسئەسەسىنى راست قىلىپ، خاجە بۇرھانىددىن لەشكەرى سارى خەرام قىلدىلەر، بۇ خەبەر خاجە بۇرھانىددىنغە يەتتى. بۇ ھەممە نەچچە فىرقە قىرغىز، قالماق، خىتاي ۋە ئۆمەرائى قىتنە ئەگكىز ۋە ئالىم زالىملار ۋە سوفى دەرۋىش دىۋانە خۇنخۇارلاردىن، ئاندىن ئۆزىگە ھەممە ئامۇ خاساردىن جەمئى ئەيلەپ، دەبدەبە ئەسئەسە بىرلە سوروۋن تۈزۈپ، ئۆز تەرىقە رەسمىلەرى بىرلە ئەلچىگە يول بەردىلەر. سالىھ خەلىفەم ھەم رىسالەت ئەلچىگەرلىكنى بەجا كەلتۈردىلەر. تەۋازۇئ بىرلە باشلارىدىن نامەنى ئالىپ ئۆتتىلەر. بۇرھانىددىن ئىشارەتى بىرلە نامەخۇان نامەنى ئالىپ توققۇز قات لىفافە بىرلە ئوقى! دەپ ئىشارەت قىلدى، لىفافەدىن كۆشادە قىلىپ فەساھەتلىك لەفزىلەر بىرلە ۋە شەرافەتلىك كەلىمات ۋە ئىبارەتلەرىن ئوقۇماق بىرلە ئىپتىدا قىلدى. ئول نامەنى ھەمدۇ، نەئت بىرلە تەرتىپ بېرىپدۇرلەر. ئاندىن كېيىن شۇبۇ مەزمۇننى دەرج ئەيلەيدۇركى:

«ھەزرەتى ھەق سۇبھانە ۋە تەئالانىڭ فەزلى كەرەمى بىرلە ۋە لۇتف ئەتاسى بىرلە تەۋفىق تافىپ، كافىرلار ئىتائەتىدىن ئەئراز رەۋگەردان بولۇپ، ئىسلام ئەلەمىنى باشىمىز ئۈزرە كۆتەرتىپ جىھاد غازات نىيەت ئەيلەپ، كۇففار سارى تىغ تارتىپمىز. ئۈمىد باركى بۇ كارىمىزنىڭ ۋاسىلەسى بىرلە ئاخىرەتدە سەۋابى بىسىنە ھايەتگە ۋاسىل بولغايمىز. سىزلەرگە ھەم ھەزرەتى پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ فەرمانى بىرلە رەببۇلئالەمىن يارلىغى بىرلە ۋە شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بىرلە ئەگەر ئەھلى ئىمان ئەھلى ئىسلام بولساڭىز سىزلەرگە بائىس نەدۇركى كافىرلارغە يار بولۇپ بىزلارگە ھۇجۇم ئەيلەب، بىز بىز مۇسۇلمانلار ھەققىمىزدە بۇ تەرىقەلىق جەۋرى جافا ۋە ئەنۋائە

خۇداۋەند كەلامى چەراكى قوزغايتىڭلەر. سىتەملەر زۇلۇم — شۇكى: «ئىننەمەلمۆئمىنۇنە ئىخۋەتۇنە» (يەنى مۆئمىن مۆئمىن- نىڭ بۇرادىرىدۇر) بىر - بىرىنىڭ ھەققىدە رەۋا ئەرمەس، دۇشمەنى مۆئمىن بولغاي، دۇشمەن دۇشمەنى خۇدا كافىردۇر. ئەگەر مۆئمىن بىرى بىرىنىڭ ھەققىدە دۇشمەنلىك قىلسە، ئول مۆئمىن ئەمەسدۇر بەلكى كافىردۇر. ئەگەر غەرەزدىڭىزلار مەملىكەت بولادۇرغان بولسە، كافىرلار ياۋەرلىگى لازىم ئىمەس. سىزلەر ئول تەرەفىدىن، بىزلەر بۇ قەرەفدىن ئىكۋەلەن بولۇپ كافىرلارنى ئارادىن كۆتەرالى. ئاندىن قايسى مەملە- كەتنى خاھلاساڭىزلار ئىنىك تەخت سەلتەنەتىدە بەر قارار بولغايسىزلەر. ئەگەر تەڭ چەشمەلىك ئەيلەب ھەممە دىيار- لارنى لازىم تۇتساڭىزلار ئول ھەم مەقبۇل. بىزلەرنىڭ ھەرە- مەيىن شەرەفەيىن نىيەتىمىز بار. دىيار مەملىكەتنى سىزلەرگە تاشلاپ، ھەجگە ئەزم راھ تۇتسالى. بىزلەرنىڭ بۇ فانىي دۇنيا ئىچرە كۆڭلىمىزدا ھېچ ئارزۇ تەمەننا يوق. ئەمما ھو- نۇز سىزلەرنىڭ نەۋبەتىڭىزلەر ئىپتىداسىدۇر. ھەر نىچۈك بولسە، بىزنىڭ مەقسەدىمىز شۇبۇ مۇسۇلمانلار دىيار- لارىدىن كافىرلارنىڭ قەدەملەرىنى قۇرۇتماغلىقدۇر. ساۋابى غازات ھاسىل قىلماقدۇر. قەدىمىل ئەييامدىن بىزنىڭ ئابا- ئەجدادىمىز كافىردىن يۈز ئۆرۈپ كېلىپدۇر. چەراكى غازات ئۆزگەلەرگە فەرزى كۇفايە بولسە بىزلەرگە فەرزى ئەيىندۇر. بىز سەييد زادەلەرنىڭ مىراسىمىزدۇر. ئەگەر سىزنىڭ نىيەتىڭىزدە شەك ۋە خىلافىڭىز بولماسە جەددى ئەبۇزەم ۋە سەييدۇلئەرەب ۋەلئەجەم يەنى ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەي- ھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننەتلەرىدىن بەجا كەلتۈرمەك كېرەك. ھۆكمى شەرىئەتكە ئەمەل قىلماق كېرەك. ئول سۈننەت غازات

جىھاددۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سەرمايىسىدۇر. ئوشۇل جۈملىدە
ھەر كىشىگە ئىمان ئىسلامدىن نەسىبەسى بار ئاگا سۆز شۇ
بۇدۇر. ئەگەر ئىمان ئىسلامدىن نەسىبەسى بولماسە، تەمەھەم
تۇتماسە، شەرىئەت ھۆكمىگە قايىل بولماسە، بەس ئول كى-
شىنىڭ خۇنى بىزلەرگە ھالالدۇر. ئۆلتۈرسەك غازى، ئۆلسەك
شەھىد. بولگى شەرئى شىرىف ھۆكمى بىرلە ئول كىشى كافىر-
دۇر. بۇ بارەدەپەرق قويمايدۇر. ئەگەرچە سۈرەتى مۇسۇلمان
بولۇپ ئىمان ئېيتسە، ناماز ئۆتەسە، روزە تۇتسە ھەم كافىر-
دۇر. قالماق، خىتاي بىرلە بارابەردۇر. چەراكى مۆئمىنىنىڭ
خۇنىنى تابئى كۇففار ئولماغلىق بىرلە ناھەق تۆكمەكىنى
ھالال بىلسە بىزلەر ھېچ گۇناھ قىلمادۇق. بىھەسىبى شەرىئەت
مەھكەردىن ئىسلامنى ئاشكارا قىلدۇق. ئەللامە موللا سەئىدىد-
دىن ئەقا ئىيد نەسەفىدە كەلتۈرۈپدۇر لەر:«قاتىلۇلمۆئمىنى
لىكەۋنىھى مۆئمىنەن لايەكۇ نۇئىللا كافىرەن» مۆئمىنى مۆئمىن-
لىك ھەيۋەتىدىن ئۆلتۈرگۈچى ئەلبەتتە كافىر بولۇر. چەراكى
ئىمان ئىسلامغە ئەداۋەت قىلسە كافىردۇر. ئەگەر مۇسۇلمان
مۇسۇلمانغە ياكى كافىرغە تابە بولماي، كافىر يارلىغىنى
يەتكۈزمەي، ئاداۋەت قىلسە كافىر بولماس، گۇناھكاردۇر.
ئەمما لەشكەر سىپەھ سالالارى كافىر يارلىغىنى يەتكۈزۈپ
لەشكەرى كۇففارنى باشلاپ كېلىپسىزلەر. با ۋۇجۇد قەدرەگىز-
لار باركى، كافىرلار بىرلە جەڭ - جىدەل قىلىب، بەرابەرلىك
قىلماققە لەشكەرى كۇففار بىسىيار غالىب بولسە، مۇسۇلمان-
لار زەئىف بولسە، بۇ سۈرەتدە ھېچ ئىلاجى يوق، ناچارلىقدۇر.
لېكىن سىزلەرنىڭ بۇ ئىشىڭىزلارنى ھېچ مۇسۇلمان ئاتلىغ
كىشى قىلماغاي. بەلكى بۇ كارىڭلار دائىرە ئىسلامدىن تاش-
قاردۇر. كافىر بەدكىردارلار فەيلىدۇر. بىر مىسال باركى:

«يامان قۇش ياكى فالاقەت ماپىل» ئەگەر كۈچ قۇۋۋەت بولۇپ
كۆڭلىدە دىن ئائىنەسى بولسە، ئول قۇۋۋەتنى مەسرەفكە سەرف
قىلغاي. مەسرەفى ئوشۇلكى كافىر ئىلە جەڭ قىلىپ، ئىككى
ئالەمدە غازى ئاتنى كۆتەرىپ، پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ دەرگا-
ھىدا ئابرۇيى بولغاي. چۈنانچە بۇ ھىكايەت داستان ئاڭسا
ئوخشاركى زەمان گۆزەشتە ئول شەمئى مەجلىسى فەساھەت،
گەۋھەرى كانى مەلاھەت تاج سەيادەت ئافتابى فەلەكى شە-
رافەت ئول غازى ساھىب قىران زەۋىلئىھترام، ۋىلايەت تە-
رىقەسىدە بى ھەمتەڭ، ھىممەت بارەسىدە شىر غەرران،
شىجائەت مەركەسىدە قولزۇمى ئامان، يەنى ھەزرەتى
خاجە ھەسەن ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان يار-
كەند شەھرى فەتھى ئىسلام ئۈچۈن لەشكەرى گەران بىرلە
ئىھاتە قىلىبدۇرلەر. ئول ۋەقتىدە ياركەند قالماق تەسەررۇفىدا
ئىكەن. ياركەند شەھرى پاسىبانلىقى ئۈچۈن بىر نەچچە قال-
ماقلار شەھەر ئىچرە مۇسەللەت بار ئىكەن. بۇ لەشكەرى ئىس-
لام ئاۋازەسىدىن قورقۇپ قاچىپ ئىلىغا كېتىپدۇر ۋە بۇ كا-
فىرلار بىرلە بىرنەچچە ئوشۇل ۋەقتىنىڭ ئۆمەرالىرى ھەم
ئەھلى خانلىرىدىن تاشلاپ كافىرلار دىيارىغا يۈزلەنىپدۇرلەر،
ھەزرەتى خانە ھەسەن ئەلەيھىر رەھمە شەھەرنى فەتھى
قىلغاندىن كېيىن ئۆلۇمالاردىن سوئال قىلىبدۇرلاركى: بۇ
ئۆمەرا لەشكەر ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ كۇففارغە قوشۇلۇپدۇر،
بىھەسبى شەرىئەت رەۋامۇدۇر ئۇلارنى غارەت - تاراج ئەي-
لەمەك؟ دەپ فەتۋا ئىلتىماس قىلىبدۇر، ئول ۋەقتىدە ئەفزە-
لۇلئۇلەما ۋە رەئىسۇلفۇقەھا — ئاخۇن موللا نىياز ئەئلەم ۋە
مۇفتى ۋەقت ئاخۇن موللا كىفەك ياركەندە ئىكەنلەر. كىتابى
ھىدايەتىدىن ئۇشبۇ مەسئەلەگە بۇ ھەدىسنى دەرج ئەيلەب فەتۋ-

ۋاپۇتۇپدۇرلەر: «قالەنەبىيۇ ئەلەيھىسسالامۇ مەن كەسەرە سەۋارە قەۋمىھى فەھۇۋە مىنھۇم» بۇ ھەدىس مەئنىسى: «كىشىكى بىر گۇرۇھ لەشكەرىنى كۆپەيتسە، بەس ئول كىشى شول گۇرۇھدىندۇر» يەنى كىشىكى كۇففارنىڭ غالىپ بولۇشىغە يار بىسەرسە ئول لەشكەرى كۇففاردىندۇر يەنى كافىردۇر دەپ فەتىۋايىسى پۈتۈپ مۆھۈر قىلىپدۇر. بۇ فەتىۋا ھۆكمى ئىلە بىز مۇرتەد بولغان دۆمەرالارنىڭ خانەلەرىنى غارەت تاراج ئەيلەمەك بىلە غەنىمەت ساناپ، داخىلى بەيتەلمال قىلىپ، لەشكەرى ئىسلامغە تەقسىم قىلىپدۇرلەر. ھالاھەم ئۇشبۇ رەۋايەت ھۆكمىدۇر. سىزلەرنىڭ خۇنكىزلارنى تۆكمەكلىك ۋە مال ئەشيالارىڭلارنى غارەت - تاراج ئەيلەمەك بىزلەرگە ھالالدۇر. بەس بىزلەرگە مادامكى رەفىق جاندۇر ھەرگىز بويۇن سۇنماسمىز قوچاقلاشىپ، قىچاقلاشىپ ئۆلەرمىز. ھالا ھەم شۇبۇ رىۋايەت ھۆكۈمدۇر. ھالا ھەم شەھرى ياركەند ئىچرە سىزلەرگە قەيسەل بەرگۈنچە كىشى باردۇر، ھەر بىر مۇسۇلمان ئىككى كىشى ئورنىدادۇر. ئۆزى بىر كىشى، ئىمانى بىر كىشى. بۇ ئېتىبار بىلە بىزلەرنىڭ لەشكەرىمىز سىزلەرنىڭ لەشكەرىڭلار ئەدەدىدىن زىيادە ۋە يەنە ھەم خەلق ئارا مەسەل مەشھۇردۇركى، شەھەرنىڭ سېفىللارى قەغەزدىن بولسە، خەلقى زەئىفە بولسە، ئەسباب ھەربەلەرى يىغىنە بولسە، تا شەھەر ئىچىدىن بۆزۈلماغۇنچە تاشقارىدىن ئالغالى بولماس. بىزلەر نەچچە ۋاقىت شەھەردارلىق قىلغايمىز. زەخىرەلەر قىلغان نەچچە يىللىق ئاش، ئوزۇق، ئوت، سۇيىمىز مۇھەييادۇر. ئىختىيارىمىز كەلگەندە جەڭ قىلغايمىز. سۈد ئارام ئاسايىش بىرلە تۇرغايمىز. ئەگەر سىزلەر ھۇجۇم ئەيلەسەڭىزلار، بىزلەر ھۇجۇم ئەيلەگۈمىزدۇر. ھالا جەڭگە

چىقالى يۈزدىن بىرگە نەۋبەت يەتمەيدۇر. ئول ھالەتتە ھەممە كىشى جەڭگە شۇرۇئ ئەيلەگەي. چەراكى لەشكەرى كۇففار لەشكەرى ئىسلامغە مۇيتەلا ئەيلەسە غازات جەمئى مۇسۇلمانلارغە فەرز ئەيىندۇر. خاتۇن ئېرىدىن، بەندە خاجەسىدىن رۇخسەت ئىزنى ئالماي جەڭگاھغە ھازىر بولماغ لازىم. بەلكى مەغرىب مەشرىقتە ھەر كىشى ئاڭلادى. ئاڭا ھەم فەرز بولادۇر. كېلىپ ئىسلامغە يارى بەرگەي، شەرىئەت ھۆكمى شۇبۇدۇر. ئەگەر بۇ تەرتىبلىق ھۇجۇم قىلغان چاغدا ياكى مۇراد سىزلەرنىڭ قولىڭىزلارغە كەلگەي، ياكى بىزلەرنىڭ قولىمىزغە كەلسەگەي، نامە تامام ۋەسسەلام.»

ئەلقىسسە، بۇ نامە يۇر ھەيبەت يۇرەزمۇنىنى تامام قىلغاچ ھەممە خەلقلەرنىڭ بەدەنىگە لەرزە تۈشتى. ئەلەلخۇسۇس كىمكى دىن ئىسلامدىن نەسىبەسى بارئىدى ئۇلاردىن ھۇش كەتتى. ئەندالالارغە لەرزە تۈشتى. ئەمما بۇرھانىددىن دىل باشنى كۆتەرىپ ئەلچىلەرگە خىتاپ قىلىپ ئەيدىكىم «سىزلەرنىڭ خاجەڭىزلەر بىسيار ھەددىدىن زىيادە مەرفەت ئېتىپدۇر، مۇنداغ سىياسەتلىك ھەيقاتانى سۆزلەر بىرلە سىپاگەرچىلىك كارى پۈتمەس، بىز بۇ يەرلەرگە ئۆز ئىختىيارىمىزچە كەلگەن ئەمەس، خاقانى چىن، ئامۇرسانانىڭ يارلىغى بىرلە كەلگەن، بۇ مەئرىفەتلار ئۇلارغە باۋەر قىلماس ئۇلارغە ھەم بىزلەرگە مەئقۇل بولمايدۇر. بىسۇدە سۆزلەر قىلىپ، بىزجا ئىشلارغە قەدەم قويۇپدۇرلەر، بىز ئۇلۇغ تاغقە يۈزلەنىپدۇرمىز. خاقان چىن ئامۇرسانا سالامەت بولسۇن. ھالا بۇ شەھەر ياركەند بەلكى سىفىلىنىڭ ئىچى يالغۇز قالىپدۇر. ئەگەر يۈزمۇنداغ شەھەر بولسە ھەم ئۇلارنىڭ

ئەھدى بىرلە ئالغايمىز. ئۇزاق ساقلاغانلىق بىرلە مەلاللىق
بولمايدۇرمىز. بۈگۈن ئالماسە، ئەتىلا ئېلىنۇر. ئاتىلا ئېلىنماسە،
ئۈگۈن ئاخىر قولغە كەلمەي قايان بارۇر!؟» دەپ ئەلچىگە رۇخسەت
بېرىپ ياندۇرۇپ، بۈگۈن كەچ بولۇپ ئەردى. قونالغۇغە
بۇيۇردى. ئەمما بۇنامە مەزمۇنىدىن ھەر كىشىگە سۇستلۇق
رو بەردى، ئەمما غازى پەلۋاننىڭ تۇرغۇن ئاتلىق تاغلىق
قەينى ئاتاسى بار ئەردى. بىسيار غەددار مەككار، پۇر فەن
نابكار ئەردى. كاشغەر لەشكەرى بىرلە ھەمراھ ئەردى.
بۇ ھارامزادە مەشۋەرەت كۆرسەتتىكى: «داماديم غازى بەگ-
نىڭ مۇھىم ساز كاردان كىشىسى بار ئەردى. غىياس خاجە
ئاتلىغ، ھەممە كارىنى فەيسەل بېرۇر كىشى ئول تۇرۇر.
ئىنىڭ مەشۋەرەتى مەسلىھەتى دائىرەسىدىن چىقماس، ھالا
بۇ ئەلچى بىرلە شول كىشى ھەم چىقىپدۇر. مەن ئۇنى بۇ
كېچە ئۆز ئوتاغىمغە ئالىب بارىپ ۋەسۋەسە قىلىپ يولدىن
چىقاراي. ئول كىرىپ غازىنى يولدىن چىقارۇر. شۇبۇ ھىيلە
بىرلە شەھەرنى ئالغالى بولۇر. شەھەر ئىچىدىن بۇزۇلماسە،
مۇراد قولغە كەلماكى ناھايەت مۇشكۇلدۇر» جۇملەئى تەد-
بىرنى ئەرز ئەتتى. بۇرھانىددىنغە بۇ ھىيلەسى مەرغۇب
تۈشتى. مەرغۇب تۈشكەچ بۇ ھىيلىگەر كافىرغە بىسيار ئىلتى-
فاتلار قىلدى. فىلھال بۇرافىزە غىياسنى ئوتاغىغە باشلاپ
بارىپ كېچەسى مېھماندارلىق قىلدى. ئۆز خاجەسىدىن بىسيار
ۋەئدەلەر قىلدىكى: «ئەگەر غازىبەگ بىزنى دەپ ئۇلاردىن
يۈز ئۆرۈپ شەھەرنى بىر تەرىقە بىرلە بۇزۇپ بەرسە، ئاكا
بىز ياركەندنىڭ ھاكىملىغىنى ئالاھىدە بىرەلى. جەمئى ئۆ-
مەرالارىن سەردار ئاكا بىر قىلالى. ھۆكمى شەھەرلەرگە
جارى بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭ فەرمانىدىن تەجاۋۇز قىلما-

سۈن. مادامكى قالماق تۆرەلەرى ۋە خاقانى چىن بىزنىڭ دەۋرىمىزدۇر، غازىبەگنىڭ يەتمىش پۈشتىغىچە مەنسەپ بېرىپ مىراس قىلغايمىز. شۇبۇ سۆزنى غازىغە مەنقۇل قىلساڭىز سىزگە ھەم ئۇلۇغ مەنسەپ بېرىپ، ئەھلى ئەۋلادىڭىزغە قىزىل تامغەلىق «تارخانلىق» نىشان بېرەلى. ئەگەر بۇ سۆزنى قوبۇل تۇتماسىڭىز، بەر تەقدىر شەھەر قولغە كەلگەندىن كېيىن غازىبەگنىڭ يەتتە پۈشتىغىچە تاپىپ قويەك بوغۇزلىغايمىز» دەپ ۋەئدە ھەم سىياسەتنى تەمام قىلدى. بۇ مەزمۇندا كىتابەت قىلىپ بەردى. بۇ غىياس رافىزە بۇ ئىشقە ھەم ۋەئدە ئالدى. غازى ھەم گاھى - گاھى ئېيتۇر ئەردىكى: «بۇ شەھەرنى بىز بۇزۇپ بەرسەك خاجە بۇرھانىددىن يەنە شەھەرنىڭ ھاكىملىقىنى بېرۇرمىكىن» دەب ئۈمىد تۇتار ئەردى. بۇ ئۈمىددىن غىياس ۋاقىپ ئەردى. ئۇنى ھەم بايان قىلدى. بۇ نابكارنىڭ خوشخەبەر شۇئارىنى ئاڭلاپ بۇرھانىددىن باشلىق ھەممەلەرى خوشھال بولدى. ئەمما ئەسىرلەردىن سالىھ خەلىفەگە ھېچ بوي يەتكۈزمەي، تاڭلاسى غىياسقا رۇخسەت بەردى. بۇ ئەلچى سەھەتى سەلامەت شەھەرگە داخىل بولدىلار، تا بارىپ يانغۇنچە بولغان ۋاقىئەتنى بايان قىلدى. ھەزرەتى خاجەم پادىشاھقا ئەرز ئەيلەدىلەر. بۇ نامەگە بەرگەن جەۋابلارنى ھەم تەقرىر قىلدىلار. ھەزرەتى ئىشان غازى (جاھان) خاجەم ئەلەيھىر رەھمە ۋەررىزۋان ئەمر ئەيلەدىلەركى: «ھەرنە تەقدىر ئىلاھىدۇر. «نەھنۇ قەسەمنا» ① دېگىنى كۆرگەيمىز. مۇنداغ سىياسەتلەردىن قورقاردىن ئۆتكەنمىز» دەب مەقام رىزادا تەۋەككۇلنى ئىگەسىگە قىلىپ ئولتۇرغايلەر. غىياس رافىزە

① - بىز - تەقسىم قىلغۇچىلەر.

ھەم غازىنىڭ ۋەسۋەسىگە شۇرۇڭ قىلدىلەر.
ئەمما داستان قىسسەئى پۇر شور ئىشتىمەك كېرەك، نىياز ئىشكاغەدىن: مۇنۇڭ بۇرادەر زادەلەرىكى باھادۇر بەگنىڭ ئوغلى ئاللا قۇل، ئىنىسى خۇدابەردى، قەينى ئا-غاسى شىر مۇھەممەد ئىمىن ۋە مۇنىڭ جاماڭەلەرىدىن بىر نەچچە كىشى خاجە بۇرھانىددىن لەشكەرى بىرلە كەلگەن ئەردى ۋە ھەر بار بۇ رافىزە سەگلار بۇ ئەزىزلەر ھەققىدە ناسەزالار قىلۇر ئەردى.
ئەلقىسسە، بۇ رافىزىلار نىياز بەگكە ئوقنىڭ پېيىگە باغلاپ نامە ئىبەردى. مەزمۇنى ئولكى: «ئى نىياز بەگ، سىزلەر ئەھلى تابەئىنلار بىرلە بۇرۇندىن بىزگە مۇخلىس ئىدىڭىزلار، ھالا شەھەرنى بىزگە بۇزۇپ بەرگەيسىزلەر. بىز سىزنى ئەمىرەلئۆمەرا قىلغايمىز يەنى ھاكىمى ياركەند قىل-غايمىز. ھەممە مەملىكەتلەر ھەم سىزنىڭ ئەمرى فەرمانى-ڭىزدا بولغاي. ھاكىملىق سىزنىڭ مىراسىڭىزدۇر» نەچچە دەۋر ۋەئدەلەرنى دەرج قىلىب بۇ سۆزنىڭ ھەقلىقىغە نەچچە يەردە قەسەمياد قىلىب، «ئەگەر بۇ سۆزنى قوبۇل تۇتماسى-ڭىز بىز شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن نەسلىڭىزلەرنى مونقەتى قىلغايمىز» دەب سىياسەتلەر فۇتۇپدۇر. بۇ كىتابەتلار مەز-مۇنىغە مەتتەلىئ بولۇپ، نىياز بەگ شەھەرنى بۇزماقنىڭ فىكرىغە تۈشتى. بىر نەچچە ئۆزىنىڭ مۇقەررەپ كىشىلارى بىرلە مەشۋەرەت قىلدى. مەسلىھەتى ئاڭا قارار تاپتىلاركى: «ئۆزىنىڭ باغىنىڭ بىر ھەددى شەھەرنىڭ سېپىلىگە مۇتتە-سىل ئەردى. لېكىن شەھەرنى دەۋر قىلادۇرغان بىر كوچە راھ تام بار ئىدى. ئول فاسىلە ئەردى. شۇبۇ باغنىڭ خىلى-ۋەت گۆشەسىدىن نەقەب ئۇردى. ئوتتۇز قولاچ يەرنى چاغ-

لاپ. سېغىنلىق تاش ياندىن ئېتىشىپ خىلۋەت يار ئىچىدىن
ئاغىز ئاچماق، نەقىشلىك ئىككى ئاغزىغا قوش قوبۇق قىرىشماق،
دەرۋازە ئورناتماق، قوش ئاتلىق يۈرگۈنچە ئۇلۇغ نىقاب
بولسە، نىقاب تامام بولغاندىن كېيىن خاجە بۆرھانىددىن
لەشكەرىگە خەبەر بەرسەك. بىر كېچەدە مىڭغا چاۋۇت با-
ھادىرلاردىن نىقاب بىرلە شەھەرگە داخىل بولسە، بىز ئەف-
رادىمىز بىرلە قوشۇلۇپ ئوردىغا يۈگۈرسەك. بىخەبەرلىك
ھالەتدە شەبخۇن ئۇرساق، نەققارخانەغە چىقىپ شادىيانە
سوقساق. كوچە - بىكوچە، گۈزەر - بىگۈزەر مۇنادى قىلى-
ساقكى: «دەۋر دەۋرى ئاپىرىن سىنادۇر» بۇ تەدبىر بىلە
خاجە بۆرھانىددىننى ئوردىغە چىقارساق، قۇرت دەرۋازەنى
يېڭىرۆپ قولغا ئالساق. تاشقارىدىن شەھەر ئىچىدە كىشى
داخىل بولسە، ئەمما ئىچكەرىدىن ھىچ كىشىنى تالاغە چىقار-
مىساق. بۇ سۆرەتدە ھىچ زىرجانى قوزغالماي، قولغە تۈ-
شەر ۋە ھەم شەھەرنى ئاسان ئالغالى بولۇر. بىزنىڭ تە-
رەفدىن ھىچ كىشىگە ھەم زەرەر يەتمەسىن دەپ مەسلىھەت
قەرار بېرىپ، نەقەبىنە شۇرۇئ قىلدىلەر، كېچەسى تۇفراغ
توشۇپ ئىككى - ئۈچ مىزخانەسى بار ئەردى، ئۇنى پۈر
قىلدى. باغى ھەم خىلۋەت فەسلى زىمىستان ئەردى. سەيىر
مەھەللى ئەمەس. نەقەبنىڭ بۇ ئاغزىغە دەرۋازە ئورناتتىلەر،
كېچەسى ئوچۇق، كۈندۈزى مەھكەم. شۇ بۇ تەرتىبلىك سىپ-
خىل ئاستىدىن يەتتە - سەككىز قۇلاچ ئۆتكەزگەن مەھەلدە
ناگاھ ئۈز تابەتلەرىدىن بىر ئەھلى دىيانەت ۋە ئەھلى
ئىنساف كىشى بار ئەردى بۇ ئەسرارىدىن ئول ۋۇقۇف تاپتى،
خۇدايى تائالا بۇ كىشىگە تەۋفىق ئاتا قىلدى. بارىپ
ھەزرەتى ئىشان فازى خاجەم پادشاھغە مەلۇم قىلدىلار ۋە

نەقەبنىڭ جانىبىدىن خەبەر بەردى. نىياز بەگنى دەرھال تۆردىغە چىرلادى. ئالتە نەفەر قىنھان كىشى ئىبەردى. ئىكەن نەقەب راستمۇ يا غەلەتمۇ؟ بارغانلار نىقاپنى كۆرۈپ كېلىپ راست دەپ خەبەر بەردى. ھەزرەتى ئىشان خاجە جاھان خاجەم ئەزىزلار پەرمان ئەيلەدىلەركى: «نىياز بەگنى تۇتۇپ مەھكەم سولاغايسىزلار». دەرھال تۇتۇپ بەندگە تارتتىلار. ئىپكىن ئەھلى خانەلارىنى تاراج قىلمادىلەر. ئۆزىگە ئازاپ ئەقارەت ھەم قىلمادىلەر. ئەيتتىلاركى: «ھەققى قەرابەتنى ئول كورنەمەك ساقلاماپدۇر، مەن ساقلايىن، رەئايە قىلايىن» دەپ ھەرەج يەتكۈزمەدىلەر. قەيىنئاتالىق ھەققىنى ساقلادىلەر. ئەمما نىياز بەگنىڭ بىر ئاجىزەسى بار ئەردى. ئول ھەرەملەرىگە ئەسلا كىرمەدىلەر.

## شېئىر

ئىككى بارسەن زىنھار ھېچكىمگە ئازار ئەيلەمە،
ھېچ دىلغە بەرمە رەنجى ئانى كۆپ زار ئەيلەمە.

ھەرجافاكىم سەن قىلۇرسەن تاڭلا كەلمىشدۇر ساڭا،
ئۆزگە نەفسى ئىستەپ بىرەۋگە زۇلم بىسيار ئەيلەمە.

قويماغىل بىجا قەدەم قىلما خىيانەت كىمسەگە،
ئىككى ئالەمدە قاتتىغ جانىڭغە كۆپ زار ئەيلەمە.

ھەرنە قىلساڭ قىل، فەقىرى كۆڭلىدىن ئازار ئەتمەگىل،
دەرھەقىقەت شاھ ئېرۇرسەن كىم ئۇنى خار ئەيلەمە.

نەچچە دۈشمەننى ئۆزۈڭگە مەھرەمى زار ئەيلەدىڭ،
سىررىڭ ئەيلەر فاش كىم ئەغيارنى يار ئەيلەمە.

گەر ساڭا ئەھلى ھەقىقەت كارى خۇد مەلۇم ئىمەس،
جانۇدىل بىرلە ئەقدە ئەيلە ئىنكار ئەيلەمە.

ھەرنەچچە جەۋرى جەفا يەتسە فەلەك ئەييارىدىن،
بىل ئۆزۈڭ دەردىڭنى كىم دۈشمەنگە ئىزھار ئەيلەمە.

سادىقا ئۆتكەن ئەزىزلار روھىدىن يارى تىلەپ،
ئىتلەرىنىڭ ئىتلەرى سۆلكىدە بول ئار ئەيلەمە.

ئەمما داستان دىل گۆزەر بۇ فەلەك شەئبەدە باز كور-
نەمەك پەرۋەر دەلەرىن ئىشتىمەك كىبرەك، ئۇشبۇر قوزىدىن:
بىردۇن ھىممەت بار ئىدىكى، ئەسلى قالماق، ئۇنى ھەزرەتى
ئىشان خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان تەربىيەت
قىلىب، تاغ تۆبىگە ھاكىم قىلغان ئەردى. ئىسلام ئاشكارا
قىلغاندىن سوڭ خان، «كىبرەك ياراغ» قىلغان ئەردى. يار-
كەند شەھرىنىڭ تەمام كاربارىغە ئوردانىڭ كاربارىغە
ئەسباب ئالاتىنىڭ لازىم ئامادەسىگە شۇ بۇ ئۇشبۇر قوزىنىڭ
سۆزى جارى ئەردى. گويياكى ۋەزىر جۈملە تۆلمۈلك ئەردى.
ئۇنىڭدىن بى رۇخسەت ھىچ ئىش تامام بولماس ئەردى.
ئەلقىسسە، مۇنىڭ كورنەمەكلىگىنى كۆرۈڭ. خاجە مە-
ئىسۇم، مۇللا سىدىق بىر نەچچە كىشىكى قالماققە مايىل
نىيەتى بار ئەردى. ئۇلارنى ئىپتىدائىدا تۇتۇپ زىندانغە
سالغان ئەردىلەر ۋە بۇلار نەچچە مەھەلدىن مەھبۇس ئەر-

دى. خەۋەر يەتكۈزدىلەركى: زىندانغا سۇ چىقىپ گۇناھكار-
لار بىسيار خاراپ بولۇپتۇ دەپ. ھەزرىتى خاجەم پادى-
شاھقا ئەرز قىلدىلەر. گۇناھكارلارنى زىنداندىن چىقارىپ
ھەرقايسىنى بىر كىشىگە تاپشۇردىلەر. ئۆيىدە بەندىگە سال-
سۇنلار دەپ ئەمر قىلدىلەر. دەرھال چىقارىپ ھەر قايسىس-
نى بىر كىشىگە بەردىلەر. ئوشۇر قوزى، موللا سىدىقنى،
خاجە مەئسۇمنى مەن ساقلاي دەپ، ئۆزى ئالىپ باردى.
بۇلار بىرنەچچە كۈندىن ئوشۇر قوزىنى دەلالەتلار قىلىپ
يولدىن چىقاردى. ئوشۇر قوزى ئايلاندى. باي فولاد دەپ
بىر كىشى بار ئەردى. ئۇنىڭدىن خاجە بۇرھانىددىنغا خەت
چىقاردى. مەزمۇنى بۇكى: «مەن ئۆز خاجەلەرىمدىن ياندىم.
خاقانى چىن، ئامۇرسانا خاجە بۇرھانىددىن خاجەمنى دې-
دىم. چاھارشەنبە كۈنى سەھەر ۋەقتىدە ئىككى مىڭچە كىشى
ياركەندنىڭ (ئىراك) تەرىپىگە ئات سالسۇن. بىزدىن ئەل-
لىك - ئاتمىشچە كىشى شەھەر تەرەپكە باقىپ مىلتىق ئات-
سۇن ۋە يەنە ئەللىكچە كىشى كەتمەن بىلە سېپىلنى يول
راست قىلسۇن. ئوشۇل ئىككى مىڭ كىشى شۇبۇ يول ئىلە
شەھەرگە كىرسۇن. نەققارەگە كىشى راسلايلى. فىلھال نەق-
قارە ئۇرسۇن. «دەۋردۇر خاقانى چىن — ئامۇرسانا، بۇرھا-
نىددىن» دەب شۇبۇ تەرىقەلىك بىشەبەرلىكدە ئاسانلىق بىزلە
شەھەرنى ئالغالى بولۇر ۋە خاجەلەردىن، تابەلەردىن ھېچ
زىيان قالماي قولغا تۈشەر.»

ئەلقىسسە، بۇرھانىددىننىڭ خەلقى بىسيار خوشنۇد بول-
دى. ياركەندنىڭ ئىشكاغەلىقىنى ۋەدە بەردى. بۇ باي فو-
لاد رافىزە يانىپ شەھەرگە كىردى. بولغان ۋاقىئاتنى با-
يان قىلدى. تاڭلاسى سەشەنبە كۈنى ئەردى ئۆز خادىملە-

رىغە ۋە ئانچىكى بۇرھانىددىنغە ئىخلاسمەند كىشىلەرگە
كىشى ئىبەردى. شۇبۇ ھالەتتە ئۈز ئەھلى ئەيال ئوغلان-
لارى بىرلە مەشۋەرەت ئاراغە سالدىلار. سۇلتان خاجە ئاتلىغ
بىر ئاقىل ئەھلى دىيانەت ئوغلى بار ئەردىكى، ھەزرەتى خا-
جە جاھان خاجەم پادىشاھ ئەلەھىر رەھمەۋەر رىزۋانىنىڭ مۇ-
قەررەپ خادىملارىدىن ئەردى:

«ئى ئاتا، بۇ نېمۈك بەد دىيانەتلىكدۇر؟ بۇ ئىشنىڭ ۋە
بالىدىن قاچان چىققالى بولۇر؟ ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ كافىرلارغە
تابە بولماغلىق غارەت تارەجغە باﺋىس بولماغلىق نېمۈك قاتتىغ
گۇنادۇر. خۇسۇسەن ئەۋلادى پەيغەمبەر ھەققىدە كىشى مۇن-
داغ بەد خىيانەتلىكنى قىلۇرمۇ ۋە يەنە ھەم سالھاي سال
بىز بۇ خاجەلەرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىلتىفاتلارىنى ھەدىسىز
كۆرگەن بولساق، تۇزىنى يېگەن بولساق، تەربىيەتنى كۆ-
رۈپ شۇبۇ ئىززەتكە يەتكەن بولساق، بۇلار ھەققلارىدە
مۇنداغ ناسەزا ئىشلارنى باشلاماق ۋە مۇنداغ ئۇلۇغ بەدنامنى
باشقە ئالماغلىق فەرزەندى ئادەمنىڭ كارى ئىمەسدۇر ۋە مۇنداغ
تەۋقى لەنەتنى گەردەنگە ئالىب روي زېمىنگە پادىشاھ بول-
ماغلىقدىن پاكىراك ئۆلمەكلىك تولا ياخشى تۇرۇر. بۇ دۇن-
يادا تا قىيامەتغىچە لەئنەت بىرلە ياد قىلۇرلار. ئاخىرەتدە
ئەبەدەل ئەبەد دەۋزەخ ئىچىدە ئەزاپ ئۇقۇبەت باقى قالۇر.
مۇنداغ دىنىنى دۇنياغا ساتۇر ئىشلاردىن مەن بىزار، خۇدا بىزار»
دەپ مەنئى ئېيتىپ قوبۇل تۇتمادى. ئاتاسى ئەيدى: «ئى
ئوغلۇم، بۇ ئىش ئەمدى پۈتتى. مەنئى ۋەقتى ئۆتتى» باي فو-
لاد چىقىپ بولماغىنىڭ خېتىنى كەلتۈردىكى، تاڭلا چاھارشەنبە
كۈنى سەھەرلەپ كاربار تۈزگەيمىز دەپ خەتنى كۆرسەتتى،
بۇ ئوغۇل يەنە مەنئى قىلدى، قوبۇل تۇتمادى. ئاتاسىنىڭ

غەزىپى كەلدى ۋە شەمشەر بەرەھنە ئەيلەپ ھەۋالە قىلدى.
ئوغۇل ئاتىغىچە ئۆزىنى ئاراستە قىلىپ كەنارەگە ئالدى. سۈرئەت
بىرلە ئوردا سارى يۈزلەندى. بى تەۋەققۇف كېلىپ ھەزرەتى
خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمە ۋەر رىزۋانىغە ۋاقىئەنى با-
يان قىلدى. ھەزرەتى خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىز-
ۋان ئېيدىلەركى: «سەن يالغان ئېيتادۇر سەن. ئاتاڭ بىرلە
كايىشقانسەن. ئول ۋەجھىدىن ئاتاڭغە بۆھتان ئەزىم قىلادۇرغان-
سەن. ھەرگىز مۇنداغ ئىشلارنى قىلۇرمۇ!؟» دەپ قوبۇل تۇتما-
دىلەر. سۇلتان خاجە ئېيدىكى: «ئى پادىشاھىم، بۇ
ئىشدا خىلاف يوقدۇر. ئىش قوزغالىدى دەفئىنى قىلماق
كېرەك. تەخىر نادامەت كەلتۈرۈر — دەپ قەسەمياد قىلدى
ۋە يەنە ئېيدىكى: — باي فولادنى ئالدۇرۇپ كېلىپ سىياسەت
ئىلە تەفتىش قىلدۇرسۇنلار. ئەگەر شۇبۇ سۆزدە خىلاف بولسە،
لايىق فەرمان مۇستەھەققى ئەزاپدۇر مەن» دەپ تائىكىد-
لار قىلدى. ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم بىنۆزى فەراسەت
بىلدىلەركى، بۇ سۆز ھەقدۇر. فەرمان ئەيلەدىلەركى: «باي فو-
لادنى كەلتۈرۈڭلار» دەپ. دەرھال باي فولادنى كەلتۈردىلەر.
قولىنى باغلاپ تەختىناڭ ئالدىغا ئالىب كېلىپ، شەمشەر ھە-
ۋالە قىلىب سوردىلەر:
«ئى تۇز ھەرامى كور نەمەك! ۋاقىئە ئۇشبۇ ئەرمىش،
راست ئېيتقىل! ئەگەر ئېيتساڭ ھەم ئۆلتۈرەمەن، ئېيتماسەڭ
ھەم ئۆلتۈرەمەن. لېكىن ھەقلىغ بىرلە ئۆلگەنىڭ بىھتىراق!»
دەپ سىياسەتلەر قىلدىلەر. باي فولاد قايىل بولدىكى: «ھەر
نەرسەكى سەمئى شەرىفلارىگە تۇشۇپدۇر. ھەممەسى راستدۇر»
دەپ ئېيتىداسىدىن ئىنتىھاسىغىچە بايان قىلدى. ھەزرەتى خا-
جەم پادىشاھ دەر غەزەپ بولۇپ ئوشۇر قىزىنى كەلتۈرمەككە

فەرمان قىلدىلەر. ھەزرىتى خاجە قۇتبىددىن خاجەم بىرلە ھەزرىتى خاجە ئابىد خاجەم بۇ ئىككى شەھزادە شۇرىش سالماي كەلتۈردىلەر. ئەمما ئوشۇر قوزىنىڭ ئوغلى غەزەپناك چىقىپ كەتمەك بىرلە ئاگا تەشۋىش رو بەردى. ئۆيدە ئولتۇرالمادى. بۇ ئەسرارىدىن بىرەۋگە ئەفشا قىلدىمۇ ـ ئىكىن خەبەر ئالاي دەپ ئاتلانىپ كىيلۇر ئەردى. بۇ شەھزادىلەرگە ئۇچرادى. بۇلار تەسكىن خاتىر ئۈچۈن ئەيدىسىلەركى: «ئى ئوشۇر قوزبەگ، ئۆيىڭىزگە بارىپ مەشرەپ ئوينارىمىزنى بىلىپ بەھانە قىلىپ قاچىپ چىقتىڭىزمۇ؟» دەپ ئىلتىفات ئەيلەدىلەر. ئوشۇر قوزى: «تەقسىر شەھزادىلەرىم بىخەبەر چىقىپ ئىكەنمەن، ھالا ھەم ئۆيگە يانسۇنلار» دەپ تەكالىپ قىلدى. شەھزادىلەر ئەيدىلەركى: «بىز ھەم يانالى، سىز ھەم ئوردىغە بارىڭ. سائىتى ئاندا سورىشىدەك ئىش بولسە، كۆڭۈلنى تىندۇرۇپ كەلسە بولۇر» دەپ ئوردا سارى ئالىپ يۈردى، دىۋانخانەنىڭ ئالدىدا يەتكەندە خان يارلىغى دەپ تۇتۇپ، ئىبا سىنى سالدۇرۇپ بىسۇرەت گۇناكار ھەزرەتى ئىشان غازى ئەلەيھىر رەھمەنىڭ ھۇزۇرلارىغە ئالىپ كىردىلەر. ھەزرىتى خاجەم ئەز سەرى غەزەپ خىتاپ بىرلە ئەيدىلەركى: «ئى تۇز ھەرامى كور نەمەك! قالماغىڭدىن، غوجاڭدىن كەلتۈرگەن خىيىتىڭ قايدا؟!» بۇ ھەرگىز قايىل بولامادى. ئوغلىغە مۇلاقات قىلدۇر بۇلدى. ئوغلى مۇلاقاتنى قوبۇل تۇتمادىلەر. بەلكى ئۆلۈمگە رىزاسى بار. مۇڭا رىزا يوق، ناچار سىياسەتنى ھەددىدىن ئاشۇردى ۋە ئىقرار قىلدى. بىر ساندۇقنى نىشانە بەردى. خادىملارنى بۇيرۇپ ساندۇقنى كەلتۈردىلا. كۆردىكى، لىفافە ئىچىدىن بىر خەت مۆھۈردار ئالىپ ئوقۇدىلەر. مەزمۇنى شۇبۇكى: «خاجە بۇرھانىددىن

خاجەمدىن ئوشۇر قوزى بەگگە سۆز ئاڭداغ مەئلۇم بولىدۇ-
كىم، چىقارغان خىيتىگىزنى كۆرۈپ ھەممىمىز خۇش بولدۇق.
ئەگەر شەھەر ئۈششىڭىز تەدبىر بىلەن قولغا كەلسە خاقانى
چىن بىلە ئادۇرسىناغە خەت سۇنۇپ ئىلتىفات يەتكۈزۈپ يار-
كەندگە ئىشكاغە قىلالى، تامام مەملىكەتنى سىزگە تاپشۇرالى.
ھېچ ئىش سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغە كەلمىگۈنچە بولماغاي، مۇن-
دىن ئۆزگە ھەم ھەر كىشى بىزلار تەرەفكە ياۋەرلىك قىلسا
ئاڭا ئۆز مىقدارىچە ۋەئدە شۇدۇر. نامە تامام.» ھەز-
رەتى خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان ئىمىر قىلدى-
لەركى: ئالىب بارىپ قەيدكە سالىڭلا! خادىملار مەھكەم مۇ-
قەييەد ئەيلەدىلەر. تاڭلا جەمئى مەملىكەت ئۇلۇمائى ۋاجى-
بۇل ئىكرام ۋە ئۈمەرائى ساھىبدىل ئېتىشاملارنى بەلكى ھەمە
مە ئادەمىيانى ياركەندنى جەمئى ئەيلەب مەجلىس قۇرۇپ،
ئوشۇر قوزىنى بىر ئەسكى پارە - پارە بولغان جۇبانى كەي-
دۇرۇپ، بويىنىنى، قوللارىنى پىرو رەشتە كۈلا بىرلە باغلاپ،
سورۇنغانەنىڭ ئوتراسىدا باغلاپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ھەز-
رەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىز-
ۋان ئوشۇر قوزىنىڭ خىيانەتىنى ئەھلى مەجلىسگە بەيان
ئەيلەدىلەر. قەغرى غەزەپ بىرلە خىتاب قىلىب ئەيتتىلاركى:
«ئى نىجىس پەلىد، بەد ئەسىل، سېنى فەلان ۋەقتىدە، فەلان
قالماقدىن ساتىپ ئالمادىممۇ؟! ساتىپ ئالىب ئازاد قويمادىم-
مۇ؟! چەندان ھادىسەلەردە ياۋەرلىك ئەيلەب نىجات بەرمادىم-
مۇ؟! ئۇلۇغ مەنسەبگە يەتكۈزدۇم ۋە تەمام مەملىكەتنىڭ كا-
رىنى تاپشۇردۇم. بەلكى ئۆز ئەھلى ئاياللىمنىڭ كارىنى سې-
نىڭ بىرلە ئادا قىلدىم. بەرسەڭ يېدۇك، كەيدۇك، شۇبۇ
ئىززەتكە يەتكۈزگەن بولسام پەنە بىزگە قارا ساناپ خۇنى-

مىزغا زامىن بولسالىك، بەلكى بۇ مىقدار ئەھلى مەملىكەت خۇنسىغا ۋە تاراجىغا زامىن بولسالىك. ئەمدى بۇ قىلغانىڭنىڭ جازاسىنى ئۆزۈڭ ئېيتقىل!» دەپ ئەمر قىلدىلەر. بۇ رافىزى باشنى قويى سالىپ «مۇنداغ قىلغان كىشىنىڭ جازاسى قەتلىدۇر» دەب ئۆز زەبانى بىرلە رىزا بەردى. ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ ئالەيپىر رەھمەۋەر رىزۋان ئۆلۇمالاردىن سوئال قىلدىلاركى: «لەشكەرى ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ، لەشكەر كۇففارغا ياۋەرلىك قىلغان كىشىگە بىھەسبى شەرىئەت جازاسى قايسىدۇر؟» دېدى، ئۆلۇمالار بىل ئىتتىفاق ئەيدىلەركى: «بۇ ياڭلىغ مەردۇد بولغان كىشىنىڭ جازاسى قەتلدۇر!» دەپ فەتۋايى بەردىلەر. ئاندىن ئەركان دەۋلەت ۋە سەرداران ئەمىران مەملىكەتىگە ئەيدىلاركىم: «سىزلەر نەدەرسىزلەر!» بۇلار ھەممەلەرى ئاستانە ئىززەتىنى ئوپۇپ ئەرز قىلدىلەركى: «ئى پادىشاھى ئالەم، بىزلەر مۇنداغ بەد خىيانەت كىشىدىن بىزاردۇرمىز. ئەگەرچە ئاتامىز، بىر تۇققانىمىز بولسە ھەم دۈشمەنىمىزدۇر. خۇدا ۋە رەسۇلغە، پادىشاھى ئىسلامغە ياردۇرمىز مۇرتەدگە يار ئەمەسدۇرمىز ھالا ئۆزى ئۆز قەتلىگە رىزا بەردى ئۆلۇمالار ھەم فەتۋا بەردىلەر. ئانداغ بولماسە ھەم سىياسەتى مەملىكەت ئۈچۈن ۋە يەنە ئىززەت ئۈچۈن ھەم ئۆلتۈرمەسەلەر ھەم بىز رازى ئەمەسدۇرمىز. مۇنىڭ ھۆكمى قەتلىگە ھېچ تەۋەققۇف قىلىب بولماس. بۇ ياركەند شەھرى ئەزىزدۇر. مۇنىڭدەك بىر يۈز، ئىككى يۈز كىشى ئۆلگەنى بىلە ھېچ نۇقسانى بولماس. مەملىكەتدارلىقدا زەبتى سىياسەت بولماغۇنچە مۇمكىن ئەمەس. ھالا بۇ ئىشنى بۇ قىلىبدۇر، تاكىلا يەنە بىرى قىلۇر. مەملىكەت نىزام تاپماس. دۈشمەن قەۋى مۇسەللەتدۇر، ئېھتىيات كېرەك» دەب

قەتلىنى تېز قىلىۋىغە دەلالەت قىلدى. بۇ ھالەتتە شەھزادە ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم ئەرز قىلدىكى: «تاڭلا جۈمەئە كۈنى بازار ئىچرە دارغە ئاسىپ ئۆلتۈرسەك. تەمام ئامۇ خاس مۇئايىنە كۆرسە تەنبىھ ئالسەلار» دەپ مەشۋەرەت ئەرز قىلدىلار. ھەزرەتى خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھمە مەئقۇل تۈشكەچ قەتلىنى تاڭلاغە قويدىلەر. بۇ جەمئىي خالى بولغانىدىن كېيىن شەھزادە ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا ھاكىم غازىبەگنى ھازىر قىلىپ ئەيدىلەر: «بىز ئوشۇر قوزى كەمال قەتلىغە لايىق ئىدى. خاھى بىھەسەبى شەرىئەت، خاھى بىھەسەبى سىياسەتدە، ئەمما بىر ئىش بار، بەر ۋەجھىكى قەتلىغە لايىق ئىمەس. شۇبۇكى ئەمدى مۇنداغ خىيانەتنى بەنە ھەر كىشى قىلسە، ھەرگىز ئاتاسىنىڭ خىيانەتىنى ئوغلى ئېيتماس. ئوغلىنىڭكىنى ئاتاسى ئېيتماس. ھەر ئىشغە رىزا بەرسە بولۇر. لېكىن ئۆلۈمگە رىزا بەرمەس. خەبەر بەرسەك ئۆلتۈرۈر ئىكەن دەپ مەخفى تۇتار، مۇنىڭ ئىلاجى ئۆلۈم گۇناھىنى ئوغلى سۇلتان خاجە تىلەگەن بولسە، ئاڭا ئىلتىفاتلار قىلىپ ئۆي ئىچىدەكى دۇنياۋى ماللارنى بۇيرۇسەلەر، تاكى غەزاتقە جابدۇق بولسە» دەپ ئەرز ئەيلەدىلەر.

ھەزرەتى ئىشان غازى ئەلەيھىر رەھمەگە مەئقۇل تۈشتى. ئەمما ئەھلى مەملىكەت تاڭلاسى ئەلەسسەباھ كېلىپ يەنە قەتلىغە تەيىن قىلدىلەر. ھەزرەتى ئىشان غازى ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان ئەيدىلەركى: «ئوغلى سۇلتان ئاتاسىنىڭ گۇناھىنى مەندىن تىلەدى ۋە سىزلەردىن تىلەيدۇرمەن» دەپ قەتلىغە مەنئ قىلدىلەر، ئەمما ئۆمەرالار ئەيدىلەر: «بۇ مىقدار ئىشدا بىر- ئىككى كىشنى قەتلى قىلماغۇنچە مەملىكەت زەبت بولماس، تەنبىھ يېمەس» زىيادە ئىلتىماس بىرلە باي

فۇلادنى، خاجه مەئسۇمنى دارغا ئاستۇردىلەر. ئەھلى مەملى-
كەتنىڭ كۆڭۈللەرى جەمئى بولدى.

### شېئىر

فىتنە ئەنگىز بولماغىل زىنهار ئۆزۈڭنى سادە تۇت،
قىل تەۋەككۇلنى خۇداغە بارچەدىن ئازادە تۇت.

قىلمە كۆپ تەدبىرىكىم رەنجىڭنى زايەئ ئەيلەمە،
نەرمىلىكدىن ئالەم ئەھلى نەزدىدە ئامادە تۇت.

تۇزمە سۆھبەت ئالەم ئەھلى بىرلە ئەرمىش بىۋەفا،
قەيدىجان ئەيلەر سەڭا ئاندىن بۇرۇنراق جادە تۇت.

ئىستەمە ئارايىشى دۇنيادا يوق ئاسايىش سەڭا،
ئىختىيار ئەت گۇشەئى ئارامىدىن سەججادە تۇت.

سادىقا بۇ دەۋردە ئەرمەس فەزىلەت ئىئتىبار،
ھاسىل ئەت دۇنيانىدا كۆپرەك ياكى خۇن ئازادە تۇت.

ئەمما قىسسەئى داستان ئىشتمەك كېرەك، خاجە بۇرھا-
نىددىن نىياز ئىشكاغە بەگنىڭ ۋەئدەسى ھەم ئورنىغە تۇش-
مادى، ئوشۇر قوزىنىڭ ۋەئدەسى ھەم ئورنىغە تۇشمادى. بۇ
ۋەجھىدىن بۇلار بىسيار مالال بولدىلار. ھەر كۈنى شەھەرگە
رىز قىلادۇر، لېكىن شىكەستە تافىپ ياناتۇر. ياركەند شەھە-
رىدە ھەم نەچەند مۇبارىزلار باركى، ھەر كۈنى چىقىپ دۇش-

مەن لەشكەرىدىن كۆششەدىن قۇشتە چىقارادۇرلار. يا ئاللاھ، يا رەسۇلەللاھ، يا ھۇسەيىن دەپ ھەملە قىلادۇر. گويا كى شىر سەفدەر بىر نەچچە جانىۋارلار ۋەھشىلارگە پەنجە ئۇرۇپدۇر ۋە ياكىم ئەژدەر ھەفتە سەر تەخت پەيكەر ئوتلۇغ ئاغزىدىن زەبانە ئۇرغان ئوتدىن پارەئى ئوت ئەل ئارا تاشلاپدۇركى، خەلق ئارا جان قۇتقازماق ئۈچۈن ئافەت ئەلالا تۇشۇپدۇر. ھەر كىشى ئۆز ھەيرانلىقىدە سەرگەردانىدۇر. ئەلەلخۇسۇس ئول دىلاۋەر نامدار ۋە مەزھەرى ھەيدەرى كەررار، شىر سەفشىكەن ۋە رۇستەمى مەرد ئەفگەن ئەبىلەق سۇۋار پۇرھەيبەت يەنى ھەزرەتى خاجەئى ئىنايەت خاجەمكى يىگانەئى روزىگار ئەردىلەر. بۇلاردىن ھەممە لەشكەر بورانىدىن نالان ۋە فەرىشان ئىدىلەر. ھەر بارا ئەيتۇر ئەردىكى: «ۋاي، يۈز ۋاي ئەز دەست سۇۋار ئەگەر بۇ مەرد بولسە ھەممە لەشكەرىمىزنى بىرىن بىرىن ۋەيران قىلۇر. فال ئۇشبۇكى، بۇ مەرددىن خالاس ئولۇپ قولىغە تۇشۇرسەك ۋە ياكى ھالاك ئەيلەسەك، ياركەند شەھرىنى فەتھ قىلغۇمىزدۇر. ئەمما بۇ كىشىكى سالامەت باردۇر ئەلھەزەركى ھىچ كىشى سالامەت جان ئىلتىمىگەي» دەپ شىكايەتلەر قىلۇر ئەردىلەر.

بەيت

جۈرئەتى يەك مەردى دەمسازەد سىپاھىرادەلىر،
سۇرخ رۇيى مىدە ھەد يەك شىشەئى پەيمانەرا①

① بىر كىشىنىڭ جۈرئەت - غەيرىتى كۆپ كىشىلەرنى يۈرەكلىك قىلالمۇيتىدۇ، شىشە كەمچەنكە مەي قىزىل رەڭ بېرىدۇ.

ئەمما بىر نەچچە كۈن بۇ قاتارلىق مۇبارىزلىق ۋە با-
ھادۇرلۇق دەۋرىنى سۈرۈپ، نەچچەند بىدبىللارنى باشىنى يەر
يۈزىنى غەلتان خۇي قىلىپ رەڭدار قىلدى. ئەمما رۇستەم
زال بولسە ھەم ئەجەل شەربەتىنى ئىچمەكدۇر. ئەمما بۇ فە-
لەك كەجرەفتار شەئبدە بازىنىڭ تامام نەھۇسەتى بۇ ئەزىز-
لار باشلارىدا ئەردى. بۇ نەھۇسەت بىرلە بۇ نەھسى ئەكبەر
كۈنى بىر رافىزە مەككار بىر پىنھان يەرنى ئالىپ قارالاپ
ئۇلۇغ زەھىرەلك بىلە ئاتتى. راسا كېلىپ ئوق يانىنىڭ با-
شىداكى ئۇستىخانلارىنى چېقىپ رىزە - رىزە قىلدى. باۋۇ-
جۇد ئوشول كۈشەندە تەرەفىگە بىر تال ئوق رەۋان قىلدى-
لار. بارىپ ئول رافىزەنىڭ سىينەسىدە غايىپ بولۇر. جانىنى مالى-
كى دەۋزەخقە سىپارىش قىلدى. ئەمما ھەزرەتى غازى ئىنايەت
خاجەنىڭ كۆڭۈللەرىگە فوتۇر يەتتى، ئالەم قاراڭغۇلۇقىغە
ھوبەددەل بولدى. سەرگەردانلىق بىرلە ئەبلەقنىڭ تىزگىنى-
نى قويا بەردى. ئەبلەق ئۆز ئىگەسىنى ئالىپ كېلىپ دەرۋا-
زەغە كەلتۈردى. خالايىق يۆلەپ ۋەتەنلىرىگە ئالىپ كەلدى-
لەر. ئۈچىنچى كۈنى ئالەم باقىغە رىھلەت قىلدىلەر. «قالۇ
ئىننالىللاھى ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» ھەزرەتى خاجە جا-
ھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان ۋە ھەممە شەھزادەلەر، خا-
نىملار ۋە ئەزىزىلار ئۇلۇغ ماتەم مۇسىبەت بىرلە ھەد نى-
ھايەتسىز خەيىر تەسەددۇق بىرلە نەمازلارىنى ئۆتەپ، مازار
ئالتۇن ئىچرە دەفنە قىلدىلار. ھەزرەتى ئىشان خاجەئى جا-
ھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان مۇبارەك زەبانلارىنى گويا
دۇرى باران ئەيلەدىلاركى: «بۇ مۇسىبەت يالغۇز خاجە ئى-
نايەتنىڭ ئېمەستۇر، بەلكى ھەممەمىزنىڭدۇر. بىزنىڭ دەۋرى-
مىزنىڭ ئاخىرقى نىشانەسى شۇبۇدۇر. ئۆز ماتەمىمىزنى ئۆ-

زىمىز تۇتالى، فات فۇرسەت بولغايكى، نە بىزگە خەيرى تە-
سەددۇق قىلغۇچى چىقاي ۋە نە ماتەم تۇتقۇچى، شەھىدانى
كەر بەلا مەسەللىك نە بىر ئىچىم سۇ بەرگۈچى بولغاي ۋە
نە جەسەدىمىزنى دەفنە قىلغۇچى، كېرەككى ئۆز ماتەمىمىزنى
ئۆزىمىز تۇتۇپ، خەيرى تەسەددۇقىمىزنى ئۆز قولىمىز بىرلە
بەرگەيمىز» دەپ ياركەند خەلقىنى دۇنياغە مالامال قىلىپ،
ھەممە چوڭ - كىچىك بىرلە رىزا بەھىللىك ئەيلەپ ۋىداغ
قىلىشتىلار. ھەر كۈنى بۇرۇنقىدىن زىيادە ھەملە قىلادۇرلارە
ياركەند دىلاۋەرلارى ھەملە قىلغاندا بۇلاردە مەجال تاقەت
قىلالمايدۇر. ناچار بىچارە ۋار شىكەستە يەپ ئارقەغە يانا-
دۇرلەر. چەراكى، لەشكەرى ئىسلامدا ھەيبەتى ھەق مۇستەۋ-
لى بار بولاردۇركى ئاگا ھەرگىز تاب كەلتۈرەلمەيدۇر. لې-
كىن ھەر كۈنى سىپىغىل بارا بەردى يايىپ شىبە ياسابدۇر-
لەر تاكى ئۆزەسىگە چىقىپ سىپغىلداكى ۋە شەھەر ئىچىداكى-
لارنى نىشا نەلەپ ئاتقايلار. ياركەند دىلاۋەرلەرى مىلتىق
دارۇسى بىلە ئوت قويادۇرلاردۇر. ئاسمان بارابەردى كۆيۈپ
كۈل بولادۇرلار. نە مىقدار مۇشەققەتلەر بىلە جەمئ قىلغان
خەس خاشاكلار، ياغاچلار سائەترە زايەئ بولۇر ئەردى.
شىبەغە مۇئەككەل بولغان خەلقىنىڭ بەئزەسىنى ئەسىر قىلا-
دۇر ۋە بەئزەسى كۆيۈپ كۈل بولادۇر ۋە بەئزەسى چالاكلاي ئۆ-
زىنى كانارەگە ئالادۇر. ئەلەلخۇسۇس بۇ كاربارلار قاباق
ئاتقۇر دەرۋازەسەدىن بىسيار ۋۇقۇئ تاپادۇر. بۇ ۋەجھىدىن بۇ
دەرۋازە ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەمنىڭ مولچارى ئەردى.

ئەلقىسسە، نەچچە مۇددەت بۇ تەرىقە بىرلە ئۆتتى.
خاجە بۇرھانىددىن لەشكەرى بىسيار ئىنتىزارلىقدىن مالال
بولدىلەر. قىرغىزلار ئۆز ۋەھمەدىن مەئيۇس بولدىلەر. ھېچ-

كىمدە تاقەت قالمادى. بۇ لەشكەر گاھىدا قارار ئالغاي. ئۇشـ
بۇ نەۋمىدلىق ھالەتى ئەردىلار.

ئەمما قىسسەئى داستان جان گۇداز ئىشتىگىزلاركىم، غازى رافىزەدىن: ئول زەمانەكى، غىياس خەنناس خاجە بۇرھانىددىن نامەسىنى ئالىپ كىرىپ، غازىنى ۋەسۋاس قىلدى. غازى رافىزىنىڭ بىۋەفالىق بۇ خىيانەت تومۇرلارى جۇنىشقە كەلدى. كۆڭلىنى بۇ پادىشازادەلەردىن ئۆردى. خاجە بۇرھانىددىن تەرەفىگە رىغبەت قىلدى. بىر دەرۋازە سېغىل بىلە مۇڭا تەئەللۇق مولچارى ئېرۇر. ھۆكمى جارى ئېردى، دەرۋازە بىرلە. گاھى سېغىل بىرلە جاسۇسلۇق خەت چىقارۇر ئەردى، گاھى تاشقارىدىن جاسۇس كىرىپ، يارەكەندنىڭ ھاكىملىق ۋەئدەسى ئۈچۈن قەسەم قىلىشۇر ئېردى. بەس بۇ تەرىقە بىرلە نەچچە مۇددەت بۇ ئىشنىڭ تەھقىقى شەھزادەلەرنىڭ، ئوردا يارانلارىنىڭ سەمئىلەرىگە يەتتى. بۇلار بىر-بىرىن ھەزرەتى ئىشان خاجەئى جاھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋانىنىڭ مۇبارەك سەمئىلەرىگە يەتكۈزدىلەر. ھەممەلەر بائىتتىفاق ئەيتتىلەركى: «بۇ غازى رافىز بىسيار مەككارپۇر فەن كىشىدۇر. مەگەر خىيانەتى بۇرۇندىن تەجرىبەگە يەتكەن ۋە ھەدىس مەشھۇرىكى: «ھەر كارىكى ئىككى مەرتىبەگە يېتىشپدۇر، ئەلۋەتتە ئۈچگە يېتۈر» دەپدۇرلەر. لېكىن بۇ مەككارنىڭ مىكرى - ھىيلەسى نەچەند مەرتىبەگە يەتكەن. خىيانەتتە شەك يوقتۇر. ئېمدى لازىمكى بۇ داغىيىنى تۇتۇپ مۇقەييەد ئەيلەسەك تاكى ھەممە خەلقنىڭ كۆڭلى قەرار تاپسە، ئەگەر بىز ئۆنىگدىن بۇرۇنراق ئىشنى قىلماساق، بىزنىڭ ھەققىمىزدە ئىش ياساماي قويماس. ئاخىر پۇشايمانلىق كەلتۈرۈر. نادامەت سۇد بەرمەس» دېپ مەشۋەرەت

ئەرز ئېيلەدىلەر. ھەزرەتى ئىشان غازى ئەلەيھىر رەھمەۋەر
رىزۋان يەئنى ھەزرەتى خاجە جاھان پادىشاھلىق قىلاردۇر-
كى: «ئەي فەرزەنتلەرىم، سىز جەفا ۋە خىيانەتتىن سۆز
قىلادۇرسىزلەر ۋە مەن مەقامى تەقدىرغە كۆز تۇتادۇرمەن.
سىزلەر مەقامى تەفەككۇر ۋە تەخەييۇلدىن ئەيتاسىزلەر ۋە
مەن مەقامى رىزا ۋە تەۋەككۇلدە تۇرۇرمەن.

بەيت

كۆڭۈل تىنماسقا قالىش كۈندە يۈز نەۋئى ئارزۇبىلە،
رىزا كويىغە تا قويدۇم قەدەم كۆڭلۈمنى تىندۇردۇم.

ۋەفا ھەر نەچچە كىم قىلدىم جەفا ھەددىن ئاشۇردىلار،
ئۈمىدىم مۇنقەتىئ ئەيلەپ فەنا كويىغە يۈز ئۇردۇم.

ئۈمىد ئەتمە بۇ فانى دۇنيا بىۋەفا ئىرمىش،
چۇ ئىششىق ئوتىدا كۆيدۈم ھەم كۈلۈمنى كۆككە سارۇدۇم.

غازى بىرلە نەچچەبارقۇرئان دەرمىيان ئەيلەگەن،
مېنىڭ ھەققىمدە خىيانەتلىك قىلماسلىققە ئەھدى قەسەملەر
قىلغان. مەن ھەم ئۇنىڭ قەسەمىگە تەسدىق قىلىپ، ئېتىماد
قىلۇرغە ئەھدى باغلاغان. ئەگەر ئول ئەھدىگە ۋەفا قىلماسە،
مەن ۋەفا قىلغۇمدۇر. ئەھدىكى ۋەفا ئەيلەمەك ئىمان ئىسلامـ
نىڭ نىشانەسىدۇر. ھەدىس نەبەۋىكى «لائىمانەلە لىمەن
لائەھد لەھۇ» يەئنى ئىمانى بولماسە، ئول كىشى ئەھدىگە
ۋەفا قىلماس. مەڭا ئىمان كېرەك. ئەگەرچە ئاڭا كېرەك بولـ

ماسە، ھەممە ئادەمكى ئەھدىگە ۋاپا قىلماسە ئانى ئادەم قا-
تارىغە ئالماپدۇر.

## بەيت

جەھاندا ئادەمنىڭ ئېتىبارى كۆزدەدۇر يوقسە،
سۆزىكى ئادەمىكىم تۇرمىغاي نە ئېتىبار ئاندا.

ۋە ھەم يەنە ئىشلار ئاراسىدا ئىشلار بار، بەس بەندە تەقدىر ئەزەلىگە ھەم قاراماق كېرەك. سەئيى تەدبىر بىرلە كار تامام بولماس. بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقەتى تاڭلا مەئلۇم بولۇر. ھالا زىيادە تەفتىش لازىم ئېمەس» دېيىپ شەھزادەلەرنى مەنئى قىلدىلار. ئەمما غازى مەككار رافىزدىن ھېكايەت ئېشىتمەك كېرەك:

بۇ رافىز نابىكار ھېچ كېچە ئۇيقۇ ئۇيۇمايدۇركى، بۇرھانىدىن تەرەفىگە جاسۇس چىقارىپ، شەھەر ئىچىدەكى ۋاقىئەنى ئەسرارنى خەبەر بەرەيدۇرغان، گاھى ئاندىن، گاھى مۇندىن جاسۇس ئەييارلار تىل ئالىپ يۈرۈر ئېردى. نە يەردەكى شەھەرنىڭ سېپىللەرىنىڭ بوش كەۋاك يېرى بولسە، ئۇنىڭ ھىيلەلەرىن ئەيتىپ چىقارۇر ئېردى. قايسى ئىشرەكى كاشغەرلەرغە مەنفەئەت ھەزرەتى شەھزادەلەرگە لەشكەر شكەست يەتەدۇرغان ئىش بولسە، شۇنى كۆشىش قىلۇر ئېرۇر.

ئەلقىسسە، بۇ تەرەفقە بىرلە نەچچە كۈن ئۆتتىكى، ھېچ خەلەل يەتكۈزەلمادى. ھېچ ھىيلە شەھەرنى بۇزۇشقە تاپالمادى. بۇرھانىدىن مالال بولدى ۋە قىرغىز ئاتىدىن زىيادە زېرىك-تى غازى رافىزغە جاسۇس ئىبەردىكى: «بىزلەر ناھايىتى ما-

لال بولدۇق. تا قاچانغىچە بۇ يەردە ياتقۇمىز دۇر. بىر تەرت-
قەدەم ھىيلە بىزگە ئىبتىسە ئىكەن، بىزلەر ئۇنىڭ بىرلە سەئيىنى
قىلىپ شەھەرنى فەتھى قىلساق. يا ئۆزى سەئيي بىرلە بىر
تەرىقەلىق قىلسە ئىكەن. بۇ قىلغان خىزمەتىگە تۆرەدىن زىيا-
دە ئىنئام ئىھسان قىلدۇرۇپ، ئالتە شەھەرنى ئۇنىڭ تەخت
تەسەررۇفىگە ئەيلەسەك ئىكەن» دىيىپ ھىيلە ئىلتىماس قىل-
دىلار. غازى رافىز «مۇنىڭ جاۋابىنى تاڭلا بىرەي» دىيىپ جا-
سۇسقە رۇخسەت بەردى. ئەمما ئۆزى دام تەزۋىرنىڭ فىك-
رى خىيالىغە تۈشتى. ھەر تەرەف ھىيلە تەدبىرنى خىيال قىل-
دى. لېكىن مەشۋەرەت قارار تاپتىكى، تامام ياركەند لەش-
كەرىنى جەمئى قىلىپ، ئۆزى باشلاپ چىققاي، يەنە ئۆزى
ئارقە بارىپ قاچقاي. تاكى ھەممە لەشكەرگە شىكەست تا-
ھام بولغاي. شۇبۇ تەرىقە بىرلە ياركەند شەھرىنى ئالىپ
بەرگەي. بەس بۇ مەسلىھەتنى كۆڭلىدە كۆچۈرۈپ پۈتكەرىپ،
ھەزرەتى ئىشان خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋانىنىڭ
تەبەررۇك ھوزۇرلارىغە باردى. ئەرز ئەتتىكى: «يا پادىشاھ ئەدا-
لەت ئالەم پاناھ، تا قاچانغىچە شەھەر ئىچرە مەھبۇس بولا-
غايمىز. ئاجىز بىچارە ۋار سولانغايمىز. ئاخىر شەھەر ئىچى-
دەكى مۇسۇلمانلارغە تەڭسىلىك يۈزلەندۇر. ئاتلارى ئورۇقلار
ۋە بەدزەلەرى ئاچلىقدىن ئۆلتۈرۈپ يەپ كىتۇر. تولا خەلق-
قە ئاچلىقدىن بى مەغرۇرلۇق يۈز كەلتۈرۈر ۋە ھىممەت
غەيرەتلەرىگە نۇقسان يېتەر، ئول ھالدا ھەممە خەلققە نا-
تەۋانلىق يۈز كەلتۈرۈر، سۇد بەرمەس. مۇنىڭ سۇرەتى ئول-
كى مۇنچە مەغرۇرنىڭ بارىدا يەتمىش ياشاردىن، ئون بەش
ياشارنىڭ ئاراسىدا لەشكەرگە چىقسە، تاكى يەكىبار ھەملە
قىلسە، بۇرھانىدىن لەشكەرىدىن ھەممەنى بىر دەفئەدە پاي-

ھال قىلىدۇر. ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن بۇ تائىپەدىن خەلاس بول-
غالى بولۇر» بۇ مەشۋەرەت ھەممەلەرگە مەرغۇپ تۇشتىلەر.
پەرمان ئەيلەدىلەر: «مۇسۇلمانلار ئامادە لەشكەر بولغايلار»
دېيىپ، مۇنادىگەرلار كوچا - بىكوچە، گۇزەر - بىگۇزەر مۇ-
نادى قىلدىلاركى: «ئەييۇھاننناس، ئەي مۇھەممەدىلەر، ئەي
مۇسۇلمانلار جەڭگە تەييار بولغايسىزلەر لەشكەرى كافىر بىزلەرگە
غالىبلىق بىرلە مۇستەۋلى بولۇپدۇر، ئېمدى جەڭ - جىدەل
بىزلەرگە پەرز ئەيىن بولۇپدۇركى، خاتۇنلار ئېرىدىن، بەن-
دە خاجەسىدىن بى رۇقسەت مەيدان يېرىگە بارغاي ۋە ھىم-
مەت غەيرەت قىلغاي. سىز ئۆلسەڭىزلار شەھىد، ئۆلتۈرسە-
ڭىزلار غازى. بۇ جەڭدىن قاچساڭىزلار مۇنافىق، مۇرتەدلىك
ئاتىنى كۆتەرىپ، شەرىئەت تەرىقى بىرلە ھەق تەئەدىرىگە
ئۆزىڭىزلەرنى لايىق تۇتمايسىزلەر» دېيىپ، مۇنادىگەرنىڭ ئا-
ۋازى ئالەمنى پۈرتۈتتى. ئەمر قىلدىلاركى: تەبلى جەڭ ئۇرۇ-
غايلار. بۇ ھالەتدە كۇسى ئىسكەندەر كارناي جەمشىد، چەڭ-
گى كەيۇمەرس، سورنايى كەيخىسراۋلارنى ئاۋاز كەھكەشان
بىرلە كەردىشىگە كىگۈردىلەر. مۇنىڭ ئاۋازىدىن دۇشمەن
مۇرتەدىنىڭ يۈرەكلەرى يۈز پارە بولدى. ئىرانلار ۋە مۇبا-
رىزلار ئېچىگە جۇش تۇشۇپ ئەسلىھەلارىنى دۇرۇست ئەيلەب،
ئەسباب - ئالاتى ھەربەلەرنى تىيز قىلۇر ئېردىلەر ۋە بەئ-
زىلەر نامەردلەر كەنارەگە قاچماقنىڭ فىكىر خىيالىدا جاي
خىلۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلۇر ئېردى. بەھەر ھال ھەر كىشى
بۇ كېچە بىر تەرىقە بىرلە ئۆتكەردى.

ئەمما غازى مەككار تۇڭگۇز رافىزىدىن ھېكايە ئىشتمەك
كېرەك: بۇرھانىددىنغە خەت چىقاردى. خاجە بۇرھانىددىن
ئەركان ھەشەمەتنى يىغىپ بۇ كىتابەتنى ئوقۇدىلەر. مەزمۇ-

نى بۆكى: «كەمتەرىن خىزمەتكار شازىسىنىڭ ئەرزى ئۆتكىلى،
نەچچە ۋاقىت، نەچچە مۇددەتتىن بېرى ھېچ مەكر ھىيلەلەر
بىرلە بۇ شەھەرنىڭ فەتھىگە ئەقلى مەقھۇرۇم يەتمەس ئەر-
دى، قىلغان تەدبىر ھەم ئورنىغا تۈشمەس ئەردى. ھالا بىر
تەدبىر تاپتىم: خاقانى چىن، ئاھۇرىستانا، خاچە بۇرھاندىن-
دىنىڭ ئىقبالى يارى بەرسە، شايەدكى ئورنىغا كەلگەي.
تاڭلا يەتمىش ياشاردىن يەتتە ياشارنىڭ ئاۋاسى جەڭگە
چىقۇر بولدى. بىر - ئىككى مەيدان ئېلىشقاندىن كېيىن مەن
ئوگدىن سولغە يۈزلەنگەن بولۇرمەن. قايسى تەرەفكە يۈز-
لەنسەم، شول تەرەفكە ھۇجۇم قىلغايسىلار. مەن لەشكەرگە
شىكەست بېرىپ، ئارقەغە بارىپ قاچقايمەن. ئاندىن كېيىن
ئادەم كۆشلۈكنى ئۆزلەرى بىلگەيلەر. قالغان شەھەر ئىچى-
دەكى ئىشلارنى ئۆزۈم بىلۇرمەن ۋە مېنىڭ بۇ خىزمەتىمنى
سىزلەر بىلگەيلەر. نامە تامام»

ئەلقىسسە، بۇ بەد شەككاكنىڭ شۇم خەبەردىن ئاڭلاپ،
تابىئەلەرى بىرلە جەڭگە تەييار بولدى. قاسىدغە بىسيار ۋە-
ئدە بېرىپ ياندۇردى. ئەمما شەھەر ئىچرە بۇ كېچە ئوغۇل
ئاتاسى بىلە، ئاغا ئىنىسى بىلە ۋىداع قىلىشۇر ئەردى. بۇرۇن-
قى ھىممەت ۋە غەيرەتلەرى نۇقسانىدا ئەردى. چەراكى مۇ-
قەددىرات نەھۇسەت بۇلار تەرەفىدە ئەردى. ئۇنىڭ سۇر-
ئەتىدىن ئەقل ۋە كۆڭۈللەرىدە زىلزىلە ۋە لەرزە يول تا-
پۇر ئەردى. ئۇشبۇ غەم ئەندۇھ بىرلە سەھەرنىڭ نەسىمى
دىماغلارىغە ئەستى، غۇنچەئى سۇفەت كۆڭۈللەرىگە ئەندەك
كۆشادلىق يۈز كەلتۈردى ۋە جەڭ يەراغىن ئۆزلەرىگە مۇ-
سەللەھ ۋە مۇكەممەل ئەيلەپ، دەرۋازەدىن خىرام قىلىپ
چىقتىلەر. تا لەشكەر شىكەستە تاپىپ ئارقەغە يانغۇنچە

دەرۋازىدىن لەشكەر چىقماقچى خالى بولمادى، بەزى ئەھلى ھىسابلار بۇ ياركەندنىڭ لەشكەرىنى قىرىق مىڭ چاغلايدى. خاجە بۇرھانىددىننىڭ لەشكەرى ھەم بۇرۇنقى تەربىيەتى بىلە مەيسەرە ۋە مەيمەنە قىلىپ جابەجا تۇردىلەر ۋە نەچ-چە شەھەرنىڭ لەشكەرى كاشغەر، يېڭىھىسار، ئاقسۇ، ئۇچ، كۇچار، سايرام، باي، شەھيار، بۇگۇر، تۇرفان، دولان، ۋە نەچچە فىرقە لەشكەرلار يەنى قوباد قوشچى ئۇرۇغى، سوفى مىرزا، ھاكىم مىرزا، توقۇز قىپچاق، ئۆمەر مىرزا باشلىق تاز قىپچاق، مۇڭگى ئۇرۇغى چوڭ بەخش، ئەمما بۇ ئەدەد قىلغان لەشكەر ياركەند لەشكەرى ئالدىدا گويا دەريا ئالدىدا قەترە، ئافتاپ ئالدىدا زەررەچە ئەردى.

ئەلقىسسە، بۇ ئىككى لەشكەر بىر بىرىنىڭ ئالدىدا سەف-لەرىنى راست قىلدىلار. گايا ئىككى تەرەفدە ئىككى كۆرۈھ نامايان بولدى ۋە بەزى چابۇك سۇۋار چالاك ئەندازلار مەيداندا جەۋلانبازلىق قىلىپ، گاھى مەيمەنەنى مەيسەرەگە، گاھى مەيسەرەنى مەيمەنەگە سەفلەرىنى تۈزۈپ قوزغالان سالۇر ئەردى. ئەمما غازى داغۇلى مەنئى قىلىپ قويماس ئەردى. باۋۇجۇدى ئۇنىڭ بىرلە بۇرھانىددىن لەشكەرىنى نەچچە فەرسەڭ ئارقەغە ياندۇردى. مەھەل ياۋۇق ئەردى-كى، بۇرھانىددىن لەشكەرىگە شىكەست بەرگەي. بەلكى بىيەكبار ھەملە قىلىشلەر گەردەنى ئاسمانغە سورۇپ، «ھا-بائەن مەنسۇرا»① زىرۇ - زەبەر قىلغايلار، كاشغەرلار جان-لارىدىن ئىلىك ئۈزدىلەر. مەئيۇسلۇق يەنى نەۋمىدلىق مەقام-

① بىز ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز. قۇرئان كەرىم، سۈ-رەفۇرقان، 23- ئايەتتىن.

غە يەتتىلەر، ھېچكىمدە يۈرەك يوقكى بىر قەدەم ئىلگەرى قەدەم قويۇپ بارغاي. قوباد ئۆز لەشكەرى بىرلە ياقاغە قاچىپ تاماششا كۆرۈپ تۇردى. ئەمما بۇ غازى رافىز بىر-ئىككى ئوڭغە، سولغە بارىپ، لەشكەرنى چاقداغان بولۇپ يۈرۈر ئىدى. شول ھالەتدە خاجە بۇرھانىددىن تەرەفى-دىن بىر نەچچە كىشى غازى تەرەفگە بىر - ئىككى ھەملە قىلغان بولدى. غازى بەدرەك ۋەقتىنى غەنىمەت ساناپ، تۆچ - ئەلەمنى يۈرگەپ ئالىپ، تېزدىن ئارقەغە ياندۇردى. غازى قاچا بەردى. بۇ ھالەتنى دۈشمەنلەر كۆرۈپ ئارقەدىن ئات سالدى. ياركەند لەشكەرى مۇسۇلمانلار ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ، ناچار ھەزىمەت قىلىب ياندىلار. گويا ئاسماندىن لەشكەر تۈشۈپ باسىپ ئالدى. مۇسۇلمانلارنى ئان-چۇنان سايدى. شەھىدلارنىڭ پاك، مۇبارەك جەسەدلەرى سايىنىڭ تاشىدەك ياتتى. خۇنلارى دەريا - دەريا بولۇپ جارى بولدى. ئەمما شۇنچە بى زابىتەلىك بىرلە دۈشمەن-لەرنىڭ ئۆلۈكى باغلاغان ئوتۇندەك گوياكى تودە - تودە بولدى. تا دەرۋازەگە يەتكۈزدى.

مۇسۇلمانلار دەرۋازەدىن سىغمايدۇ. بىر بىرلەرىنىڭ ئاياغلارىدا پايمال بولادۇر، بەئزەلەرى ئارغامچى بىرلە سېپىلدىن تارتىپ ئالىب تۇرادۇرلەر. ئەمما خاجە ئابدۇللا خاجەم پادشاھ لەشكەرگە چىقماغان ئەردىلەر. جەڭدە ئول خانەدە تۇرۇپ، لەشكەرنىڭ كەملەرنى راست ئەيلەب چى-قارىپ بېرىپ شەھەرنىڭ پاسىبانلىغى ئۈچۈن تۇرغان ئىدى-لەر. ۋاقىئەنى كۆرۈپ دەست بىزانۇسوقتىلەر. دەرۋازە بىكار ئىسەمەسكى چىقالى بولغاي. ناچارە ئار-غامچى بىرلە تۈشۈپ، ئۆز خادەملەرى توقال مىرزا، ئەرۇس مىرزا، خاجەمىيار ئىچىش يەنە نەچچە

مۇبارىزلار نەچچە دەفئەنەيىزەگەرلىك قىلدىلاركى، بۇ دەر-
ياىى ئادەم بۇلاردىن قورقۇپ شاخچە ئايرىلادۇر، بۇلار ئۆتكەن-
دىن كېيىن يەنە بىر بولادۇر. شاھ راي مەسەللىك كوچە
قىلادۇر. ئول تەرەفنى قوغلاپ كەلسە، يەنە بىرتەرەفدىن ھۇ-
جوم قىلادۇرلار باسىپ كىلەدۇر. بۇ قىرىق مىڭ، ئەللىك مىڭ
كىشىدە يۈرەك يوقكى ئارقەغە باققايلار. ھىچ ۋەجھدە باۋەر
بۇلمادى. ناچارە ئۆزلەرىنى سىغىلگە ئالدىلار. تا كۈن كەچ
بولغۇنچە مۇسۇلمان كۇشلۇق خۇنرىزلىق بولدى. دەرۋازەدىن
كىرگەنى سالامەت قالدى. قالغانى شەھىد بولدى. ئاندىن دەر-
ۋازەنى مەھكەم قىلدىلار. كېچە تاڭ ئاتقۇنچە مۇردەلەرنىڭ
لىباسلارىنى سالدۇرۇپ ئالدىلار.

بەيت

يوقتۇر ئۇشبۇ قەۋمدەك دەھر ئىچرە زالىم پىشەئىسى،
ھىچ زالىم قىلماغاي مۇنداغ ستەمنى ھىچ ۋەقت.

بۇرھانىددىن لەشكەرى ئولجە غەنىمەت ئالماق بىرلە
خوشۋەقت خىرام ئاسايىشدە تۇرغايلار.

ئەلقىسسە، داستان ئىشتىمەك كىرەك، شەھەر ئىچىدىن،
غازى مەككار رافىزدىن: لەشكەرنى بۇزۇپ قاچىپ، ھويلىسى-
سىغە مەھكەم بولدى. ئول كېچە ئوردىغە بارمادى. تاڭلا-
سى ھەم بارمادى. تاڭلا خەلق ئارا مەشھۇر بولدىكى: غازى
لەشكەرنى بۇزۇپ قاچتى دىيپ. ئەمما شەھەر ئىچى تامامەن
مۇسىبەت، ماتەمزەدە، بىرى ئاتام دەيدۇر، بىرى ئاغام
دەيدۇر. بىرى ئىنىم دەيدۇر. بىرى ئوغلۇم دەيدۇر. ھىچ

كىشى ماتەمدىن خالى ئىمەس. ھەممە پەرياد ـ پىغاندا.

ھەزرەتى ئىشان خاجەئى جاھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان باشلىق ھەممە شەھزادەلەر، ئوردا تابىئەلەرى بىرلە ھەممەلەرى مەشۋەرەتتەدۇرلەر. ئەمدى تەرىقە ئىلاج قايسىدۇر؟ بارۇرغە يەر يوق نە تۇرۇرغە تاقەت، مەشۋەرەت ھىچ يەرگە قارار ئالمايدۇر. غازى رافىزەنى چىرلاغالى نەچەند كىشى ئىبەردىلەر. ئول كەلگەلى ئۇنامايدۇر. بۇ تەرىقە بىلە بۇ كۈن ھەم ئۆتتى. ئاخشام بولدى، خادىم خاسلارىدىن يەنە چىرلاغالى كىشى بۇيرۇدى. كىلىپ ئەيتادۇرلەر: «سىزلەر بارىڭلار، مەن بارۇرمەن» دەيدۇر، بارمايدۇر. بارغانچە ئول رافىزەنىڭ ئەۋزائى بۇزۇلدى.

ھەزرەتى ئىشان خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان ئەئلەمى ۋەقت ئۆمەر باقىنى چىرلاتىپ ئەيدىلەركى: «ئەي ئاخۇند، ھاكىم غازىنى پەندى نەسىھەتلەر قىلىپ ئالىپ كەلگەيلەر. بائىس نەدۇركى كەلمەيدۇر. بىز بىر بىرىمىز ھەققىدە خىيانەتلىك قىلما سىلىققە قەسەمياد قىلغان. ۋەئدە پەيمانىمىزغە قۇرئان دەرمىيان ئەيلەگەن. بىر بار كىلىپ بىزنىڭ خەيرىنىمىزنىڭ ئىشىنى ئەيتىسە، مەشۋەرەت كۆرسەتسە، ئۇشبۇ شەھەر ئىچرە خوپمۇ، ياشەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەنارە ئالغانىمىز خوپمۇ؟ چىقساق قايسى تەرەپ خوپ؟سالھاي سالكى ھەققىتەئام، ھەققى نەمەك بولغان ئەردۇك. مۇنداغ تەڭلىك ۋەقتدە بىزدىن يۈز ئۆرۈگەنى خوب ئىمەس. بىزلەرگە ۋەفا قىلماغان ئاڭا ھەم ۋەفا قىلماس. مۆئمىن مۆئمىننىڭ بۇرادەرىدۇر. «خالىسەن لىۋەجھىللا» بولغاي، نە بىرايى رىيا.①

① رىيا كۆرۈش ئەمەس، خۇدا ئۈچۈن بولغاي.

بەيت

مىسمارى دوستانى دەغەل روزى ھاجەتەست،
فەرجى بىراي تەجرىبە ئەز دوستان تەلەب.
ياران باشەدكى گىرى دوست - دوست،
دەرپەرىشان ھالىيۇۋە دەماندەگى①

بەيت

دوست كۆزلەر زەھمىدىن تۇشسە كۆڭۈلگە مۇشكۇل ئىش،
بەرمەسۇ ئالماس ئىمىش ئەئدا كۆڭۈل ئەھباب كۆز.

ئىككى كۇنلۇك فانى دۇنيا ئۇچۇن دىننى دۇنياغە ساتماغلىق ئاقىللار ئىشى ئەرمەس. مەھەل تەڭ، قىسسە مۇختەسەر ئاقىلغە ئىشارەت بەسدۇر» دىيىپ ئاخۇندنى ئىبەردىلەر.

ئەلقىسسە، ئاخۇند كېلىپ غازى رافىزەگە پەندى نەسىھەتلەر بەردىلەر. سۆز ھەر تەرەفدىن ئۆتتى. ئاخىر مەشۋەرەت ئاڭا قارار تاپتىكى، غازى بارمايدۇر. جەۋابىدا ئەيتتىكى: شەھزادەلەردىن قورقادۇرمەن. ھەررەڭ مۇشىبەۋۋەش سۆزلەر قۇلاغىمغە يەتتى. ئىككى - ئۈچ كۈن كۆڭلۈمگە تەسكىن بېرىپ، ئاندىن كېيىن باراي دىدى.

تاڭلا مۇددەتى ئۆتتى. بىرنەچچە خادەملار نەچچە

① دوستلاردىن بىرەر مۇشكۇل ئىشىڭ كۈشادىلىكىنى، يەنى ھەل بولۇش يولىنى سوراشقا توغرا كەلگەندە، كاداڭ ھارامزادە دوستىڭمۇ بىر كۈلى ھاجىتىڭ چۈشىدۇ، بىشىڭنى كۈن چۈشۈپ، پەرىشان ئامالسىز قالغاندا، ساڭا ياربولغانلارنى دوست تۇتقايسەن.

مەرتەبە ئاخۇندنى چىرلاغالى كەلدىلەر. ئىچكەرى كىرگەلى يول بەرمەدى. بەلكى ئازار بەرگەلى تۇردىلەر. غازى شەقى رافىزەنىڭ خادەملارى جەمئى بولۇپدۇر. ئاڭا شەھەر ئىچرە بەدذىنلارى بار ئەردى. ئۇلار ھەم جەمئى بولۇپدۇرلاركى، ھەرگىز ئول ھەملەگە يىگانە كىشىنى يەقىن كەلتۇرمەيدۇر، شەھەرنىڭ شول تەرەفدەكى سىفىللاردىن مىلتىق ئەندازلارنى ھەيدەپ غازى مۇرتەد لەئىننىڭ ھويلەسىغە ئالىب كىرىپ بارادۇرلار. ئوردا تابىئەلەردىن كىشى ئۇچراسە ئۆزگەچە ئەۋزائى كۆرسەتۇردۇر. بەس بۇ بولغان ۋاقىئەنى ئوردا خادەملارى مەئلۇم قىلادۇرلار. بەئىزەلەر زابانى مالامەتنى غازى لەئىنتىنىڭ ھەققىدە لەئنەت ئوقۇيدۇرلار. ھەزرەتى خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋانىنىڭ ھەققىلەرىدە سەرزەنىش باشلادىلار ۋە مالامەت ئەيلەدىلەر ۋە ئۇنى تۇتۇپ، قەيد بەندگە سالماغانىغە ھەزرەتى ئىشان خاجەم پادشاھ ئەيتادۇرلاركى:

## بەيت

كۆڭۈل تىنماسقە قالمىش ئەردى يۈز نەۋئ ئارزۇبىرلە،
رىزاكويىغە تاقويدۇم قەدەم كۆڭلۈمنى تىندۇردۇم.
ئىش مەھەلدىن ئۆتۈپدۇر دوستلار تەئنە ئەيلەمەڭ،
ھەرنە تەقدىرى قازادۇر، ئەمدى كۆرگەيمەن ئۇنى.

مەن غازىنىڭ ھەققىدە خىيانەت قىلماسلىققە قۇرئان دەرمىيان ئەيلەگەن، ئول مېنىڭ ھەققىمدە مۇنداغ بەد خىيانەتلىك قىلسە، قۇرئان قەسەمگە ۋە جەددى بۇزۇرۇكۋارىم

ئانھەزرەتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاپشۇردۇم.
كۆرگەيسىزلەر، بىر يىل يا يېرىم يىل بەرجا بولۇپ تەس-
كىن زاھىر بولغانىنى. ھەرنەكىم بىزلەرگە كەلدى. بىزدىن
ئارتۇقراق ئاغا ھەم كېلۇر. بەلكى بىزدىن يۈز مەرتىۋە غەم
ئەندۇھ ئەزاپ ئۇقۇبەت بىرلە بالا بارقەسىنى ھايداپ
يۈرۈپ، قويدەك بوغۇزلاپ تاشلارلار. نىجاسەتخانەدە ئىتلار
سۆرەپ يۈرۈپ خورەك قىلغايلار. بۇ توفانى ھەۋادىس بار.
يالغۇز بىزلەرنى غەرق ئەيلەگەن ئېمەس ۋە بەند ئەژدەرى
بالا تەنھا بىزنىڭ ئەھلى بەيتخانە دانىمىزنى دەم تارتقان
ئېمەس. بەلكى مۇندا نە دوست قالغاي، نە دۈشمەن، نە
كافىر، نە مۇسۇلمان. بىزلەر قالغايمىز. نە مۇرىد بەلكى
خاس ئامغە يەكسانىدۇر.

### نەزم

ئىشق شورئەنگىزنى قويغىل فۇسۇنگەر ئەي خىرەد،
يەتتى چۈن يەر كۆكنى يىرتىپ ئارسلان ئەي تۈلكىقاچ.
ھونۇر ئىن ئەۋۋەلى ئىشقەست داغى گىريە كەمتەر كۈن،
كى ئىن توفان رەسۋايىست ئالەمگىر مىگەردەد.

ئاخۇند ئۆمەر باقى كېلىپ غازى مەككارنىڭ مەكر-
ئامىز جەۋابىنى يەتكۈردىلەر ۋە ئۇنىڭ تەرەفىدىن سىياسەت
ئامىز سۆزلەر بايان قىلدى. ئاخۇندنىڭ سۆزلەرىگە سۈكۈت
قىلىپ رۇخسەت بەردىلەر.
بۇ كېچە شەھزادەلەر ئۇلۇغ تابىئەلەردىن نەچچە مەر-
تىۋە جەمئى بولۇپ، يەنە مۇلچارىلارىغە يانىدىلار. ھەر

تەرىقەلىق مەشۋەرەتلەر ئۆتتى. بەزىلەرى ئەيتىدىكى: شۇ
بۇ شەھەر ئىچرە تۇرغانىمىز بىھراق. بەزىلەرى يەسەئىنىسى
ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم بىلە شاھابىددىن باكساۋۇل
شۇبۇ ھالەتدە بارىپ غازىنىڭ ھويلىسىنە سولاپ تۇتۇپ
ئالغايمىز. غازىنى ئالغاندىن كېيىن، دۇشمەنلەر نەۋمىد
مەيۇس يانغاي. ئەگەر يانماسە ھەم شەھەرنى مەھكەم
تۇتقالى بولۇر دېدى.

بۇ مەسلىھەتنى ھەممە قوبۇل تۇتتۇشمادىلەر ۋە يەنە
دۇشمەن قەۋمى تاشقارى بولسە، بۇ مىقدار شىكەست بىزنىڭ
تەرەفدە بولسە، يەنە شەھەر ئىچرە جەڭ - جېدەل قىلماق
مەسلىھەتدىن ئەرمەس. ئاخىر مەشۋەرەتلەر ئاڭنا قەرار
تاپتىكى «ھالا كېچەلەپ يۈرسەك. جاڭگال - جەزىرەنى گۇزەر
قىلىپ دەريادىن ئۆتمەك بىرلە فالان تاغ ئىچىدەكى غارغە
كىرسەك ئاغزى باردۇر. ئىچى يايلاق - ئوت - سۇيى ئىچىدە
دۇركى نەچچە يىل تۇرسە ئازلىق قىلمايدۇر. ئەگەر
بىر كىشى مىلتىق بىرلە ئاغزىدا ئولتۇرسە، دۇشمەن يۈزمىڭ
بولسە ھەم ياۋۇق كېلەلمەس، دۇشمەنلەر ۋاقىف بولۇپ
بىزنىڭ يېپىسىمىزگە تۇشكۈنچە بىز ئۆزىمىزنى غارغە ئالادۇر-
مىز» دېپ ھۆكۈم قىلىشتىلەر. بىلمادىلەركى، تەقدىر ئەزەل
قايىسىدۇر.

ئەلقىسسە، شۇبۇ مەشۋەرەتكە ئەمەل قىلىپ چىقىنىشقە
يۈز كەلتۈردىلەر. بەگزەلەرنىڭ ئەمەلەرى ۋاقىپ بولدىلار.
بەگزەلەرنىڭ ئاتاسى ۋاقىپ بولسە، ئوغلانلارى بىسىخەبەر
ئەردىلەر. ئالاھازەلقىياس بەگزەلەر ئاتقە مىنىپ ۋە بەگزە-
لەر تىيۋەگە مىنىپ، بەگزەلەرنىڭ ئاتلارى دەرھال ھازىر
بولماي ماڭىشىپ، بۇلاردە نە چابدۇق سەفەر بولغاي، نەزا-
دە راھىلە بولغاي، ئۇشبۇ كام كاسلىق بىرلە مەسىخەرە
دەرۋازەسىدىن چىقىنىپ قارغەلىق يولى بىرلە ئەزم راھ قىلى-
دىلار. بىرمۇنچە راست يۈرۈپ جاڭگال راھ تەرەفىدىن
ئەزم راھ ئەتتىلەر، چەراكى يول ئۈززە قىرغىزلار تۇشكەن
ئېرۇر. ئۇشبۇ مۇزەبزەبلىك بىرلە جاڭگالغە كىردىلەر. بۇ
جاڭگالنىڭ سۈفەتىنى شەرھى ئەيلەب، شەرھى بىرلە راست
كەلمەسكى، ئاندا نە ئاسمان كۆرۈنگەي ۋە نە زىمىن ۋە نە
تۆرت تەرەفگە سۈرئەت ئىزتىراپلىرى بىلەن يۈردى. ئانچە،
ئەگەر ئاتا يىقىلسا ئوغۇل قارىيالمايدۇ، ئوغۇل
يىقىلسا ئاتا قارىيالمايدۇ، ئۆلۈپ بارسە ئاتا يارى بەرمەك
ئىمكان ئېمەس. ئەر، ئەرلىكىنى، مەزلۇم مەزلۇملۇغىنى بىلە-
مەيدۇر. ئاتانىڭ ئوغۇلدىن خەبەرى يوق، ئانانىڭ قىزدىن
خەبەرى يوق. گويا قىيامەت سەھراسىدىك يىماكىي دەشتى
كەر بالا سەھراسىدىك بولدى. خالاغان يەردىن ئۆتمەك
مۈمكىن ئېمەس. ھەر بىر دەرەخنىڭ يىلتىزى بىر يەردە
بولسە، شاخلارى يەنە بىر يەردە بىربىرلەرىگە قۇچاغلاشىپدۇر.
ھەر بىر قوڭراغۇ ئازغان ھەر بىرى بىر غەلبىرلىك يەرنى

تۇتۇپدۇر. بىر بىرىلى قوچاغلاشىپدۇر. بۇسۇپ ئۆتمەككە
مۇمكىن ئېمەس. بەرتەقدىر مۇندىن ئۆتسەلەر، يەنە بىرى
مۇندىن چوگراق تۇرۇپدۇر. ئەلاھازەلقىياس، بەئىزەلەرنىڭ
بەدەنلەرى چاك ۋە بەئىزەلەرنىڭ جامەلەرى چاك، ۋەھەر
بىر دەرەختىنىڭ باشىدا پارائى لىباسىدىن ئەلەم كۆتەرىپدۇر.
باۋۇجۇد بۇ مۇشكۇللىك بىرلە دەرياپىي زەرافشانكى مەشـ
ھۇردۇر. كامالى ئىتتىسكىلىكىدىن «دەرياپىي تېز ئاب» ئاتارلار.
ئەمما بۇ دەريانىڭ سۇفـ
بۇلارنىڭ ئالدىلاردىغە ئۇچرايدۇ. يا تامام مۇزلاغان ۋەقىت ئىبـ
تى جاڭگالدىن ئارتۇقراقدۇ. ۋە لېكىن ئېككىسىنىڭ ھونۇز
مەس. ئوتراسى مۇزلاماپدۇر ۋە قەددى ئادەم مىقدارى ئېگىزلىكى
مۇزى جابىجاكى گاھى ئېگىز لىكى مىقدارى قەددى ئادەم
مۇزى جابىجاكى گاھى بالا، گاھى پەست. سۇ ئىچرە
بويى، گاھى ئادەم بويىدىن بالا، گاھى ئاندىن چوڭ. بىناگاھەمەر
قار ۋەمۇزكى، گاھى ئۆيدەك، گاھى ئاندىن چوڭ. بىناگاھەمەر
كەبلە رىگە ئۇرسە قۇتىلىكلارى تاقەت تۇتادۇر ۋە بەئزەسى
ناچار ۋە بىچارە ۋار سەرنەگون سۇغە يىقىلادۇر. مىنگەن
كىشىنى سۇغە ئۇرادۇر. گاھىلارنى دەرياغە مۇزدىن سەكـ
رەتىپ تۇشكۇنچە قوشقۇنى ئۈزۈلۈپ يۈزى تۈبەن يىقىلادۇر.
گاھىلار دەريادىن سەكرەتىپ چىقىقۇنچە ئۇلاغى ئۈزۈلۈپ
ئارقەغە يىقىلادۇرلەر. جۇببە جۇشلار بىرلە يىقىلغاندىن
مۇمكىن ئەرمەسكى يەنە سۇۋارە بولغايلار. بەلكى مۇزلاپ
ياغاچدېك قاتىپ قالادۇر. باۋۇجۇد ئۇشبۇ مۇشەققەتلەر
بىلە دۇشمەن نابىكارلار خەبەر تاپىپ كەمىنلاردە ھەرگىز
ئامان بەرمەدىلەر. كىمكى كېيىن قالادۇر، ئۇنى غارەت
تاراج قىلادۇر. بەلكى ئەسىر قىلادۇر ۋە يا قەتلى قىلادۇر-
لەر، جاڭگالدىن چىقسەلەر دەريا ئەمگەكى دەريادىن چىقـ
سەلەر، جاڭگال مىھنەتى، پارچەدىن قاتتىغراق بەزە

4

## بەيت

كېتۈر ساقى ماڭا بىر شىشەئى مەي،
فەلەك جەۋرى سىتەمدىن نەچچە سۆز دەي.

قىلاي ئۆتكەن زەماندىن كۆپ شىكايەت،
ئەزىزلەر سەرگۈزەشتىنى ھېكايەت.

نەئىشلار كەلتۈرۈپ شەھزادەلەرگە،
ھەمە نازۈك بەدەن ئازادەلەرگە.

جاھاننىڭ مېھنەتىن ئەۋۋەلدىن - ئاخىر،
بۇلار باشىغە كىم يەتكۈردى بىر بىر.

بۇلارغە كەلگەن ئىش كىملەرگە كەلدى،
قەيۇ كافىر مۇسۇلمانلارغە قىلدى.

قاتىغ دۇشمەنلەر ۋە كۆڭلى يامانلار،
قاراتىللىق جاھان بەلكى يىلانلار.

بۇلار باشىغە بولدىلار مۇسەللەت،
ھەمە كارىنى خەلق قىلغاي مۇزەممەت.

بۇلارنىڭ دىللارىدا يوق تەرەھھۇم،
قىلۇر ئادەم ئېتىدىن شول تەنەئئۇم.

يامان ۋەسفىن بايان ئەتسەم تۈگەنمەس،
قۇتۇلماس شەررىدىن ھەم خار ھەم خەس.

قىلۇر مەنلىك ئۇلارنىڭ ۋەسفىن ئەيماق،
يامان ئەرمىش قەبىھنى زىكرى قىلماق.

قىلاي ۋەسفىنى ئول ساھىپ قىرانى،
لەزىز ئەرمىش ئۇنىڭ زىكرى بايانى.

كى تەئرىفى ئەزىزخانە دانىلار،
ئەدۇلار خەيلىنى قىلغاي ئامانلار.

چىقىپ شەھزادەلەر دەشت ئەزمىگە،
دىيارۇ خانە تاشلاپ شۇم قەدەمگە.

دىمە دەشنى بالا، جاڭگال دەرلەر،
نە جاڭگال ئەردىكىم جاڭگالى شىرلار.

دەرەختى خارناكى مىسلى نەشتەر،
ئۇرار ئەئزاغە ئانداغ تىز خەنجەر.

سۈزۈك قىل سادىقا كىم ئىختىسارى،
مۇقەددەر دۇر بۇ ئىشلار ھەر نەكارى.

فەلەكدىن گەر دىسەك يۈزمىڭ شىكايەت،
تۈگەنمەس چۈن ئاڭا يوقتۇر نىھايەت.

ئەلقىسسە، بۇ شەھزادەلەر مۇھەببەتى خاندانلار مىھنەت ـ مۇشەققەت بىلەن بۇ يەرگە يەتتىلار.

ئەمما قىسسەئى داستان ئىشىتمەك كېرەك، غازى تۇغگۇز ھارامزادەئى رافىزە بەدكىرداردىن: بۇ كىچە پادىشاھ شەھەرلەرنى تاشلاپ چىقتىلەر. شول زەمان تابىئەلەرىغە غازى كېر شادىيانە چالدۇرۇپ، شادىيانە ئۇردىلار. «دەۋر دەۋر خاقان چىن، ئامۇرسىنا. بۇرھانىددىن» دېپ ۋە ئۆز ئوغلانلارىدىن بەش كىشى بىرلە بۇرھانىددىنغە خەت چىقاردىلەركى: «خەجە لەشكەرىڭگە شىكەست بەرمەك بىرلە ۋە شەھەر ئىچرە ئۆز ئەفرادىم بىرلە روبەرو ياغىي بولماق بىرلە ھۆركۈتۈپ ۋەھشەت بېرىپ چىقاردىم. تېز ـ تۈند ئارقەدىن لەشكەر بارىپ دادىنى بەرگەيلەر. بىزدىن ئۆتتى، ئەمدى ئىش سىزلەرگە قالدى. ئۆزلەرىنى ئۇلار جاي مەھكەمگە ئالغاندىن كېيىن پايىدا بەرمەس. بەلكى ئۇلاردىن بىردە بىرى تىرىك قۇتۇلسە. سىزلەرگە مۇندا ئامانلىق يوقتۇر. قالغان كارىنى ئۆزلەرى بىلگەيسىلەر» دېپ سۆزنى تامام قىلدى.

بۇرھانىددىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، خەيىل شەمىنى چىرلاتىپ ۋاقىئەنى بايان قىلدى. قىرغىزلاردىن مۆڭنى، قالماقدىن بىر جايساڭنى ئۆز ئەفرادلەرى بىرلە راھمان قۇلنى، قىرغىز ئابدۇللانى، سېرىق ياساۋۇلنى، موللا يولداشنى، ئابدۇۋاھابنىڭ ئوغلى ئابدۇساتتار تازىنى، باھادۇرنىڭ ئوغلى ئاللا قۇلى بەدرەكنى، شىر ئەھمەتنىڭ ئوغلى ئابدۇرامان زەرقەنى مۇندىن ئۆزگە ھەم بەددىيانەت خار، يەخلەرنى «ئارقەدىن كەمىن قىلىپ لەشكەر بىرلە تېز ـ تۈند بارىپ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇپ ئەسىر قىلىپ

كەلتۈرگەيسىزلەر. ھەرگىز رەھىم ـ شەفقەت نەزەرى بىرلە باقماغايسىزلەر. سازاۋارى غەزەپ بولۇرسىزلەر» دېپ تامام ۋەسىيەتىنى ئەيتىپ يولغە سالدى. بۇ پەلەندلەر كېتىپ بارادۇرلەر.

ئەمما ئىشتمەك كېرەك، نىياز ئىشكاغە ئوردا ئىچرە قەيد بۇندە دە ئەردى، بىمۇ جەررەد پادىشاھلار ئوردادىن چىققىشى، قەيددىن ئاجراپ ئوردانىڭ تامام سەركارىنى يىغىشتۇردى. ھەزرەتى ئىشان خاجە جاھان خاجەم پادىشاھنىڭ ئايىشە ئاتلىغ بىر ھەرەملەرى بار ئەردى. نىياز ئىشكاغەنىڭ قىزى ئەردى. بۇلار ئۆي بار قانى تامام سەركارلارى بىرلە كۆچۈرۈپ، قالغانىنى غازى توگگۇز رافىزە ئالدى. شەھەر خەلقى ھەم مالامال. ئەمما ئارقەدىن يۈرگەن كۇففار لەئىنسىتىلەردىن بۇلار تېز ـ تۇند يۈرۈپ، مۇھىببى خاندانلارغە يەتتى. ئەمما بۇ لەشكەرى ئىسلام سوغۇققە توڭغۇلۇق، بەئزەلەرى سۇغە غەرق بولۇپ غوت ئۈرۈپ چىققان، بەئزەلەرىنىڭ بالىسى قولىدە، بەئزەلەرىنىڭ ئەھلىيەسى مىنگەشلىك، بەئزەلەرى ئات يۈتەلەگلىك ئۇشۇ موزەبىزەبلىك ھالەت ئەردى. رافىزە دۈشمەنلەر تۆرت تەرەفىنى قورشاپ ئالدىلار. بۇ پادىشاھلار، ئەھلى بەيتلەر ھەممە ياۋۇق كىشى ئەردىلەر. لېكىن بەئزەلەر قاچىپ، بەئزەلەر ئېزدىنىپ، بەئزەلەرگە ھادىسەلەر يېتىپ، تۆرت يۈزگە ياۋۇق كىشى قالىپ ئەردى. ئەمما بۇلار ئىچرە ھېچكىمدە تاقەت يوقكى دۈشمەن رافىزەلەر بىرلە جەڭ قىلغاي. مەگەز ئول شىرى غەرران سەف شىكەن ۋە رۇستەمى داستان ھەيبۇرمەرد ئەفكەن يەئنى ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا ئەزىزكى ۋە بۇ شەھزادەنىڭ ھىممەت ۋە غەيرەتلەرى سەرايىت-

دىن بىر نەچچە دىلاۋەرلار ھەمراھ ئىدىلەر. ئەلەلخۇسۇس ئاقسۇدىن مىرزا بەگ، ئىنىسى شاھمۇراد بەگ يەنە بۇلاردىن يۇرشجائەت مىرزا ئابدۇللا بەگ مەيدانىدا شىجائەت كۆر-سەتىپ، گاھى ئوتتۇراغە ئۆزىنى ئۇرادۇرلەر. گاھى ئوڭغە، گاھى سولغە، گاھى ئارقەغە ئەللىك - ئاتمىشچە دىلاۋەرلار، رافىزەلەئىنلار قايسى تەرەفكە ھۇجۇم قىلسە، شول تەرەفكە جەۋلانبازلىق قىلىپ يۈز قىيادۇرلەر. بۇلار يېتىپ كەلسە-لەر دۈشمەنلەر قوي بۆرىدىن قاچقاندەك قاچادۇرلار. بۇ دىلاۋەرلەردىن ئۆزگەلەرى ھەر قايسىلارى ئۆز جانى بىرلە، ئۆز ھالى بىرلە مۇپتەلادۇرلەر. دۈشمەنلەر تەرەفىگە قىنيا باقالمايدۇرلار. ئانچەكى، ھەزرەتى خاجە جاھان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋانىنىڭ بىر ھەرەم خاسلارى بار ئىدى. ھەم-ھەرەملەرىنىڭ ئۇلۇغى ئىدى. ھەممە ۋەقت بۇلار بىرلە خاسۇلخاس خىلۋەتلەرى بار ئەردى. شىنىسىدى بىزاھىر بۇلارغە خىتاب قىلىپ ئەيتۇر ئەردى. قازارا بۇ كېچە ھەممە لەرنىڭ تەۋەللۇد ۋەقتى يەتتى. تاشلاپ چىققالى بولمادى. ئالىپ چىققان ئەردى. بۇلارنىڭ چەندان مۇئەككەل پاسىبانلارى بار ئىدى.

ھەزرەتى ئىشان خاجەم پادىشاھ ئىلگەرى ئىدىلەر. بۇلارنىڭ نەچچە خادەملارى ئېزىقىپ قالىپ ئىدىلەر. بىر قاتتىغ نالە ۋە زارى ۋاۋەيلا ئاۋازى كېلەدۇركى، نالەدىن تاشلار ئېرىپ سۇ بولۇدۇر، ۋاقىئە ئولكى، بۇ ئاغاچەغە تەۋەللۇد تاقاززا قىلىپ ناچارە بىچارەۋار ئاتتىن تۈشۈپ تەۋەللۇدغە ئولتۇرۇپدۇر. بۇ ھالەتدە ئۆز خادەملاردىن بىرسى ئاتنى ئالىپ بارادۇر. ئارقەدىن قاتتىغ دۈشمەنلەر يېتىپ كېلىپدۇر. شەھزادەلەرنىڭ بۇ ھالەتدىن خەبەرلەرى

يوق بۇلاردە قۇۋۋەت مەجال يوقكى، ئارقەدىن رەۋان بولغايلار. ھېچكىم ئارام يوقكىسى فەريادىغە يەتكەي. ئۇشبۇ ھەيران ۋە سەرگەردانلىقدا بىچارە ۋار تۇرۇپ قالدى.

ئەمما ھېكايەت ئىشتىمەك كېرەك: شەھزادەلەر ھالىدىن: ئول رۇستەمى داستان شەھرىيار ھەيدەر كەررار يەئنى ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم ئەزىزلار ئۆز خادەملەرى بىرلە دۈشمەن قەۋملارىغە فەيسەل بېرىپ، ھەر قايسى تەرەفدىنكى ھۇجۇم قىلادۇر ئوشۇل تەرەفكە مۇبارىزلىق قىلۇر ئىدىلەر. ھەر بىر ئاتقان ئوقلارى بىر دۈشمەن نامدارنى جەھەننەمگە ئىبەرۈر ئىدى.

ئەلقىسسە، شۇبۇ تەرىقە بىرلە تا ھەددى نامازدىگەر بولدى. بۇ ئىككى تەرەفدىن ھېچبىر كىشى رەددى بەدەل بولدى. بۇ ھالەتدە دەريايى زەرەفشان يەنە روبەرو كەلدى. بەئزى دۈشمەنلەر ئالدى تەرەفكە ئۆتۈپ، دەريانىڭ ئاسان يېرىنى تۇسۇپ مىلتىق ئەندازلىقىغە تۇردى. بۇ مۇھىببى خاندانلار ناچارە بىچارەلىقدىن دارياننىڭ ئاسان يېرىگە ئۆزلەرىنى ئۇردىلار. بۇلارنىڭ ئالدىداكى سۇدا كىلادۇر، ھونۇز دەرياغە كىرىپ تامام بولماپ ئىدى دۈشمەنلەر يەنە ھۇجۇم قىلا باشلادى. بۇ مەھەلدە ئادىل شاھ دارخاننىڭ ئوغلى ئىسمائىل ھەزرەتى ئىشان خاجە جاھان خاجەم يەئنى سەييىدى فارىس ۋە ئەجەمنىڭ مۇقەررەب خادەملارىدىن ئەردى، بىر مۇنچە خەلقنى باشلاپ دۈشمەنلەرگە قوشۇلدى. ئاندىن لەشكەرى ئىسلام تەرەف سۇست بولدى. دۈشمەنلەر قۇۋۋەت ئالىب ھۇجۇم قىلا باشلادى ۋە دەمبەدەم رىز قىلىب ئات سالدى. ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا

ئەزىز بىر پىشباز ئات سالىپ ئالدىغا ئۆتۈپ يۈردىلەر،
دۈشمەنلەر ھەم ھەزەر قىلماي بى ئىپا كېلىۋر ئىدى. بىر
تال ئوقنى ياغە قويدىلار. ھونۇز ئىسبا قىلمايدۇر. ياغە
كۆشىش بەردىلەر، بىرەۋگە تېگىپ، چەرانەدىن ئۆتۈپ،
تا ھەددى زەمىندە غايىب بولدى. مۇنى كۆرۈپ رافىزە-
لەردىن ھوش كەتتى. ھەلىمەسى ئارقەغە ياندى. ئەمما بىر
پەلىدى سىپەھسالار لەشكەر ئەردىكى، ھېچكىمنى قۇۋۋەت-
بازۇدا ئۆزىنىڭ بەرابەردە بىلمەس ئەردى. بۇ بۇزۇرۇكلار
ھەققىدە قاتتىق ناسەزا ئەيتىپ جەڭگە كىردى، مۇنىڭ ئىل-
گىدە ھەم نەچچە مۇسۇلمانلار شاھەدەت تاپقان ئەردى.
مۇنىڭ سالاھى ئىككى جۇببە» ئىككى ئولپاق ۋە توپاق.

خاجە ئابدۇللا خاجەم پادشاھىنىڭ روبەرولارىغە كېلىپ
ھەملە قىلدى. خەشم غەزەبلارى زوھورغە كېلىپ بىر ئوق
ئۇنىڭ سارى رەۋانە ئەيلەدىلەر. بۇ ئالتە قات سالاھدىن
ئۆتۈپ، ساندۇق سىنەسىدىن ئۆتۈپ، تەھتى زېمىندە غايىب
بولدى. مۇنى كۆرۈپ دۈشمەنلەر فەسلى ئارقاسىغە ياندى.
ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا ئەزىز فەسل ئارقەسىدىن قوغلاپ
يانىشلارىدا ئول جەھەننەمنىڭ ئاتىنىڭ ئىنانىنى ئالىب، مۇ-
بارەك قوللارىنى سۇنۇپ، چەرانەدۇ بولغا سىنى ئالىب بەللەرى-
گە باغلاپ، ئاي فالتۇ بىرلە سالىپ ئىدىلەر، ھەلقەسىغە تېپ-
كىپ جۇببەنىڭ زەررەسى بەند بولدى. تانەچچە قەدەم
سۆدرەپ كەلدىلەر. زەررە بۆسۈلۈپ يەرگە تۈشتى. مۇسۇل-
مانلار سۆدرەپ كېلىپ مۇردەسىنى تاشلادىلار. دۈشمەنلەر-
دىن ھاي - ھۇي ئاۋازى چىقىپ، نەچچەسى بۇ پەلىدنىڭ
مۇردەسىنى دەريادىن ئالماق ئۈچۈن ئەرگەشىپ كەتتى.
مۇسۇلمانلار بىر ھەسسەسى دەريادىن ئۆتتىلەر. بىر ھەس-

سەسى دەريا ئىچىدە، بىر ھەسسەسى ھولۇز بولەبىدە، ھەز
رەتى خاجە ئابدۇللا ئەزىز فەرياد قىلىپ تۇرادۇرلاركى:
«ئەز بولساڭ قاچماغىل. بىرى تۇرغىل. ئۆزۈڭنى ئوقغە تۇت
تۇپ بەرگىل ۋە كافىرلاردىن قاچىساڭلار ھەم ئۆلتۈرەدۇر،
قاچماساڭلار ھەم ئۆلتۈرەدۇر. ئۆلۈمدىن ئۆزگە چارە يوق
تۇر. ھەر نىچۈك خارلىق بىرلە ئۆلتۈرەدۇر. خارلىق بىرلە
ئۆلگەندىن قوچاقلاشىپ، قىچاقلاشىپ ئۆلگەن بىھراقدۇر»:
چونان فەرياد قىلادۇرلار ئۆز خادەملارىدىن ئۆگەلەرنىڭ
قۇلاغىغە كىرمەيدۇر بەلكى ھەر قايىسى ئۆز خادەمىنىڭ
غەمىدە، نە بىرەۋ بىلە ئىشى يوقكى بىز دۇشمەندىن قاچى
قان بىلە تۆرت ياندىن قورشاپ تۇتماي قويماس، چەراس
كى بۇلار ھەممەلەرى ئەھلى خانەلەرى بىرلە چىققان. ھەر
چەند سۇرئەت بىلە يۈرسەلەر ھەم بۇ دۇشمەنلەر يۈرۈشى
دىن ئاھىستە يۈرۈيدۇرلەر. چەۋاكسى ئۇلار سىپىدىز سالىتاڭ
ئات بىرلە سالىتاڭ يولنىڭ ئاسانى بىرلە يۈرۈپدۇر. بۇلار
بىيەكبار دۇشمەنگە ھەملە قىلسەلەر دۇشمەنلەرنىڭ غالىپ
لىقى بىرلە بىر دەفئە، ئىككى دەفئە بەرھەم ئۇرادۇرلە:

ئەمما ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا ئەزىز ئەگەر ھەر نەچى
چە پۈر زور غەيبۇر بولسە ھەم يۈز مىڭغە تاقابىل بولۇپ
بولمايدۇر. بىز تەرەفنى سەرانجام بەرگۇنچە، يەنە بىر
تەرەفى رەز قىلادۇر. ئەلا ھازەلقىياس.

### بەيت

مۆرچە گانراگەر بۇ ۋەد ئىتتىفاق،
شىر، ژەيانرابىدارا نەند پوست.

شىر ئەگەرچە جۇرئەتتە كۆپ غالىپدۇرۇر،
گەر قازا كەلسە ئاڭا ئاجىز قىلۇرلار مۇرلار.

ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا ئەزىز كۆپ فەرياد قىلادۇرلەر. ھېچكىم قۇلاغىغە ئالماغاندىن كېيىن كاھىش بىرلە دەرياغە كىردىلەر. رافىزلەر ئۇنى كۆرۈپ سۇلەبندەكى مۇسۇلمانلارغە ئۆزىنى ئۇردىلار. ھەزرەتى يۇسۇف خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان كىچىك ئوغلانلارىكى ئىسمى شەرىفلارى خاجە بۇرھانىددىن ئەردىلەر. ھونۇز دەريا لەبىدە ئەردى. بىر رافىزە كېلىپ نەيزە بىلە چۇنان سالدىكى، شەھزادە يىقىلىپ، دەرىجەئى شاھادەت تاپتىلار. مۇبارەك تەنلەرى دۈشمەنلەر ئاياغىدا پايىمال قالدى. ئەمما مۇرغى رۇھلارى ئالەم ئۈلۈۋىدا دەرەخت تۇبا ئۈزرە جاي تۇتتى. «قالۇ ئىننالىللاھى ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» ئاي فالتۇ بىرلە مۇبارەك باشلارىغە چاپتىلار. بولدۇش كافىرنىڭ ھەم شول يەردە باشىغە ئوق تېگىپ ئۆلدى. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ زەھرەسى يارىلدى. ھەممەلەرى ناچار ۋە بىچارە ۋار ئۆزلەرىنى دەرياغە ئالدىلار.

ئەمما تاماشا قىلماق كېرەك ئول شىر نەۋجۇۋان ۋە پېشدادى مەئرىكەئى مەيدان خاجەم نەزەر خاجەكى بۇ شەھزادەنىڭ شاھادەت تاپقانىن كۆرۈپ، ئالەم كۆزىگە قاراڭغۇلۇق بولدى. گويا مەست لايەئقۇل بولۇپ بۇغرا تىيۋە يەڭلىغ ئاغزى پۈركۆپۈك، كۆزى كاسەئى پۇرخۇن، جۆرەسىدىن ئايرىلغان شىرى نەر مەسەللىك كۆزىگە ئاق-قارا كۆرۈنمەيدۇر. چۇنان تىيرە ئەندازلىق ۋە نەيزە بازـ

لىق قىلدىكى، سۈپەت بايانغا راست كەلگۈسىز. ھەر نەچچە قىلغان بىرلە باۋەر بولمايدۇر. چەراكسى قالماق، قىرغىز، تاغلىق، يەرلىك بولۇپ، ئادەم ھەددىسىز تولاكى ھەر بىرى ئۆلتا پىيچىپ كەلگەن يىگانەئىسى دەۋران. ناچارە خاجەم نەزەر خاشە قول سالىپ، مۇبارەك جەسەدلارىنى كۆتەرىپ ئالدىغا ئالىپ يۈردى. دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. چاقلادىكى دەريادىن ئالىپ ئۆتكەلى بولمايدۇر. چىقادۇرغان، تۆشە دۇرغان يەرى تايىلماق مۇز. مۇز گويا قەددى ئادەم بويى باركى، ئەگەرچە دۈشمەن ئاياغىدا بولسەمۇ دەريا- دىن خەشكىدە قالغانى بىھراق دىپ، جەسەدنى ئاھىستە يەرپە- دە قويۇپ سەكرەتىپ دەرياغە تۈشتى.

ئەمما ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم ئەزىسىز دەريا ئىچرە ئەردىلەر. بۇرادەرلەرىنىڭ مۇبارەك جەسەدلەرىگە كۆزى تۈشتىلەر. بىر قاراددىلار، دۇم بارە قارامادىلار. ئەمما دەريا ئىچىدەكى ۋاقىئاتلارنى كۆرمەك كېرەك: مۇنچە خەلق سۇغە كىرىپ ئەردىلەر دەريانىڭ ئوي يېرىگە كەل- گەندە سۇغە توف بولۇپ ئارقەسىغە ياندى. كۆرۈپ كولۇف كېلىپ دولقۇندا مۇسۇلمانلارنى كۆتەرىپ ئاقىتىپ كەتتى. بىر غەريۇ ـ فەرياد فىغان ئۆرلەدى. غەرق بولۇپ كەتتى، مۇسۇلمانلار بۇ لەبدە، دۈشمەن رافىزە كافىرلار ئۇلەبدە دەريادىن ئۆتكەن مۇسۇلمانلار بەئزەلەرنى تۇتۇپ ئالدىلار. تولاسى شاھادەت تاپتى. بەئزەلەرى دەريا ساھىلىدا ئامان قالدى.

ئەمما خاجەم نەزەر خاجەم دەريادا كېتىپ بارۇر ئەدى. دۈشمەندىن نەچچە كىشى كەمىن قىلدى. بىر پۇر زور خەۋارىج كېلىپ ئارقەدىن نەيزە سالدى. ئىچىدە

ئىككى زىرە ئولپاق بار ئىدى. نەيزە كارقىلمادى. بەلكى
ئاياغلارنىڭ رىكابىغا ۋە بازۇ قۇۋۋەت بىرلە ئات ئۈزرە
مەھكەم ئولتۇردى. تايىغىرمە ئوتتۇز قەدەم يەرگەچە سۆرۈپ
باردى. ئاتدىن ئاجرامادى. ئىككى تەرەفدىن بەئزى خەبەر-
دارلار كۆرۈپ ئەھسەن - ئافىرىنلار قىلدى. ئەمما بۇ ھالەت-
دە يەنە بىر دۈشمەن غەيۋۇر كېلىپ، توغرادىن بىقىنلارىغە
سالدى. ناچارە بىچارە ۋار ئاتدىن سۆغە يىقىلدى. قىرىق-
ئەللىك قەدەم يەرگە سۆدا ئاقىپ باردى. دەريانىڭ كەنا-
رەسى ئىگىز مۇز، چىققالى بولمايدۇر. يەنە ھەم ئىككى
زىرە ئولپاق، ئىككى جۇببە يەنە ھەم لىباسلارى بىرلە
كۆتەرىپ چىققالى بولمادى.

ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم ئەزىزلار بۇ ھالەتنى
كۆرۈپ، قەبزەسىدىن يانى ئالىب سۇندىلار. يانى تۇتۇپ
تارتىپ ئالدىلار. كۆردىلەركى، تامامى ئەئزاسى مۇزلاپدۇر.
شول زەمان لىباسلارىنى سالىپ بەردىلەر.

ئەمما ھېكايەت ئېشتمەك كېرەك، بۇ خانەدانلار دەر-
يانىڭ ئول يۈزىگە ئۆتۈپ، بۇ پادشاھلار تۈشتىلەر. مۇسۇل-
مانلارنى كۆردىلەركى، بىرلارىنىڭ ئاتالارى يوق ۋە بىر-
لارىنىڭ ئانالارى يوق. ئەلا ھازەلقىياس كۆردىلەركى، ئەركە
خاجەم يوق. كۆردىلەركىم ھەممەلەرى ماتەم مۇسىبەت
بىرلە فەرياد - فىغانلار كۆتەردىلەركى ئاسمان زېمىن
نالەگە كەلدى. تاشلار ۋە تاغلار ئىرىدى. بۇ ھالەتدە
ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم غەزەپلەرى بىرلە شەھزا-
دەلەرگە، ئەزىزلەرغە ھەيبەت قىلدىلاركى: «ئەي نادانلار!
نە دەپ نالە - زارى قىلاسىزلاركى، بىر بىر بالا فەۋت
بولغانىچە بۇ مىقدار نالە قىلاسىزلەر. مۇندىن ئۇلۇغ ئىش

لاز بولسا ئاندا نە قىلغايسىزلار، بەلكى ئۆزۈڭلار ئۆلسەڭلەر
ئىچۈك تەدبىر قىلغايسىزلەر. ئەيھا ئىناس، بۇ جەمئەدىن
ھەر كىشىكى بۇ دۈشمەنلەر قولىغە تۈشسە خاھى ئەر، خاھى
مەزلۇم، خاھى نارەسىدە جانىدىن ئەلبەتتە ئىلىك يۇغاي.
سالامەت قالىشىنى گۇمان قىلماغاي. ھەر كىشىكى ھىممەت
بىلە بولغاي. ھەرگىز بۇ تايىفەنىڭ قولىغە تىرىك تۈشە-
مەكلىك. ھەر نىچۈك بولسە ئۆلتۈرەدۇر. ئەلەلخۇسۇس
سەييىدزادە بولساڭ دۈشمەن ئوقىغە ئۆزۈڭنى تۇتۇپ بەر-
گىل. ھەرگىز خۇنخورلەرغە زەندە تۈشمەگىل. ھامان
ئۆلەدۇرغان جان، خارلىق-زارلىق بىلە ئۆلتۈرەدۇر، ئابرۇيىنى
قولدىن ئىبەربەگىل. ئاسانلىق بىرلە ئاھانەت ۋە
ھاقارەت كۆرمەي ئۆلگەيسەن» دېپ فەرياد قىلىب تۇرادۇر.
گىرىيە زارى ئەندەك تەسكىنت تاپتى. لېكىن ھەر كىشى
ئۆز ھالى بىرلە مۇپتەلاكى، بىر تەرەفدە جەڭ،
بىر تەرەفتە گىرىيە زارى، بىر تەرەفتە ئاغاز سۇلھى.
دۈشمەنلەر تەرەفدىن بىر نەچچە مەككار غەددارلار دەريا-
نىڭ يولىدىن سۇلھى ئىشىنى ئەيلەمەكنىڭ مۇقەددەمەسىنى
تۈزۈپ ئەيتادۇركى: «ئەي مۇسۇلمانلار! نە دەپ ئۆزۈڭلەر-
گە قاتىنىغ ئىشىنى قىلارسىزلەر، بىھۇدە رەنج چېكىپ، ئۆزۈڭ-
لەرغە زۇلۇم قىلاسىزلەر. كېلىڭلەر، ئەمدى ئەداۋەتدىن
يانىڭلار. قازاغە رىزا بېرىڭلار. بۇ ئىككى تەرەف خاجە-
لەر بىر دەريانىڭ سۇيىدىن ئايرىلغانىكى ئىرادە غەيرى
يوقدۇر».

«ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ نە تەرىقە-
لىق ئىختىيار قىلادۇر، ئانداغ بولغاي. ئەگەر ھەرەمەين -
شەرىفەين ئىختىيار قىلسەلەر زادەراھىلەر راسلاپ بېرىپ
تا ھىندۇستانىغىچە ئەئزاز ئىكرامىلارىنى بىجا كەلتۈرۈپ

ئىبەرادۇرلەر. ئەگەر بۇ دىيارلارنى ئىختىيار قىلسەلەر خوتەندە يا يېڭىساردا تەخت مەسنەد ئىختىيار ئەيلەسەلەر، ئاندا ئىقامەت قىلادۇرلار. شەھزادەلەر خەشىم - غەزەپلەرىدىن بۇ سۆلھنى بىتەرىقە مەئقۇل ئەرز ئەيلەسەگىزلەر شايەدكى قەبۇل تۇشكەي. ئەگەر باۋەر بولماسە، بۇ سۆزگە ئەنبە قەسەم قۇرئان» دەپ قىرغىز ئابدۇللا، راھمان قولى تاغلىق سىپرىغ ياساۋۇل بۇ ئۈچ سەردار لەشكەر بىخەلىز بىرلە قەسەمياد قىلدى ۋە قۇرئان دەرمىيان ئەيلەدى ۋە بۇ سۆلھىنى مۇھەممەد ئابدۇللا باكاۋۇل، سابىر خەلىفەم، شاھابىددىن بەگ، مىرزا ئابدۇۋاھاف، ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋانىغە ئەرز ئەيلەدىلەركى، ھەممە شەھزادەلەر، ئەزىم پادىشاھلار جەمئى بولۇپ، «مۇندىن ئۆزگە ھېچ ئىلاجى سۈرەتى يوق» دېيىپ ناچارە قەبۇل قىلدىلار.

ئەمما ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم ھونۇز خەشمەلارى پەست بولماي ئەيتادۇرلەكسى: «نە بولغايكى ئەي پەرۋەردىگار، بۇ كەمتەرىن ئاسى بەندەڭگە بىر ئوق ئەتا قىلساڭ، ئۇنىڭ بىرلە قابىزۇلئەرۋاھغە جان تاپشۇرسام ۋە بۇ زالىم خۇنخۇۋار نابىكارلارغە خار قىلماساڭ، ئۇشبۇ مىقدار مۇسۇلمانلار يارانلارىم باشىغە ئوق ياغمۇردېك ياغادۇر. جان مېھنەتدىن قۇتقارۇرسەن. نە بولغايكى مېنى ھەم قۇتقارساڭ» دېيىپ باش يالاڭ قىلىپ جەڭ قىلدىلەر. پۈرران ئوتكەنىدېك ئوق مۇبارەك بەدەنلەرىگە تۇتىيا بولدى. لېكىن نېسىپ بولمادى. ھەزرەتى خاجە جاھان ئەزىز پادىشاھلىق قىلادۇرلاركى: «ئەي بۇ باغىم، بۇ مىقدار غەزەپتىن يانىڭ. قەزاغەرىزا بېرىڭ. بىزلەرگە شاھادەت دەر-

جەسى مىراسدۇر. ئۆزگىگە باقماڭ. مېنىڭ يۈزۈمگە باقىڭ»
دېپ پەند نەسىھەتلەر قىلىپ ئىدىلەر.
هەزرەتى خاجە ئابدۇللا ئەزىز ئەيتادۇرلەركى: «ئەي
باباي بۇزۇرگۋار، بىزلەرگە رۇخسەت بەرسۇنلەركى، بىز
بىر نەچچەمىز ئەلايىق دەئۇالقدىن تەجرىدى خالى چىقە
قايىمىز. شايەدكى هەزرەتى ئوق سۇبھانە هۇ ۋە تەئالا يول
بەرسە، دۈشمەنى قاتىللاردىن نىجات تاپقايىمىز. ئەگە بىز-
لەر نىجات تاپساق، سىزلەرگە هەرگىز زەرەر يەتكۈرەلمەس-
لەر. ئەگەر هەممەمىز بۇ تەرىقەلىق بۇ تايىغەنىڭ قولىغە
تۈشسەك، زىنجانىنى تىرىك قويىماغاي ۋە بۇلارنىڭ ئەهدى
پەيمانىغە قەسەم قۇرئانىغە باۋەر قىلىپ بولماس، چۇنانـ
چە غازىنىڭ كارىدىن تەنبىھ ئالماق لازىم. مەن بۇ سۆزنى
ئۆلۈمدىن قورقۇپ قاچماق ئۈچۈن ئەيتقان ئېمەس. بەلكى
ماڭا يەتتە ئىقلىمنىڭ تاجىدىن بۇ ئۆلۈم خوشراق كۆرۈ-
نەدۇركى، ئىككى باتىس بۇ ئەرزنى مەئىلۇم قىلادۇرمەن.
ئەۋۋەل ئولكى، ئابا ئەجداد ۋە بۇزرۇكۋارىمنىڭ نەسلى
مۇنقەتىئ بولماسۇن. ئىككىنچى، بۇ بەدكىردار زالىملار ئىلكى-
دىن خارلىق - زارلىق بىرلە ئەزاپ - ئوقۇبەتىگە تاقىتىم
يوق. هەرگىز مۇنداغ ئىشلارغە رازى بولمايدۇرمەن.

بەيت

تىغ كىن بىرلە مېنى يۈز پارە قىلساڭ رازىمەن،
رازى ئەرمەسمەن ئەگا بۇ بىچارەلەرنىڭ لەئنىگە»

ئەمما هەزرەتى خاجە جاهان خاجەم پادىشاھ پادىـ

شاھلىق قىلادۇركى: «ئارى - ئارى ئەي پەرزەنت ۋە دىلبەند، بۇ قىلغان سۆزلەرىڭىز ھەممەسى ئەۋۋەلدىن - ئاخىرغە دۇرۇست مەقبۇل. لېكىن قازايى ئاسمانغە تەقدىر رەببانىغە چارە تەدبىر قىلماق ئاقىللار ئىشى ئەرمەس. قازايى مۇئەللەقكى سۆز قىلالىسىزكى ئەگەر قاچماق، چارە قىلماق، تەدبىر ئەيلەمەك راۋادۇر. ئەمما قازايى مۇتلەقدۇركى، ئەگەر تەسلىم رىزا بەرمەكدىن ئۆزگە چارە يوقدۇر. بىزلەرگە تەقدىرات ئىلاھى شۇبۇ تەرىقەلىق ئىكەن. ئۆلى بىز كۆرمەي ئىلاجى بولۇرمۇ؟ بىزلەرگە شاھادەت مىراسدۇر. ئەلھەمدۇلىللاكى، مىراسىمىز قولغە كەلدى. دەشتى كەربالانىڭ قائىدەسىنى ئاخىر ۋەقتىمىزدە جارى قىلدۇق، نېسىپ بولدى. پەرزەندلەر جان قۇلاغى بىرلە ئاڭلاڭكى: بۇ دۇنيايى فانى بىھۇدەدۇر. دەۋلەتى ھەم بىنبە قادۇر. ئەمما دەۋلەت ئاخىرەتنىڭ ھەد - نىھايەتى يوق. ئىماننىڭ شەرتلارى دۇنيادىن ئاخىرەتنىڭ كارىنى مۇقەددەم بىلمەك كېرەك. بۇ فانى دۇنيا مۆئمىنلەر جايى ئېمەس. قالەننەبىيۇ ئەلەيھىسسالامۇ: «ئەد دۇنيا سىجنۇلمۆئمىنى ۋە جەننەتۇلكافىرى» يەئنى: بۇ فانى دۇنيا مۇسۇلمانلار زىندانى، كافىرلار بوستانىدۇر. ئول كىشىكى بۇ دۇنيانىڭ مېھنەت - مۇشەققەتىنى تارتماق بىلە ئاخىرەتنىڭ راھەتىنى ئىختىيار قىلسە ۋە زەبانى زەرەرنى ھاسىل قىلىبدۇركى، بۇ دۇنيانىڭ راھەتى ۋە نەفسى سەركەشنىڭ مۇرادىچە بولماق بىرلە، ئاخىرەتنىڭ ئەزاپ - ئوقۇبەتىگە گىرىفتار بولسە. ئەي پەرزەنت، مەئيۇس بولماڭ. بۇ كەلگەن بالادىن بىزگە ئاخىرەتدە ئۈمىد باركى، چەندان دەرىجەئى مەقامالار ھاسىل بولۇركى، ئۇنىڭ نىھايەتىن خۇدا بىلگەي. ھېچ زىنجان ئۆلۈم شەربەتىنى تارتماي قالماس.

بىرەۋگە بۇ دەۋردە ئاياغ يەتسە، يەنە بىرەۋگە يەنە بىر دەۋردە ئاياغ يەتسە بۇ بارەدە ئىلگەرى كېيىنكىسىدە پەرق يوقتۇر. لېكىن مۇنداغ ئۆلۈم بىر ۋاقتىدە تاپىلماس. ھالا بىسۇرەت مېھنەت راھەت لەززەتى ئۆلگەندىن كېيىن مەئلۇم بولۇر. بۇ دۇشمەنلەرنىڭ قولىدا ھەر نەچچە جەۋرى - جەپا يەتسە، ئەزاپ - ئوقۇبەت خارلىق بىلە ئۆلسەك ئۇنىڭ ئەجرى ئاندىن زىيادە. بۇ ۋەقت غەيرەت ۋەقتى ئېمەس، سەبرى تەھەممۇل ۋەقتىدۇر.

مىسرا

ھەر سۇخەن جاي دارەد ھەر نۇكتە مەقام داردد، ①
سەبرى تەھەممۇل نەمىقدار كۆپ، دەرىجە ئاندىن كۆپە

ئاللا تائالا ھەم سەبرى قىلغۇچىلارنى دوست تۇتادۇر مەن
دېپ ۋەئدە بېرىپ «ئىننەللاھە يۇھىببۇ سسابىرىن» ②
ئەمدى جەڭ - جېدەلدىن قول يىغىڭلار. چارە - تەدبىرنىڭ قولى بىرلە تەۋەككۇلنىڭ ئېتەكىن تۇتۇڭلار. سەرنەۋىشتى قەزادىن نەكەلسە ئۇنى كۆرگەيمىز دېپ سۆزنى تەمام قىلدىلار.
ھەزرەتى شەھزادىلەر ھەممەسى قوپسۇپ گىريىيە زارى بىلە ئەرز قىلدىسكى: «يا جەددى بۇزرۇكۋار، بىز رازى، خۇدا رازى. ئەمدى ھەرنە تەقدىر ئەزەلدۇر ئەگا بويسۇن

① ھەر سۆزنىڭ ئۆز ئورنى، مەندارلىقتا ئۆز ماقامى بولىدۇ.
② ئاللا تەئالا چەزمەن سەۋر قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

سۈنغا يمىز. ھەر نىچۈك چەۋرى — جەفا يەتسە، سەبرى پىشە قىلغايمىز . بۇ دۈشمەنلەر باشىدا نە تەرىقەلىق ئىش باشىمىزغە كەلسە، ئەگا رىزا بەرگەيمىز. ئۇنى خۇدادىن بىلـ گەيمىز، مەخلۇقدىن بىلمەگەيمىز» دەپ قەزاغە رىزا بېرىسپ، دۈشمەنلەر مەسلىھەتىگە بويۇن سۇندىلار.

ئەمما ھەزرەتى خاجە ئابدۇللا خاجەم پادىشاھ رازى بولادۇر. لېكىن ھىممەت ۋە غەيرەتلەرى ئەگا رازى بولمايـ دۇر. بۇ كاشاكەش جېدەل بىرلە دۈشمەنلەر دەريادىن ئۆتتى. راھمات قۇلى تاغلىق كور قىرغىز ئىلە سادىق ياساۋۇل يەنە بىرنەچچە سەردار لەشكەر جەمئى بولۇپ ھەزرەتى ئىشان غازى خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزـ ۋان دېگەن جاناپلارىغە كېلىپ، ئەئزاز ئىكراملار بىجا كەلـ تۈرۈپ، مىكرى فۇنۇن بىلە بۇرۇنقى مەئقۇلىنى يەنە ئەرز ئەيلەدىلەر.

ھەزرەتى خاجە جاھان غازى خاجەم ئەلەيھىر رەھمە ناچار قەبۇل قىلدىلار: «ئەي خالايىقلار! بىزلەر سىزلەرگە، ئەمدى ئىختىيار سىزلەردەدۇر. ھەر نىچۈك قىلسەڭىزلار قەزاـ غە رىزا بەردۈك.

بەيت

كۆڭۈل تىنماسىقە قالىش كۈندە يۈز نەۋئى ئارزۇ بىرلە،
رىزا كويىغە تا قويدۇم قەدەم كۆڭلۈمنى تىندۇردۇم.»

ئەمما بۇ رافىزەلەر بۇ تەرىقەلىق ئەرزئەيتادۇرلەركى: بىزلەرنىڭ بۇ سۆزىمىز راسا باۋەر بولمايدۇر. سىزلەر تا

خوجە يەھيا خاجەم، بۇرھانىددىن خاجەمنىڭ ئاۋاز زەبانىسىدىن ئەمرىنى ئىشىتىپ يانىشۇنلار. يەنە كىشى لايىق ئىبەسىس دېپ ئىلتىماس ئەرز قىلدى.

ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ ناچار ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەمغە ئەزىز فەرزەنىدلەرىنى چىرلاپ، مۇبارەك پېشانەلەرىگە بۆسە قىلىپ، مۇبارەك كۆزلەرىدىن ئەشىك رىزان خۇن مىلى جەيھۇن ئاقىزىپ: «بارىلىق، سىزنى ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئالاغە، جەددى ئەئلايىمە سىپارىش قىلدىم» دېپ رۇخسەت بەردىلەر. ھەزرەتى خاجە يەھيا خاجەم ھەم جەمىئى شەھزادەلەر بىلە يىغلاشىپ كۆرۈشۈپ، گىريە - زارى قىلىشتىلار. ئاندىن ھەزرەتى پەدەرى بۇزرۇكۋاردىن فاتىھە ئالىپ، قالىن دۇشمەنلەر ئاراسىغە كىرىپ ناچار بىچارەۋار رەۋان بولدىلار.

ئەمما كۈن كەچ بولدى. بۇ مۇھىببى خاندانلار ھالىنى كۆرمەك كېرەك: بىرلارىنىڭ بىرى يوق ۋە يەنە بىرلارىنىڭ بىرى يوق. ھەر كىشىنىڭ ئۆز جانى تاتلىغكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەكسەرى دەريادا غەرق بولىشۇپ لىباسلارى نەم بولۇپ مۇزلاغان ئەردى. تاچىققاندىن بېرى ھېچ غىزا يېمەگەن. ئول ۋەجھىدىن ھەر قايسىلارى ئۆز ھالارىغە مۇپتەلاكى، بىرلارى بىر يەردە ئۇلۇغ ئوت سالىپ، لىباسلارىنى قۇرۇتۇر ئەردى ۋە بەئزەلەرى مىنگەن ئاتلارىنى سىخ قىلىپ، گۆشتلەرىنى كەباب قىلىپ ئەھلى ئەيالىلارى بىلە غىزا قىلۇر ئىدى.

ھەزرەتى ئىشان خاجە ئابدۇللا خاجەم ئەزىز سەرھىساب باردىلاركى، شەھزادەلەردىن تۆرت كىشى يوق. ئەزىزىملاردىن ئىككىلەرى ئۇششاق ئەياللاردىن بۇلارنىڭ شاھا-

دەت تاپقانلارى ئەسلا مەئلۇم ئەمەس. ۋاقىزەلەرنىڭ سەرـ
دارلارىغا ئېيتتىلەركىم: ئەگەر بىزنى قەتلى ئام قىلىۋېر بولـ
سەڭلار، ھەممەمىزنى جەمئى ئەيلەپ قەتلى قىلغايسىزلەر.
تاقەتىمىز ئول ئىشقە يوقكى، بىز قاراپ تۇرۇپ ئەھلى ئەيالـ
لىمىز نامەھرەم قوللارىدا ئەسىر بولغاي. مادامىكى بىز قەيـ
دى ھاياتىدا تۇرۇپ مۇنداغ سۆلھىگە رىزا بولماسمىز دېپ
غەزەپ سىياسەت قىلدىلار.

شول سائەت سەردار رافىزەلەر ئوتاقلارىغا قىچقىرتىپ
چىرلاپ جۇستىجۇ قىلدىلار. قىرغىزلار قوللارىغا تۈشكەن
ئىكەن. سالامەت يەتكۈرۈپ شەھزادەلەرگە تاپشۇردىلار.

ئەلقىسسە، مۇسۇلمانلار بۇ كېچەنى گىريە ـ زارى،
تەۋبە تەزەررۇئ بىلە ئۆتكەردىلەر. ئەمما دۈشمەنلەر خۇشـ
ھاللىق بىرلە ئۆتكەردۈركى ئەترافىنى چۇنان قورشاپ
ئالىبدۇر، ھېچ زىجان بەلكى قۇرت ـ ھاشارات ئۆتمەكـ
كە يول تاپماغاي.

ئەلقىسسە، ئۇشبۇ قاتتىغ پاسبانلار بىلە نىسفى شەب
ئۆتكەندىن كېيىن ھەزرەتى ئىشان خاجە ئابدۇللا ئەزىزلار
خاجەم نەزەر خاجەنى، سابىر كېرەك يارغىنىڭ ئوغلى توختى
خاجەنى، شاھابىددىن باكاۋۇلنىڭ ئوغلى مىرزا ھەيدەرخانـ
نى قولىدىن تۇتۇپ، ھەزرەتى ئىشان خاجە جاھان ئەلەيھىر
رەھمەۋەر رىزۋانىنىڭ ھوزۇرلارىغا كەلتۈردىلەر. ئەرز قىلدىـ
لاركى: «يا باباي بۇزۇرۇكۋار، سەييىدزادەلەر ۋە خاجەـ
لەر ھەرىنچۈك رۇخسەت تىلادۈك قەبۇل تۈشمەدى. نە بولـ
غايكى بۇ ئۈچ بەچچە خاندانزادەگە رۇخسەت بولسە. ئەـ
گەر بىزلەرنىڭ نەسلىمىز مۇنقەتىئ بولسەمۇ، ئابا ئەجدادـ
مىزنىڭ قەدىم خىزمەتكارى يارانلارىنىڭ ئوغلى. ئۇلارنىڭ نەسلـ

لەرى مۆنقەتسىز بولماسا، ھەممەمىزگە دۇئاگۆي قالسە»
دېپ ئەرز ئەيلەدىلەر. ھەزرەتى ئىشان- خاجە جاھان ئە-
زىزلار ئەرزلەرىنى قەبۇل تۇتۇپ، بۇلارغە دۇئايى خەيرى
بېرىپ: «مىرزالارنى خۇداغە ئابا ئەجداد ۋە بۇزۇرۇكۋارلارىم-
غە تاپشۇردۇم» دېپ رۇخسەت بەردىلەر.

خاجەم نەزەر خاجە بۇ ئىككى بەچچەنى بىرىنى ئالدى-
غە، بىرىنى كەينىگە مىندۈرۈپ بىر ئات بىلە يۈردىلەر،
دۇئانىڭ بەرىكاتىدىن ھەقتەئالانىڭ سۇنئىغە تاماشا قىل-
ماق كېرەك. بۇ دۈشمەن رافىزەلەر نەچچە قاتار قورشاپ ياتق-
قان ئىدىلەركى، ساق بول! ھازىر بول! ئاۋازى ئەسلا خا-
لى بولماس ئەردى. لېكىن ھەزرەتى خەللاقى ئالەم بۇ دۈشمەن-
لەرنىڭ كۆزلەرى نابىنا بولدى. ھېچكىم ۋاقىف بولمادى.
بۇ ئۈچ تەن بارىپ قىرغىزلارغە ئۆزلەرىنى ئالدىلار.

چۇنانچە قىسسەئى ماتەقەددەمكى، ئول سۇلتانۇل ئەنبى-
يائى ۋە سەييىدى ئەۋلىيا ۋە سەر دەفتەرى زۇمرەئى ئەسفىيا
يەئنى ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەس-
سەللەم مەككەدىن مەدىنەگە ھىجرەت قىلىشلارىدا نەچچە
قاتار كافىرلار قورشاپ ياتقان ئەردى. ۋەھيى نازىل بولدى.
بۇ كافىرلار زۇلمىدىن ھەزرەتى ئەبەبۇكرى سىددىق رەزى-
يەللاھۇ ئەنھۇنى رەفىق قىلىپ، نەچچە كۈن غاردا پىنھان
بولدىلار. ئاندىن مەدىنەگە ھىجرەت قىلدىلار.

ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئەيدىلەر: «يا
بۇرادەرىم جىبرائىل، نىچۈك ئىمكانى بۇ مىقدار ماندە كا-
فىرلاردىن نىچۈك ئاقىللىق قىلىپ چىققالى بولۇر؟» ھەز-
رەتى جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ھەزرەتى رەببۇلئىززەتدىن بۇ
سەبەبنى باپان ئەيلەدى. ھەزرەتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەي-

لەيھى ۋەسەللەم بىر مۇشت تۇفراقنى ئالىپ، فاتىھەنى دەم
مىدە قىلىپ، كافىرلار سارى ساچتى. ھەقتە ئاللانىڭ قۇدرە-
تىنى ئاڭلاغ مۇشاھىدە قىلدىلاركى، ھەممە كافىرلار مۇردە
يەگلىغ ئۆيۈپ قالدى. ئەنھۇزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەس-
سەلەم، ھەزرەتى يار ئەبۇبەكرى سىددىق بىلە كافىر-
لارنى پايمال ئەيلەپ چىقتىلار. شۇبۇ ۋاقىئەدە بۇ ئايەت
نازىل بولدى: «ۋەرەمەيتە، ئىزرەمەيتۇ» (يەئنى: ئەي مۇ-
ھەممەد، سەن ئاتمادىڭ، ۋەقتىكى مەن ئاتتىم.)
ئەلقىسسە، بۇ ئۈچ خەلىفەزادەلەرنى خۇدايىتائالا ئۆز
ھىمايەتىدە ساقلايتتى. ئەمما بۇ شەھزادە، پادىشاھ، سەييىد
زادەلەر ھالىدىن بۇ قاتىغ كىچەنى بەسى مۇشكۇل بىلە
ئۆتكەردىلەر. ئەلەسسەباھ سەھەردارى. لەشكەرلەرى كەلدى.
پادىشاھلارغە بۇ تەرەقەلىق ئەرز ئەيلەدىلەركى: «ئەمدى
كۆچۈپ پاركەند سارى يۈرسەلەر، بارىپ خاجە بۇرھانىد-
دىنغە مۇلاقات بولغايلار. نە تەرەقەلىق دىسە، شۇ تەرەقە-
لىق تۇرۇر. قايسى شەھەرنى بەرسە ئاندا بەرجا بولۇرلار»
دىپ مەكرى ـ ھىيلەلەرنى مەشۋەرەت ئەرز قىلدىلا.
ئەمما پادىشاھزادەلەر بەنورى فەراسەت بىلەدۇرلەركى:
«بىزلەرنى قايسى خارلىق بىرلە ۋە قايسى ئەزاپ ـ ئوقۇ-
بەتلەر بىلە ئالىپ بارۇرلار ئىكىنلەر. ئۇنىڭ ھەد نىھايە-
تىنى خۇدا بىلگەي. ئەمما ئىزھار قىلمايدۇر» ئىلتىماس قىل-
دىلەركى: «ياراغ ـ جابدۇق ئەسباب ـ ئالات ئەمدى سىز-
لەرگە دەركار ئىمەس. كۆتەرىپ يۈرگۈنچە بىزلەرگە بەر-
سەلەر، بىز ئالغاچ يۈرسەك» دىپ فەندى فۇنۇن بىرلە يا-
راغ ـ جابدۇقنى ئالدىلار. تا ھەددى نامازدىگەرغەچە يۈ-
رۈپ ئاپتاپ دىگەن مەۋزەئدە بىر قۇرۇق تامنىڭ ئىچىگە

تۇشۇردىلەر.

ئەمما مۇنادىنگەرلار قىچقىرىپ تۇرۇۋدۇلاركى، «گۇناھكارلارغە يولىغان ھەم، گۇناھكارلارغە ياندىشقان ھەم گۇناھكاردۇر!» بۇ سەبەبدىن ھېچكىمدە زەھرە يوقكى، نە بۇلاردىن ئۇلارغە، نە ئۇلاردىن بۇلارغە قارايالىغاي. ئەمما بۇ پادىشاھلار بىزىيەردە ئولتۇرۇپدۇرلار. نە يىگەلى غىزا بولغاي، نە قالاغالى ئوتۇن بولغاي. ئاچلىق ئاندىن زىيادە. ساۋۇق ئەشنەلىك ئاندىن زىيادە. ئەلەلخۇسۇس كىچىك ئەياللار نالە-زارىسىغە جان جىگەر ئۆرتەنەدۇر. دۇشمەنلەر لەشكەرىنىڭ سەردارىغە كىشى ئىبەردىلەر: «بۇ نىچۈك رەسىمدۇر؟ بۇ تەرىقەلىق ئوقۇبەت قىلغاي؟ كافىرلار رەسىمدە ھەم نارەسىدەلەرغە ئەگەرچە ئۆلتۈرسە ھەم قىيىن ئەقۇبەت قىلماق رەسىم ئەمەس» بىسيار سەرزەنىش قىلغاندىن سوڭ بىر مۇنچە ھونۇز ئۈچ تال ھۆل قاۋغە جىگدەنىڭ شاخىنى يېرىپ كەلتۈرۈپ بەردىلەر. بۇ مۇسۇلمانلار ھەر نەچچە چاقماق چاقادۇر، ئوت ئالمايدۇر. بەھازار مۇشەققەت بىرلە ئوت ئالدۇرسەلەر زەردەك ئوتقاچ يوق. ھۆل ئوتقە تۇتاشمايدۇر. ئىككى-ئۈچ ئاتلارنى زبح قىلىپ، گوشتلەرىنى كەباب قىلۇرغە سەئيى قىلدىلار. ئاخىر بولمادى، ناچارە مالال بولۇپ، ھەزرەتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ دەرگاھىغە نالە ۋە زارى قىلىپ ساۋۇق، ئاچلىقتە ۋە سۇسالىقتە سەبرى قىلىپ ئولتۇردى. ئاخىر بۇ كىچەنى بۇ تەرىقەلىق مىھنەت بىلە ئۆتكەردىلەر. ئەلەسسەباھ بۇ رافىزەلەرنىڭ سەردارلارى بى ئەدەبلىك بىرلە پادىشاھلارنى ئالىپ يۈردىلەر.

ئەمما مۇڭگكى ئۇرۇغىدىن، قىرغىزلاردىن ۋاقىئەنى ئىشىت

مەڭ كېرەك: بۇلارنىڭ بىرەر نەرسەلىرىنى ئالماق بىرلە
سېمىز ئاتلارنى ئالىب، ئۇرۇق ئات بەردى، تېز يۈرۈگۈلار
دېپ ئالىب يۈردى. ئەمما بۇ مۇڭگى ئۇرۇغى ئارقەدىن
يېتىپ كېلىپ ئانچۇنان غارەت قىلدىكى، گويا قىيامەت
ئاشكارا بولدى. مۇسۇلمانلار لەشكەرى ھەر چەند مەنئى
قىلدى، دۈشمەنلەر لەشكەرى قەبۇل قىلمادى، «گۇناھكارلار-
نى ئەۋۋەل قوغلاپ تۇتقان بىز بولساق، ئۇنىڭ جافاسىنى
بىز تارتساق، ئولجەنى ئۆزگەلەر ئالغاي. بىز بىكار قال-
غايمىز، قايسى رەسىمدە بۇ ئىش بارا» دېپ ھېچكىمنى نە-
زەرگە كەلتۈرمەي سەركەشلىك بىلە بۇلاڭچىلىققە تۇردى.
بۇ مۇسۇلمانلاردا بار ۋە يوق نەرسەنى بەرمەي چىدا-
غاي، گاھى باشلارىدىن، گاھى ئاياغلارىدىن سالدۇرۇپ ئال-
دىلار. رەھىم قىلمايدۇرگى، بۇ مىقدار قاتتىغ ساۋۇقدا مۇز-
لاپ ئۆلۈپ قالۇر دىمەيدۇر. گاھى ئانالارى قۇچاقلارىدىن
بالالارىنى تارتىپ ئالادۇر. گاھى نەيزە بىلە سانجىپ تاش-
لايدۇر.

ئەلقىسسە، شۇبۇ مېھنەت - مۇشەققەت بىلە تا ھەددى
نامازدىگەر يول يۈرۈپ، بىر يېڭى سالغان ھويلىغە تۈشۈر-
دى، تاملارى قەددى ئادەم بويى، گاھى ئاندىن پەست. ئىس-
چىدە دالان، قازناق، ساراي تەرتىبلىق ئىدىلەر. بۇ ھوي-
لەنى بىنا قىلىبدۇركى، تامى ئاندىن پەستىرەك. شۇبۇ ھوي-
لەغە تۈشۈردىلەر. ئەمما ئۇشاق مال سولاغان ئىكەن. تەمام
سىركە نەجاسەت، ھەر بىر پادشاھ ئۆز تابىئەلەرى بىرلە
بىر ئۆيگە تۈشۈپ ئولتۇرۇپ يەر ئارىلاپ جابەجا بولدى-
لار. ئەمما يەنە بۇرۇنقىدىن بەدتەررەك. نە يىگەلى غىزا
بولغاي ۋە نە ئىچكەلى سۇ بولغاي، نە كېيگەلى ئىسكىن

بولغاي. ئۇششاق ئەياللار نالە - زارىسىغە تاقەت تۇتقالى بولمايدۇ. جىگەرلەر خۇن ۋە تاشلار ئېرىپ سۇ بولدى. لېكىن بۇ دۈشمەنلەرگە ئەسەر قىلمايدۇ. شۇبۇ قاتتىق ئەزاپ ئوقۇبەت ئازار ھىيلە بىلە تاڭنى ئاتقۇزدى، مۇنىڭدىن كېيىنكى ئەلامەت ۋاقىئاتىنى پۈتۈمەكتە نە ئۆزۈم تاقەت تۇتالغايمەن. نە قەلەم بەرداشت قىلالىغاي ۋە نە كاغەز بەرقارار بولالىغاي!...

بۇ ئەزىزلارغە بولغان ۋاقىئاتنى سەھىفەئى بايازغە ئالسە، ئوقۇغانلارنىڭ جىگەرلەرى خۇن ئەفشان بولۇپ، بىھۇشلۇق رو بېرىپ قالىبى تەھى بولغايلار ۋە ئۇنىڭ تەفسىلى كەربالا ۋاقىئاتلاردەك، ئەھلى بەيتلەرنىڭ ۋاقىئاتلارى گويا كەربالا شەھىدلەرنىڭ ۋاقىئاتلاردەك، ئاندا خاۋارىجلار كۆڭلى تاشدەك قاتتى، مۇنداھەم بۇ خۇنخور رافىزەلەرنىڭ كۆڭلى تاشدەك قاتتى ۋە ئالەمى فانىنىڭ بىۋەفالىقىغە بۇ فېقىر شىكەستە بەستەنىڭ كۆڭلى دەردلەنىپ بىر نەچچە نەزم تەرتىپ بېرىلدى.

### نەزم

كېتتۇر ساقى ماڭا جامىڭ پەيا پەي،
كى مۇنداق سۆزنى بىخۇدلۇقدا مەن دەي.

ماڭا يۈز كەلتۈرۈپدۇر تۈرفە ھالى،
تىلىمدا قالمادى سۆزگە مەجالى.

كۆزۈمدىن قەتره - قەتره تىنمادى ياش،
گۆزار بولدى دىلىۇ جانى باغىر تاش.

قەلەم يىغلاپ ھەم ئەتتى سىينەسىن چاك،
ھەم ئاندىن رۇي كاغەز بولدى نەمناك.

كى مۇنداغ جەۋرلەر ئۆتمىش بولۇرمۇ،
مۇنىڭدەك زۇلمنى كافىر قىلۇرمۇ.

ئەجەب شۇم بى ھايا زۇلـم قىلىبدۇر،
جاھانغە ئوت تۇتاشماي ھەم قالىپدۇر،

بۇ شەھلار بولسە ئەۋلاد پەيەمبەر،
بەنى ئادەمغە ئېرمىش تاج سەرۋەر،

ئۇرۇپ كۇفرى ئەھلى بەرھەم بىمادارا،
تۇتۇپ ئىسلام تىغىن ئاشكارا.

شەرىئەت ھۆكمىگە بەرگەن رەۋاجى،
ئالىب زۇلۇم ئەھلىدىن باجى خەراجى،

نەماز، رۇزەئى، ھەججى، زەكاتى،
ئۆلەر ۋەقتىدە بولدى بۇ سىفاتى.

ھەمــە ئالەم تافىپ ئول ۋەقتدە ئىززەت،
بولۇپ ھەم شىبشىر ئەھلىگە تۇرفە ھۇرمەت.

ئەدالەتتە يىگانە دەر ھەقىقەت،
بولۇپتۇر نۇشىرە ۋانغە ئەدەل تۆھمەت.

زەمانە سايەسى تۇغمادى ھەم تەڭ،
.... .... .... .... ....

غەنى ئېرمەس ئۆلاردىن ئەھلى ئالەم،
بېخىل دەيدۇر غۇلامى بولسە ھاتەم.

دىسەم ئەخلاق ئەۋسافىنى يۈز يىل،
تۈگەنمەس ئۆمردە بىل ئانى ئاقىل.

بۇ سۆزلەردىن غەرىپ تەۋسىف ئېمەسدۇر،
قۇياشقە ھاجەتى تەۋسىف ئېمەسدۇر.

غەرەز ئولكىم بۇ يەڭلىغ شاھلارغە،
ھەقىقەت سىررىدىن ئاگاھلارغە.

جەفا ۋە جەۋرى يەتكۈرمەك راۋامۇ،
ئەقۇبەت بىرلە ئۆلتۈرمەك راۋامۇ؟

رەسىدە، نارەسىدە شىر خارە،
زەئىفە ئاجىزىدىن بى شۇمارە.

نە كافىر، نە مۇسۇلمان قىلمادى رەھىم،
نە ياخشى، نە يامان ھەم قىلمادى رەھىم.

غەلەت! ئاندەك مۇسۇلمان ئەردىمۇ بۇ،
قاچان ياخشى - يامانلار ئەردىمۇ بۇ.

ھەمەسىدۇر يامانلارنىڭ يامانى،
قاباندۇرلار قابانلارنىڭ قابانى.

مۇسۇلمانلىققە ئەسلا لايىقى يوق،
خۇدادىن زەررەچە ئاگاھلىقى يوق.

دېگەيلەر بىر گۇرۇھى نامۇسۇلمان،
كى مۇنداغ قەۋم كافىر، نەمۇسۇلمان.

ئېمەس بۇ ئىش مەگەر دىنغە دىيانەت،
مۇسۇلمانلار ئارا قاتتىغ قاباھەت.

زەلالەتدۇر بۇ ئىشلار بى كەمۇ - كاست،
قىيامەت مۇندىن ئۆتمەس ئەيىۇ ھەنناس.

كۆرۈڭلاركىم بۇ نە ئىنسافلىغدۇر،
سەرا چەشىم پۇردىل، نەسافلىغدۇر.

راۋا بىلسە بىرەۋ مۇنداغلار ئىشىنى،
مۇسۇلمان دېسە بولغايمۇ بۇ كىشىنى.

بىرەۋ كىم بىر گۇناھ قىلسە جاھاندا،
بۇرۇنقى ۋەقتدە يا بۇ زاماندا.

بىرو ئىشتىپ ئۇنى ئىنكار قىلسە،
ئۇنىڭ بۇ فىئلىدىن كۆپ ئار قىلسە.

دىگەيلەر شەرئىدە ئانى مۇسۇلمان،
تاپىپ جان دىلى لەززاتى ئىمان.

ئەگەر ئىشتىپ ئۇنى قىلماسا ئىنكار،
نەخۇش قىلمىش ئۇنى گەر دىسە يەكبار،

ئاگا شەرئ ئىچرە يوقتۇر زەررە ئىمان،
مۇسۇلمانىلار ئارا ئول نا مۇسۇلمان.

ئىلاھى بوگورۇھى ئامىلارغە.
ھىدايەت بەھرىدىن ئاگاھلارغە.

ئىنايەت ئەيلە تەۋفىقىڭ رەفىق ئەت،
ھىدايەت ئەيلە دانايى تەرىقەت.

........................
........................

قىلىب تەۋفىقىنى تەگرى كارامەت،
قەلەم ئالدىم قولۇمغە بۇشارافەت.

خاجەملەر قىسسەسىن قىلدىم ئەئلام،
ئاتىم ئابدۇسسەمەددۇر ئىبنى ئىسلام.

بەسى ئېردىم زەئىپ ناتەۋان هال،
قىرق ئالتەدە ئېرمىشكىم سىنىۋ سال.

يېزىپ بۇ نۇسخەئى شىرىن ماقالات،
بايان ئەيتتىم سىيادەت ئەي نىكۇزات.

كى بولغاي دەپ ئۇلار ئەرۋاھى خوشنۇد،
ئۇلارنى قىلسە موشەففە بىزگە مەئبۇد.

ئوقۇغاندا ياراننلار قىلسىلەر ياد،
شەھىدلار روھى پاكى بولغۇسى شاد.

ئاگا هەم لۇتف قىلغاي تەڭرى بىسيار،
قىيامەتدە ئەزىزلار هەم خەبەردار.

كىشىكىم ئەۋلىياغە قىلسە ئىخلاس،
تەمامى ئەۋلىياغە بولغۇسى خاس.

كىشىكىم ياد قىلسە ئەۋلىيانى،
بىتەھقىق ياد قىلمىشلار خۇدانى.

كىشىكىم ئەۋلىياغە قىلسە ئىنكار،
قىيامەتدە بولۇر ئول داخىلى نار.

دۇئا ۋە خەيرىغە كىم بولسە مۇشتاق،
قىيامەتدە ئۇنى قولدار خاجە ئىسھاق.

كىشىكىم ئېتىقاد قىلسا ئۇلارغا،
شەفقەت ئۇلغاي قىيامەتتە بۇلارغا.

كىشىكىم دۈشمەن ئۇلسا جانى بىرلە،
كى بارماس ئۇل تەخى ئىمانى بىرلە.

كىشىكىم قىلسا شەك ئۇل خانەدانغا،
قالۇر بىيىشەك ئەزابى جاۋىدانغا.

مېنىڭ ھەددىم ئېمەسدۇر تەئرىف ئەتمەك،
پىرسىددىن رۇخسەت ئۇلماي ئۆيگە كەتمەك.

كى تارىخ مىڭ ئىككى يۈز بىيست شەشدا،
فىقىرنىڭ ياشى بۇ يىل چىھىل شەشدا.

× ×

ئىلاھى رەھىم قىل ئىنسانلارىمغا ئىلتىجا قىلدىم،
سېنىڭ لۇتفى يەمىنىڭگە سېغىنىپ بىناۋا كەلدىم.
يۈرۈپمەن دەربەدەر ھەيران، كېزىپ چۆللەرنى سەرگەردان،
بىر ئاتىڭ ساتتارۇلئۇيۇب ئۇلۇغ دەرگاھ دەپ كەلدىم.
يىلىمنى سىۋراسا سالىم بەقەردۇر،
كىتابنى پىتەكىم قوشنى سەفەردۇر.
ئەشۇر ئايىدا باشلاپ بۇ كىتابنى،
تەمام قىلدىم فۇتۇبان بۇ كىتابنى.

× × ×

يارەب ئۆزۈڭ سەن رەھىم ئېتىپ قىلغىل گۇناھىمنى كەرەم،
دايىم ئىشىم ئىسياندۇر قىلغىل گۇناھىمنى ئەدەم.

شامۇ كېچەلەر يىغلابسان تەۋبە تەزەررۇئ ئەيلەبان،
سەن پادىشاھى زۇلجالال قىلغىل گۇناھىمنى كەرەم،

جانىم بىلە ئاللاھ دېسەدىم، ئىسمى سىپاتىڭ ياد ئېتىپ
ھەييۇ قەدىم بى مىسال قىلغىل گۇناھىمنى ئەدەم،

بۇفانى ئالەمدە سېنىڭ مەندىن يامان يوقتۇر قۇلۇڭ،
ئاللا زاتىڭدۇر سېنىڭ قىلغىل گۇناھىمنى كەرەم.

ئىسيانلاردىم ھەددىن فۇزۇن قۇللۇق بىجا كەلتۈرمەدىم،
ساتتار سىفاتىڭدۇر سېنىڭ قىلغىل گۇناھىمنى ئەدەم.

قىل تەۋبە ئەي ئابدۇسسەمەد ھەر بارە ئىستىغفار ئوقۇپ،
شايەدكى قىلغاي رەھىم ئېتىپ ئۇل پادىشاھى باكەرەم.

(ۋەللاھۇ ئەئلەمۇ بىسسەۋاب)

# سۆزلۈك

## ئا

**ئاب** سۇ، سۇيۇقلۇق؛ ئۇۋ، شىكار.
**ئابا** ئاتا
**ئابىخانە** سۇخانا، تەرەتخانا.
**ئابىھايات** مەڭگۈلۈك ھايات سۇيى.
**ئابىد** ئىبادەت قىلغۇچى تەقۋادار ئەر.
**ئابىدە** ئىبادەت قىلغۇچى، تەقۋادار ئايال.
**ئاھىستە** ئاستا، سىلىق.
**ئاراستە** بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن.
**ئارايىش** زىب - زىننەت، پەردەز، بېزىمەك؛ پاراۋانلىق.
**ئاسار** ئەسەرلەر، قەدىمكى يادىكارلىقلار.
**ئاسايىش** راھەت - پاراغەت، تىنچلىق، تەرتىپ، ئارام، خاتىرجەملىك.
**ئاستانە** بوسۇغا، پايتەخت، ساراي، بىرەر كىشىنىڭ ھوزۇرى.
**ئاسىي** گۇناھكار، ئىسيانچى، قوزغىلاڭچى، قارشى چىققۇچى، ئازغۇن.
**ئاشيان** ئۆگزە، ئۇۋا، ماكان، ياتاق، ئۆي قەۋىتى.
**ئاشۇفتە** ھاياجانلانغان، ھودۇققان، پەرىشان بولغان،

ئاشىق — شەيدا، مەپتۇن بولغان؛ تارقاق، توزۇغان؛ بىقارار.

ئاغاز باشلاش، باشلىنىش، باشلامچى.

ئافتاپ كۈن، قۇياش.

ئاكابىر ئۇلۇغ كىشىلەر، جەمئىيەت ئەرباپلىرى.

ئالاھازەل قىياس مۆلچەرگە قارىغاندا.

ئالالا ھەۋغا، چۇقان.

ئالۇدە بۇلغانغان، ناپاكلاشقان، پاسكىنا.

ئامادە تەييار، تەييارلاش، تەييارلانغان.

ئامىز سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە: ئامىزگار — چىن قىشقاق، مۇھەببەت ئامىز — دوستانە؛ مۇلايىم، ئارىلاش.

ئانان ئۇلار، ئاۋۇلار.

ئانچىنان شۇنداق، شۇنىڭدەكلا، شۇ قەدەر.

ئانھەزرەت ئۇ جاناب، ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام.

ئاند (ئانت) قەسەم، ۋەدە، ئەھدە.

ئانسىز ئۇنىڭسىز.

ئانىن شۇڭا، ئاندىن.

ئاۋەرد ئۇرۇش، جەڭ، جەڭ مەيدانى.

ئاۋىن گول بولماق، ئالدانماق.

ب

بابا چوڭ ئاتا، بوۋا، بوۋاي، دوست، بۇرادەر، بىر جەمئىيەت پېشۋاسى.

باباي بۇزۇرۇكۋار ئۇلۇغ بوۋىمىز.

باخەلقۇللا ئاللانىڭ بەندىلىرىگە.
بادە شاراپ، مەي، هاراق، ئىچىملىك.
باران يامغۇر.
بازارگان سودىگەرلەر، تىجارەتچىلەر، ئېلىپ ساتارلار.
باقاۋۇل پادىشاھنىڭ چاپچىسى.
بائىس سەۋەب، سەۋەبچى.
بال قانات ـ قۇيرۇق؛ ھەسەل.
بالا يۇقىرى، ئۇستۈن، ئۈگزە.
بالىغە بالاغەتكە يەتكەن قىز.
بالىن ياستۇق.
بەچچە بالا، خىزمەتكار بالا.
بەچچەگان بالىلار.
بەھر دېڭىز؛ شېئىر ۋەزنى؛ ھەسسە؛ پايدا، ئۈنۈم؛
چىراي ـ لىق.
بەھرى ئۇممان ئۇممان دېڭىزى.
بەھرۇمەند مەنپەئەت ئالغۇچى، پايدىلانغۇچى.
بەھس مۇنازىرە، تالاش ـ تارتىش، مۇھاكىمە.
بەھزار مىڭلىغان.
بەد يامان.
بەد بۇي سېسىق پۇراق.
بەد خاھ يامانلىق قىلىشنى ئويلىغۇچى، قارا نىيەت
ئادەم.
بەد رەفتار يامان يۈرۈشلۈك.
بەدكىردار يامان ئىش قىلغۇچى.
بەد گۇفتار يامان سۆزلۈك.
بەرخاك تۇپراققا، تۇپراق بىلەن، تۇپراقتا.

| | |
|---|---|
| بەرھەم | تۆپلىنىپ قالغان، چىگىشلىشىپ قالغان، بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ قالغان. |
| بەرھەم زەن | يوق قىلىنغان، بۇزۇلغان، قالايمىقان قىلىنغان. |
| بەردار | تارتىپ ئېلىپ كەتمەك، سۆرىمەك؛ پايدا ئالغۇچى. |
| بەرسەبىل | يول ئۈستى. |
| بەرقەددى شەمشاد | شەمشاد دەرىخىگە ئوخشاش. |
| بەرگۈزىدە | تاللانغان. |
| بەرەھنە | يالىڭاچ، كىيىم - كېچەكسىز. |
| بەرەھمەن | شەيخ؛ ھىندىستاندىكى بىر مەزھەبنىڭ باشلىقى. |
| بەزانۇ | تىزدا، تىزلىنىپ، تىزى بىلەن. |
| بەسى ھەقىر | ناھايىتى بىچارە، بەكمۇ ئاجىز، تۆۋەن. |
| بەشاشەت | ئوچۇق چىراي. |
| بەشەرىيەت | ئىنسانى ئارزۇسى. |
| بەشىر | خۇشخەۋەر كەلتۈرگۈچى. |
| بەغەل | قولتۇق، كۆكرەك، يان؛ باغلام؛ قىچىر. |
| بەئد | ئاندىن، كېيىن. |
| بەياز | ئاق، ئاقلىق؛ شېئىرلار توپلىمى. |
| بەيئەت | بويسۇنۇش، تەۋە بولۇش، تەسلىم بولۇش. |
| بەيىنەنۇ | شاھىت. |
| بىئايەد | كەلگەي. |
| بىئازار | ئازارسىز، قىينالماي. |
| بىبەقا | باقاسىز، ۋاقىتلىق، پانى. |
| بىپەرىق | يول بىلەن. |

بىجايى ئورنى، ئورۇندا.
بىجەرەھ كەسىپسىز، ھۈنىرى يوق.
بىچۈن ئوخشىمايدۇ، ئوخشاش ئەمەس.
بىھ بۇد ياخشى، ساقلىق، ياخشىلىق؛ پايدا، نى
جات، خاتىرجەملىك، كۆڭۈللىنىش.
بىھەد چەكسىز، پايانى يوق.
بىھەد سۆزسىز، چەكسىز.
بىھەسبۇل شەرىئەت شەرىئەت ئەھكامى بويىچە.
بىھەمتا تەڭداشسىز، تېڭى يوق.
بىدار ئويغاق.
بىدئەت مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە
خىلاپ ئىشلار. يامان ئىشلار.
بىدەرىغ ئايىماي، سېخى، مەرد، ھېچقانداق ئايان
ماستىن، سېخىلىق بىلەن.
بىدىن دىنسىز.
بىدىللىق يۈرەكسىزلىك، قورققاقلىق، زەئىپلىك؛
ئاشىق، ئاشىقلىق.
بىسىت يىگىرمە (20).
بىستەر ياستۇق، تەكىيە؛ ئورۇن - كۆرپە، چۆشەك.
بىسەرۇسامان پەرىشان ھال، بېشى قاتقىنغان، يوقسۇل.
بىشەرت شەرتسىز.
بىسيار كۆپ، جىق، تولا.
بىشەك شەكسىز، ئەشەنچلىك.
بىشۇمار ھېسابسىز.
بىقىياس قىياسسىز، سېلىشتۇرغىنى بولمايدىغان.
بىئىبا تارتىنماي، ھايا قىلماي، كارى يوق.

بىئەھتىمام نىيەت قىلمىش، كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن.

بىمەجرۇھ يارىلانمىغان، جاراھەتسىز.

بى مۇجەررەد يالىڭاچ ئەمەس، يالغۇز ئەمەس، ئۇچۇق ئەمەس.

بىناگاھ تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت، تۇساتتىن.

بىھايەت چەكسىز، ئاخىرى يوق.

بوباق بوۋاق، كىچىك بالا؛ سەئىدىيە.

بۇرجى شاراپەت ئۇلۇغلۇق دەرىجىسى.

بۇرھان ھۆججەت، دەلىل، پاكىت.

بۇزۇرۇك ئۇلۇغ، كاتتا.

بۇسە سۆيۈش.

بۇقەلەمۇن خىلمۇ خىل، رەڭگا رەڭ، ئۆزگىرىشچان. خامېلېئون؛ ۋاپاسىز.

بۆلۈن تۇتقۇن، ئەسىر.

بۇنيان تۈپ، ئاساس، تۈپ تومۇرى.

## پ

پا پۇت، پاي، ئاياغ؛ ئۇل، تەگ، تاغ باغرى.

پايمال دەپسەندە، خارلىنىش، يانجىلىش، ئاياغ ئاستىدا قالغان.

پالىز قوغۇنلۇق، سەيلىك، سەيخانە.

پەدەر ئاتا.

پەر قانات، تۈك.

پەرتەۋ نۇر، شولا.

پەردەئى زار يىغا - زارۇ پەردىسى.

**پەردەئى زىرە** نازۇك پەردە.

**پەرۋەردىگار** بەندىلەر ئېھتىياجىنى قاندۇرغۇچى، پەرۋەرىش قىلغۇچى خۇدا.

**پەيمان** ئەھد، قەسەم، سۆز، كېلىشىم، شەرتنامە، توختام، پۈتۈم.

**پەلىد** پاسكىنا، ئىپلاس.

**پىر** بوۋاي، قېرى ئەر كىشى؛ ئۇستاز، تەربىيەتچى، يېتەكچى؛ كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان دانا ئادەم.

**پىرزادە** ئۇستازنىڭ پەرزەنتى.

**پىركامىل** كامالەت تاپقان ھەقىقىي ئۇستاز.

**پىشىباز** ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىش.

**پىمان** كەمچەن.

**پۇر** لىق، لىپمۇ - لىپ، تولدۇرۇلغان.

**پۇرسەش** سوراش.

**پۇرسىشى ھال** ھال سوراش.

**پۇرشۇر** شاۋقۇن - سۈرەنلىك، ھاياجانلىنىق، جانلىق، قىزغىن.

**پۇركار** قولىدىن ئىش كېلىدىغان؛ چىداملىق، ئەمگەكچان.

**پۇرفەن** نەيرەڭۋاز، ھىيلىگەر.

**پۇرفۇسۇن** نەيرەڭلەر، ھىيلىلەر.

## ت

**تا** غىچە، كىچە؛ بىر ئىشنىڭ ئاخىرىغىچە؛

تا بوٗگوٗنکىچە.

تاب — کوٗچ ـ قۇۋۋەت، مادار، ماجال، تاقەت، چىدام؛ يورۇق، پارلاق، نۇرلۇق؛ قىزىتماق.

تابە — قىزىتىش، يورۇتۇش؛ تاۋا، تاپا (نىنان پىشۇرىدىغان توٗمۇر قاچا).

تاپ — هال ـ ئەهۋال؛ يېتەرلىك، كۇپايە.

تاها — قۇرئان كەرىمدىكى بىر سۇزىنىڭ نامى.

تاق ئەبرۇ — ئەگمە قاش.

تاكى — شۇ چاققىچە، شۇ ۋاقىتقىچە.

تائىكىد — تەكىتلەش، تاپىلاش.

تالاب — كوٗلچەك، سۇ يىغىلغان يەر.

تاۋۇس — توز (قۇش نامى).

تەبباھلىق — ناۋايلىق، ئاشپەزلىك.

تەبەر — پالتا.

تەبلخانا — پادىشاھ ئوردىسىنىڭ نىاغرا ـ دۇمباق ساقلايدىغان ئوٗيى.

تەخەييۇل — خىيال قىلىش، ئويلاش، كوٗز ئالدىغا كەلتۇرۇش.

تەخەللۇب — قارشىلىق، نارازىلىق؛ ئىختىلاپ، توغرا كەلمەسلىك.

تەهت — تېگى، ئاستى، ئەسلى.

تەهسىل — هاسىل قىلىش، ئىلىم ـ مەرىپەت ئوٗگىنىش، ئىگىلەش، قولغا كەلتۇرۇش.

تەهسىن — باركاللا، يارايدۇ. ماختاش، تەقدىرلىمەك.

تەهەججۇد — توٗنەش، يېرىم كېچىدە ئوقۇلىدىغان بىر خىل نەفل ناماز.

**تەھەممۇل** كۆتۈرۈش، چىداش، بەرداشلىق بېرىش.

**تەھىييات** سالاملار، تەبرىكلەر.

**تەھى دىل** قۇرۇق كۆڭۈل.

**تەدارۈك** تەدبىر، چارە، ئىلاج؛ ئورنىغا كەلتۈرۈش، ئىزدەپ تېپىش، قولغا كەلتۈرۈش.

**تەدبىركارشۇناس** ئىشنىڭ تەدبىرىنى بىلگۈچى.

**تەرجىھ** قوللاش، قۇۋۋەتلەش؛ ئارتۇق كۆرمەك، ئۈستۈن بىلىش.

**ئەرز** ئۇسلۇب، ھالەت، سۈرەت، تەرتىپ، يوسۇن.

**تەرراشى** ياساش، تاراشلاش، شىلىش.

**تەرك** تاشلاش، ۋاز كېچىش، قويۇش، قالدۇرۇش؛ تېز.

**تەرەھھۇم** رەھىم قىلىش، سىيلاش، ئايىماش، شەپقەت يەتكۈزۈش، ئىچىنىش.

**تەزۋىر** ئالدام، مىكىر، ھىيلە.

**تەسەررۇف** قولغا ئېلىش، ئۆزلەشتۈرۈش، تارتىۋېلىش، ئىگىلەش، قولغا كىرگۈزۈش.

**تەسەددۇق** خۇدا يولىدا بېرىلگەن نەرسىلەر، ئۆزىنى بېغىشلاش، بىر نەرسىنى بىرەۋگە بېرىش.

**تەشرىف** ئۇلۇغلاش، قەدەم كەلتۈرۈش، ئالدىغا بېرىش، كەلمەك.

**تەغەييۇر** غەيرەتلىك؛ ئۆزگىرىش، باشقا تۇسكە كىرىش.

**تەقدىر ئەزەلى** ئەزەلدىكى تەقدىر.

**تەقرىر** تاپشۇرۇش، ئېيتىش.

**تەقسىر** كاتتا، ھۆرمەتلىك؛ قىسقارتىش، كەمچىلىك،

ئۆۋەن، ئەيىب كۆرسىتىش.

تەقىق توختىتىپ قويۇش؛

تەفرىز پەرەز قىلىش، تەخمىنەن مۆلچەرلەش.

تەفرىقە پارچىلىنىش، بۆلۈنۈش، ئايرىمىلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، پەرىشانلىق.

تەكيە تايىنىش، يۆلىنىش، ياستۇق، دەرۋىشلەر تۇرىدىغان ئورۇن.

كەئەبخانا جەبىر - جاپا ئۆيى.

تەئەررۇز قارشىلىق، ئىنكار قىلىش، چېقىلىش، دەخلى قىلىش.

تەيسىر ئاسانلاشتۇرۇش، يېنىكلىتىش.

تەلئەت كۈننىڭ چىقىش ھالىتى، بىر نەرسىنىڭ كۆرۈنۈشى.

تەلەف ھالاكەت، يوقىلىش.

تەلخ ئامىز ئاچچىق - چۈچۈك.

تەناۋۇل ئىستېمال قىلىش، يېيىش، ئىچىش.

تەنەززۇل پەسىيىش، تۆۋەنلەش، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش.

تەنگ بىماجاا ناھايىتى ئاجىز.

تەنەئئۇم نېمەتلىك، ھۇزۇرلىنىش، راھەتلىنىش.

تەۋازۇئ كەمتەرلىك، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش.

تەۋان مۇمكىن، ئىمكانىيەتلىك.

تەۋاند قىلىش مۇمكىن بولغان ئىش - ھەرىكەت. قادىر بولدى، قۇدرىتى يەتتى.

تەۋزىھ روشەنلەشتۈرۈش، ئىزاھلاش.

تەۋەججۇ يۈزلىنىش، تىكىلىش، قاراش، تەلمۈرۈش.

| | |
|---|---|
| تەۋەللۇد | تۇغۇش، تۇغۇلۇش. |
| تەۋەئەم | ئىگىز، ئىچمەكلىك. |
| تىز پەھىم | ئەقىللىك، ئەقىل - پاراسىتى ئۆتكۈر. |
| تىشە | پالتا - كەكە. |
| تىغ كىنە | گىنە تىغى. |
| تىۋە | تۆگە. |
| تىللا | ئالتۇن، ئالتۇن ئاقچا. |
| تۇجرۇ | ئىجرا قىلغۇچىلار. |
| تىلاۋەت قۇرئان | قۇرئان كەرىمنى ئۇنلۈك ئوقۇش. |
| تۇدە - تۇدە | دۆۋە - دۆۋە، دۆۋە. |
| تۇربۇتى مۇئەتتەر | خۇش بۇي قەبرە، خۇش بۇي تۇپراق. |
| تۇرفە | ئاجايىپ - غارايىپ، قىزىق، يوچۇن. ھەيران قالدۇرىدەك. |
| تۇغيان | ھەددىدىن ئېشىش؛ تاشماق؛ كەلكۈن؛ توپىلاڭ، ئىسيان. |
| تۆرە | خوجا. |
| تۆرۈ | قانۇن، قائىدە، يوسۇن، نىزام؛ مۇراسىم؛ ئۆرپ - ئادەت. |

ج

| | |
|---|---|
| جا | ماكان، ئورۇن، دەرىجە. |
| جاباغان | تۇيۇقسىز ھۇجۇم. |
| جابەجا | ئۆز ئورنىدا، دەرھال، جايى - جايىدا. |
| جاھ | مەنسەپ، دەرىجە، مەرتىۋە. |
| جارۇبكەش | سۇپۇرگۈچى، خىزمەتكار. |

جائىز قىلىشقا بولىدۇ، مۇمكىن، دۇرۇس، مۇۋاپىق، توغرا، لايىق، باپ.

جايساك ئالۋان - ياساق؛ مەنسەپ نامى.

جالا ئاشكارا.

جاله قالپاق.

جاۋىدان داۋاملىق، دائىم، ئەبەدىي، مەڭگۈ.

جەھد تىرىشىش، چىپلىشىش.

جەدد چوڭ دادا، ئاتا - بوۋىلار؛ بەخت؛ قىرغاق.

جەددى ئەلا ئۇلۇغ بوۋا، ئۇلۇغ ئاتا - بوۋا.

جەددە چوڭ ئانا، موماي.

جەزب تارتىش، شۇمىش.

جەئد موي بۇدۇره چاچ.

جەلايى ۋەتەن ۋەتەنسىزلىك، ۋەيرانچىلىق، سەرسانلىق، ۋەتەندىن ئايرىلىش.

جەنگ ئەندازلىق جەڭ قىلىش، جەڭگىۋارلىق.

جەۋاھىر جەۋھەرلەر، ئېسىل، چىن تاشلار.

جەۋانىپ تەرەپلەر، ئەتراپلار، ياقىلار.

جەۋھ خاپا، توك قاپاق، سوغۇق چىراي.

جەۋف كاۋاك، قورساق، بوشلۇق.

جىھاد ئۇرۇش، جەڭ.

جىدد تىرىشىش، ئىجتىهات، چىپلىشىش.

جىزيه ئىسلام مەملىكىتىدە، مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەردىن ئىسلام هۆكۈمىتى ئالىدىغان نوپۇس بېجى.

جىست جۇ ئىزلەش، ئاختۇرۇش.

چۇببە چۇش ھەربىي كىيىم - كېچەك.

جۆببه جۆۋا، تېره كىيىم، هەربىي كىيىم.

جۆبن كىشىلەر ئارىسىدىن ئايرىلغان ئادەم.

جۆد ئىنئام، ئىهسان؛ قاتتىق ياغمۇر.

جۆرئەئى نۆش بىر ئوتلام ئىچىش.

جۆستىجۇ ئىزلەش، ئاختۇرۇش.

جۆش قايناش.

جۆزئە پاره، بۆلەك، پارچە، باشقا، ياتە

جۆنبەش هەرىكەتلىنىش.

جۆند ئارمىيە، قوشۇن؛ شەھەر.

جۆنقار سول قول، سولقانات؛ سولقانات قوشۇن.

## چ

چابۆك تېز، چاققان، شوخ، ئەپچىل، چەۋەنداز.

چاپاغان كېچىلىك هۇجۇم، قىرغىن.

چاه قۇدۇق، ئازگال.

چار(چاهار)دىۋان تۆت دىۋان (تۆت بۆلۈملۈك توپلام).

چالاك ئىلدام، تېتىك؛ كېلىشكەن.

چه نېمه

چەهره چىراي، يۈز، هۆسنى جامال، سۇرەت.

چەراكى چۈنكى، نېمه ئۈچۈن، شۇنىڭدەك.

چەشمه بۇلاق، كۆز.

چەندان كۆپلىگەن، قانچىلىغان، شۇنداق، ئالا-
هىدە، هەسسە.

چەۋگان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوينىلىدىغان توپ.

چىهل قىرىق (40)

| | |
|---|---|
| چىرلاش | چاقىرىش، تەكلىپ قىلىش. |
| چۇست چالاك | تېز، چاققان. |
| چۈن | ئوخشاش، دەك، تەك. |
| چۈنان | باھانە، سەۋەب، نېمىشقا؟ |
| چۈن چىرا | نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا؟ |
| چۈن چارە | ئوچۇق، ئېنىق، يوشۇرماستىن، ئۇيقۇ؛ چۈش، ئوي، خام خىيال. |

## خ

| | |
|---|---|
| خاب | ئۇيقۇ، چۈش، خىيال. |
| خاجەئى جاھان | جاھاننىڭ خوجىسى. |
| خا. | تىكەن؛ ئۈچ؛ قەدىرسىز، ئېتىبارسىز، ئازاب. |
| خارىش | تىكىنى. |
| خارىقى ئادەت | ئادەتنى بۇزۇپ تاشلىغۇچى، ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلىرى. |
| خاسەسى | مەخسۇس ئادىمى. |
| خاسۇلخاس | خاسلار خاسى، يېقىنلارنىڭ يېقىنى. |
| خاشاك | ئەخلەت. |
| خاك | تۇپراق، توزان، يەر يۈزى، تېررىتورىيە. |
| خەر | ئېشەك. |
| خەرامان | ياپراش. |
| خەرجى خىراجەت | ئىقتىسادىي چىقىم. |
| خەسىس | بېخىل، پىخسىق، ئىچى تار، خەيرسىز. |
| خەيرباد | خوشلىشىش، ۋىدالىشىش. |

خەيلى تەگداش، گۇرۇھ، توپ، دۆۋە، قاراڭغۇلۇق.

خەيلى بىشە ئورمانلار، قاراڭغۇ ئورمانلىق.

خەيلى ھەشەم يېقىن كىشىلەر، دائىم بىرگە بولغۇچى كىشىلەر توپى.

خەلىفە ئىز باسار، ئورۇنباسار.

خەللادالاھۇ ئاللا ئۇنى ھەمىشە بار قىلسۇن.

خەندان كۈلكە، كۈلىدىغان، كۈلگۈچى، شادىخۇرام.

خەنناس شەيتان، دۈشمەن.

خىرام ئويناپ، ياپراپ مېڭىش، چىرايلىق مېڭىش.

خىرەد ئەقىل - پاراسەت، ھوش.

خىشاۋەندە قېرىنداشلار، تۇغقانلار.

خىش ئەقرەبا ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداش.

خىلۋەت كىشى يوق يەر، خالى ماكان، پىنھان جاي.

خىمە چېدىر.

خۇاھ خالاش، ئىختىيار قىلىش.

خۇب كۆركەم، گۈزەل، چىرايلىق.

خۇد ئۆز؛ ئەسكەر باشلىقى؛ يالغۇز، پەقەت.

خۇر قۇياش.

خۇرشىدە دەرەخشەندە پارلاق قۇياش.

خۇردە كالان چوڭ - كىچىك.

خۇشرۇي گۈزەل، چىرايلىق، ئوچۇق چىراي.

خۇشگۇي ياخشى سۆزلىگۈچى، گۈزەل سۆز، شېرىن سۆز.

خۇشۋەقت خۇشال بولغان چاغ.

خۇن قان.

خۇن توپان قان توپانى، بالايى - ئاپەت قېنى.

خۇنخۇر قانخور، قان ئىچكۈچى.

خۇنرىز قان تۆككۈچى، قانخور،
خۇنرىزلىق قىرغىنچىلىق، قانخورلۇق.
خۇن مىسلى جەيخۇن قانلىق دەريا، ئامۇ دەرياسىدەك قان...
خۇلاسە تۇل ...نىڭ خۇلاسەسى، نەتىجىسى.
خۇلد ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك، جەننەت.
خۇلەفا خەلىپىلەر، ئىز باسارلار.
خۇلۇس خالىسلىق، توغرىلىق؛ خۇلۇس قەلب — چىن كۆڭۈل ئاق كۆڭۈل.
خۇم كوزا، كۈپ؛ چوڭ دۇمباق؛ ئۇزۇن سۇناي.
خۇمۇل ئېنىقسىزلىق.
خۇن قان.

ھ

ھابائەن توپا — چاڭ، چاڭ — توزان.
ھابامەنسۇر شامالدا توزىغان توپا.
ھاتىف قىچقارغۇچى، ئاۋۇش چىقارغۇچى، غايىپتىن ئاڭلانغان ئاۋاز.
ھادى ئاتىدارچىلىق، يېتەكچىلىك، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، داھىي، يېتەكچى.
ھالات ئەجىبە ئاجايىپ ھالەت.
ھەبائ چاڭ — توزان، بىھۇدە، ئورۇنسىز.
ھەبىب دوست، يار، مەھبۇب، سۆيۈملۈك
ھەدىد تۆمۈر، پولات.
ھەددى ئىتدالى نورمال ھالەتتە.
ھەدشۇمار سان — ساناق.

هەدىيە — تۆھپە، سوۋغات.
هەسەب — ئېتىبارى.
هەزار — مىڭ.
هەزرەتى — ئۇلۇغ، كاتتا.
هەقايىق — هەقىقەتلەر.
هەقشۇناس — هەقنى تونىغۇچى.
هەقىر — ئېتىبارسىز، تۆۋەن، پەس.
هەفتاد — يەتمىش (70)
هەلقە — بوغۇز، گال؛ چەمبەر، هالقا، كىشىلەرنىڭ چۆرىدەپ ئولتۇرۇشى.
هەلقەئى زىكىر — زىكرى سۆھبەت ئولتۇرۇشى.
هەمنەشىن — بىرگە ئولتۇرغۇچى، سۆھبەتداش.
هىجاب — پەردە، توساق، ئۇيات.
هىجرەت — ئايرىلىش، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچۈش.
هىدايەت — توغرا يول كۆرسىتىش، توغرا يول تېپىش.
هىرىس — قاتتىق بېرىلىش، تەمە، ئاچكۆزلۈك.
هىسار — قورغان، قەلئە، ئىستىهكام.
هېكمەت — سىر، تەدبىر، قانۇنىيەت، سەۋەب.
هېلىم — يۇمشاق، ياۋاشلىق، مۇلايىملىق.
هىمات — يۆلەك، يۆلەنچۈك، قوللىغۇچى.
هىممەت — غەيرەت.
هۇۋەل — ئەلەس، ئالىغاي، كۆزى مايماق ئادەم.
هۆب — سۆيۈش، مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش.
هۆججەتى ساتىئە — ئالىي هۆججەت، ئالىي دەلىل.

**هۇدا** توغرا يول، ھەق.

**هۇزۇر** كۆز ئالدى، ئالدى، ھازىر بولۇش، ئارام، راھەت.

## د

**داۋان** داۋان.

**داخى** يەنە، تېخى، تاكى.

**داخىل** ئىچى، ئىچكى، كىرگۈچى، كەلگەن، كەلگۈچى، دۆلەت ئىچىدىكى.

**داد** توغرىلىق، ئىنساپ، ئادالەت، شىكايەت، ئەرز، ئەدلىيە، كېسىم؛ ۋارقىراش، مۇراجىئەت قىلىش، ياردەم تىلەش؛ سوۋغا، ھەدىيە.

**دادگاھ** سوت، قەبرىستان.

**دادىخاھ** ۋالىي، ھۆكۈمدار؛ ئەرز قىلغۇچى، ئادالەت ئىزلىگۈچى.

**دادىگەر** دادغا يەتكۈچى، ئەرز ھالنى ئاڭلىغۇچى، ئادالەتچى.

**دارا** ھەمىشە، دائىما، ئەبەدىي؛ جىلغا، چەت، ئوچۇقچىلىق.

**دائراز** ئېگىز، ئېگىز بويلۇق، ئۇزۇن.

**داماد** كۈيئوغۇل.

**دامەن** پەش، ئېتەك.

**دانا** بىلگۈچى، ئالىم، ئەقىللىك.

**دانىش** بىلىم، مەرىپەت، ئىلىم - پەن.

دەھەن بەرگەن.
دەربەدەر ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈش.
دەرگاھ ئوردا، ھوزۇرى، ئالدى.
دەرەكەئى پەلەمپەيلىك، قەۋەتلىك.
دەرمىيان ئوتتۇرىدا، ئارىدا.
دەرۋىش يوقسۇل.
دەست قول.
دەستار سەللە، باشقا ئورايدىغان ياغلىق.
دەستىدارۋازلىق قوللىغۇچىلىق.
دەغەل بۇزۇق، يامان.
دەلىر باتۇر، پالۋان، قورقماس.
دەم قان.
دەمار تېرە - پېرەن، تار - مار قىلىش.
دىبان دەپ، ئېيتىپ.
دىباچە مۇقەددىمە.
دىدە كۆز.
دىشۋار مۇشكۇل، قىيىن.
دىگەر باشقا، يەنە، ئىككىنچى، ئۆزگە.
دىيار ۋەتەن، يۇرت، زېمىن.
دىيانەت دىندارلىق.
دىلائىل دەلىللەر.
دىلاۋىز كۆڭۈلنى تارتقۇچى.
دىلاۋەر يۈرەكلىك، باتۇر، قەھرىمان.
دىلدار كۆڭۈلنى تۇتۇۋالغۇچى، ئۆزىگە تارتقۇچى.
دىل نەقشى كۆڭۈلدىكى ئىز.
دېمەمەك دېمەسلىك، ئېيتماسلىق.

دىمار ھالاك.
دىۋان توپلام.
دۇئا تىلەك، ئارزۇ، تەلەپ.
دۇئاگوي دۇئا قىلغۇچى.
دۇبارە ئىككى قېتىم.
دۇچاچەتە مېكىيان.
دۇختەر قىز.
دۇخول كىرىش، داخىل بولۇش.
دۇد ئىس، تۈتۈن.
دۇرپاش ئۈنچە چاچقۇچى، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئېيتقۇچى.
دۇر مەرۋايىت، چىن تاش، گۆھەر.
دۇررەر دۇرلار، ئۈنچىلەر، مەرۋايىتلار.
دۇرۇد مەدھىيە، تىلەك.
دۇن دۇنيا، پەس.
دۇۋانە ئىككى (ئىككى رەكەت)
دۇۋۇم ئىككىنچى.

## ر

را نى، كە، گە، غا، قا.
راھ يول، ئۇسۇل، تەدبىر، بوشلۇق، دائىرە.
راھىم رەھىم قىلغۇچى، مەرھەمەت قىلغۇچى، رەھىملىك.
راھبان يول ساقلىغۇچى.
راھدار يول باققۇچى.

راھىلە يۈك ئارتىلغان تۆگە، ئات - ئۇلاق.

راغىب قىزىقتۇرغۇچى.

راي خىيال، مەيل.

رەخشان نۇرلۇق، جۇلالىق، پارقىراق.

رەددى بەدەل ماجىرا، تالاش - تارتىش.

رەز كۆچىيىش، جانلىنىش.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللا ئۇ زاتتىن رازى بولغاي.

رەسىدە يېتىشكەن.

رەسۇلۇللا پەيغەمبەر، ئاللانىڭ ئەلچىسى.

رەفتار مېڭىش.

رەفىئۇل قەدەر يۇقىرى قەدرى - قىممەت.

رەئىيەت خەلق، پۇقرا.

رەمەقى يېرىم جان.

رەمەقىجان جان سەكرات، جان ئۈزۈۋاتقان چاغ.

رەمۇز ئىشارەت، مەنالىق سۆزلەر.

رەۋزەئى مۇقەددەس پاك قەبرە.

رەۋسىيە قارا يۈز، گۇناھكار، پاسىق ئادەم.

رەۋگەردان يۈز ئۆرۈمەك.

رىجال ئەرلەر.

رىختە تۆككەن، قۇيغان.

رىھلەت يۆرۈپ كېتىش، سەپەر قىلىش.

رىزا رازىلىق.

رىزە - رىزە پارچە - پارچە، ئۇششاق - ئۇششاق.

رىسالە بىروشورا، كىتابچە، ژۇرنال.

رىشتە يىپ، تاناپ، باغلىغۇچى.

رىشۋەت پارا، ئارىلىق ئېلىش.

رەشۋەتچى پاراخور، ئارنلىق ئالغۇچى.
رىقابەت بەسلىشىش.
رىفئەت ئۈستۈنلۈك، ئۆرلەش.
رىياز گۈللۈك، باغچىلار.
رىيازات رىيازەتلەر.
رىيازەت جاپا ـ مۇشەققەت.
رىيائ ئىككى يۈزلىمىلىك، كىشىلەرگە ئۆزىنى
ياخشى كۆرسىتىش.
رىندە موللا تۈرۈپ شەرىئەتنى ئىنكار قىلغۇچى؛
نازۇك تەبىئەت، ئالدىتە، ياسانچۇق،
بايۋەچچە، بىپەرۋا.
روھ جان، كۆڭۈل، قەلب، كەيپىيات، جەۋھەر،
ماھىيەت، پەرىشتە.
روھىيات روھ، كەيپىيات، روھىي قىياپەت، روھىي
ھالەت.
روي رىۋايەت قىلغۇچى، ئۇسسۇزلۇققا قىينىش.
رۇباھ تۈلكە.
رۇبائى تۆتلىك.
رۇبائىيات رۇبائىيلار.
رۇبئى مەسكۇن ئالەم ئالەمنىڭ تۆتتىن بىرى.
رۇتبە مەرتىۋە، دەرىجە، ئەمەل، ۋەزىپە.
رۇجۇئ قايتىش، مۇراجىئەت، ئۆتۈنۈش.
روخ يۈز، چىراي؛ قارا قۇش، شاھمات ئۇ-
رۇقلىرىنىڭ بىرى.
رۇسۇلۇللا پەيغەمبەرلەر، ئاللانىڭ ئەلچىلىرى.
رۇشدى ئەزىم كاتتا يول باشلىغۇچى.

روشنالىق يورۇقلۇق، نۇرلۇق.
رۇقئە خەت، مەكتۇپ، قەغەز پارچىسى.
رۇئىيا چۈش، چۈش كۆرۈش.

## ز

زات نەرسە، شەخس، ياردىتلىش، نىگىز، تەگ، ئۇل.
زاتى تېگى، ئەسلى، نىگىزى، تەبىئى.
زاتى پاك ئاللا.
زاتىلمەۋت ئۆلۈم ئىگىسى.
زاھىد دىندار، تەقۋادار، سوفى، كىشىلەردىن قېچىپ يۈرگۈچى، يامان ئىشلاردىن ساقلانغۇچى.
زاھىر ئاشكارا، ئوچۇق؛ يېگى، پۇراقلىق.
زاھىرەت ئوچۇق، ئاشكارا.
زادە ئەۋلاد، بالا، تۇغۇلغان.
زادراھىلە يول ئوزۇقى، يېمەك - ئىچمەك.
زارى يىغلاش، يېلىنىش، ئاجىز.
زاكىر ياد قىلغۇچى، زىكرى ئېيتقۇچى.
زاكىيات زېرەك، زېرەكلەر.
زال ياشانغان، كەمپىر، موماي، قېرى.
زالالەت گۇمراھلىق، توغرا يولدىن ئېزىش.
زالىل ئاداشقان، قايمۇققان.
زەبان تىل، لۇغەت، سۆز، گەپ.
زەبان كۇنكۇلالى كېكەچ.

زەبت تۇتۇش، ئېلىش، ئىگىلەش، ئىشغال قىلىش.
زەبەر ئۈستى، تۆپە.
زەبەرجەد يېشىل رەڭلىك بىر خىل تاش.
زەبەر دەست پىشقان، مەلىكىلىك، قولى ئەپچىل، ماھىر، قولىدىن ئىش كېلىدىغان؛ كۈچلۈك، قۇد-
رەتلىك؛ كەسىپ ئەھلى؛ باتۇر، پالۋان.
زەبھى بوغۇزلىماق، سويماق، قۇربان قىلماق.
زەبيھە بوغۇزلانغان ھايۋان.
زەبىدە بىر ئايالنىڭ ئىسمى.
زەبۇن مەغلۇپ، بىچارە.
زەبۇنكەش ئاجىزلارنى ئۆلتۈرگۈچى؛ زالىم.
زەخم يارا، جاراھەت، غەشلىك.
زەخمە ئۇرۇش، ئازاب، يارا، چىرىگۈچ.
زەخمىن ياردار، يارىلانغان، جاراھەتلىك.
زەھما سىرداش، دوست، يار.
زەررە ئۇششاق ئاتوم پارچىلىرى.
زەقەن ئىڭەك.
زەئىف ئاجىز.
زەئىفە ئاجىز، ئايال.
زەن ئايال.
زەندە تىرىك، ھاياتلىق.
زىبا زىننەتلەنگەن، گۈزەل، چىرايلىق، كۆركەم.
زىھەشەم ھەشەمەتلىك.
زىھىن ئاڭ، ئەس، خاتىرە، پىكىر قىلىش قۇۋۋىتى.
زىددى قارشى تەرىپى.
زىر ئاستى، تېگى، پەس، تۆۋەن.

زىۋا — چۈنكى، ئېمىشقا، ئېمە ئۈچۈن.

زىرۇزەبەر — ئاستىن - ئۈستۈن.

زىست — تىرىكلىك، ھايات، ياشاش.

زىكرى — يادى، پىكرى، بايان قىلىش.

زىيادە — كۆپ، جىق، ئارتۇق.

زىيارەتگاھ — گۆرىستان، مازار، زىيارەت قىلىنىدىغان جاي.

زىيائ — نۇر، يورۇق، يالتىراق؛ ھۆزۈر؛ مۆلۈكلەر؛ تېرىلغۇ يەرلەر.

زوھۇرى — باش كۆتۈرۈش، ئاشكارىلىنىش، پەيدا بولۇش، مەيدانغا چىقىش، كۆرۈنۈش.

زور — كۈچ، چوڭ، شىددەت، قۇۋۋەت.

زوربازۇ — كۈچ - قۇۋۋەت، چوڭ قول، كۈچلۈك بېلەك.

زۇبدە — قايماق؛ جەۋھەر.

زوھھاد — زاھىدلار.

زۇد — تېز، ئالدىراش.

زۇققۇم — زەھەر، ئاچچىق، ئوغا.

زۇئمە — گۇمان.

زۇل ھەيات — ھايات ئىگىسى.

زۇلجالال — ئۇلۇغلۇق ئىگىسى ئاللا.

زۇلف — چاچ، كوكۇلا.

زۇلفەت — يېقىنلىق، يېقىن؛ مەنسەپ؛ ئورۇن.

زۇلمەت — قاراڭغۇلۇق.

زۇمرەسى — گۇرۇھى.

زۇنۇب — گۇناھلار.

سابىت تۇرغۇن، مۇقىم، تەۋرەنمەس، ئۆزگەرمەس،
بىر ئورۇندا قىمىرلىماي شۇك تۇرىدىغان،
بىر يەردە تۇرىدىغان.

ساتتاروللويۇپ ئەيىبلەرنى ياپقۇچى (ئاللا)

سابىر سەۋرى قىلغۇچى، سەۋرىلىك، چىدىغۇچى،
تۆزگۈچى، چىدامىلىق.

سابىق ئىلگىرىكى، ئالدىنقى، ئۆتكەنكى.

ساجىد سەجدە قىلغۇچى.

ساختا ياساش، ئىشلەپچىقىرىش، ياسالما، مەھـ
سۇلات؛ ئىـۇسـۇل، تـۈزۈلـمە، قۇرۇلما.
قۇرۇلۇش.

ساخاۋەت ياخشىلىق، يوقسۇللارغا ماددىي نەرسىلەرنى
بېرىش، ياخشىلىق قىلىش.

ساھىب ئىگە، خوجا، ھەمراھ، جاناب.

ساھىر جادىگەر، سېھىرگەر، ئالدامچى، كېپچە
ئويناق تۇرغۇچى.

ساھىل سۇنىڭ چېتى، دېڭىز - دەريا قىرغىقى، بويى.

سارت تاجىك.

سارى تەرەپ.

سائىدە سۇۋىغان، سۇركىگەن.

سائىرۇنناس قالغان ئادەملەر.

سالھاي سال كۆپ يىللار.

سالىھ سالاھىيەتلىك كىشى، ياخشى.

سانئى — ھۆنەرۋەن، سەنئەتكار.
سەبزا — يېشىل.
سەبۆكبار — يۆكى يېنىك.
سەبۆكسار — يەڭگىل، ئالدىراڭغۇ، تەنتەك؛ كالتە پەم؛ سايىق.
سەتارە — يۇلتۇز.
سەتتار — ياپقۇچى. (ئاللانىڭ ئىسمى)
سەتر — يوشۇرماق؛ يول، قۇر.
سەتھ — يۈزى، تېشى، ئۈستى.
سەججادە — جەينىماز، سەجدە قىلىدىغان ئورۇن.
سەھفەئى باياز — ئاق سەھىپە، ئاق بەت.
سەھى — ساق، كېلىشكەن، توغرا.
سەھىھ — ساغلام، توغرا، خاتاسىز.
سەھل — يەڭگىل، ئاسان، ئوڭاي.
سەھۋە — خاتا، يېڭىلىش؛ ئۇنتۇش.
سەخەت — تەس، قىيىن، قاتتىق.
سەد — توساق، تام، ئېگىز توساق، قورغان، سېپىل، ئىستېھكام، قەلئە؛ يۈز.
سەددەق — راست، توغرا.
سەدر — چوڭ ئەمەلدار، رەئىس، باشلىق.
سەدرنىشىن — تۆردە ئولتۇرغۇچى كىشى.
سەر — باش؛ ئۇچ، چوققا.
سەراپا — باشتىن - ئاياغ، پۈتۈنلەي.
سەراپەردە — ساراي پەردىسى، كاتتا پەردە؛ پادىشاھ چېدىرى.
سەراسەر — باشتىن - ئاياغ، ئۇ باشتىن - بۇ باشقا.

پۈتۈنلەي، بارچە؛ ھەممە يەردە.

سەراسىمە ھودۇقۇقان، تەمتىرىگەن، چۆچۈگەن، بېشى قايمۇقان.

سەرراپ قاچا ئالماشتۇرغۇچى.

سەرايەت كۆچمەك، يۇقۇش، تارقاش، يامراش.

سەربەسەر پۈتۈنلەي، باشتىن - ئاياغ.

سەربەلەند ئاتاقلىق، داڭدار، مەشھۇر.

سەرتاپ بويسۇنمايدىغان، گەپ ئاڭلىمايدىغان، جاھىل، كاج.

سەرخەيل باشلىق، يولباشچى، يېتەكچى.

سەرھەد چېگرا، باش چېگرا؛ مەملىكەت.

سەرد سوغۇق.

سەردار باشلىق، باش قوماندان، يولباشچى.

سەردەفتەر پېشقەدەم، ئالدىنقى، ئىلغار.

سەردى سوغۇق، قاتتىق سوغۇق؛ رەھىمسىز، بىرلىقىن قاراش، ئېتىبارسىز قاراش.

سەرزەنش سۆكمەك، تاپا - تەنە، كايىش.

سەرفىتنە پىتنە قوزغىغۇچى، پىتنىچى.

سەركە ئۆچكىنىڭ ئېركىكى (ئاختا قىلىنغىنى)

سەركەردە قوماندان، لەشكەر باشلىقى.

سەركەش ئىتائەتسىز، يولغا كىرمەس؛ گەدەنكەش؛ بوي بەرمەس، باش تارتقۇچى.

سەرگەشتە بېشى قايمۇقان، گاڭگىرىغان، سەرگەردان، چۆچۈگەن، ھەيران بولغان.

سەرگۈزەشت بېشىدىن ئۆتكەنلەر، كەچۈرمىش.

سەرئەفراز ئاۋۋالقى يۈرۈش؛ بېشى ئېگىز، بېشى

ئۈستۈن، ئېسىل، ئالىيجاناب، شەرەپلىك؛ يۈزى يورۇق.

سەرىن ئوچۇق، ئايدىڭ، روشەن، ئېنىق.

سەرمايە باش مۈلۈك، ئاساسىي مۈلۈك، نېگىز، ئاساس.

سەرمۇنشى باش كاتىپ.

سەرنامەئى كىتابنىڭ بېشى، كىرىش سۆز.

سەرنىياز ھاجەت بېشى؛ چوڭ، مۇھىم ھاجەت.

سەرۋەر يولباشچى، رەھبەر.

سەرۋپاي باش ۋە ئاياغ كىيىملىرى، كىيىم-كېچەك.

سەفىشكەن سەپ بۇزغۇچى.

سەئى ھەرىكەت، تىرىشىش.

سەيادەت ھۆكۈمرانلىق، قوماندانلىق، ئۇلۇغلۇق.

سەيارەت سەيلە قىلىش، ئايلىنىش.

سەير ئايلىنىش، ساياھەت قىلىش.

سەيرى سۇلۇك تەرىقەت يولىنى كېزىش.

سەييارە سەيلە قىلغۇچى، كەزگۈچى؛ ئاقما يۇلتۇز.

سەييىدى كائىنات كائىناتنىڭ كاتتىسى، كائىناتنىڭ خوجىسى.

سەيىد خوجا، ئۇلۇغ؛ مۇھەممەت ئەلەيھىسسا-لامنىڭ ئەۋلادى.

سەيياد ئوۋچى، ئوۋ ئوۋلىغۇچى.

سەلاسۇل ئەغلال زەنجىر، كىشەن.

سەلتەنەت پادىشاھلىق، سۇلتانلىق، يېڭىش، غالىبىيەت.

سەلەۋات رەھمەت، ناماز، دۇئا، تىلەك.

سەللامنا تەسلىم بولدۇق، باش ئەگدۇق.

سەمەندەر ئوت چاشقىنى.

سەمەنبوي گۈل بويەۋق.
سەمەر مېۋە؛ نەتىجە.
سەمەن زەقەن كۆمۈش (ئاق) ئىڭەك.
سەمەى شىرمىق ئۇلۇغ قۇلىقى.
سەنەد تايانچ، ھۆججەت، دەلىل؛ چوڭلار.
سەنۇبەر قارىغايغا ئوخشاش خوش قامەت دەرەخ، كېلىشكەن قامەت.
سەۋ سۆيۈش، ياخشى كۆرۈش، ياقتۇرۇش.
سەۋار ئاتلىق، ئۇلاقلىق.
سىبغەتۇللا ئاللانىڭ بويىقى.
سىپاھ ئەسكەر، چېرىك، قوشۇن.
سىپاگەر ئەمەلدار، ھەربىي ئەمەلدار.
سىپارشىنامە ئەپۇنامە، ئازات نامە.
سىپارىش تاپشۇرۇش، ھاۋالە، مېھرىبانلىق.
سىپاس ماختىماق، تەشەككۈر ئېيتىش، رەھمەت ئېيتىش، مىننەتدارلىق.
سىپەھسالار باش قوماندان.
سىپەھرى كائىنات.
سىھھەت ساغلاملىق.
سىراب كۆپ، ئارتۇقچە، زىيادىلىق.
سىراتەل مۇستەقىم يىمىرىلمەس تۈز (توغرا) يول.
سىگال ئوي، خىيال، پىكىر؛ نىيەتە يامان گەپ، يامان نىيەت.
سىلسىلە زەنجىر.
سىنە كۆكرەك.
سىن سال يېشى، ئۆمرى.

سوفى تەرىقەت يولىدىكى كىشى.
سۈپىن يۈكلۈق.
سوز كۆيۈش.
سوككان توختاپ تۇرغۇچى، تۇرۇپقالغۇچى.
سۇخەن سۆز.
سۇخەندان سۆزمەن، ناتىق.
سۇۋار ئات ــ ئۇلاققا مىنىش، ئاتلانماق.
سۇۋارە ئاتلىق ياكى ئۇلاقلىق ئادەم.
سۇلۇك يول، تەرىقەت.
سۇنىشىن ئاللا ياراتقان نەرسلەر.
سوننەتى مۇئەسسەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەسىرلىك يولى، ئادەتلىرى.

## ش

شابابلىق ياشلىق.
شاتىر چاققان، يۈگۈرۈك، ئەپچىل؛ پادىشاھ يېنىدىكى خىزمەتكار.
شاھباز قارچىغا.
شاھىد گۇۋا، شاھىت، تانۇق.
شاھىنشاھ شاھلار شاھى، ئۇلۇغ پادىشاھ.
شاھۋار شاھانە، شاھلارغا يارىشىدىغان، چوڭ، يىرىك، ئەڭ ئەلا.
شاھادەت گۇۋاھلىق بېرىش، قۇربان بولۇش.
شاقاۋەت بەدبەخلىك، يامانلىق.
شايەد ئېھتىمال، بەلكىم، چېغى.

| | |
|---|---|
| شايىستە | مۇۋاپىق، مۇناسىپ، لايىق، مەقبۇل، مەقۇل. |
| شاك بېگى | ماتا ـ خام، بوز ئالۇدىكىنى يىغىدىغان بەگ. |
| شەبخۇن | كېچىلىك ھۇجۇم، قانلىق كېچە. |
| شەب ـ روز | كېچە ـ كۈندۈز. |
| شەجەر | نەسەبنامە؛ دەرەخ. |
| شەھىد | قۇربان. |
| شەر | يامانلىق، ياۋۇزلۇق، گۇناھ. |
| شەرمەنسار | شەرمەندە، رەسۋالىق. |
| شەرۋ | باشلاش. |
| شەرۇئى ئىرادەت | پىر ئۇستاز تۇتۇشنى باشلاش. |
| شەفئى | شاپائەتچى، ھىمايىچى. |
| شەقىقە | باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش كېسەللىكى؛ ئىپلاس، بەدبەخت؛ ئاچا ـ سىڭىل. |
| شەككاك | گۇمانلانغۇچى، ھىيلىگەر ئادەم. |
| شەئبدە باز | سېركچى، ئويۇنچى. |
| شەمشەر ئابدار | ئۆتكۈر شەمشەر. |
| شەيخۇل ئىسلام | ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى. |
| شەيخ | مازار باققۇچى؛ قېرى؛ ئىشان؛ باشلىق، ئۇستاز؛ قولباشچى. |
| شىربىشە | جاڭگال شىرى. |
| شىرخارە | سوت ئەمگۈچى. |
| شىرىن | ئۇلۇغ، بۈيۈك. |
| شكاف | تۆشۈك، كاۋاك، بوشلۇق. |

شىكەستە سۇنۇق، كۆڭلى سۇنۇق.
شىكۋە شىكايەت.
شىكوفتە ئېچىلغان.
شىناۋەر نالايىق، نومۇس، دۈشمەن، شۇم، خارابى.
شۇتۇر تۆگە.
شۇخۇلبەك قاماقخانا كۆزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى.
شۇد بولدى.
شۇھۇر ئايلار.
شۇمۇل بىر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى.
شۇرشەر يامانلىق.
شۇرىش غەۋغا، قوزغىلاڭ.
شورۇئ باشلاش.
سۇلتانىل مۇھەققىقىن ھەقىقەتنى تونىغۇچىلارنىڭ كاتتىسى.
شۇمار ساناق، ئەدەت.
شۇبھە شەكلىك، گۇمانلىق.
شوئبەئ شاخچە، تارماق.
شۇنىد ئاڭلاش، ئىشىنىش.

غ

غازى جەڭ، غازات قىلغۇچى.
غازىيانە جەڭ، غازات قىلغانلاردەك.
غافىل بىپەرۋا.
غەپلەت بىپەرۋالىق.
غەددارمەككار ھىيلىگەر، يالغانچى.
غەردار راۋان، ئوچۇق.
غەزەليات غەزەللەر.

| | |
|---|---|
| غەييۇر | شىجائەتلىك. |
| غەلەت | خاتا. |
| غەلىز | يىرىك. |
| غەمماز | غەيۋەتچى، پىتنىچى. |
| غەنى | باي. |
| غەۋتى گۆھەر | گۆھەردانىلىرى. |
| غەۋس | پەريادىغا يەتكۈچى. |
| غول | ئىشكەل. |
| غۇلام | خىزمەتكار. |
| غۇبار | چاڭ – توزان. |
| غۇربەت | مۇساپىرلىق. |
| غۇسسە | غەم – قايغۇ. |

## ف

| | |
|---|---|
| فاتىھە | دۇئا قىلىش، باشلىنىش، كىرىش سۆز. |
| فارىغ | بوش، بىكار، قۇرۇق؛ قۇتۇلغان؛ بوشىغان؛ تۈگەتكەن، ئورۇنلاپ بولغان... |
| فارىغىل بال | خاتىرجەم. |
| فازىل | فەزىلەتلىك كىشى، ئالىم. |
| فاساد | بۇزۇق. |
| فاسادخانا | بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان ئۆي. |
| فەتىھ | ئېچىش، ئازاد قىلىش، غەلىبە قىلىش. |
| فەتىھى قىلدى | غەلىبە قىلدى. |
| فەھىم | پەم قىلىش، بىلىش. |
| فەھىم رەسائى | پەملىك. |

| | |
|---|---|
| فەھۇۋەل | بەس ئۇ...، ئاندىن كېيىن ئۇ... |
| فەخر | پەخىرلىنىش. |
| فەرامۇش | ئۇنتۇش. |
| فەرجى | كۇشادىلىق. |
| فەرشى | زېمىن. |
| فەرقى سەر | باشنىڭ ئۇستى. |
| فەساھەت | تىل گۇزەللىكى: سۆزنى ئوچۇق، گۇزەل ۋە تەسىرلىك قىلىش. |
| فەقىر | كەمبەغەل. |
| فەيزى فۇتۇھات | پەيز ۋە كۆڭۈلنى يورۇتقۇچى تەسىراتلار. |
| فەيسەل | ھەق ـ ناھەقنى ئايرىغۇچى. |
| فەلەك دەۋۋار | ئايلانغۇچى پەلەك. |
| فەۋجە ـ فەۋجە | گۇرۇھ ـ گۇرۇھ. |
| فىھرەست | مۇندەرىجە. |
| فىرقە | گۇرۇھ. |
| فىرىپتە | ئالداش، ئالدىغان، ئالدىنىش. |
| فىش | ئالدى. |
| فىشە | ھۇنەر، ئىلىم. |
| فىشبا | قارشى ئېلىش، ئالدىغا چىقىش. |
| فىلھال | دەرھال. |
| فىمافى تەقدىر | ھەممە نەرسە تەقدىر ئىچىدە، ھەممە نەرسە ئاللانىڭ تەقدىرىگە باغلىق. |
| فوتۇر | نۇقسان، كاۋاك، بوشلۇق، ئاجىزلىق، سۇنۇش. |
| فۇتۇۋەت | مۇرەۋۋەت، سېخىلىق، مەردلىك. |
| فۇزۇلا | پازىللار، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىرى، پەزىلەتلىك كىشىلەر |

فۇسۇنگەر — سۆز بىلەن ئالداش.

فۇنۇن — تۇرلۇك ئىلىم - پەنلەر.

## ق

قازارا — تەقدىر شۇنداق بولۇپ قالسا.

قافىلە — كارۋان.

قالبى تەھى — دىلى قۇرۇق.

قالۇ — دېگەن، ئېيتقان.

قەتتال — قاتىل، ئادەم ئۆلتۈرگۈچى.

قەترە — تامچە.

قەتل — ئۆلتۈرۈش.

قەتلى ئام — ئاممىۋى قىرغىن، ئادەم ئۆلتۈرۈش.

قەددىسە للاھۇ سىر رەھۇل ئەزىز — ئاللا بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ روھىنى ساپ قىلسۇن.

قەرىنە — ئوخشاش، دەك، پەرەز، قىياس، بەلگە، ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەت، يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى؛ ئەر - ئايال.

قەسدە — زور ۋەقە مەقسەت قىلىنغان كۆپ مىسرالىق شېئىر.

قىماب — كۆز بوياش، يوشۇرۇش.

قۇتبى — مادارى، تايانچىسى، كاتتىسى.

قۇتبى زەمان — زامانىنىڭ كاتتىسى.

قۇتبۇل ئەقتاب — قۇتبۇلار باشلىقى، قەۋم كاتتىسى، لەشكەر باشلىقى.

قۇتبۇل ئارىفىن — ئارىپلارنىڭ كاتتىسى.

| | |
|---|---|
| قۇتبۇل ئەبدال | ئەۋلىيالارنىڭ كاتتىسى. |
| قۇتۇبى ئەشرەتى | خۇشاللىقنىڭ مادارى. |
| قۇرئاندەرمەيان | قۇرئاننى ئوتتۇرىدا قويۇش. |
| قۇيى | تۆۋەن، تۆۋەندىكى، ئاياقدىكى. |
| قۇماش | توقۇلما، رەخت، ماتا. |

## ك

| | |
|---|---|
| كاھىش | كايىش، ئازار بېرىش، خاپا بولۇش. |
| كار | ئىش. |
| كارساز | ئىشلارنى تۈزەتكۈچى. |
| كاسە | قاچا. |
| كاشاكەش | چەمبەرچەس. |
| كاشفى ئەسرار | سىرلارنى ئاچقۇچى. |
| كامران | مەقسەت-ئارزۇسىغا يەتكۈچى، بەخت،را- ھەت، قۇدرەتلىك، ھۆكۈمران، ۋۇجۇدقا چىققان. |
| كەج | كاج، تەتۈر. |
| كەد خۇدا | تۇرمۇش قۇرۇش، يۇرت چوڭى، ئۆي باشلىقى، ھاكىم، رايون باشلىقى. |
| كەربالايىخاۋارىج | خاۋارىجلار گۇرۇھىنىڭ كەربالاسى. |
| كەركۈن | كەلكۈن. |
| كەرم | ساخاۋەت، سېخىلىق، ياخشىلىق. |
| كەرمان | ئىراننىڭ بىر ئۆلكىسى. |
| كەسرەت | كۆپلۈك، جىق، تولا، مول لۇق. |
| كەشف | ئېچىلىش، ئاشكارىلاش، پاش قىلىش. |

كەشپكارامەت ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنىڭ زاھىر بولۇشى.

كەشىش تارتقان؛ پوپ، ماناخ، روھانى.

كەلام مەجىد قۇرئان كەرىم.

كەلامى گەرەھ ئېغىر سۆز.

كەما خۇددى، ئەينەن، دەك - تەك.

كەمايەنبەغى قىلىشقا تېگىشلىك.

كەمەند سىرتماق.

كەنارە چەت، ياقا، قاسساپ كانارىسى.

كەۋاكىب يۇلتۇزلار.

كەۋسەر جەننەتتىكى بىر بۇلاقنىڭ ئېتى.

كىبىر چوڭ، كاتتا، ئۇلۇغ.

كىبىر ئىناد ئۆزىنى چوڭ ھېسابلاپ بويسۇنماسلىق.

كىردىكار ھەممىنى قىلغۇچى (ئاللا)

كىرامىل ۋۇجۇت ھۆرمەتلىك ۋۇجۇد.

كىسۋەت كىيىم - كېچەك، ئۈستىباش.

كىشۋەر دۆلەت، مەملىكەت.

كىمخاپ ئالتۇن يىپلىق يالتىراپ تۇرىدىغان يىپ.

كىميا خىمىيە.

كىنە ئاداۋەت.

كۈچە كىچىك.

كونۇزى كانىلار.

كۈشاد ئوچۇق، كەڭ.

كۇففار دىنسىزلار، كاپىرلار، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەر.

كۇففارمۇشەددەت ئەشەددى كاپىرلار، يامان كاپىرلار.

كۆلاھ باش كىيىمى، بۆك.

كۆلال ساپالچى، كوزىچى، تاۋاقچى، ساپال نەرسىلەرنى ياسىغۇچى ھۈنەرۋەن.

كۆللى ھىمات قوللىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى.

كۆللىيەت بارلىق، پۈتكۈل بار نەرسىلەر.

## گ

گەران مايەئى ناھايىتى قىممەت، ناھايىتى ئېغىر.

گەردۇن ئاسمان، پەلەك.

گەربان ياقا.

گەربانگىر ياقىسىنى تۇتقان.

گەرۋە - گەرۋە توپ - توپ.

گەرۇھ توپ، گۇرۇھ.

گىرپەزارى يىغا زارى.

گىنەبوي گىنە - ئاداۋەت پۇرىقى.

گۆبىگۆ سۆزمۇ - سۆز.

گۆداز كۆيۈش، كۆيۈپ قارىداش.

گۆزىدە تاللانغۇچى، تاللانغان، نادىر، ئىلغانغان.

گۆزىر ئامال، چارە، ئىلاج؛ ياردەم؛ دورا، ئۈنۈملۈك دورا.

گۆزىن تاللانغان، سايلانغان، تاللىغۇچى...

گۆستاخ ئەدەبسىز، ئىتائەتسىز.

گۆستاخانە گەدەنكەشلىك بىلەن.

گۆش قۇلاق.

گۆشمال قۇلاق چۆپى، ئەدەب بېرىش.

گۈل رۇخسار گۈل چىراي، يۈزى گۈلدەك گۈزەل.
گۇمراھ يولدىن ئازغان، يولنى يوقاتقان.
گۇمنام نامسىز، نامى يوقالغان، ئاتىلمىسىز ئادەم.
ئابرويسىز بىچارە ئادەم.
گۈزەر – بېگۈزەر مەھەللىمۇ مەھەللە، كوچىمۇ – كوچا.
گۈلاب گۈل سۈيى، ئەتىر، قىزىل گۈلدىن قىلىنغان
ئىچىملىك.
گۈلگۈل قىپقىزىل، بەك چىرايلىق گۈلدار.
گۈلگۈن گۈل رەڭلىك، قىزىل گۈلدەك.
گۈلنار ئانارگۈل، ئەتىيازدا ھەرخىل ئېچىلىدىغان
ياۋا گۈل.

## ئە

ئەبا ئاتا، دادا؛ جەندە كىيىم.
ئەبدال تەرىقەت ئەھلىنىڭ يۈقىرى تەبىقىسى.
ئەبرار ئۇلۇغ ياخشى كىشىلەر، ئەۋلىيالار.
ئەتىبائى مەھرەم پۈگەن، مۇھاپىزەتچى، ئەگەشكۈچىلەر.
ئەختەر يۇلتۇز.
ئەجۇبەئى روزگار ئاجايىپ تىرىكچىلىك.
ئەجز ئاجىز، ئاجىزلىق.
ئەھباپ دوستلار.
ئەھقىر ئېتىبارسىزراق.
ئەھكام ھۆكۈمەتلەر.
ئەھل ئايال ئائىلە، خوتۇن، بالىلىرى.
ئەھلى ھال ئاللا سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولغۇچى.

ئەھۋەللىك ئىككى يۈزلىمىلىك.
ئەدەم يوقلۇق.
ئەدەمۇل ئەقىل ئەقىلسىز.
ئەدنا ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ ئاددىي، پەس.
ئەدۇ دۈشمەن، ياۋ.
ئەرباب كاتتىلار، ئۇلۇغلار.
ئەربەئىن قىرىق (40)
ئەرھەمەرراھىمىن ئاللا بارلىق رەھىملىكلەردىمۇ-رەھىملىكرەكتۇر.
ئەرش ئىسلام دىنىدا قارىلىشىچە: يەتتە قەۋەت ئاسمان ئۈستىدىكى ئەڭ يۇقىرى، ئۇلۇغ ماكان.
ئەرەقى پېشانە پېشانە تەرى.
ئەزبىرائى ئۈنىڭ ئۈچۈن.
ئەزبىرائى خوش ئامەد خۇشامەت ئۈچۈن.
ئەزبىرائى خۇدا ئاللا ئۈچۈن.
ئەزان ئۈنىگدىن.
ئەزكار زىكىرلەر.
ئەزم بۈيۈك، ئۇلۇغ.
ئەزىزۇل قەدر قەدرى يۇقىرى.
ئەزمۇششەئىن ئۇلۇغ شانۇ شەۋكەت.
ئەزم قەست، نىيەت، قارار.
ئەزمىنە زامانلار، ئەسىرلەر، ۋاقىتلار.
ئەزۋاجى مۇئەززەم ئۇلۇغ ئاياللىرى.
ئەسالەت ئېسىللىك.
ئەستانىب ئەسلەپ، سېغىنىپ، يادلاپ.

| | |
|---|---|
| ئەسهاب | دوستلار، يارانلار؛ ھەمراھلار. |
| ئەسرار | ئىچكى مەسىلىلەر، ئىچكى ئىشلار، سىرلار. |
| ئەسرار جەبرۇت | ئاللانىڭ سىرلىرى. |
| ئەسفىيا | ناھايىتى ساپ، سۈزۈك. |
| ئەشئار | شېئىرلار |
| ئەشك | كۆز يېشى. |
| ئەشيا | تۈرلۈك ماددىي نەرسىلەر. |
| ئەغلەب | غالىبراق. |
| ئەفئال | قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى |
| ئەفراد | جىنسى، ئەۋلادى. |
| ئەفزاھ | رەسۋا، بىشەم، نومۇسسىز. |
| ئەخشا | پاش قىلىش، ئاشكارىلاش. |
| ئەفقىر | كەمبەغەلرەك. |
| ئەفىفە | پاك |
| ئەفلەب | تەدبىر ـ چارە تېپىپ. |
| ئەقايىد | ئەقىدە، ئېتىقادلار. |
| ئەقلى كۇللى | تولۇق ئەقىل، ئەقىلنىڭ ھەممىسى ھەقىقى ئەقىل |
| ئەكسەر | كۆپ قىسمى، تولا، جىق. |
| ئەئزاز | ئىززەت ـ ھۆرمەت. |
| ئەييۇھەنناس | ئەي ئادەملەر، ئەي خەلقلەر. |
| ئەئلافازىل | يۇقىرى پەزىلەتلىك. |
| ئەلايىق | ماسلىشىش، ئەگىشىش. |
| ئەلالەت | ئۇستۇنلۇك. |
| ئەلقىسسە | يەنە بىرۋەقە، قىسسە، ھېكايە. |
| ئەلهال | ھازىر، ھازىرقى كۈندە، شۇمىنۇتتا. |

ئەلھەمدۇلىللاھ ھەمد ـ سانا ئاللاغا خاستۇر.

ئەلھەق توغرا، ھەقىقىي.

ئەلەددەۋام داۋاملىق.

ئەلەسسەباھ تاڭ يورۇش بىلەن.

ئەلەيھىسسالاۋات ئۇ زاتنىڭ ئۈستىگە رەھمەت ياغسۇن.

ئەلەيھىررەھمە- ئۇزاتقا ئاللانىڭ رەھمىتىۋەرازىلىقى بولغاي.
ۋەررىزۋان

ئەلەيھى لەئنى ئۇنىڭغا لەنەت بولسۇن. ئۇنىڭغا لەنەت.

ئەلەلخۇسۇس خۇسۇسەن.

ئەمىر دۆلەن باشلىقى، ھەربىي باشلىقى، زۇڭلى.

ئەمۋاج دېڭىز ـ دەريالارنىڭ دولقۇنى.

ئەمۋال ئەشيا مال ـ مۈلۈك، نەرسىلەر.

ئەنبىيا پەيغەمبەرلەر.

ئەنداز ئۆلچەم.

ئەنۋائ تۈرلۈك، خىلمۇخىل، ھەر خىل بۆلۈملەر

ئەۋباش ئوغرى.

ئەۋاتىفى مەرھەمەتلەر، مېھربانلىقلار.

ئەۋج كۆچىيىش، ئۇلغىيىش.

ئەۋساب ياخشى ئەخلاق، ياخشى سۈپەتلىرى.

ئەۋقات ۋەقىتلەر.

ئەۋلىيائى كەلان ئۇلۇغ ئەۋلىيا.

## ئې

ئېرسال خەت ـ ئالاقە، سوۋغا ـ سالام.

ئېتراز قارشىلىق، نارازىلىق.

## ئى

| | |
|---|---|
| ئىبا | چېكىنىش، يالتىيىش، تارتىنىش، باش تارتىش. |
| ئىبلىس | شەيتاننىڭ ئەڭ كاتتىسى. |
| ئىتاب | تاپا ـ تەنە، تەنقىد. |
| ئىتسال | تۇتاش، باغلىنىشلىق. |
| ئىتىمدار | ئىشىنىش، تايىنىش. |
| ئىتمىنان | كۆڭلى ئارام تېپىش، رازىلىق. |
| ئىختىسار | قىسقارتماق. |
| ئىھتىمام | ئەھمىيەت بېرىش |
| ئىرشاد | يول كۆرسىتىش، ئازغانلارنى توغرا يولغا باشلاش. |
| ئىزتىراب | بىئاراملىق، ئالدىراشلىق. |
| ئىزنى | رۇخسەت. |
| ئىسامى | پاكلىق، پاكلىقى. |
| ئىستىدات | ئىقتىدار، قابىلىيەت. |
| ئىستىراھەت | راھەتلىنىش، دەم ئېلىش. |
| ئىستىغنا | ئۆزىنى ھاجەتسىز كۆرسىتىش، ئېھتىياتسىز ـ لىق، تارتىنىش، نازلىنىش. |
| ئىستىمداد | مەدەت تىلەش، ياردەم ئىزدەش. |
| ئىستىئانەت | مەدەت تىلەش، ياردەم سوراش. |
| ئىستىدراج | ئۆرلەش، دەرىجە تېپىش. |
| ئىستىتائەت | قۇدرەت، كۈچى يېتىش. |
| ئىسھال | ئىچى سۈرۈش. |

| | |
|---|---|
| ئىسە | شۇنداق بولسا، ئۇنداق بولسا. |
| ئىسفەندۇك | ئادەم ئىسمى. |
| ئىشكاغەسى | پادىشاھلارنىڭ ئوردا ئىشلىرى ئەمەلدارى |
| ئىفرىت | دىۋە، شەيتان. |
| ئىقامەت | تۇرۇش، ئولتۇرۇش، مۇقىم بولۇش. |
| ئىلتىجا | ئىلتىماس، ئۈمىد، تىلەك. پاناقاش. |
| ئىلىم شەرف | ئېتىمولوگىيە، سۆز تۇغرىسىدىكى ئىلىم. |
| ئىلمى نەھۋى | گىراماتىكا. سىنتاكسىس. |
| ئىلمى ھال | تۇرمۇش، مەئىشەت، زاھىر ئىلىم. |
| ئىللا | ئەگەر مۇندا بولمىسا...پەقەتلا. مەگەر |
| ئىلمى شەرىئەت | شەرىئەت ئىلمى. |
| ئىلمى زاھىر | جەمئىيەت ــ تۇرمۇش ئىلمى |
| ئىلمى باتىن | تەرىقەت ئىلمى. روھى دۇنيا ئىلمى. |
| ئىما | ئىشارەت. |
| ئىماد | تۈۋرۈك، تايانچى. |
| ئىمداد | مەدەتلەر |
| ئىنابەت | باشقا يولدىن ھەق تەرەپكە قايتىش. |
| ئىناد | گەدەنكەش. |
| ئىنتفال | يوقىلىش، ھالاك. |
| ئىنتىقال | يۆتكەش، يۆتكىلىش. |
| ئىندەللا | خۇدانىڭ نەزىرىدە. |
| ئىندەللاھى | ئۇ خۇدا ئالدىدا. |
| ئىنقىتا | ئۈزۈلۈش. |
| ئىنايەت | لۇتفى مەرھەمەت، ئىلتىپات |
| ئىنشائاللا | خۇدا خاھلىسا |

## ي

| | |
|---|---|
| يا | ئەي، ياكى، ئەگەر (كامانىڭ يەسى) |

ياران دوستلار.

يارەب ئەي پەرۋىش قىلغۇچى ئاللا.

يارغۇ ئەرز قىلىش، تالاش - تارتىش، مۇنازىرە.

يازۇق گۇناھ.

ياغى دۈشمەن.

ياۋەر ياردەمچى، ياردەمچىلىك، مۇئاۋىن.

ياۋەرلىك مەدەتكارلىق.

ياۋۇق يېقىن.

يەخ مۇز.

يەكبار بىر قېتىم.

يەك بارە بىر قېتىملا.

يەكتا يەككە، بىرلا، تەڭسىز.

يەكتايى ئەدەن ئىقامەتتە بىر پۈتتا تۇرماق.

يەكسان يوقىتىش؛ تۈز، باراۋەر، بىر خىل.

يەڭلىغ ئوخشاش.

يىگانە يالغۇز، بىرلا، بىردىنبىر، تەڭداشسىز.

يۇت جۇت، شىۋىرغان.

## ل

لاغەر ئورۇق.

لائەجەندۇ تاپالمايمەن.

لايەئقۇل ئەقىلسىز، ئويلىيالمايدىغان بىلىمسىز.

لايەئۇددۇ ساناپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

لال گاچا، سۆزلىيەلمەسلىك، تىلى تۇتۇلۇش.

لەببالەب لىقمۇلىق، لىۋىگە بىلەن تەڭ.
لەتافەت نازۇكلۇق.
لەھزە بىر تىنىق، بىردەم.
لەرزە تىترىمەك، ھەرىكەتلىنىش.
لەئىن لەنەتلەنگۈچى، لەنەتكە يولۇققۇچى.
لەيلە تۇلقەدەر قەدىرلىك كېچە، شەرەپلىك كېچە.
لەمئى يورۇقلۇق.
لىباس كىيىم - كېچەك، تون.
لىباس قۇتسىيە قۇتسىلىق تونى.
لىئىستىھقاق ھەققىنى ئادا قىلىش، شەرتنى تولۇقلاش.
لوتف رەھىم - شەپقەت، مېھرىبانلىق.
لۇتى لايغەزەل.
لۇھ تاختا، جەدۋەل، دوسكا.
لۇل ئۇيياتسىز، شەرمسىز.

## م

ماثارىفى رەببانى خۇدانى تونۇش.
ماتەقەددەم ئۆتكەن.
ماھتاب ئايدىڭ، ئاي.
ماھيان بېلىقلار
مادەر ئانا.
ماسىۋا ئاللادىن باشقىلار، پانىي دۇنيا.
ماشايىخ ئۇستازلار، ئەۋلىيالار.
ماكىيان مېكىيان توخۇ.
مايەئى دۇررى شۇۋارىغەۋت سۇغا چۆمۈپ گۆھەر سۈزگۈچىلەر.

| | |
|---|---|
| مالامال | ياتجىلغان، ئېزىلگەن. |
| ماندە | قالغان، ھېرىپ قالغان، توختاپ قالغان. |
| مەن | كىم، ئادەم، زات. |
| مەئاينە | ئېنىق، ئوچۇق، ئاشكارا، ئەينەن. |
| مەجمۇئە | توپلام. |
| مەھتا | ئايدەك. |
| مەھرەم | خادىم، خىزمەتچى، ئىككى ھەلىنىشى دوُرۇس كىشى، مۇھاپىزەتچى. |
| مەھزۇن | قايغۇلۇق. |
| مەھەللى | ئورنى، جايى، ۋاقتى. |
| مەھمۇم | غەم - قايغۇلۇق. |
| مەھۋى | يوقىتىش، تۈگىتىش، غايىپ بولۇش. |
| مەدھىيە | مەدھىيەسىنى، سۈپىتىنى. |
| مەدرىسە | دەرس ئوقۇتۇش ئورنى، ئالىي بىلىم يۇرتى. |
| مەدفۇن | دەپنە قىلىش، كۆمۈش، دەپنە قىلىنغان ئۆلۈك، ياكى ئالتۇن - كۆمۈش. |
| مەردۇد | قوغلاندى قىلىنغۇچى، سۈرگۈن قىلىنغۇچى، ھەيدەلگۈچى. |
| مەركەپ | ئات - ئۇلاق. |
| مەرگ | ئۆلۈم |
| مەرەز | كېسەللىك. |
| مەزاھى | چاقچاق قىلغۇچى. |
| مەزھەرى | زاھىر بولىدىغان جاي. |
| مەزارى | پۇرپەيز پەيزگە تولغان مازار. |

مەزافات ئىخلاسمەنلەر.

مەزلۇمە ئايال، زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئايال.

مەزۇر ئۆزرە بايان قىلىش، كەچۈرۈم سوراش.

مەسرائ شېئىر مىسرالىرى.

مەست-مۇستەغرەق ھوشسىز مەست.

مەسرەف سەرپ - خىراجەت ئورنى.

مەسىيەت گۇناھ.

مەسنەد تايىنىش ئورنى.

مەسنەۋى بىر خىل شېئىردي شەكىل؛ مەشھۇر بىر-شېئىردي كىتاب يەنى «مەسنەۋى مەئنەۋى» نىڭ قىسقارتىلغان نامى.

مەشامىلە ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مەشرىق شەرق.

مەشرۇئ شەرىئەت ھۆكمىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت.

مەشۋەرەت مەسلىھەت، كېڭەيىش.

مەغرىب غەرب.

مەقبەرە گۆر، قەبرە.

مەقبۇل قوبۇل قىلىنارلىق، ئەرزىيەدىغان سۆز-ھەرىكەتلەر.

مەقدەمە باشلاش، مۇقەددىمە، سۆز بېشى. بىرەر جايدىن قايتىش، قەدەم قويۇش. قەدەم قويغان جاي ۋە پەيت.

مەقسۇت مەقسەتلەر.

مەئرۇف مەشھۇر.

مەئنەۋى ئىچكى جەھەتتە، ئىلمىي جەھەتتە، ھەقىقەتتە.

مەيسەرە سول تەرەپ.

**مەيەتە** ئولۇك تەرەپ.

**مەلالەت** مەلاللىق، كۆڭۈلسىزلىك، ئاۋارىچىلىق.

**مەلامەت** كايىش، قارىلاش، ئەيىبلەش.

**مەلائىك** پەرىشتىلەر.

**مەلەغ** چېكەتكە، بىر خىل قۇرت.

**مەنجەنەق** سېپىل ياكى قورغان ئىچىگە تاش ئاتىدىغان بىر خىل قەدىمىي قورال.

**مەنقەبەت** خۇسۇسىيەت، ياخشى ئىشلار.

**مەنزەلەت** چۈشىدىغان جاي؛ دەرىجە، مەرتىۋە، قەدىر — قىممەت.

**مەنسۇر نامە** زەپەرنامە.

**مەنسۇر** ياردەم قىلىنغۇچى.

**مەنشۇر نامە** تارقالغان كىتاب.

**مەۋالىلاتە** خوجا ئاياللار.

**مەۋت** ئۆلۈم، ئۆلۈش.

**مەۋزەئى** بىر جاي، بىر ئورۇن، بىر مەۋقە.

**مەۋلانا** خوجىمىز، يېتەكچىمىز.

**مىزاج** مىجەز، خۇي.

**مىھتىران** ئۇلۇغ كىشىلەر.

**مىفتاھۇل پەرەھ** خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇسى.

**مىكرى فۇنۇن** ھىيلە — مىكىر.

**مىئمار** بىناكار، قۇرغۇچى، ئارخىتېكتور.

**مىيانە** ئوتتۇرا، ئوتتۇراھال.

**مىيانەتاق ئەبرۇ** ئارىدىكى بىردىنبىر ئابروي، ھۆرمەت.

**مىن بەئد** ئاندىن كېيىن.

**مىنەسسەلىۋاتى ئەبزىلھا** دۇرۇدىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن

مىننەتتەھسىياتى — تولۇق، كامىلراق سالاملاردىن

ئەكمەلۇھا

مۇبارەك — ئىختىيار، رۇخسەت قىلىنغان ئىش، شەخسكە قاراشلىق بولمىغان مۈلۈك.

مۇبارىز — پالۋان، باتۇر.

مۇبەددەل — ئالماشتۇرۇلغان، ئۆزگەرتىلگەن، بىر تۈستىن ئىككىنچى تۈسكە ئايلانغان.

مۇپتەلا — تۇتقۇنلۇق، گىرىپتارلىق.

مۇتالىئە — كىتاب، ئەسەرنى ئوقۇش، چۈشىنىش، مۇلاھىزە قىلىش.

مۆتىبەر — ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ، داڭدار كىشى.

مۇتلەقىل ئىنسان — يۈگەن، يۈگەننىڭ چۇلۋۇرى.

مۇجاھىدە — جىددىي جەھەد قىلىش، كۈرەش قىلىش.

مۇجەررەد — يالىڭاچ، ئوچۇق، بويتاق، يالغۇز، تەنھا، ساپ، بىر ئاۋغا قوشۇلمىغان.

مۇخالىفەت — قارشىلىق قىلىش، ئىختىلاپ.

مۇتەسەر — قىسقا، قىسقارغان، ئىخچام.

مۇخەممەس — ھەر كۇپلېتى بەش مىسرادىن تەشكىل تاپىدىغان بىر خىل شېئىردىي شەكىل.

مۇخلىس — ئىخلاس قىلغۇچى، ساداقەتلىك كىشى.

مۇھتەشەم — ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك.

مۇھدىس — پەيدا قىلىنغۇچى.

مۇھەققىقىن — تەھقىق، تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار.

مۇھەييا — تەييارلاش.

مۇھەللا — نەقىشلەنگەن، بېزەلگەن، ھەللەنگەن.

مۇهىب دوست، سۆيگۈچى، ياراتقۇچى، ياخشى كۆرگۈچى.

مۇر چۈمۈلە.

مۇراقىبە تەپەككۇر قىلىش، ئويلاش، مۇلاھىزە قىلىش.

مۇرەببەسىز تەربىيىچىسىز.

مۇرىد ئىدارە قىلغۇچى، شاگىرت، ئەگەشكۈچىسى. تەربىيىلەنگۈچى، سوفى.

مۇرشىد ئۇستاز، يېتەكچى، تەربىيىچى.

مۇرسەلىن ئەلچىلەر.

مۇرغىيان ھاۋا ھاۋادىكى قۇشلار.

مۇرشىدۇل ئەۋلىيا ئەۋلىيالارنىڭ توغرا يولغا باشلىغۇچىسى.

مۇزافات قوشۇلغۇچىلار.

مۇزدى ئىش ھەققى، ئەجرى.

مۇزدۇر مەدىكار، كۈنلۈك ئىشلەيدىغان ئەمگەكچى.

مۇزەبزەب مەۋقەسىز، ئىككى يۈزلىمە،

مۇزەييەن زىننەتلەنگەن، بېزەكلەنگەن، ياسانغان، چىرايلىق.

مۇستەھىق ھەقلىق، لايىق، مۇناسىپ، ئەرزىيدىغان.

مۇستەقىم قەتئىي ئىرادە بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇش؛ توغرا، تۈز، تۇرغۇن.

مۇستەتاب تاللانغان، تاللانغۇچى.

مۇستەۋلى خوجى بولغۇچى.

مۇستەغرەق غەرق مەستلىك.

مۇستەجاب ئىجابەت، ھەل بولۇش.

مۇسەخخەر بويسۇندۇرۇلغان، كۆندۈرۈلگەن.

مىننەتتەھىيياتى تولۇق، كامىلراق سالاملاردىن
ئەكمەلۇھا

مۇبارەك ئىختىيار، رۇخسەت قىلىنغان ئىش، شەخسكە قاراشلىق بولمىغان مۈلۈك.

مۇبارىز پالۋان، باتۇر.

مۇبەددەل ئالماشتۇرۇلغان، ئۆزگەرتىلگەن، بىر تۈستىن ئىككىنچى تۈسكە ئايلانغان.

مۇپتەلا تۇتقۇنلۇق، گىرىپتارلىق.

مۇتالىئە كىتاب، ئەسەرنى ئوقۇش، چۈشىنىش، مۇلاھىزە قىلىش.

مۆتىبەر ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ، داڭدار كىشى.

مۇتلەق ئىنان يۈگەن، يۈگەننىڭ چۇلۋۇرى.

مۇجاھىدە جىددىي جەھەد قىلىش، كۈرەش قىلىش.

مۇجەررەد يالىڭاچ، ئوچۇق، بويتاق، يالغۇز، تەنھا، ساپ، بىراۋغا قوشۇلمىغان.

مۇخالىفەت قارشىلىق قىلىش، ئىختىلاپ.

مۇتەسەر قىسقا، قىسقارغان، ئىخچام.

مۇخەممەس ھەر كۇپلېتى بەش مىسرادىن تەشكىل تاپىدىغان بىر خىل شېئىردىي شەكىل.

مۇخلىس ئىخلاس قىلغۇچى، ساداقەتلىك كىشى.

مۇھتەشەم ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك.

مۇھدىس پەيدا قىلىنغۇچى.

مۇھەققىق تەھقىق، تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار.

مۇھەييا تەييارلاش.

مۇھەللا نەقىشلەنگەن، بېزەلگەن، ھەللەنگەن.

**مۇھىب** دوست، سۆيگۈچى، ياراتقۇچى، ياخشى كۆرگۈچى.

**مۇر** چۈمۈلە.

**مۇراقىبە** تەپەككۇر قىلىش، ئويلاش، مۇلاھىزە قىلىش.

**مۇرەببەسىز** تەربىيەچىسىز.

**مۇرىد** ئىدارە قىلغۇچى، شاگىرت، ئەگەشكۈچىسى، تەربىيىلەنگۈچى، سوفى.

**مۇرشىد** ئۇستاز، يېتەكچى، تەربىيىچى.

**مۇرسەلىن** ئەلچىلەر.

**مۇرغىيان ھاۋا** ھاۋادىكى قۇشلار.

**مۇرشىدۇل ئەۋلىيا** ئەۋلىيالارنىڭ توغرا يولغا باشلىغۇچىسى.

**مۇزافات** قوشۇلغۇچىلار.

**مۇزدى** ئىش ھەققى، ئەجرى.

**مۇزدۇر** مەدىكار، كۈنلۈك ئىشلەيدىغان ئەمگەكچى.

**مۇزەبزەب** مەۋقەسىز، ئىككى يۈزلىمە،

**مۇزەييەن** زىننەتلەنگەن، بېزەكلەنگەن، ياسانغان، چىرايلىق.

**مۇستەھىق** ھەقلىق، لايىق، مۇناسىپ، ئەرزىيدىغان.

**مۇستەقىم** قەتئىي ئىرادە بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇش؛ توغرا، تۈز، تۇرغۇن.

**مۇستەتاب** تاللانغان، تاللانغۇچى.

**مۇستەۋلى** خوجى بولغۇچى.

**مۇستەغرەق** غەرق مەستلىك.

**مۇستەجاب** ئىجابەت، ھەل بولۇش.

**مۇسەخخەر** بويسۇندۇرۇلغان، كۆندۈرۈلگەن.

مۇسەددەس — ھەر كۇپلېتى ئالتە مىسرادىن تەشكىل تاپىدىغان بىر خىل شېئىرىي شەكىل.

مۇسەللەت — غالىب بولۇش، ئۈستۈنلۈك.

مۇسەممەن — ھەر كۇپلېتى سەككىز مىسرادىن تەشكىل تاپىدىغان بىر خىل شېئىرىي شەكىل.

مۇسەللەھ — قوراللىنىپ تەييارلىنىش،

مۇسۇلمانان — مۇسۇلمانلار.

مۇشاھىدە — كۆرۈش، مۇلاھىزە قىلىش، بىلىش.

مۇشتەرى ئۈزارى — يۈزى بەخت يۇلتۇزىدەك.

مۇشتەرى سائەت — سائادەت يۇلتۇزى.

مۇشرىك — شېرىك كەلتۈرگۈچى.

مۇشفىق — شەپقەتلىك، مۇلايىم، مېھرىبان، شەپقەت قىلغۇچى، مەرھەمەتلىك.

مۇشكىلاتى غەرىبلەر — كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇشكۈللەر. ئاجايىپ ئېغىر مۇشكۈللەر.

مۇشەۋۋەش — تەشۋىشلىك، ئەندىشىلىك.

مۇغبەچە — بۇتخانىلارنىڭ ئىچىملىك ئۆيلىرىدە خىزمەت قىلغۇچى بالا، مەي توشۇغۇچى. مەيخانا خىزمەتكارى، ئاتەشپەرەسنىڭ بالىسى.

مۇغەننى — سازەندە، نەغمىچى، ناخشىچى.

مۇفلىس — كەمبەغەل، نامرات،

مۇقتەدا — ئىقتىدا قىلغۇچى، ئەگەشكۈچى، بويسۇنغۇچى.

مۇقەررەب — يېقىن، يېقىنلاشتۇرۇلغان كىشى.

مۇقەددىراتى ئەزەلى — ئەزەل تەقدىرلىرى

مۇكەررەمەست — ئۇلۇغدۇر، ھۆرمەتلىكتۇر.

مۇئەتتەر خۇش پۇراق.

مۇئتەقىد ئېتىقاد قىلغۇچى.

مۇلازىمەت لازىملىق، كېرەكلىك نەرسىلەر.

مۇلاقات ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش.

مۇلەقەب لەقەملەنگۈچى، لەقەم ئىگىسى.

مۇمتاز ئىمتىيازلىق.

مۇنادىگەر ئېلانچى، پادىشاھ پەرمانىنى ئېلان قىلغۇچى، يارچى.

مۇنتەزىر ئىنتىزار، كۈتۈش، ئۈمىد قىلىش، سېغىنىش

مۇناجات ھاجىتىنى نالە قىلىپ تىلەش، ئاللانى ماختاپ تۇرۇپ مۇرادىنى تىلەش، ئىلتىماس، پەرياد.

مۇنازىئەت تالاش ـ تارتىش، مۇنازىر قىلىش.

مۇنفەك ئايرىلغان.

مۇنەببەت (مۇنبەت) ئۈنۈمدار تۇپراق، مۇنبەت.

مۇۋافىقەت لايىق، مۇناسىپ.

مۇۋاقەتى شەرئى شەرىئەت مىزانىغا مۇۋاپىق.

مۇنشى كاتىپ، ئىنشاچى.

مۇنكىر ئىنكار قىلغۇچى، تانغۇچى، تانغان.

مۇنكەسىر سۇنغان، قىرىلغان.

مۇنكەشىف كەشىپ قىلىنغان، ئېچىلغان.

مۇنەۋۋەر نۇرلۇق، روشەن، پارلاق، يورۇق.

مۇۋاجەھە يۈزمۇ يۈز كېلىش، قارىمۇ قارشى كېلىش يۈزلىشىش.

## ن

ناچار ئىلاجىسىز، چارەسىز.

نەۋا ئاۋاز، سادا، ئۈن.

نائۇۋل چۇشۇش، تۆۋەنلەش، ئازىيىش.

ناسازا لايىق بولمىغان گەپ ـ سۆز.

نافۇزۇل

ناگىھان تۇيۇقسىزلا.

نايىب ۋەكىل، كاتىپ، ياردەمچى، ئورۇنباسار.

نالان نالە قىلىش، زارلىنىش، يىغلاش.

نامەشرۇئ شەرىئەتكە خىلاپ سۆز ـ ھەرىكەت.

نامۇتەناھى چەكسىز، پايانى يوق، توسالغۇسىز.

نەبزى تومۇرنىڭ سوقۇشى.

نەبۇۋۋەت پەيغەمبەرلىك.

نەپسەرئۇ ئۇنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى يوق ئىدى.

نەھرى دەريا، چوڭ ئۆستەڭ.

نەھاد قويغان، قويدى.

نەھنۇ قەسەمنا بىر قەسەم بەرگەن.

نەھۇسەت نەسلىك، پالاكەتلىك، شۇملۇق.

نەسەب كېلىپ چىقىشى.

نەسى قاتىئ كەسكىن ھۆكۈم.

نەغر كاناي.

نەغەھاتۇل ئۇنس سۆھبەتداشلىق، ئۈلپەتلىكنىڭ خۇش پۇ-
راقلىرى.

نەقشىبەندى سانى ئىككىنچى نەقشىبەندى.

نەققارە ناغرا، دۇمباق.

نەققارەچ ناغرىچى.

نەئلەين ئىككى كىشى.

نەيسان باھار يامغۇرى.
نەمەكدان تۇزلۇق، تۇز قاچىسى.
نەۋازىش ئاسراش، مەرھەمەت قىلىش.
نەۋجۇۋان ياش يىگىت.
نەۋۋەرەللاھۇمەر- قەدەھۇ ئاللا ئۇنىڭ گۆرىنى نۇرلۇق قىلسۇن.
نىجىس ناپاك، پاسكىنا.
نىزامىي دۆلەت دۆلەتنىڭ نىزامى.
نىسار چېچىش، تارقىتىش، قۇربان قىلىش.
نىسبى شەب يېرىم كېچە، تۈن يېرىمى.
نىشان ئالامەت، بەلگە، نىشانە.
نىكۇخىسال ياخشى ئەخلاق.
نىئمەت ماددىي ئەشيا، يېمەك - ئىچمەك.
نىيازى ھاجەتمەنلىك، ئېھتىياجلىق.
نورۇز كۈنى يېڭى يىل كىرگەن كۈنى.
نۇزۇل چۈشۈرۈش.
نۇش ئىچىش، يېيىش.
نۇردىدە كۆز نۇرى، كۆزنىڭ روشەنلىكى.
نۇش ئىچىش، شىرىن، تاتلىق، ھەسەل، شىرىن تەم، لەززەت، زوق.
نۇقەبائ نەقىبلەر، رەئىسلەر، سايلانغان ۋەكىللەر.
نۇكتە ھېكمەتلىك سۆز، نازۇك، ئىنچىكە، چىرايلىق سۆز، ئۆتكۈر سۆز، چوڭقۇر مەنىلىك سۆز، نەپىس سۆز.
نۇكتە سەرا دانىشمەن، ئەقىللىك.
نۇگۇن دۈم بولۇش، تۈۋەن، پەس.

## ۋ

| | |
|---|---|
| ۋاجىب | زۆرۆرىيەت، ئاللانىڭ پەرمانى. |
| ۋارىد | چۈشكەن، نازىل. |
| ۋارسۇلئەنبىيا | پەيغەمبەرلەر ئىزباسارى. |
| ۋاژگۈن | تەتۈر. |
| ۋاسىل | يېتىشكۈچى، يەتكۈچى، ئۇچراشقۇچى. |
| ۋالە | ئاشىق. |
| ۋالىدە | ئانا. |
| ۋەجھ | يۈزلەر. |
| ۋەھدەت | بىرلىك، يىگانىلىق. |
| ۋەراسەت | ۋارىس بولۇش. |
| ۋەرم | ئىششىق. |
| ۋەسىلە | ۋاستە. |
| ۋەقفى | توختىتىلغان، دىنى ئورۇنلارغا بېغىشلاپ تەقدىم قىلىنغان مۈلۈك. |
| ۋەلى بەرھەق | ھەقىقىي ئەۋلىيا. |
| ۋىقار | توختاشلىق، ئېغىر بېسىق. |
| ۋىردە | ۋەزىيە. (بەلگىلىك ۋاقىتلاردا ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن ئايەت، دۇرۇد، دۇئالار) |
| ۋىسال | كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش، ئېرىشىش. |
| ۋۇسلەت | ئۇلىشىش، يېقىنلىشىش؛ ئۈيلىنىش. |

## ئو

| | |
|---|---|
| ئوتقاچ | قىپقىزىل. |

ئورکان — دۆلەت، سەلتەنەت تايانچلىرى.
ئوقۇ تاپقاي — ئوقۇشقا ئىرىشكەي.

## ئۇ

ئۇزلەتى — جەمئىيەت، يالغۇزلۇق، تەنھالىق.
ئۇستىۋار — مۇستەھكەم بولۇش.
ئۇشتۇر مەست — مەست تۆگە.
ئۇنسىيەتى گۈل — گۈلنىڭ ئۇلفىتى.

## ئۆ—ئۇ

ئۆلىما — ئالىملار
ئۇزرە — ئەپۇ سوراش.

# تەزكىرەئى ئەزىزان

ئاپتورى: مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ن. مۇخلىس، ش. ئەمەت

مۇھەررىرى: ئابدۇرۇشىت ئىسلامى

مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئابىخان

مەسئۇل كوررېكتورى ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 850×1168مم 1/32، باسما تاۋىقى: 13.1875، قىستۇرما ۋارىقى: 2

1988 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى

1988 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى: ئاددىي مۇقاۋىلىقى 1 — 1600
قاتتىق مۇقاۋىلىقى 1 — 550

---

ISBN 7—5373—0083—6K·4

باھاسى: (ئاددىي مۇقاۋىلىقى) 1.50 يۈەن
(قاتتىق مۇقاۋىلىقى) 3.00 يۈەن

(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاپ، رەتلەش، نەشىر قىلىش ئىشخانىسىنىڭ نەشىر پىلانىغا ئاساسەن مىلادى 1929- يىلى موللا ئابدۇسەمەت ئاخۇن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قول يازما ئاساسىدا نەشىرگە تەييارلاپ نەشىر قىلىندى.

17 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەت سادىق قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ كىتابتا، سەمەرقەندتىن شىنجاڭغا كەلگەن خوجا ئەھمەت كاسانى-مەخدۇم ئەئزەم ئەۋلادلىرى — خوجىلارنىڭ ئۆزئارا ۋە موڭغۇللار بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇش - ماجىرالىرى، پۇقرالار بېشىغا كەلگەن ئېچىنىشلىق كۈنلەر تارىخى يېزىلغان.

本书根据新疆维吾尔自治区古籍办公室的出版计划，在公元1929年由毛拉阿布杜色麦提阿洪抄存的手抄本基础上编辑出版。

17世纪维吾尔学者穆罕木德·萨迪克喀什噶里在本书中记述从撒玛尔干来的霍加卡萨尼一迈合图木·艾扎木世家的历史即他们在新疆进行的活 动，内部争斗，同蒙古人进行的战争及老百姓的悲惨生活等。

和卓传　　(维吾尔文)
作者：穆罕麦提·萨迪克
刊布者：尼·木赫力斯　射·艾麦提
责任编辑：托合提·阿布汗
责任校对：阿依夏木·阿不都吾力

喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行
喀什维吾尔出版社印刷厂印刷
850×1168毫米　1/32开本　13·1875印张　2插页
1988年3月第1版　1988年11月第1次印刷
印数：(平)1—1600
(精)1—550

ISBN7—5373—0083—6/K·4　(民文)
定价：(平)1·50元　(精)3·00元
(内部发行)